ئالېكساندر ديۇما



# گراف مونتې-كرىستو



4

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

186494
I512.45
U-19

ئالېكساندىر ديۇما

# گراف مونتې-كرىستو

4

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جىلان
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەتتۇرەھىم كېرىمى

شىنجاڭ داشۆسى كۇتۇپخانىسى كىتابى
新疆大学图书馆藏书

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

755155707

| | | |
|---|---|---|
| 索书号: | 186494 | |
| 书 名: | I512.45 گراف مونتې- كرىستو | |
| 登录号: | U - I9 | 定价: 1.50 يۈەن 544 بەت |
| 借 者 | 借 期 | 还 期 |
| مەلىكە | 98. 1. 14 | |
| ئابدۇل | 98. | |

كىتابنى تۆۋەندە بېزىلغان ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇش لازىم
下列最后之日期本书必须归还

| | | | |
|---|---|---|---|
| 9403101 | 98.2.25 | | |
| 9410072 | 98.5.12 | | |
| 9410072 | 98.6.30 | | |

كىتابنى ئاسراپ 爱护图书 · مۇددىتىدە قايتۇرايلى 按期交还

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب بوشان ........ 1
ئىككىنچى باب سەپەر ........ 12
ئۈچىنچى باب سوت ........ 32
تۆتىنچى باب جېدەل ........ 56
بەشىنچى باب ھاقارەت ........ 67
ئالتىنچى باب تون ........ 83
يەتتىنچى باب دۇئېل ........ 98
سەككىزىنچى باب ئانا ۋە ئوغۇل ........ 119
توققۇزىنچى باب ئۆزى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ........ 129
ئونىنچى باب ۋالېنتىنا ........ 145
ئون بىرىنچى باب ئىقرار ........ 157
ئون ئىككىنچى باب بانكىر ۋە ئۇنىڭ قىزى ........ 177
ئون ئۈچىنچى باب نىكاھ كېلىشىمى ........ 192
ئون تۆتىنچى باب بىلگىيىگە سەپەر ........ 210
ئون بەشىنچى باب «كولدۇرما ۋە شىشە» مېھمانخانىسى........ 221
ئون ئالتىنچى باب قانۇن ........ 241
ئون يەتتىنچى باب كۆرۈنۈش ........ 258
ئون سەككىزىنچى باب زەھەرلىك يىلان ........ 268
ئون توققۇزىنچى باب ۋالېنتىنا ........ 277
يىگىرمىنچى باب ماكسىمىلىئان ........ 286
يىگىرمە بىرىنچى باب دانگلارنىڭ ئىمزاسى ........ 302
يىگىرمە ئىككىنچى باب پېر - لاشېز قەبرىستانلىقى ........ 321
يىگىرمە ئۈچىنچى باب بۆلۈشمەك ........ 344

## بىرىنچى باب

# بوشان

پارىژدا ئۇدا ئىككى ھەپتىگىچە گرافنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرگەنلىكى ھەققىدە گەپ تارقىلىپ يۈردى. ئوغرى ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ قاتىلى بېنېدېتتو ئىسىملىك كىشى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان خەتكە ئىمزا قويغان. ساقچى تەرەپ ئۆزىنىڭ بارلىق ئايغاقچىلىرىنى قاتىلنىڭ ئىزىغا سالدى.

كادرۇسنىڭ پىچىقى، چىرىغى، سايمانلىرى ۋە كىيىم-كېچەكلىرى دېلو تەكشۈرگۈچىلەرگە بېرىلدى. پەقەت ئۇنىڭ جىلىتكىسىلا ھېچيەردىن تېپىلماي قالدى. جەسەت مۇردىخانىغا تاپشۇرۇلدى.

گراف سورىغانلا كىشىلەرگە: بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتېيلدىكى ئۆيىدە ئىكەنلىكى، بۇ ئىشنى ئۇ بىزونى ھەزرەتتىن ئاڭلىغانلىقى، بۇ روھانىي گرافنىڭ كىتابخانىسىدىكى بىر قىسىم نادىر كىتابلارنى كۆرۈپ، خاتىرىلەۋېلىش ئۈچۈن تاسادىپەن شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇشنى سورىغانلىقىنى ئېيتاتتى.

يالغۇز بىرتۇچچولا ھەر قېتىم بېنېدېتتونىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا تاتىرىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى.

جىنايەت ئۆتكۈزۈلگەن جايغا چاقىرىپ كېلىنگەن ۋىلفور بۇ دېلونى ئۆزى تۇتۇپ ئىشلىمەكچى بولدى ھەمدە شەخسەن



يىگىرمە تۆتىنچى باب شىر ئۇۋىسى ...... 369
يىگىرمە بەشىنچى باب سوتچى ...... 382
يىگىرمە ئالتىنچى باب سوت يىغىنى ...... 397
يىگىرمە يەتتىنچى باب ئەيىبنامە ...... 408
يىگىرمە سەككىزىنچى باب گۇناھىنى يۇماق ...... 420
يىگىرمە توققۇزىنچى باب قايتىش ...... 435
ئوتتۇزىنچى باب ئۆتمۈش ...... 457
ئوتتۇز بىرىنچى باب پېپىنو ...... 479
ئوتتۇز ئىككىنچى باب لۇيىدزى ۋامپانىڭ مال باھا ئۆلچىمى ...... 498
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب كەچۈرۈم ...... 510
ئوتتۇز تۆتىنچى باب بەشىنچى ئۆكتەبىر ...... 520

ئۆزى مەسئۇل بولغان ھەرقانداق جىنايى ئىشنى تەكشۈرگەندىكىگە ئوخشاش بۇ ئىشقىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ تۇتۇش قىلدى.

ھالبۇكى، ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قېتىرقىنىپ ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى. كىشىلەر بۇ ئوغرىلىقنى ۋە ئوغرىنىڭ ئۆز شېرىكى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارى دانگلار خان قىز بىلەن گراف ئاندرېئا كاۋالكانتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان توي ئىشىغا مەركەزلەشتى.

بۇ تويىنى رەسمىي ئېلان قىلىندى دېيىشمۇ بولاتتى. شۇڭا ئاندرېئا بانكىرنىڭ ئۆيىگە كۈيئوغۇل سۈپىتىدە كېلىپ تۇرىدىغان بولدى.

ئاندرېئانىڭ ئاتىسى كاۋالكانتىغا خەت يېزىشتى. كاۋالكانتى بۇ تويغا تامامەن رازىلىق بىلدۈردى ۋە خىزمىتى ئالدىراش بولغانلىقتىن، ئۆزى ھازىر تۇرۇۋاتقان پارما شەھىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىغا ئەپسۇس ئىزھار قىلىش بىلەن بىللە يىلىغا 150 مىڭ لىۋر كىرىم كەلتۈرىدىغان كاپىتال ئاجرىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

3 مىليون فرانك دانگلارنىڭ ئوبوروتقا كىرگۈزۈشى ئۈچۈن بېرىلىدىغانلىقى توختام قىلىندى. توغرا، ئاندرېئاغا ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى قېيىن ئاتىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا كەينى - كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەۋقەسىنىڭمۇ مۇقىم بولماسلىق ئېھتىمالىنى ئاگاھلاندۇرغان كىشىلەرمۇ چىقتى. ئەمما ۋۇجۇدى ئىشەنچ ۋە سەممىيەتكە تولغان ئاندرېئا بۇنداق قۇرۇق گەپلەرگە قۇلاق سالمىدى ۋە ھەتتا پەردىشەپكە شۇنچىلىك رىئايە قىلدىكى، بارونغا بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ سۆز ئاچمىدى.



بارونىڭ گراف ئاندرېئا كاۋالكانتىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك بولۇپ يۈرگىنى بىكار ئەمەس ئىدى.

ئېژېنى دانگلار خان قىزغا كەلسەك، ئۇ تۇرمۇشقا چىقىشقا قارىغۇلارچە ئۆچمەنلىكى بولغىنى ئۈچۈن ئاندرېئانىڭ پەيدا بولغانلىقىنى مورسېردىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى دەپ قاراپ، خۇش بولدى. لېكىن ئاندرېئا بەكرەك يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭغىمۇ ئوچۇق - ئاشكارا مەنسىتمەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى.

بارونمۇ بۇنى تۇيغاندۇر؛ لېكىن ئۇ بۇنداق مەنسىتمەسلىكنى قىزىنىڭ نازى دەپ چۈشىنىپ، كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەردى.

شۇ ئارىدا بوشانىڭ بەلگىلىگەن ئۈچ ھەپتىلىك مۇددىتى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى. مورسېر ئەمدى مونتې - كرىستونىڭ بۇ ئىشنى تۈۋاقلاپ قويۇش مەسلىھەتىگە كۆنۈپ قالغانىدى. گېنېرالغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىگە ھېچكىم دىققەت قىلمىدى، يانىنا قەلئەسىنى گۇمران قىلغان ئوفىتسېرنىڭ پېرلار پالاتاسىغا ئەزا بولغان ھۆرمەتلىك گراف ئىكەنلىكى ھېچكىمنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىقمىدى.

شۇنداقتىمۇ، ئالبېر ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلاتتى، چۈنكى ئۇنىڭغا ھاقارەت كەلتۈرگەن ھېلىقى ماقالە مەقسەتلىك ھالدا گېزىتكە بېرىلگەنلىكى روشەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بوشان بىلەن بولغان ھېلىقى سۆھبەتتىن كېيىن ئۇ خۇددى چۈشۈن يەۋالغاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، ھامان دۇئېلغا چىقىشنى ئويلايتتى. ئەگەر بوشان ماقۇل بولغان بولسا، بۇ دۇئېلنىڭ سەۋەبىنى، ھەتتا ئۆز سېكۇندانتلىرىدىنمۇ يوشۇرغان بولاتتى.

ئالبېر بىلەن بولغان ئاخىرقى سۆھبەتتىن كېيىن بوشانىنى ھېچكىم ئۇچراتمىدى. ئۇنى سورىغانلارغا «بىرنەچچە كۈنلۈككە سىرتقا چىقىپ كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.

ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بىر كۈنى سەھەردە ئالبېرنى مەھرەم ئويغىتىپ، بوشاننىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئالبېر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، بوشاننى ئاستىنقى قەۋەتتىكى تاماكا چېكىش ئۆيىدە كۈتۈپ تۇرۇشنى دېدى-دە، ھاپىلا-شاپىلا كىيىنىپ پەسكە چۈشتى.

بوشان ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا مېڭىپ يۈرەتتى. ئالبېرنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ توختىدى.

— مېنىڭ سىزنى ئىزدەپ بېرىشىمنى كۈتمەيلا ئۆزىڭىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىز خۇش خەۋەردىن دالالەت بەرسە كېرەك، — دېدى ئالبېر، — قېنى، سۆزلەڭ، سىزگە قولۇمنى بېرىپ تۇرۇپ: «بوشان، خاتا قىلغانلىقىڭىزنى بوينىڭىزغا ئېلىڭ، بىز يەنە دوست بولۇپ قالايلى» دېسەم بولامدۇ؟ ياكى ئاددىيلا قىلىپ: «قايسى خىل قورالنى تاللايسىز؟» دەپ سورىشىم كېرەكمۇ؟

— ئالبېر، — بوشاننىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر غەمكىن ئاڭلاندىكى، ئالبېر ئەجەبلەندى، — ئاۋۋال ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى.

— تەقسىر، مېنىڭچە، ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەككۇ دەيمەن.

— ئالبېر، — دېدى بوشان، — بەزى ئىشلاردا ئۇدۇل جاۋاب بېرىش بەك تەس.

— مەن سىزگە بۇ قىيىنچىلىقنى يەڭگىللەشتۈرۈپ بېرەي، تەقسىر، ھېلىقى ماقالىڭىزنى رەت قىلامسىز-قىلمامسىز؟ يا «ھەئە»، يا «ياق» دەپلا جاۋاب بېرىڭ.

— مورسېر فرانسىيىنىڭ پېرى، گېنېرال لېيتېنانت گراف مورسېردەك بىر ئادەمنىڭ شەرەپلىك نامى، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ھاياتىغا تاقىلىدىغان مەسىلىدە ئۇنداق ئاددىيلا جاۋاب بېرىشكە بولمايدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىشقا بولىدۇ؟



— مەن قىلغاندەك قىلىش كېرەك، ئالبېر. بىر ئائىلىنىڭ نامى ۋە مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان ئىشلاردا پۇل، ۋاقىت ۋە زورلۇقتا ئوخشاش ۋاستىلەر ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدۇ. ئاساسسىز پەرەزلەرگە تايىنىپ ئۆز دوستۇڭ بىلەن ھايات-ماماتلىق ئېلىشىشقا چىققىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچلىك سەۋەب بولۇشى كېرەك. ئۈچ يىل داۋامىدا دوستانە رەۋىشتە قول ئېلىشىپ تۇرغان ئادەمگە تىغ كۆتۈرۈشكە ياكى ئوق ئېتىشقا توغرا كەلسە، ھېچ بولمىغاندا نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى بىلىشىم كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئۆز ھاياتىنى قوغدىغۇچى ئادەملەرگە خاس ھالدا مەرد مەيدانغا پاك قەلبىم ۋە ۋىجدانىم بىلەن چىقالايمەن.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى ئالبېر تاقەتسىزلىنىپ، — زادى نېمە دېمەكچى بولىسىز؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، مەن يېڭىلا يانىنادىن كەلدىم.

— يانىنادىن؟ سىز؟

— شۇنداق، مەن.

— مۇمكىن ئەمەس!

— قەدىرلىك ئالبېر، مانا مېنىڭ پاسپورتۇم. بارغان يەرلىرىمنىڭ تىزىمىغا قاراپ بېقىڭا: جەنۋە، مىلان، ۋېنېتسىيە، ترىيېست، دېلۋىنو، يانىنا. بىر جۇمھۇرىيەت، بىر پادىشاھلىق ۋە بىر ئىمپېرىيىنىڭ ساقچىلىرىغا ئىشىنىدىغانسىز؟

ئالبېر پاسپورتقا كۆز تاشلىدى ۋە تەئەججۈپ ئىچىدە بوشانغا قارىدى.

— يانىناغا بېرىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ يېنىشلاپ سورىدى ئۇ.

— ئالبېر، بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى مېنى دۇئېلغا چاقىرغان ھېلىقى ئەنگلىيىلىك لوردنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدىم. ناۋادا سىزمۇ

شۇنىڭغا ئوخشاش ناتونۇش، يات كىشى بولسىڭىز مۇنداق ئاۋارە بولمىغان بولاتتىم. بۇنى سىز چۈشىنىسىز. لېكىن مەن سىزگە بولغان ھۆرمىتىم يۈزىسىدىن مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىقنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. ئۇ يەرگە بىر ھەپتىدە باردىم. بىر ھەپتىدە ياندىم؛ تۆت كۈن كارانتىنغا كەتتى، يانىنادا ئىككى كۈن تۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن، تۇپتوغرا ئۈچ ھەپتە بولدى. تۈندە كەلگەنىدىم، مانا ئەمدى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرىمەن.

— ياﺋاللا، بۇ نېمىدېگەن ئۇزۇن مۇقەددىمە، بوشان! نېمە ئۈچۈن سىزدىن سورىغان گېپىمگە جاۋاب بەرمەيسىز؟

— راستىنى ئېيتقاندا، ئالبېر...

— سىزنى قورقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاش مۇمكىن.

— شۇنداق، قورقۇۋاتىمەن.

— مۇخبىرىڭىزنىڭ يالغان خەۋەر بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشتىن قورقۇۋاتامسىز؟ بۇنداق شەخسىيەتچىلىكىڭىزنى تاشلاڭ، بوشان، ئىقرار بولۇڭ. سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزغا ھېچكىم شەك كەلتۈرمەيدىغۇ.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — پىچىرلىدى بوشان، — ئۇنىڭ ئەكسىچە...

ئالبېر جىنى چىقىپ كېتىدىغاندەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، زۇۋان سۈرەلمەي قالدى.

— دوستۇم، — دېدى بوشان ئىنتايىن يۇمشاق ئاۋاز بىلەن، — سىزدىن ئەپۇ سوراشقا مۇمكىن بولسا، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلاتتىم ۋە چىن قەلبىمدىن ئەپۇ سورىغان بولاتتىم. ئەپسۇسكى...

— ھە، نېمە؟

— ئۇ ماقالە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەن، دوستۇم.

— ھە! ئاشۇ فرانسۇز ئوفىتسېر...



— شۇنداق.

— ئاشۇ فېرنان؟

— شۇنداق.

— ئەلى پاشا قول ئاستىدا خىزمەت قىلىپ، كېيىن ئۇنىڭ قەلئەلىرىنى دۈشمەنگە سېتىۋەتكەن خائىن ...

— سىزگە ئېيتىدىغان گەپلىرىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلغايسىز، دوستۇم. شۇ كىشى سىزنىڭ ئاتىڭىز!

ئالبېر بوشانغا ئېتىلىش ئۈچۈن غەزەپ بىلەن قوزغالدى. لېكىن بوشان ئۇنى قولى بىلەن ئەمەس، كۆزلىرىنىڭ مۇلايىم قارىشى بىلەن توختىتىپ قالدى.

— مانا دوستۇم، — دېدى ئۇ، يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ، — مانا ئىسپات.

ئالبېر قەغەزنى ئاچتى. بۇ، يانىنادىكى تۆت نەپەر نوپۇزلۇق ئەربابىنىڭ تىلخېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەزىر ئەلى تەبەلىنىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان پولكوۋنىك دەرىجىلىك مەشىقاۋۇل فېرنان موندېگونىڭ يانىنا قەلئەسىنى 2000 ھەمىيانغا سېتىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنغانىدى.

قويۇلغان ئىمزالارنىڭ چىن ئىكەنلىكىگە كونسۇل كېپىل بولۇپ، ئەسكەرتىش يېزىپ قويغانىدى.

ئالبېر بېشى ئايلىنىپ كېتىپ، كرېسلوغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. ئەمدى ھېچقانداق گۇمانغا ئورۇن قالمىغانىدى.

ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى تولۇق يېزىلغانىدى. ئۈمىدسىز سۈكۈنات ئىچىدە بىر مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن ئالبېر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى، بويىنىدىكى قان تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ كەتتى ۋە ئۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقان دوستىغا چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن قاراپ تۇرغان بوشان ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئالبېر، — دېدى ئۇ، — مېنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟ شەخسەن ئۆزۈم ھەممىنى كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ چىقتىم. مەن ئەسلىدە بۇ ئىشلار ئاتىڭىزنىڭ پايدىسىغا ھەل بولىدۇ ۋە مەن ئۇنىڭ ياخشى نامىنى قوغداپ قالالايمەن دېگەن ئۈمىدتە بولغانىدىم. لېكىن مەن توپلىغان مەلۇماتلاردىن شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، ئەلى پاشا تەرىپىدىن گېنېرال گۇبېرناتورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن فېرنان موندېگو ئىسىملىك مەشقاۋۇل ئەسلى گراف فېرنان مورسېر ئىكەن. بۇ گەپلەرنى ئۇققاندىن كېيىن قايتتىم ۋە سىزنىڭ ماڭا بولغان دوستلۇقىڭىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كەلدىم.

ئالبېر تېخىچە كرېسلودا يانپاشلاپ، گويا كۆز نۇرىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولغاندەك ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى يېپىۋالغانىدى.

— ئالدىڭىزغا كەلدىم، — داۋاملاشتۇردى بوشان، — چۈنكى سىزگە دېيىدىغان گېپىم بار. ئالبېر، بۇ داۋالغۇپ تۇرغان دەۋرىمىزدە ئاتىلارنىڭ قىلمىشلىرى پەرزەنتلەرنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرەلمەيدۇ. ئالبېر، سىز بىلەن بىز ئىنقىلابلار ئىچىدە تۇغۇلدۇق. بۇ ئىنقىلابلار جەريانىدا ھەربىي ياكى سوت خادىملىرىنىڭ كىيىملىرىگە كىر ياكى قان داغلىرىنى يۇقتۇرماي ئۆتۈپ كېتەلىگەنلەر كۆپ ئەمەس. ھازىر ھەممە دەلىل-ئىسپاتلار ۋە سىزنىڭ سىرىڭىز مېنىڭ قولۇمدا. ئەمدى دۇنيادا ھېچكىم مېنى دۇئېلغا چىقىشقا مەجبۇر قىلالمايدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئەمدى سىزمۇ ئۇنداق دۇئېلنى جىنايەت دەپ ھېسابلايسىز. ھالبۇكى، سىز مەندىن تەلەپ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان نەرسىنى مەن سىزگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن تاپشۇرىمەن. قولۇمدىكى بۇ دەلىل-ئىسپات ۋە گۇۋاھلىقنىڭ مەڭگۈلۈككە يوق بولۇشىنى خالامسىز؟ بۇ دەھشەتلىك سىرنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىلا قېلىشىنى خالامسىز؟ مېنىڭ ۋىجدانىمغا ئىشەنسىڭىز، بۇ سىر مەڭگۈ ئېلان قىلىنماي-



دۇ. ئېيتىڭا، ئالبېر، شۇنداق قىلىشنى خالامسىز؟ شۇنداق قىلايلىمۇ، دوستۇم؟

ئالبېر بوشاننىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

— قەدىردان دوستۇم! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ.

— ماڭ، — دېدى بوشان ئالبېرغا قەغەزلەرنى بېرىپ.

ئالبېر تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇ قەغەزلەرنى ئېلىپ، سىقىملىدى، پۇرلىدى ۋە يىرتىۋەتمەكچى بولدىيۇ، لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە شامال چىقىپ، بۇ قەغەزلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان بىر پارچىسىنى ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە ئۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، ھەمىشە تاماكا تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن يېقىپ قويۇلىدىغان شامنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ھەممىسىنى تامام كۆيدۈرۈۋەتتى.

— قەدىرلىك، تەڭداشسىز دوستۇم! — دەپ پىچىرلايتتى ئالبېر قەغەزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپ.

— بۇنىڭ ھەممىسى خۇددى بىر يامان چۈشتەك ئۇنتۇلۇپ كەتسۇن، — دېدى بوشان، — بۇنىڭ ھەممىسى مۇنۇ كۆيۈپ، قارا كۈلگە ئايلىنىۋاتقان قەغەزلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچقۇنلىرىدەك يىرقاپ كەتسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى بۇ ئۈنسىز كۈل ئۈستىدىن چىقىۋاتقان تۈتۈندەك تارقىلىپ كەتسۇن.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ئالبېر، — بۇنىڭ ھەممىسىدىن پەقەت مەڭگۈلۈك دوستلۇقلا ساقلىنىپ قالسۇن. سىزگە مەڭگۈلۈك دوست بولۇشقا ئالدىڭىزدا قەسەميات قىلىمەن. مېنىڭ نىجاتكارىم. بۇ دوستلۇقنى بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزمۇ داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ دوستلۇق مېنىڭ نامىمنى بۇلغىنىشتىن ساقلاپ قالغانلىقىڭىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئەسلىمىسى بولۇپ قالىدۇ. بوشان، ئەگەر بۇ ئىشنى سىزدىن باشقا بىر كىشى ئۇقۇپ قالغان بولسا، مەن ئۆزۈمنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغان بولاتتىم ياكى، ياق، ئانام ئۈچۈن ئۆلۈۋالماس ئىدىم، لېكىن فرانسىيىنى تاشلاپ كەتكەن بولاتتىم.

— قەدىرلىك ئالبىر! — دېدى بوشان.

ھالبۇكى، ئالبىرنىڭ بۇ ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ۋە بىرئاز ياسالما خۇشاللىقى تېزلا غايىب بولدى - دە، ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھەسرەتكە پېتىپ قالدى.

— نېمە بولدى؟ — سورىدى بوشان، — ئېيتىڭا، نېمە بولدىڭىز؟

— يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتكەندەك بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئالبىر، — بىلەمسىز، بوشان، ئاتىنىڭ داغ چۈشمىگەن نامى پەرزەنتكە ئاتا قىلىدىغان ھۆرمەت، ئىشەنچ ۋە غۇرۇردىن بىراقلا مەھرۇم بولۇش ئاسان گەپ ئەمەس. ئاھ بوشان! ئەمدى ئاتام بىلەن قانداق كۆرۈشىمەن؟ ئەمدى ئاتام پېشانەمگە سۆيمەكچى بولسا، ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن، ماڭا قولىنى سۇنسا، قول بەرمەيمەن... شۇنداق قىلغىلى بولارمۇ؟ بىلەمسىز، بوشان، مەن دۇنيادا ئەڭ بەختسىز ئادەم. بىچارە ئانام! — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، ياش تولغان كۆزلىرى بىلەن گىراف خانىمنىڭ رەسىمىگە قاراپ، — ئەگەر ئۇ بۇنى ئۇقسا قانچىلىك دەردكە قالار!

— غەيرەت قىلىڭ، دوستۇم. — دېدى بوشان ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ.

— ھېلىقى ماقالە قانداق قىلىپ سىزنىڭ گېزىتىڭىزگە چىقىپ قالدى؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئالبىر، — بۇنىڭ كەينىدە كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆچمەنلىكى، قانداقتۇر بىر غايىب دۈشمەن يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ.

— شۇنداق بولسا تېخىمۇ غەيرەتلىك بولۇشىڭىز كېرەك، — دېدى بوشان، — چىرايىڭىزدا ئىچكى تۇيغۇلىرىڭىزنىڭ ئىزنىمۇ كۆرۈنمەسلىكى كېرەك. بۇلۇتلار ئارىسىدا يوشۇرۇنغان ئۆلۈم ۋە ئاپەتنى تاكى چاقماق چېقىلمىغۇچە ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ. سىزمۇ ھەسرىتىڭىزنى ئەنە شۇ خىلدا ئىچىڭىزگە يوشۇرۇڭ. دوستۇم، ئاشۇ چاقماق چېقىلغۇچە كۈچ مادارىڭىزنى تېجەڭ.



— ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟ — قورقۇپ سورىدى ئالبىر.

— ھېچنېمە دەپ ئويلىمايمەن، لېكىن ھەر خىل ئېھتىماللار بولۇشى مۇمكىن. ھە...

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئالبىر بوشاننىڭ ئىككىلىنىپ توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

— دانگلار خانىمغا ئۆيلىنىدىغان ئىشىڭىز قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

— بۇنى نېمە ئۈچۈن سوراپ قالدىڭىز؟

— چۈنكى، بۇ توينىڭ بولۇش - بولماسلىقى ھازىر قىلىشقان گېپىمىزگە مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— ھە! — دەپ تېتىكلىشىپ كەتتى ئالبىر، — گېپىڭىزچە دانگلار...

— مەن پەقەت سىزنىڭ توي ئىشىڭىزنىلا سوراپ قويدۇم. سۆزلىرىمدىن باشقىچە مەنە چىقارماڭ، باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ.

— تويىمىز بۇزۇلدى، — دېدى ئالبىر.

— ياخشى، — دېدى بوشان.

ئاندىن، ئالبىرنىڭ يەنە مەيۈسلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ دېدى:

— ئالبىر، گېپىمگە كىرىڭ، سىرتقا چىقايلى. ھارۋا بىلەن ياكى ئاتقا مىنىپ بولۇن ئورمانلىقىنى سەيلە قىلايلى، مېڭىڭىز سەگەپ قالىدۇ. ئاندىن بىر يەرگە كىرىپ ناشتا قىلايلى. شۇندىن كېيىن ھەرقايسىمىز ئۆز ئىشىمىزغا ماڭارمىز.

— ياخشى گەپ، — دېدى ئالبىر، — لېكىن پىيادە ماڭايلى. بىرئاز چارچىسام غەمدىن قۇتۇلۇشىمغا پايدىسى بولىدۇ.

— ماقۇل، — دېدى بوشان.

ئىككى دوست دەرەخلىك كوچا بويلاپ پىيادە ماڭدى.

مادلېن چېركاۋىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بوشان مۇنداق دېدى:

— توختاڭا، بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندىن كېيىن گراف مونتې - كرىستونىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقمايلىمۇ. ئۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئاچالايدۇ. ئۇ، كىشىلەرنىڭ غېمىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىشكە ئۇستا، چۈنكى ئۇ ھېچقانداق ۋاقىتتا گەپ كوچىلىمايدۇ. مېنىڭچە گەپ كوچىلىمايدىغان ئادەملەر ئەڭ ياخشى غەمگۇزار بولىدۇ.

— توغرا، — دېدى ئالبېر، — كىرەيلى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.

## ئىككىنچى باب

### سەپەر

مونتې - كرىستو ئىككى يىگىتنىڭ بىللە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدى.

— ھەممە ئىشلار ئېنىقلىنىپ، مەسىلە ھەل بولغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، — دېدى بوشان، — ئۇ بىمەنە گەپلەر ئۆزلۈكىدىن يوقالدى. ئەگەر ئۇنداق گەپ - چۆچەكلەر يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقسا، بىرىنچى بولۇپ مەن رەت قىلىمەن. بولدى، بۇ گەپنى قىلىشمايلى.

— مانا، ئالبېر ئۆزى تۇرۇپتۇ، — دېدى گراف، — مەنمۇ ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە گەپ قىلماسلىقنى جېكىلىگەنىدىم. دەرۋەقە، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، — تازىمۇ قاملاشمىغان بىر ئىشنى قىلىۋاتقىنىمدا كىرىپ قالدىڭلار.



— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — سورىدى ئالبېر، — ھۆججەتلىرىڭىزنى رەتلەۋاتامسىز؟

— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزۈمنىڭ ئەمەس. مېنىڭ ھۆججەتلىرىمگە ئاۋارە بولۇش ھاجەت ئەمەس، چۈنكى مېنىڭ ھېچقانداق ھۆججىتىم يوق. مەن كاۋالكانتى ئەپەندىنىڭ ھۆججەتلىرىنى كۆرۈۋاتاتتىم.

— كاۋالكانتى؟ — قايتىلاپ سورىدى بوشان.

— سىز بىلمەمسىز؟ گراف ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئالبېر.

— ئېيتقىنىڭىز ئانچە توغرا بولمىدى، — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن ھېچكىمگە، بولۇپمۇ كاۋالكانتىغا ھامىيلىق قىلمايمەن.

— كاۋالكانتى مېنىڭ ئورنۇمدا دانگلار خانىمىزغا ئۆيلەنمەكچى، — دېدى ئالبېر ئۆزىنى كۈلكىگە زورلاپ، — ئۆزىڭىز بىلىسىز، قەدىرلىك بوشان، بۇ ھال مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەكمۇ يېرىم قىلىۋاتىدۇ.

— ھە! كاۋالكانتى دانگلار خانىمىزغا ئۆيلەنمەكچىمۇ؟ — سورىدى بوشان.

— نېمە دەۋاتىسىز، ئاسماندىن چۈشۈپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى مونتې - كرىستو، — سىز مەتبۇئات خادىمى، گەپ - چۆچەكلەرنىڭ مەستانىسى! ھازىر پۈتۈن پارىژدا شۇ گەپ بولۇۋاتامدۇ.

— ئۇلارنى سىز كېلىشتۈرۈپ قويدىڭىزمۇ، گراف؟ — سورىدى بوشان.

— مەن؟ ھەرگىزمۇ بۇنداق گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرمەڭ، جانابىي خەۋەر ئىجادكارى! خۇدايىم ساقلىسۇن! مەن كىشىلەرنى قېپىشتۇرامدىم؟ ياق، سىز مېنى چۈشەنمەيدىكەنسىز. ئەكسىچە،

مەن ئۇلارنىڭ تويىغا زادىلا قوشۇلماي كېلىۋاتىمەن. ئەلچى بولۇشقىمۇ ئۇنىمىدىم.

— چۈشىنىشلىك، — دېدى بوشان، — دوستىمىز ئالبېرلى دەپسىمۇ؟

— مېنى دەپ ئەمەس، — دېدى ئالبېر، — گراف ئۆزى دەپ باقسۇن، مەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، بۇ توينى بۇزۇۋېتىشنى ئۈزۈندىن بۇيان ئۆتۈنۈپ كېلىۋاتىمەن. توي ئىشىم بۇزۇلغاندىن كېيىن گرافقا مىننەتدارلىق بىلدۈرسەم، ئۇ، بۇ ئىشنى قىلغان مەن ئەمەس دەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ مەيلى، ئىپتىدائىي ئادەملەردەك غايىبتىكى ئىلاھقا باش ئۇرۇپ يۈرۈۋېرەي.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى مونتې-كرىستو، — بۇ ئىشلار ماڭا شۇ قەدەر مۇناسىۋەتسىزكى، قېيىن ئاتا بولغۇچىمۇ، كۈيئوغۇل بولغۇچىمۇ ماڭا سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. يالغۇز ئېژېنى خانقىزلا ماڭا ياخشى كۆز قاراشتا بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ قىز ياتلىق بولۇشقا ئانچە قىزىقمايدىكەن. مەن بولسام، ئۇنى ئەركىنلىككە بولغان ئىشتىياقىدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندىمىدىم.

— ئۇلارنىڭ تويى پات ئارىدا بولامدىكەن؟

— شۇنداق. ھەرقانچە توسۇپ باقساممۇ قولاق سېلىشمىدى. مەن ئۇ يىگىتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن-دە، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ باي ۋە ياخشى ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەن. لېكىن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم پەقەت «ئېيتىشلارغا قارىغاندا». مەن بۇ گەپنى دانگلارغا تەكرار-تەكرار ئېيتتىم، لېكىن ئۇ يەنىلا ئاشۇ ئىتالىيانغا جېنىنى بېرىدىغاندەك قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ. مەن ھەتتا ئۆزۈم ئىنتايىن مۇھىم دەپ ئويلىغان بىر مەسىلىنىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتتىم، يەنى: بۇ يىگىت بوۋاق چېغىدا ئالمىشىپ كېتىپ



قالغانمۇ ياكى ئۇنى سىگانلار ئوغرىلاپ كەتكەنمۇ ۋە ياكى ئۇنى ئاتا-ئانىسى يوقىتىپ قويغانمۇ، ئېنىق بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، شۇنداق گەپلەر بار. ئېنىق بىلىدىغىنىم، ئاتىسى ئۇن نەچچە يىل جەريانىدا ئۇنى تاپالماي يۈرگەن. سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن شۇ ئۇن يىل ئىچىدە ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. مېنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشۇممۇ كار قىلمىدى. ماڭا مايورغا خەت يېزىپ، كېرەكلىك ھۆججەتلەرنى ئالدۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىشتى. مانا شۇ ھۆججەتلەر. بۇلارنى دانگلارغا ئەۋەتىپ بېرىمەن-دە، خۇددى پىلاتقا ئوخشاش بۇ ئىشتىن قول ئۈزىمەن.

— ئارمىلىيى خانقىزچۇ؟ — سورىدى بوشان، — ئۇ، شاگىرتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى سىزدىن كۆرۈپ خاپا بولمىدىمۇ؟

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئۇ ئىتالىيىگە كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. دانگلار خانىم ماڭا ئۇنىڭ گېپىنى قىلغان ۋە ئىتالىيە سەنئەتچىلىرىگە ئۇ قىزنى تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرىشىمنى سورىغانىدى. مەن ۋاللىي تېئاتىرىنىڭ مۇدىرىگە خەت يېزىپ بەردىم. بۇرۇن ئۇ مۇدىرغا ئانچە-مۇنچە ياخشىلىق قىلىپ قويغان يەرلىرىم بار ئىدى. ۋۇي، نېمە بولدىڭىز، ئالبېر؟ بەكلا پەرىشان بولۇپ قاپسىزغۇ؟ ئۆزىڭىز تۇيماي تۇرۇپلا دانگلار خانقىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— ئۇنداق ئەمەستۇر، — دېدى ئالبېر غەمكىن كۈلۈمسىرەپ.

بوشان رەسىملەرنى كۆرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

— ھەر ھالدا، سىز بۇرۇنقىدەك ئەمەس، — دېدى يەنە مونتې-كرىستو، — ئېيتىڭا، سىزگە نېمە بولدى؟

— مېڭەم چارچاپ قاپتۇ، — دېدى ئالبېر.

— ئۇنداق بولسا، قەدىرلىك ۋىكونت، — دېدى مونتې — كرىستو، — مەن بۇنىڭغا تەڭداشسىز شىپا بولىدىغان دورىنى ئېيتىپ بېرەي. مەنمۇ كەيپىم ياخشى بولماي قالغان چاغلاردا شۇ دورىدىن شىپالىق تاپىمەن.

— قانداق دورا؟ — سورىدى ئالبېر.

— ئورۇن ئالماشتۇرۇش.

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ قويدى ئالبېر.

— شۇنداق. مېنىڭمۇ ھازىر كەيپىياتىم ياخشى بولماي تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن. بىللە كېتەيلىمۇ؟

— نېمە ئۈچۈن كەيپىياتىڭىز ياخشى بولماي قالدى، گراف؟— سورىدى بوشان.

— سىزگە گەپ قىلىش ئوڭاي. ئەمما سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىمۇ جىنايى ئىشلار تەرگەۋ قىلىنسا، قانداق بولىدىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ باقاتتىم!

— تەرگەۋ؟ قانداق تەرگەۋ؟

— ۋىلفور ئەپەندى شەخسەن ئۆزى قول سېلىپ، مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرگەن ھېلىقى ھۆرمەتلىك قاتىلنىڭ دېلوسىنى تەرگەۋ قىلىۋاتامدۇ. ئۇ قاتىل جازا مەيدانىدىن قېچىپ كەتكەن قانداقتۇر بىر قاراقچىكەن.

— ھە راست، — دېدى بوشان، — مەن بۇ ئىشنى گېزىتتە كۆرگەنىدىم. ئۇ كادرۇس دېگەن نېمە ئادەم ئىكەن؟

— قانداقتۇر بىر پروۋانسىلىقمىش ①. ۋىلفور مارسېلدا خىزمەت قىلغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانىكەن. دانگلار ھەتتا ئۇنى بىر يەردە كۆرگەنىدەك قىلىمەن، دەيدۇ. شۇڭا، جانابىي خانلىق مۇپەتتىش بۇ ئىشقا ئالاھىدە جىددىي تۇتۇش

① پروۋانس — فرانسىيىنىڭ بىر ئۆلكىسى.



قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا ساقچى باشلىقىمۇ ئىنتايىن جىددىيلىك بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ. مەن ئۇلاردىن تولىمۇ مىننەتدار، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئىككى ھەپتىدىن بۇيان پارىژ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن تېپىشقا بولىدىغان بارلىق باندىتلارنى يىغىپ، «كادرۇسنىڭ قاتىلى» دەپ، مېنىڭ ئۆيۈمگە سۆرەپ كېلىشىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ شانلىق فرانسىيە خانلىقىدا مېنىڭ ئۆيۈمنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلمەيدىغان بىرمۇ ئوغرى، بىرمۇ قاتىل قالمايدۇ. ئەمدى ئۆيۈمنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ، ئۆزۈم بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان ياققا چىقىپ كېتىشتىن باشقا ئامال قالمىدى. بىللە كېتەيلىچۇ، ۋىكونت.

— ناھايىتى ياخشى.

— ئەمىسە كېتەمدۇق؟

— كېتەيلى، بىراق نەگە بارىمىز؟

— ھاۋالىق جايغا، شاۋقۇن - سادالىرى كىشىگە ئارام بەخش ئېتىدىغان جايغا بارىمىز. شۇنداق جايغا بارىمىزكى، ھەرقانداق مەغرۇر ئادەممۇ ئۇ يەردە ياۋاشلاپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كىشىلەر مېنى خۇددى ئاۋغۇستقا ① ئوخشاش جاھانغا ھۆكۈمران بولۇشقا قادىر دېيىشىدۇ، بىراق مەن ھېچكىمنىڭ نەزەرىگە ئېلىنماي يۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇ جاي قەيەردە؟

— دېڭىزدا، ۋىكونت. بىلەمسىز، مەن دېڭىزچى. مەن بوۋاق چاغلىرىمدا قېرى ئوكيان ئاتامنىڭ قوللىرىدا ۋە گۈزەل ئانام ئامفىترىتانىڭ كۆكسىدە يېتىپ ئۇخلايتتىم. شۇ ئاتامنىڭ يېشىل يېپىنچىسىنى ۋە شۇ ئانامنىڭ كۆپكۆك كۆڭلىكىنى تۇتۇپ ئوينايتتىم. كىشىلەر سۆيۈملۈك قىزىنى قانداق ياخشى كۆرسە، مەنمۇ

① ئاۋغۇست — قەدىمكى رىمنىڭ مەشھۇر ئىمپېراتورى.

ھېكىزنى شۇنداق ئاشىق. ئۇنى ئۇزاققىچە كۆرمىسەم سېغىنىمەن.

— بارايلى، گراف!

— ھېكىزغىمۇ؟

— ھەئە.

— قوشۇلدىڭىزمۇ؟

— قوشۇلدۇم.

— ئۇنداق بولسا، ۋىكونت، بۈگۈن ئېشىكىم ئالدىدا ئۈزۈن يوللۇق پەيتۈن ھازىر بولىدۇ. ئۇ پەيتۈندا خۇددى كارىۋاتتا ياتقاندەك بەھۇزۇر سەپەر قىلىشقا بولىدۇ. تۆت ئات قوشۇلىدۇ. ماڭا قارىڭا، بوشان، مېنىڭ پەيتۈنىمدا تۆت ئادەم كەڭتاشا ئولتۇرالايدۇ. بىز بىلەن بىللە بارامسىز؟ سىزنى تەكلىپ قىلىمەن.

— رەھمەت سىزگە، مەن تېخى يېڭىلا دېڭىزدىن قايتتىم.

— نېمە، سىز دېڭىزدا بولغانمىدىڭىز؟

— ھەئە، شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ. بورروممېي ئاراللىرىدا قىسقىغىنا ساياھەتتە بولدۇم.

— مەيلى، شۇنداق بولسىمۇ بىللە بارايلى، — دېدى ئالبېر.

— بولمايدۇ، قەدىرلىك مورسېر. بۇ شەرەپ كەلتۈرگۈچى تەكلىپتىن باش تارتقان ئىكەنمەن، دېمەك بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — مېنىڭ ھازىر پارىژدا تۇرۇشۇم بەك زۆرۈر. گېزىت خەۋەرلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش كېرەك.

— سادىق دوست ئىكەنسىز، — دېدى ئالبېر، — توغرا ئېيتتىڭىز. كۆزىتىڭ، بوشان، ئاشۇ ماقالىنى ئېلان قىلغان دۈشمەنىنى تېپىشقا ھەرىكەت قىلىڭ.



ئالبېر بىلەن بوشان خوشلاشتى. ئۇلار باشقا كىشىنىڭ ئالدىدا ئېغىزدىن چىقىرالمىغان سۆزلەرنى ئۆزئارا قول قىسىش ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

— بوشان ياخشى يىگىت ئىكەن! — دېدى مونتې - كرىستو، مەتبۇئاتچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — شۇنداقمۇ، ئالبېر؟

— ئۇنىڭ ئالتۇندەك يۈرىكى بار. مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ھە، ئەمدى ئېيتىڭا، نەگە بارىمىز؟

— قارشى پىكىرىڭىز بولمىسا، نورماندىيىگە بارايلى.

— ناھايىتى ياخشى. ئۇ يەرگە بېرىپ، تەبىئەتنىڭ قوينىدا بولىمىز، شۇنداقمۇ؟ ئۆلپەتلىرىمىزمۇ، قوشنىلىرىمىزمۇ بولمايدىغاندۇر؟

— سەيلە قىلغاندا ئاتلار بىلەن، ئوۋغا چىققاندا تايغانلار بىلەن، بېلىق تۇتقاندا قولۋاق بىلەن بىرگە بولىمىز.

— ماڭا كېرەكلىكىمۇ شۇ. ئۆيگە بېرىپ، ئاپامغا ئېيتىپ قوياي. ئاندىن خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن.

— ئاتا - ئانىڭىز رۇخسەت قىلارمۇ؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— نېمىگە رۇخسەت قىلارمۇ دەيسىز؟

— نورماندىيىگە بېرىشقا.

— مېنىڭ ئۆز خاھىشىم بويىچە ئىش قىلىش ئەركىنلىكىم بارغۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق. ئۆزىڭىز خالىغان يەرلەردە يالغۇز ساياھەت قىلىدىكەنسىز، بۇنى بىلىمەن. مەن سىز بىلەن ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا ئىلىشىپ قالغۇم يوق...

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ.

— بىراق، گراف مونتې - كرىستو دەپ ئاتىلىدىغان ئادەم بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىشىڭىزغا ئۇنامدۇ؟

— گراف، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىڭىز ياخشى ئەمەس ئىكەن.

— قانداقسىگە؟

— ئانامنىڭ سىزگە بولغان كۆز قارىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز.

— فرانسىسك بىرىنچى ① «ئاياللار ئاسان ئۆزگىرىدۇ» دېگەن، شېكسپىر «ئاياللار گوياكى دولقۇنغا ئوخشايدۇ» دېگەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇلۇغ خاقان، يەنە بىرى ئۇلۇغ شائىر. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئاياللارنىڭ تەبىئىتىنى ئوبدان چۈشەنگەن بولسا كېرەك.

— شۇنداق، لېكىن مېنىڭ ئانام ئادەتتىكى ئايال ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە بىر ئايال.

— ئەپۇ قىلىڭ، سۆزىڭىزنى تازا چۈشىنەلمەي قالدىم.

— دېمەكچىمەنكى، ئاپام ھېسسىياتتا ئاسان بېرىلمەيدۇ، لېكىن بىركىمنى ياقتۇرۇپ قالسا، ئۆمۈر بويى ياخشى كۆرىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى مونتې - كرىستو چوڭقۇر تىنىق ئېلىپ، — گېپىڭىزچە، ئانىڭىز ماڭا پۈتۈنلەي ئىتىبار قىلماسلىقتىن باشقىچىرەك كۆز قاراشتا ئىكەن - دە؟

— مەن سىزگە بۇرۇنمۇ دېگەن، ھازىرمۇ تەكرارلاپ ئېيتتىم، — دېدى ئالبېر، — قارىغاندا، سىز ھەقىقەتەن ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان، بولەكچە ئادەم ئىكەنسىز.

— ئۇنداق ئەمەس!

— شۇنداق، چۈنكى ئانام سىزگە ئاددىيلا قىزىقىش بىلەن

① فرانسىسك بىرىنچى — (1494 — 1547) 1515 — 1547 - يىللىرىدىكى فرانسىيە پادىشاھى.



ئەمەس، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئىككىمىز يالغۇز بولساق، سىز توغرىلىقلا سۆزلىشىمىز.

— ئۇ سىزگە مەندەك بىر مانفرېدقا ئىشەنمەسلىكىنى جېكىلىگەندۇر؟

— ئەكسىچە، ئۇ ماڭا شۇنداق دەيدۇ: «ئالبېر، گرافنىڭ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن تىرىشقىن».

مونتې - كرىستو تەتۈر قارىۋېلىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

— راستىن شۇنداقمۇ؟ — دەپ قويدى ئۇ.

— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە چۈشىنىشلىك، — داۋاملاشتۇردى ئالبېر، — ئانام بۇ سەپىرىمگە قارشى تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللايدۇ، چۈنكى بۇ سەپەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە ئۇيغۇن.

— ئەمىسە، ئاخشاملىققىچە كۆرۈشەيلى، — دېدى مونتې - كرىستو، — سائەت بەشتە كېلىڭ. بىرىم كېچىدە ياكى كەچ سائەت بىردە مەنزىلگە يېتىپ بارىمىز.

— نېمە؟ ترېپورغا؟

— ترېپورغا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا.

— 48 لىي كېلىدىغان يولنى سەككىز سائەتتە بېسىپ بولىمىز دەپ ئويلامسىز؟

— بۇ بەك ئۇزۇن ۋاقىت، — دېدى مونتې - كرىستو.

— مۆجىزە كۆرسىتەمسىز نېمە! پات ئارىدا تۆمۈريولنىمۇ چەتتە قويۇپ، ھەتتا تېلېگرافتىنمۇ ئۆتۈپ كەتكۈدەك سىز.

— قانداقلا بولمىسۇن، سەككىز سائەتتە يېتىپ بېرىشىمىز كېرەك، شۇڭا كېچىكمەڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، باشقا ئىشىم يوق، يولغا كېرەكلىك نەرسىلىرىمنى ئېلىۋالسام بولىدى.

— ماقۇل، سائەت بەشتە كۆرۈشەيلى.
— سائەت بەشتە.

ئالبېر چىقىپ كەتتى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ھالدا بىر-دەم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن، خۇددى خىياللىرىنى قوغلىغاندەك ئالقىنى بىلەن پېشانىسىنى سىلاپ قويدى - دە، قوڭغۇراقنى ئىككى قېتىم ئۇردى. بېرتۇچچو كىردى.

— بېرتۇچچو، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۈگۈن ئويلىغىنىمدەك، ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە ئەمەس، بۈگۈن سائەت بەشتە نورمانديىگە ماڭىمەن. سائەت بەشكىچە ۋاقتىڭىز يېتىپ ئاشىدۇ. ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇڭ. بىرىنچى بېكەتتىكى ئات باقارلارغا خەۋەر بېرىلسۇن. ۋىكونت مورسېر مەن بىلەن بىللە بارىدۇ. مېڭىڭ.

بېرتۇچچو چىقىپ كەتتى. شۇ ھامان بىر ئاتلىق خىزمەتكار گرافنىڭ پەيتونىنى توپتوغرا سائەت ئالتىدە پونتۇئازدىن ئۆتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن چېپىپ كەتتى. پونتۇئاز-دىكى ئات باقار يەنە بىر چاپارمەننى نۆۋەتتىكى بېكەتكە يولغا سالدى. ئۇ يەردىن يەنە بىر چاپارمەن يولغا چىقتى. شۇنداق قىلىپ، ئالتە سائەتتىن كېيىن يول ئۈستىدىكى ھەممە بېكەتلەر خەۋەرلەندۈرۈلدى.

گراف يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا گايدەنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئەگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە پۈتۈن ئۆيىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى.

ئالبېر بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۇلگۈرۈپ كەلدى. ئۇ پەرىشان ھالدا پەيتونغا ئولتۇردى، لېكىن ھايال ئۆتمەي، ئاتلارنىڭ تېز چېپىشى بىلەن ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلدى. ئالبېر پەيتوننىڭ



مۇنداق تېز مېڭىشىنى ھېچقاچان كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

— فرانسىيەدە چوڭ يوللاردا مېڭىشقا زادى ئىمكانىيەت يوق، — دېدى مونتې - كرىستو، — پوچتا پەيتونىدا ئولتۇرۇپ، سائىتىگە ئىككى لىيەدىن يول يۈرۈشمۇ ئىشمۇ. بىر يولۇچى ئۆزىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان يولۇچىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە بولماسمىش. بۇ بەك قاملاشمىغان قانۇن ئىكەن. بىرەر بىتاب ياكى ئەزمە ئادەم ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىكى ساغلام ۋە تىمەن ئادەملەرنىڭ يولىنى توسۇۋېلىشى مۇمكىن. مەن بۇنداق ئاۋارىگەرچىلىكلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ھارۋىكىشىم ۋە ئاتلىرىم بىلەن سەپەر قىلىمەن. شۇنداقمۇ، ئەلى؟

گراف پەيتوننىڭ پەنجىرىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ئاتلارغا تۇۋلاپ قوياتتى. ئاتلار گوياكى قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك چاپاتتى. پەيتون «پادىشاھلىق يولى»دىن گۈلدۈرلەپ ئۆتۈۋاتقاندا ئۆتكەن - كەچكەنلەر بۇ ئۇچار يۇلتۇزنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى. ئەلى گرافنىڭ تۇۋلاشلىرىنى ئاڭلىغاندا ئاپئاق چىشلىرىنى يالىڭاچلاپ كۈلەتتى ۋە كۈچلۈك قوللىرى بىلەن تىزگىننى چىڭ تۇتۇپ، يايلىلىرى شامالدا ئۇچۇپ تۇرغان ئاتلارنى ھەدەپ ھەيدەيتتى. ئۇچىسىغا ئاپئاق بۆكلىك يېپىنچا كىيىۋالغان، چىرايى قاپقارا، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان، چاڭ - توزانغا پۈركىنىپ، ئات چاپتۇرۇشقا بولغان تۇغما ھەۋىسىگە بېرىلىپ كەتكەن بۇ چۆل ئوغلى بەئەينى قۇيۇن ئىلاھى ياكى بوران خۇداسىغا ئوخشاپ تۇراتتى.

— ئۆمرۈمدە بۇنداق ھۇزۇرلىنىپ باقمىغانىدىم، — دېدى ئالبېر، — بۇنداق تېز يۈرۈشنىڭ ھۇزۇرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغاپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى غەم - غۇ-

سىسلەر خۇددى ئۇرۇۋاتقان شامال ئۇچۇرتۇپ كېتىۋاتقاندەك غايىب بولماقتا ئىدى.

— بۇنداق ئاتلارنى نەدىن تاپقانسىز؟ — سورىدى ئالبېر. — ياكى مەخسۇس نەسىللەندۈرۈلگەن ئاتلارمۇ؟

— شۇنداق. ئالتە يىل ئىلگىرى ۋېنگرىيىگە بارغىنىمدا داڭقى چىققان بىر ئارغىماقنى تاپقانىدىم. قانچە پۇلغا سېتىۋالغىنىم يادىمدا يوق. بېرتۇچچو بەرگەنىدى. شۇ يىلى ئۇ 32 قۇلۇننى دۇنياغا كەلتۈرگەنىدى. بۈگۈن بىز شۇ ئارغىماقنىڭ پۈتۈن بىر ئەۋلادىنى كۆرۈپ ئۆتتىمىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، ماڭلىيىدىكى يۇلتۇز-سىمان قاشقىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھېچقانداق يېرىدە ئالا يوق، چۈنكى ئات زاۋۇتىنىڭ ئەركىسى ھېسابلانغان ئاشۇ ئارغىماققا خۇددى پادىشاھقا قىز تاللىغاندەك ئەڭ ئېسىل بايتاللارنى تاللاپ بېرىشكەن.

— كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك ئاتلار ئىكەن! بىراق بۇنچە كۆپ ئاتلارنى نېمە قىلىسىز، گراف؟

— كۆرۈۋاتىسىزغۇ، يول يۈرۈشكە ئىشلىتىمەن.

— بىراق، ھەمىشە سەپەر ئۈستىدە بولمايسىز - دە!

— بۇ ئاتلارنىڭ لازىمى قالمىغاندا بېرتۇچچو سېتىۋېتىدۇ. ئۇ، بۇنىڭدىن 40 مىڭ فرانك پايدا ئالغىلى بولىدۇ، دەيدۇ.

— بىراق، ياۋروپادىكى پادىشاھلارمۇ بۇنداق ئاتلارنى سېتىۋېلىشقا چىدىمايدۇ.

— ئەمىسە بىرەر شەرق ئېلىگە ئاپىرىپ ساتىمىز. شەرق ھۆكۈمدارلىرى بۇنداق ئاتلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويۇشقا رازى بولىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆز پۇقرالىرىنى كالتەكلەپ يۈرۈپ، خەزىنىسىنى يەنە تولدۇرۇۋالىدۇ.

— ھازىر كاللامغا قانداق ئوي كەلدى، بىلەمسىز، گراف؟



— سۆزلەڭ.

— شۇنداق ئويلايمەنكى، ياۋروپادا سىزدىن قالسا ئەڭ باي ئادەم بېرتۇچچو ئەپەندى بولسا كېرەك.

— خاتا ئويلاپسىز، ۋىكونت. ئىشىنىمەنكى، بېرتۇچچونىڭ يانچۇقلىرىنى تەتۈر ئۆرۈسىڭىز سۇنۇق تىيىنىنىمۇ تاپالمايسىز.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئالبېر، — ئۇنداق بولسا، بېرتۇچچومۇ سىزگە ئوخشاش بىر كارامەت ئىكەن. قەدىرلىك گراف، مېنى ئۇنداق كارامەتلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىۋەرمەڭ، بولمىسا، سىزگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىمەن.

— مەندە ھېچقانداق كارامەت يوق، ئالبېر. مەندە بارى ئەقىل ۋە رەقەملەردىنلا ئىبارەت. سىزگە مۇنداق بىر مەسىلىنى قويۇپ باقاي: غوجىدارنىڭ قولى ئەگرى، لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈن قولىنى ئەگرى قىلىدۇ؟

— غوجىدارلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئالبېر، — ئۇلار ئوغرىلىماي تۇرالمايدۇ.

— توغرا ئەمەس. غوجىدارنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىسى بولسا، ئائىلىسىنىڭ تېگىنى چىڭىتىۋېلىش ئۈچۈن ئوغرىلايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ خوجايىنىدىن ئايرىلماسقا كۆزى يەتمىسە، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئوغرىلايدۇ. ھالبۇكى، بېرتۇچچو بۇ دۇنيادا تەنھا ئادەم. ئۇ مېنىڭ پۇللىرىمنى ئۆزى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ. ئۇ مەندىن ئۆمۈر بويى ئايرىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى مەن ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى تاپالمايمەن.

— سىز ئەپسۇن چەمبىرىكى ئىچىدە، ئېھتىماللىقلار ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدىكەنسىز.

— ياق، بۇ ئىشەنچ. مەن ھايات - ماماتى مېنىڭ ئىلكىمدە

بولغان خىزمەتكارنى ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ھېسابلايمەن.

— بىر تۈپچۈنىڭ ھايات - ماماتى سىزنىڭ ئىلكىڭىزدىمۇ؟ — سورىدى ئالبېر.

— شۇنداق، — دەپ سوغۇقلا جاۋاب بەردى مونتې - كرىستو.

شۇنداق سۆزلەر بولىدۇكى، بەئەينى تۆمۈر ئىشىكتەك سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويىدۇ. گرافنىڭ «شۇنداق» دېگەن بۇ سۆزىمۇ ئەنە شۇ خىل ئاھاڭدا ئېيتىلدى.

يولنىڭ قالغان قىسمىنىمۇ شۇ سۈرئەت بىلەن مېڭىشتى. سەككىز بېكەتكە تەقسىملەنگەن 32 ئات 48 لىي مۇساپىنى سەككىز سائەتتە بېسىپ ئۆتتى.

يېرىم كېچە بولغان مەھەلدە بىر كۆركەم باغچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. دەرۋازىۋەن دەرۋازىنى كەڭ ئېچىپ قويۇپ كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئەڭ ئاخىرقى بېكەتتىكى ئات باقار ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغانىدى.

سائەت ئىككى ئىدى. ئالبېرنى ئۇنىڭغا ئاجرىتىلغان خانىلارغا باشلاپ كىرىشتى. ئۇنىڭغا مۇنچا ۋە كەچلىك غىزا تەييارلاپ قويغانىدى. پەيتۇننىڭ كەينىدە تۇرۇپ كەلگەن مالاي ئۇنىڭ خىزمىتىگە بېرىلدى. ھارۋىكەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كەلگەن باتىستېن گرافنىڭ خىزمىتىدە بولدى.

ئالبېر مۇنچىغا چۈشۈپ، غىزالىنىپ، ئۇخلاشقا ياتتى. دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ غەمكىن شاۋقۇنى تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كەتمىدى. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەينەكلىك ئىشىكنى ئاچقانىدى، كىچىككىنە پېشايۋانغا چىقىپ قالدى. ئالدى تەرەپتە چەكسىز دېڭىز، ئارقا تەرەپتە ئورمانلىق يېنىدىكى كۆركەم باغچا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئانچە چوڭ بولمىغان كۆرپەزدە ئومۇمىي گەۋدىسى تار ۋە چىرايلىق ياسالغان چاققانغىنا كېمە دولقۇنلاردا چايقىلىپ تۇراتتى.



ھايۋاق خادىسىدا مونتې - كرىستونىڭ گېرىبى چۈشۈرۈلگەن تۇغ يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بۇ گېرب كۆپكۆك دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئالتۇن تاغ ۋە ئۇنىڭ چوققىسىغا قادالغان قېنىق قىزىل رەڭلىك كرېستنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بەلگىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ، ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك گولگوفا① تېغىنى ۋە ئەيسانىڭ ئىلاھىي قېنى بىلەن بويالغان كرېستنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، بۇ سىرلىق ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئۆتمۈشىدىكى شەخسىي درامىسىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن.

كېمىنىڭ ئەتراپىدا قوشنا يېزىلاردىن كەلگەن بېلىقچىلارنىڭ بىرنەچچە قېيىقلىرى چايقىلىپ تۇراتتى. بۇ قېيىقلار خۇددى ئۆز خانىشىنىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان مۆمىن پۇقرالارغا ئوخشايتتى.

مونتې - كرىستو ھەرقانداق جايغا بېرىپ، بارى - يوقى ئىككى كۈن تۇرسىمۇ، شۇ جاينىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن مەئىشەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلاتتى. بۇ قېتىمقى تۇرالغۇ جايىمۇ ئەنە شۇنداق كىشىگە بىر قاراشتىلا شۇنچە قولاي ۋە يېقىملىق تۇيۇلاتتى.

ئالبېر ئۆزىگە قاراشلىق دەھلىزدە ئىككى مىلتىق ۋە ئوۋچىلىققا كېرەكلىك ھەممە نەرسىلەرنىڭ تەق قىلىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. ئاستىنقى قەۋەتتىكى خانىلارنىڭ بىرىدە ئەنگلىيىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ياسالغان مۇرەككەپ بېلىقچىلىق ئەسۋابلىرى تىزىلغانىدى. بۇنداق ئەسۋابلار كونىلىقنى ساقلىغۇچى فرانسۇز بېلىقچىلىرى تەرىپىدىن تېخىچە ئۆزلەشتۈرۈلمەي كېلىۋاتىدۇ.

پۈتۈن بىر كۈن شۇ خىلدىكى كۆڭۈل ئېچىشلار بىلەن ئۆتتى. بۇنداق ئىشلاردا مونتې - كرىستوغا ھېچقانداق ئادەم تەڭ

① گولگوفا — خرىستىئان ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، يېرۇسالېمنىڭ يېنىدىكى بىر تاغ بولۇپ، ئەيسا شۇ تاغدا كرېستقا مىخلانغان.

كېلەلمەيتتى. باغچىدا ئون نەچچە قىرغاۋۇلنى ئېتىۋېلىشتى، دەريادا تەخمىنەن شۇنچىلىك بېلىق تۇتۇشتى، دېڭىز بويىدىكى شىپاگىدا تاماق يېيىشتى ۋە كۆتۆپخانىدا ئولتۇرۇپ، چاي ئىچىشتى.

مونتې - كرىستو ئۈچۈن بۇنداق مەشغۇلاتلار گوياكى بالىلار ئويۇنى ئىدى. لېكىن ئالبېر ئۈچىنچى كۈنى كەچتە پۈتۈنلەي هالىدىن كەتتى ۋە دېرىزە يېنىدىكى كرېسلودا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى. بۇ چاغدا مونتې - كرىستو تەكلىپ قىلىنغان بىناكار بىلەن ئۆز هويلىسىغا سالدۇرماقچى بولغان گۈل ئۆستۈرۈش ئۆيىنىڭ پىلانى ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت تاشيول تەرىپىدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئالبېر بېشىنى كۆتۈرۈپ، دېرىزىدىن قارىدى ۋە يول ئۈستىدە كېلىۋاتقان ئۆز مەهرىمىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ئەجەبلەندى. ئۇ، مونتې- كرىستونى ئارتۇقچە ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن بۇ مەهرەمنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلمىگەنىدى.

— بۇ فلورانتېن! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ۋە كرېسلودىن دەس تۇردى. — ئاپام ئاغرىپ قالغانمىدۇر؟

ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. مونتې- كرىستو ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ ئولتۇراتتى. ئالبېر يۈگۈرۈپ، مەهرەمنىڭ ئالدىغا باردى. مەهرەم تەسلىكتە دېمىنى ئېلىۋېلىپ، يانچۇقىدىن ئانچە چوڭ بولمىغان بىر لېپاپىنى چىقاردى. لېپاپىنىڭ ئىچىدە بىر گېزىت ۋە خەت بار ئىدى.

— كىمنىڭ خېتى؟ — ئالدىراپ سورىدى ئالبېر.

— بوشان ئەپەندىنىڭ، — جاۋاب بەردى فلورانتېن.

— سىزنى بۇ يەرگە بوشان ئەۋەتتىمۇ؟

— شۇنداق، تەقسىر. ئۇ مېنى چاقىرىپ، يول خىراجىتىم ئۈچۈن پۇل بەردى، ئاندىن بىر پوچتا ئېتىنى تېپىپ بەردى ۋە بۇ لېپاپىنى سىزگە كېچىكتۈرمەي يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى جېكىلىدى. 15 سائەت يول يۈرۈپ، ئاران يېتىپ كەلدىم.



ئالبېر ئالدىراپ - تېنەپ خەتنى ئاچتى. ئۇ دەسلەپكى قۇرلارنى ئوقۇش بىلەنلا ۋارقىراپ تاشلاشقا تاس قالدى ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن گېزىتنى ئالدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، دەلدەڭشىپ كەتتى. فلورانتېن ئۇنى يۆلىۋالمىغان بولسا، يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى.

— بىچارە بالا! — دەپ پىچىرلىدى مونتې - كرىستو، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك بوش چىقتىكى، ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىدى. — ئاتىلارنىڭ گۇناهىدىن ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەۋلادلارمۇ قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن گەپلەر راست ئىكەن - دە.

بۇ ئارىدا ئالبېر غەيرىتىنى يىغىپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئاندىن تەر باسقان ماڭلىيىغا يېپىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلىدى - دە، خەت بىلەن گېزىتنى سىقىمداپ، پۇرلىۋەتتى.

— فلورانتېن، — دېدى ئۇ، — بۇ ئېتىڭىز هازىر يەنە پارىژغا قايتىپ بارالامدۇ؟

— بۇ بىر كارغا كەلمەس پوچتا ئېتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەك هېرىپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىم! سىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆيدە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى؟

— ئېيتقۇدەك بىر ئىش بولمىدى، لېكىن مەن بوشان ئەپەندىنىڭ ئالدىدىن قايتىپ كەلگەندە گراف خانىمنىڭ كۆزلىرى ياشتىن نەملىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ مېنى چاقىرىپ، سىزنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى سورىدى. مەن بوشان ئەپەندىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. دەسلەپتە ئۇ مېنى توختىتىپ قالماقچى بولغاندەك قولىنى سوزدى، ئاندىن ئويلىنىپ قېلىپ: «ماقۇل، فلورانتېن، ئۇنى چاقىرىپ كېلىڭ» دېدى.

— خاتىرجەم بول، ئانا، — دېدى ئالبېر، — قايتىپ بېرىپ، ئۇ مۇناپىقنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن... ئەمدى يولغا چىقىش كېرەك.

ئۇ، مونتې - كرىستو ئولتۇرغان ئۆيگە قايتىپ كىردى.

ئالبېر بەش مىنۇت ئىچىدە تونۇۋالغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى: ئاۋازى خىرقىراپ چىقاتتى، مەڭزىلىرىگە قىزىل داغلار تېپىپ چىققانىدى، ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرى ئاستىدا كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، ئۆزى خۇددى مەست بولۇپ قالغاندەك قەدەملىرى تەكشى ئەمەس ئىدى.

— گراف، — دېدى ئۇ، — مېھماندوستلۇقىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. سىز بىلەن ئاخىرغىچە بىللە بولۇشنى خالايتتىم، بىراق دەرھال پارىژغا قايتىپ كەتمىسەم بولمايدىغان ئىشىم چىقىپ قالدى.

— نېمە ئىش بولدى؟

— چوڭ بەختسىزلىك. كېتىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز. مەسىلە ھاياتىمدىنمۇ قىممەتلىك نەرسىگە تاقاشتى. ئۆتۈنۈپ قالاي، مەندىن گەپ سورىماستىن، ئېتىڭىزدىن بىرنى بەرسىڭىز.

— مېنىڭ ئاتخانىلىرىم خىزمىتىڭىزگە تەييار، ۋىكونت، — دېدى مونتې - كرىستو، — لېكىن ئات مىنىپ ماڭسىڭىز جاپا تارتىپ قالىسىز. ئۆزىڭىز خالىغان بىر ھارۋىنى تاللىۋېلىڭ.

— ياق، ھارۋىدا تېز يۈرگىلى بولمايدۇ. مەن چارچاشتىن قورقمايمەن. ئەكسىچە، چارچىسام دەردىم يېنىكلەپ قالىدۇ.

ئالبېر خۇددى ئوق تەككەن ئادەمدەك دەلدەڭشىگەن ھالدا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، ئىشىك تۈۋىدىكى بىر ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭ بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ھالىدىن كېتىشىنى كۆرمىدى. ئۇ دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ ۋارقىراۋاتاتتى:

— ئەلي، ۋىكونتقا بىر ئات توقۇپ بەر! تېز بول!



بۇ سۆزلەر ئالبېرنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. گرافمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى.

— رەھمەت سىزگە! — دەپ پىچىرلىدى ئالبېر ئېگەرگە سەكرەپ چىقىپ، — ئىمكان قەدەر تېزرەك قايتىڭ، فلورانتېن. يولدا ئات ئالماشتۇرۇشۇم ئۈچۈن نېمە دېيىشىم كېرەك؟

— ئۆزىڭىز مىنىپ كەلگەن ئاتنى تاپشۇرۇپ بەرسىڭىزلا سىزگە باشقا ئاتنى ئېگەرلەپ بېرىدۇ.

ئالبېر ئاتنى چاپتۇرۇشقا تەمشەلدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى.

— مېنىڭ كېتىشىمنى غەلىتە، قاملاشمىغان، ئەخمىقانە ئىش دېيىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى ئۇ، — بىرنەچچە قۇر گېزىت خەۋىرى ئادەمنى قانچىلىك ئۈمىدسىزلىككە قويىدىغانلىقىنى سىز بىلمەيسىز. مانا، ئوقۇپ بېقىڭ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، گرافقا گېزىتنى تاشلاپ بېرىپ، — بىراق، مەن يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ئوقۇڭ. بولمىسا، يۈزۈمنىڭ قىزارغانلىقىنى كۆرۈپ قالىسىز.

ئۇ، ئۆتۈكلىرىنىڭ پاشنىلىرىغا بېكىتىلگەن شپورىلىرى① بىلەن ئاتنىڭ بېقىنلىرىغا نوقۇدى. ئات ئۆزىگە ھاجەتسىز بولغان بۇنداق رىغبەتلەندۈرۈشتىن ھەيران بولۇپ، خۇددى كاماندىن ئېتىلغان ئوقتەك ئۇچۇپ كەتتى.

گراف چەكسىز ھېسداشلىقتا تولغان كۆزلىرى بىلەن چەۋەندازنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇ غايىب بولغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى گېزىتكە قارىتىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇدى:

«يانىنا پادىشاھى ئەلىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان فرانسىيە ئوفىتسېرى ھەققىدە ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى «خالىس ئاۋاز» گېزىتىدە بىر خەۋەر ئېلان قىلىنغانىدى.

① شپورا — ئاتنى دەۋىتىش ئۈچۈن ئۆتۈكنىڭ كەينىگە بېكىتىلىدىغان تۆمۈر تەپكە.

ئىگەللىشىمىزچە، بۇ خەۋەر ئەمەلىيەتتىكە ئۇيغۇن بولغان. يانىنا قەلئەلىرىنى ۋە ئۆز باشلىقىنى تۇركلەرگە سېتىۋەتكەن ئاشۇ فرانسىيىلىك ئوفىتسېر ئەينى زاماندا ھەقىقەتەن فېرنان دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ھالبۇكى، شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆز ئىسمىغا ئاقسۆڭەكلەر ئۇنۋانى ۋە خۇسۇسىي زېمىن نامىنى قوشۇۋالغان.

ئۇ ھازىر گراف مورسېر دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ ۋە پېرلار پالاتاسىدا خىزمەت قىلىدۇ».

شۇنداق قىلىپ، بوشان كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقىدىن بېسىپ قويماقچى بولغان بۇ دەھشەتلىك سىر بۇرۇنقىدىنمۇ يالىڭاچلىنىلغان ھالدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. كىمدۇر بىرىنىڭ شەپقەتسىزلىك بىلەن پاش قىلىشى ئارقىسىدا، ئالبېر نورماندىيىگە كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى بۇ بەختسىزلىك يىگىتنى ساراڭ قىلىپ قويۇشقا ئاز قالغان ئاشۇ بىرنەچچە قۇرلۇق خەۋەر باشقا بىر گېزىتتە ئېلان قىلىنغانىدى.

## ئۈچىنچى باب

## سوت

ئەتىگەن سائەت سەككىز دە ئالبېر بوشاننىڭ ئۆيىگە بوراندەك ئۈچۈپ كىردى. ئۇنىڭ كېلىشىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان مەھرەم مورسېرنى ئۆز خوجايىنىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ، تېخى يېڭىلا ۋاننىغا چۈشۈپ چىقىپ ئولتۇرغانىدى.

— شۇنداق قىلىپ، نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى ئالبېر.



— شۇنداق قىلىپ، سىزنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم، بىچارە دوستۇم، — دېدى بوشان.

— مانا كەلدىم. بوشان، سىزنىڭ ياخشى نىيىتىڭىز ۋە ئالىيجانابلىقىڭىزغا ئىشىنىدىغانلىقىمنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. بۇ ئىشنى باشقىلارغا سۆزلىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنى بۇ يەرگە سىز چاقىرىپ كەلدىڭىز. بۇ، سىزنىڭ ماڭا بولغان دوستلۇق ھېسسىياتىڭىزنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، ئارتۇقچە سۆزلەپ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلى. بۇ زەربىنىڭ كىمدىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— مەن سىزگە بەزى گەپلەرنى ئېيتماقچى.

— ئالدى بىلەن، بۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرسىڭىز.

بوشان ھەسرەت ۋە نومۇستىن روھى چۈشكەن ئالبېرغا تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى.

بۇ ماقالە ئۈچ كۈن ئىلگىرى «خالىس ئاۋاز»دا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى باشقا بىر گېزىتتە ئېلان قىلىنغانىدى. بوشان ئەتىگەندە ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپ، بۇ ماقالىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دەرھال ھارۋىنى تەييار قىلىشنى بۇيرۇدى ۋە ناشتا قىلىپ بولماي تۇرۇپلا ئالدىراپ، گېزىتخانىغا باردى.

گەرچە بوشاننىڭ سىياسىي كۆز قاراشلىرى بىلەن مەزكۇر گېزىت مۇھەررىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا يېقىن دوستلاردىن ئىدى.

بوشان كىرگەندە مۇھەررىر گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ، قىزىلچىدىن قەنت ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدىكى ئۆزى يازغان ماقالىنى ھوزۇرلىنىپ ئوقۇۋاتاتتى.

— ئۆزىڭىزنىڭ گېزىتىڭىزنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپسىز، قەدىرلىكىم، — دېدى بوشان، — دېمەك، نېمە ئۈچۈن سىزنى

ئىزدەپ كەلگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

— سىز قومۇش شېكىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قوللامسىز؟ — دەپ سورىدى ھۆكۈمەت گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى.

— ياق، — دېدى بوشان، — بۇ مەسىلە ماڭا مۇناسىۋەتسىز. مەن باشقا بىر ئىش بىلەن كەلدىم.

— قانداق ئىش بىلەن؟

— مورسېر ھەققىدە يېزىلغان ماقالىنى دەپ كەلدىم.

— ھە، شۇ گەپمىدى. بۇ راستىنلا كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ۋەقە ئىكەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇ قەدەر قىزىقتۇرىدۇكى، گېزىتىڭلار تۆھمەتخورلۇقتا ئەيىبلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. سوت مۇنازىرىسىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىشى تېخى نامەلۇم.

— ئۇنداق ئەمەس. بىز بۇ خەۋەر بىلەن بىرلىكتە ئىسپات ھۆججەتلىرىنىمۇ تاپشۇرۇۋالدۇق. ئىشىنىمىزكى، مورسېر غىڭ قىلالمايدۇ. بىز بۇ ئىشىمىز ئارقىلىق شەرەپكە مۇناسىپ بولمىغان مۇناپىقلارنى پاش قىلىپ، ۋەتەن ئالدىدا خىزمەت كۆرسەتتۇق.

بوشان خىجالەتچىلىكتە گەپ قىلالماي قالدى.

— سىلەرنى بۇ خەۋەر بىلەن تەمىنلىگەن كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاخىرى. — بۇ ھەقتە ئەڭ ئاۋۋال مېنىڭ گېزىتىمدە خەۋەر ئېلان قىلىنغانىدى. لېكىن دەلىل - ئىسپاتلار بولمىغانلىقتىن بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالمىغانىدۇق. شۇنداقتىمۇ، بىز مورسېرنىڭ پاش قىلىنىشىغا سىلەردىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمىز، چۈنكى ئۇ فرانسىيىنىڭ پېرى، بىز بولساق، ئۆكتىچىلەرنى قوللايمىز.

— بۇ بەك ئاددىيلا ئىش. بىز بۇ مەسىلىنى تەكشۈرىمىز دەپ ئاۋارە بولمىدۇق. بۇ خەۋەر ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۆزىلا



كېلىپ قالدى. تۈنۈگۈن بۇ يەرگە يانىنالىق بىر كىشى پاش قىلغۇچى ھۆججەتلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. بىز قارىلىغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلمىدۇق. لېكىن ئۇ كىشى، ئەگەر بىز جۈرئەت قىلالمىساق، بۇنى باشقا گېزىتتە ئېلان قىلدىغانلىقىنى ئېيتتى. قىزىقارلىق خەۋەر دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، بوشان. بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرگىمىز كەلمىدى. ئاخىرى، مۇشۇنداق زەربە بەردۇق. بۇ شۇنداق كۈچلۈك زەربە بولدىكى، پات ئارىدا پۈتۈن ياۋروپادا ئەكس سادا پەيدا قىلغۇسى.

بوشان ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قايتىپ چىقىپ، ئالبېرغا خەۋەر يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

ھالبۇكى، ئۇ چاپارمەن يولۇپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلاردىن ئالبېرنى خەۋەردار قىلالمىدى. پېرلار پالاتاسىنىڭ ئادەتتە شۇنچە تەمكىن ۋە سالاپەتلىك بولىدىغان ئەزالىرى شۇ كۈنى ئىنتايىن جىددىيلەشكەنىدى. ھەممەيلەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن كېلىشتى ھەمدە يۇقىرى پالاتانىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەزالىرىدىن جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان شۇم خەۋەر ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشتى.

بەزىلەر بوش ئاۋازدا گېزىت خەۋىرىنى ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلىشاتتى؛ بەزىلەر خەۋەردىكى پاكىتلارغا ماس كېلىدىغان ئىشلارنى ئەسلىشەتتى، گراف مورسېرنىڭ ئۆز خىزمەتداشلىرى ئىچىدە ئانچە ئىناۋىتى يوق ئىدى. تۆۋەندىن ئۆستۈمۈت ئۆسۈپ چىققان بارلىق مەنسەپدارلارغا ئوخشاش ئۇمۇ ئۆز ئىناۋىتىنى چېكىدىن ئاشقان تەكەببۇرلۇق بىلەن ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاتتى. ھەقىقىي ئاقسۆڭەكلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىشاتتى. ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئۇنى مەنسىتمەيتتى. شەنىگە داغ چۈش-

مىگەن شەۋكەتلىك ھەربىيلەر ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى. گراف گۇناھىغا يارىشا جازاغا تارتىلىش قىسمىتىگە دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. تەڭرىنىڭ مۇقەددەس قولى ئۇنى كۆرسەتتى. ئەمدى ھەممە كىشى ئۇنى قۇربانلىققا تۇتۇپ بېرىشكە تەييار ئىدى.

گراف مورسېر ئۆزى بۇ ئىشلاردىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ، مەزكۇر ماقالە بېسىلغان گېزىتكە مۇشتەرى ئەمەس ئىدى. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقتىنى ئۇ خەت يېزىش بىلەن، ئاندىن يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان ئاتنى كۆندۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادەتتىكى ئىش ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەغرۇر قىياپەتتە يېتىپ كەلدى. ئۇ پەيتۇندىن چۈشتى - دە، ھەيۋەتلىك قەدەم تاشلاپ، كارىدورلارنى كېزىپ ئۆتتى ۋە چاپارمەنلەرنىڭ ئوڭايسىزلانغان چىرايىغا، خىزمەتداشلىرىنىڭ تەزىم قىلىشتىكى سوغۇقلۇقىغا دىققەت قىلماستىن، زالغا كىرىپ كەلدى.

ئۇ كىرگەندە يىغىن باشلىنىپ بولغانىدى.

سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، گراف يۈز بەرگەن ۋەقەدىن خەۋەرسىز بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇشى ھەر دائىمقىغا ئوخشاش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىراي - تۇرقى، مېڭىش - تۇرۇشلىرى باشقىلارغا ئادەتتىكىدىن بەكرەك قوپال تۇيۇلدى. ئۇنىڭ بۇ كۈندىكى ئىشتىراكى يۈكسەك نوپۇزغا ئىگە يىغىن ئەزالىرىغا شۇ قەدەر ھاياسىز بولۇپ بىلىندىكى، بەزىلەر بۇنى ئەدەبسىزلىك دەپ چۈشەنسە، بەزىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ھاقارەت دەپ ھېس قىلدى، ھەممەيلەننىڭ نەپرىتى قوزغالدى.

پۈتۈن پالاتا مۇزاكىرىنىڭ باشلىنىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغانلىقى روشەن ئىدى.

پاش قىلغۇچى گېزىت ھەممەيلەننىڭ قولىدا بار ئىدى.



لېكىن ھەرقانداق يىغىندا بولىدىغىنىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ئاخىرى، گراف مورسېرنىڭ ئاشكارا دۈشمىنى بولغان پىشقەدەم پېرلاردىن بىرى ھەممەيلەننى تەقەززا قىلغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى نامايان قىلىپ، غالىبانە قىياپەتتە مۇنبەرگە چىقتى.

يىغىن مەيدانىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى. ئادەتتە ئاڭلىغۇچىلارنى ئانچە قىزىقتۇرالمايدىغان بۇ ناتىق بۈگۈن قانداق بولۇپ كىشىلەرنىڭ شۇنچىلىك دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە تارتقانلىقىنى بىر مورسېرلا بىلمەيتتى.

ناتىق ئۆز نۇتقىنىڭ كىرىش قىسمىدا ئۆزىنىڭ پالاتا ئۈچۈن جانىجان ۋە مۇقەددەس بولغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە توختىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، خىزمەتداشلارنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىنى ئۈمىد قىلدى. گراف بۇ گەپلەرنى خاتىرجەملىك بىلەن قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ھالبۇكى، يانىنا ۋە پولكوۋنىك فېرنان ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ گراف مورسېر شۇ قەدەر تاتىرىپ كەتتىكى، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى قاتارلىرىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى ۋە ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى گرافقا مىختەك قادالدى.

قەلب جاراھەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن ئۇلار ھەرگىز ساقايمايدۇ. بۇنداق جاراھەتلەر كىشىنى ھەمىشە ئازابلايدۇ، ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆمۈر بويى شىپالىق تاپالماي، قان ئېقىپ تۇرۇۋېرىدۇ.

گوياكى گۆر ئىچىدىكى جىمجىتلىقتا ناتىق ھېلىقى گېزىت ماقالىسىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. بوش ئاۋازدا گۇدۇڭ - گۇدۇڭ گەپلەر باشلاندى - دە، ناتىقنىڭ يەنە سۆز باشلىشى

بىلەن تەڭ بىراقلا بېسىقتى. ناتىق ئۆزى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى شەرھلەپ كېلىپ، بۇ مەسىلىنىڭ گراف مورسېرنىڭ نامى ۋە پۈتۈن پالاتانىڭ شان-شەرىپىگە تاقىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ، گراف مورسېر ۋە پالاتانىڭ ئابرويىنى قوغداش مەقسىتىدە بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرىگە قويماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇشنى ۋە بۇنى ئىمكان قەدەر تېز باشلاشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە «مۇشۇنداق قىلغاندا تۆھمەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، گراف مورسېرنىڭ پاك نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى ۋە جامائەتچىلىكنىڭ نەزەرىدىكى شۇ قەدەر ئالىيجاناب شەخسكە ھاقارەت كەلتۈرگەن كىشىنى جازاغا تارتقىلى بولىدۇ» دەپ، سۆزىنى تاماملىدى.

مورسېر بۇ تۈگەتكۈسىز ۋە كۈتۈلمىگەن پالاكەتتىن شۇنچىلىك روھى چۈشكەن ۋە ئۆزىنى يوقاتقانىدىكى، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ دۇدۇقلاپ، ئەلەڭ-سەلەڭ بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن خىزمەتداشلىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ھودۇقۇشىنى گۇناھسىزنىڭ ئەجەبلىنىشى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولاتتى، گۇناھكارنىڭ ئىزا-نومۇسى دەپ قاراشقىمۇ بولاتتى. شۇڭا، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئاز-تولا ھېسداشلىقى قوزغالدى. ھەقىقىي ئاق كۆڭۈل كىشىلەر دۈشمەنلىرىنىڭ قايغۇ-ھەسرىتى ئۆزلىرىنىڭ نەپرىتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە ئوڭاي ئىچىنى ئاغرىتىدۇ.

يىغىن رەئىسى مەسىلىنى ئاۋاز بېرىشكە سالدى. نەتىجىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قارارى قوبۇل قىلىندى.

گرافتىن ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت لازىم بولىدىغانلىقىنى سوراشتى.

مورسېر دەسلەپكى زەربىدىن كېيىن بىرئاز ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھوشىنى يىغىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.



— جانابىي پېرلار، — دېدى ئۇ جاۋابەن، — رەزىل ئەپت-بەشىرىسىنى ئاشكارىلىمىغان نامەلۇم دۈشمەنلەرنىڭ زەربىسىگە زەربە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش زۆرۈر بولۇپ تۇرغان شارائىتتا ۋاقىتنىڭ نېمە كېرىكى. مېنى بىردەملىككە ھودۇقتۇرۇپ قويغان بۇ چاقماققا مەن دەرھال گۈلدۈرمامىدەك زەربە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك. بۇ يەردە ئۆزۈمنى سۆز بىلەن ئاقلىماستىن، سەپداشلىرىمنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قېنىمنى تۆكۈشكە ئىمكانىيەت بېرىلسىدى كاشكى.

بۇ سۆزلەر ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسەتتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، — دەپ داۋاملاشتۇردى مورسېر، — تەكشۈرۈشنى ئىمكان قەدەر تېزرەك باشلاشنى تەلەپ قىلىمەن. مەن بارلىق زۆرۈر ھۆججەتلەرنى پالاتاغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن.

— تەكشۈرۈشنى قايسى كۈنى باشلاشنى مۇۋاپىق تاپىسىز؟ — سورىدى يىغىن رەئىسى.

— بۈگۈندىن باشلاپ مەن ئۆزۈمنى پالاتانىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرىمەن، — دېدى گراف.

رەئىس قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى.

— تەكشۈرۈشنى بۈگۈن باشلاشقا پالاتا قوشۇلامدۇ؟

— قوشۇلىمىز، — يىغىن ئەھلى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى.

مورسېرنىڭ تاپشۇرىدىغان ھۆججەتلىرىنى كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان ھەيئەت تەسىس قىلىندى. بۇ ھەيئەتنىڭ بىرىنچى سانلىق يىغىنى كەچ سائەت سەككىزدە پالاتا ئىشخانىسىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولدى. ئەگەر بىرنەچچە سانلىق يىغىن ئۆتكۈزۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، يىغىنلار يەنە شۇ ۋاقىت، شۇ ئورۇندا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

بۇ قارار قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن مورسېر ئۆيگە بېرىپ

كېلىشكە ئىجازەت سورىدى. ئۇ قاچانلا بولمىسۇن، مۇشۇنداق بالانىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىگە خاس قۇۋلۇق ۋە شۇملۇق بىلەن ياساپ چىققان بىرمۇنچە ھۆججەتلەرنى ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان بولۇپ، ئەمدى ھازىر شۇ ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كەلمەكچىدى.

بوشان ئالبېرغا يۇقىرىقىلارنى سۆزلەپ بەردى. ئالبېر گاھ غەزەپتىن، گاھ نومۇستىن تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى. ئۇ پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەنىدى، چۈنكى بوشان يانىناغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ گۇناھى بار ئىكەنلىكىنى ئۇققانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆزىنى قانداق ئاقلىماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى.

— ھە، شۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ، بوشان سۆزلەشتىن توختىغاندا.

— شۇنىڭدىن كېيىن؟ — دەپ تەكرارلىدى بوشان.

— ھە.

— دوستۇم، گويا ئۆز ئۈستۈمگە بىر قاباھەتلىك ۋەزىپىنى يۈكلىۋالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ئاخىرى قانداق بولغانلىقىنى جەزمەن بىلىشنى خالامسىز؟

— بۇنى بىلىشىم كېرەك. باشقا بىرىدىن ئاڭلىغۇچە، سىزدىن ئاڭلىغىنىم تۈزۈك.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى بوشان، — بارلىق غەيرىتىڭىزنى يىغىڭ، ئالبېر، ھازىر ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ غەيرەتلىك بولۇشىڭىز كېرەك.

ئۆز ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىشىش ئالدىدا تۇرغان ئادەم ساۋۇتىنىڭ چىڭلىقىنى سىناپ تۇتۇپ باقىدۇ ۋە شەمشىرىنىڭ تىغىنى ئېگەپ كۆرۈپ باقىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئالبېرمۇ گوياكى ئۆزىنىڭ غەيرىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغاندەك پېشانىسىنى تۇتۇپ قويدى.



ئۇ ئۆزىنى كۈچ - غەيرەتكە تولغاندەك ھېس قىلدى. چۈنكى ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان ئەسەبىيلىكنى شىجائىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغانلىقى دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغانىدى.

— سۆزلەڭ، — دېدى ئۇ.

كەچ كىردى، — بوشان داۋاملاشتۇرۇپ سۆزلىدى، — پۈتۈن پارىژ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈتمەكتە ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئاتىڭىز ئېغىزىنى ئاچسىلا ئۇنىڭغا ئارتىلغان گۇناھ ئۆزلۈكىدىن كۆمپەيكۈم بولۇپ تۈگەيدۇ دەپ ھېسابلايتتى؛ بىر قىسىم كىشىلەر ئاتىڭىزنى يىغىنغا كەلمەيدۇ دېيىشەتتى؛ يەنە شۇنداق كىشىلەرمۇ چىقتىكى، ئۇلار ئاتىڭىزنىڭ بىريۇسېلغا كەتكەنلىكىنى كۆردۇق دەپ قەيت قىلىشاتتى. بىر قىسىم كىشىلەر ھەتتا ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، ئاتىڭىزنى چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدىمۇ دەپ سوراپتۇ. سىزگە شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، مەن ھەيئەت ئەزاسى بولغان بىر ياش پېرغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ، مېنى يىغىن زالىغا باشلاپ كىرىشنى سورىدىم. ئۇ سائەت يەتتىدە مېنى ئۆيىدىن ئېلىۋالدى ۋە تېخى ھېچكىم كەلمىگەن ۋاقىتتا مېنى بىر چاپارمەنگە تاپشۇردى. ئۇ چاپارمەن مېنى قانداقتۇر بىر لوژىغا سولاپ قويدى. مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر تۈۋرۈكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇردۇم. بۇ يەردىن، بولغۇسى قاباھەتلىك ئويۇننى باشتىن - ئاياغ كۆرگىلى ۋە ھەممە گەپنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. سائەت سەككىزدە ھەممەيلەن يىغىلىپ بولدى. مورسېر ئەپەندى سائەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جاڭ ئۇرۇشىغا ئۈلگۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدا قانداقتۇر ھۆججەتلەرنى تۇتقان بولۇپ، كۆرۈنۈشى تامامەن بەخۇدۇك ئىدى. بۇ دورەم ئۇنىڭ تۈرقى ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇشى ئاددىي - ساددا كۆرۈنەتتى. كىيىمى رەتلىك ۋە پېشقەدەم ھەربىيلەرنىڭ ئادىتى بويىچە تولۇق تۈگمىلەنگەنىدى.

ئۇنىڭ كىرىشى بەك ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى يامان ئەمەس ئىدى. ئۇلاردىن بەزىلەر گرافنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ئالبېر بۇ گەپلەردىن ئۆزىنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئىچكى ئازابلىرىغا ئاز - تولا مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ئارىلاشقانىدى. ھالقىلىق پەيتتە ئاتىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن شۇ كىشىلەرنى ئۇنىڭ قۇچاقلىغۇسى كېلەتتى.

— شۇ ئەسنادا چاپارمەن كىرىپ، يىغىن رەئىسىگە بىر پارچە پۈتۈكنى سۇنۇپ بەردى.

«سىزگە سۆز بېرىلىدۇ، مورسېر ئەپەندى»، — دېدى رەئىس پۈتۈكنى ئېچىۋېتىپ.

— گراف ئۆزىنى ئاقلاش نۇتقىنى باشلىدى، — دەپ داۋاملاشتۇردى بوشان. — بىلەمسىز، ئالبېر، ئۇنىڭ نۇتقى ئىنتايىن پاساھەتلىك بولۇپ، ئۇستىلىق بىلەن سۆزلەندى. ئۇ يانىنا ۋەزىرىنىڭ ئاداققى ئۆمرىگىچە ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا سۇلتان بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلەيدىغان سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تاپشۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلەرنى رەئىسكە بەردى. ئۇ يەنە ئەلى پاشانىڭ ھاكىمىيەت بەلگىسى بولغان ۋە ئۆزىنىڭ يارلىقلىرىنى تامغىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈزۈكنى كۆرسەتتى. ئەلى پاشا گراف قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەيلى كۈندۈزى يا كېچىسى بولمىسۇن، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىغا، ھەتتا ھۇجرىسىغا توسالغۇسىز كىرىشى ئۈچۈن شۇ ئۈزۈكنى بەرگەنىدى. «ئەپسۇسكى، دېدى ئۇ، سۆھبىتىمىز ئوڭۇشلۇق بولمىدى.» ئۇ ئۆز باشلىقىنى قوغداش ئۈچۈن قايتىپ كەلگەندە ئۇ ئاللىقاچان شېھىت بولغانىكەن. «ھالبۇكى، — دېدى يەنە گراف، —



ئەلى پاشا ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك رەپىقىسى بىلەن قىزىنى ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇرغان.»

ئالبېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا سەسكىنىپ كەتتى. چۈنكى بوشان سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭ مېڭىسىدە گايدەنىڭ ھېكايىسى گەۋدىلىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇ، گۈزەل گرېك قىزىنىڭ شۇ قېتىمقى ۋەزىيە، ئۈزۈك ۋە ئۆزىنىڭ قۇلدارلارغا سېتىلغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئەسلىدى.

— گرافنىڭ نۇتقىنىڭ تەسىرى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى ئالبېر تەشۋىش بىلەن.

— ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنىلا ئەمەس، پۈتۈن ھەيئەت ئەزالىرىنىمۇ تەسىرلەندۈردى، — دېدى بوشان.

— بۇ چاغدا رەئىس ھېلى تېخى تاپشۇرۇۋالغان پۈتۈكنى ئىرەن قىلمىغان ھالدا ئوقۇشقا باشلىدى. ۋەھالەنكى، دەسلەپكى قۇرلارنى ئوقۇش بىلەنلا ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى شۇ پۈتۈككە تارتىلدى. ئۇ، پۈتۈكنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە قايتىلاپ ئوقۇپ چىقتى - دە، نەزەرىنى گراف مورسېردا توختاتتى.

«گراف، — دېدى ئۇ، — گېپىڭىزگە قارىغاندا، يانىنا ۋەزىرى ئۆزىنىڭ رەپىقىسى بىلەن قىزىنى سىزگە تاپشۇرغانىكەن، شۇنداقمۇ؟»

«شۇنداق، تەقسىر، — دېدى مورسېر، — لېكىن بۇ ئىشتىمۇ تەلىيىم ئوڭدىن كەلمىدى. مەن قايتىپ كەلگەندە ۋاسىلىكى ۋە ئۇنىڭ قىزى گايدە غايىب بولغانىكەن».

«ئۇلارنى تونۇمتىڭىز؟»

«پاشا بىلەن مۇناسىۋىتىمىزنىڭ يېقىن بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ماڭا چەكسىز ئىشەنگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇلارنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم».

«ئۇلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولغانلىقىنى بىلەمسىز؟»

«بىلىمەن، تەقسىر. ئاڭلىشىمچە، ئۇلار دەرد ــ ئەلەمگە ۋە نامراتچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەيتۇ. مەنمۇ باي ئەمەس ئىدىم، ھاياتىم ھەمىشە خەۋپ ــ خەتەر ئىچىدە ئۆتەتتى. شۇڭا، ھەرقانچە ئېچىنساممۇ، ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىشقا ئامالسىز بولۇپ قالدىم».

رەئىس قاپىقىنى تۈردى.

«جانابلار، ــ دېدى ئۇ، ــ گراف مورسېرنىڭ بايانىنى ئاڭلىدىڭلار. گراف، سۆزىڭىزنىڭ چىنلىقىنى ئەستىقلايدىغان بىرەر گۇۋاھچى كۆرسىتەلەمسىز؟».

«ئەپسۇسكى، كۆرسىتەلمەيمەن، ــ دېدى گراف، ــ ئەلى پاشانىڭ يېقىنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدا مېنى كۆرگەنلەرنىڭ بەزىلىرى قازا تاپتى، بەزىلىرى يەر يۈزىگە تارقىلىپ تۈگىدى. بىلىشىمچە، ئۇ دەھشەتلىك ئۇرۇشتا ۋەتەنداشلاردىن يالغۇز مەنلا ساق قالدىم. مەن ئەلى تەبەلىننىڭ مەكتۇپلىرىنى ساقلاپ قويغانىدىم، ئۇلارنى سىزگە تاپشۇردۇم. مەندە پەقەت ئۇنىڭ سەلتەنەت بەلگىسى بولغان ئۈزۈكى بار. مانا شۇ ئۈزۈك. مەندە ئەڭ قايىل قىلارلىق بىر دەلىل باركى، ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئىمزاسىز تۆھمەت پەيدا بولغاندىن كېيىن مېنىڭ ۋىجدان خىتابىمغا تاقابىل تۇرغۇدەك بىر گۇۋاھچىمۇ ئوتتۇرىغا چىقمىدى. شۇنداقلا، مېنىڭ ھەربىي سەپتە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىمگىمۇ ھېچكىم تىل تەككۈزەلمەيدۇ.» يىغىن ئەھلى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللاپ، شاۋقۇن كۆتۈردى. ئالبېر، ئەگەر شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش كېلىپ چىقمىغان بولسا، ئاتىڭىز ئاقلىنىپ چىققان بولاتتى. ئاۋاز بېرىش ئىشلا قالغانىدى. لېكىن شۇ ئارىدا يىغىن رەئىسى سۆز ئالدى.

«جانابلار، ــ دېدى ئۇ، ــ ۋە سىز، گراف، گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشنى خالايدىغان بىر كىشى بار ئىكەن، ئۇنىڭ زىكرى قىلىشىچە ئىنتايىن مۇھىم سۆزى بارمىش. گرافنىڭ سۆزىنى



ئاڭلىدۇق. شۇڭا، ئىشەنچىمىز كامىلكى، بۇ گۇۋاھچىمۇ خىزمەتدىشىمىز گرافنىڭ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغۇسى. مانا بۇ پۈتۈكنى مەن تېخى ھېلى تاپشۇرۇۋالدىم. بۈنى ئوقۇمىدىم ياكى سىزلەر بۇ پۈتۈكنىڭ مەزمۇنىنى ئاشكارا جاكالىماسلىقنى ۋە گۇۋاھچىنى تەكلىپ قىلماسلىقنى راۋا كۆرەمسىزلەر؟

گراف مورسېر تاتىرىپ كەتتى ۋە قەغەزلەرنى شۇنداق سىقىملىدىكى، ھەتتا بارماقلىرى قارسىلداپ كەتتى.

ھەيئەت ئەزالىرى پۈتۈكنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇش تىلىكىنى ئىزھار قىلدى. گراف چوڭقۇر ئويغا پاتتى ۋە ئىپادە بىلدۈرمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن رەئىس تۆۋەندىكى پۈتۈكنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«رەئىس ئەپەندى!

مەن تەكشۈرۈش ھەيئىتىگە گېنېرال ــ لېيتېنانت گراف مورسېرنىڭ ئېپىر ۋە ماكېدونىيىدىكى ئىشلىرىغا دائىر ئەڭ ئېنىق مەلۇماتلارنى بېرەلەيمەن».

رەئىس بىردەم جىم بولدى.

گراف مورسېر تاتىرىپ كەتتى. رەئىس تىڭشىغۇچىلارغا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

«داۋامىنى ئوقۇڭ!» ــ تەرەپ ــ تەرەپتىن ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

رەئىس داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇدى:

«ئەلى پاشا قازا تاپقاندا نەق مەيداندا مەن بار ئىدىم. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئۆتكەن. مەن ۋاسىلكى بىلەن گايدەنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىمەن. ھەيئەتنىڭ

خىزمىتىگە تەييارمەن ۋە مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۆتۈشىڭىزلارنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. مەزكۇر پۈتۈك قولىڭىزغا تەككەندە مەن پالاتا بىناسىنىڭ دەھلىزىدە بولىمەن»

«بۇ گۇۋاھچى ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ دۈشمەن كىم بولىدۇ؟» — دەپ سورىدى گراف تامامەن ئۆزگەرگەن ئاھاڭدا.

«بۇنى ھازىر كۆرىمىز، — دېدى رەئىس، — ھەيئەت بۇ گۇۋاھچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى مۇۋاپىق تاپامدۇ؟»

«شۇنداق، شۇنداق!» — ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن جاۋاب قايتۇرۇشتى.

چاپارمەننى چاقىرىشتى.

«دەھلىزدە كۈتۈپ تۇرغان كىشى بارمۇ؟» — سورىدى رەئىس.

«شۇنداق، رەئىس ئەپەندى».

«كىم؟»

«بىر ئايال ۋە ئۇنىڭ چاكىرى».

ھەممەيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.

«شۇ ئايالنى چاقىرىپ كىرىڭ»، — دېدى رەئىس.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتۈپ، چاپارمەن قايتىپ كىردى. ھەممە كىشىنىڭ كۆزلىرى ئىشىككە قادالغانىدى. شۇنداقلا، مەنمۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى بوشان، — باشقىلارغا ئوخشاش قىزىقىپ قارىدىم.

چاپارمەننىڭ كەينىدىن باشتىن - ئاياغ چۈمبەلگە ئورالغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئانچە - مۇنچە بىلىنىپ تۇرغان بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە چۈمبەلنىڭ تېگىدىن گۈپۈلدەپ تۇرغان خۇش بۇي ئەتىر ھىدىدىن ئۇنىڭ ياش ۋە سۇمباتلىق ئايال ئىكەنلىكىنى پەملەشكە بولاتتى.



رەئىس ناتونۇش ئايالنىڭ چۈمبىلىنى ئېچىشنى سورىدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا گرېكچە كىيىنگەن بىر ياش قىز نامايان بولدى. ئۇ كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغۇدەك گۈزەل ئىدى».

— شۇ ئىكەن - دە! — دېدى ئالبېر.

— شۇ دېگىنىڭىز كىم؟

— گايدە.

— بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— شۇمىكىن دەۋاتىمەن. ھە، داۋاملاشتۇرۇڭ، بوشان، گېپىڭىزنىڭ يېشىمىگە يېقىنلاپ قالدۇقمۇ دەيمەن. شۇنداق بولسىمۇ، كۆرۈۋاتىسىزغۇ، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، روھىم چۈشمىدى.

— مورسېر ئەپەندى ئۇ قىزغا تەئەججۈپ ۋە قورقۇنچ بىلەن قارىدى، — بوشان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ چىرايلىق لەۋلەردىن ئۇچۇپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان سۆزلەر گرافنىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلەيتتى. باشقا كىشىلەر بۇ ناتونۇش قىزغا شۇ قەدەر ھەيران بولغان ۋە زوقلانغانىدىكى، مورسېر ئەپەندىنىڭ ئاقلىنىش ياكى ھالاك بولۇش مەسىلىسى گويا ئۇلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

رەئىس قىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، لېكىن قىز بېشىنى چايقىدى. گراف كرېسلوغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرىدا ماغدۇرى قالمىغاندەك ئىدى.

«خېنىم، — دېدى رەئىس، — خېتىڭىزدە يانىنا ۋەقەسىدىن ھەيئەتكە مەلۇمات بېرىشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى، شۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەنلىكىڭىزنى يېزىپسىز».

«بۇ چىن گەپ»، — ناتونۇش قىز كىشىلەرنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرغۇدەك نادامەت بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممە شەرقلىقلەرگە خاس ھالدا جاراڭلاپ چىقتى.

«ھالبۇكى، — دېدى رەئىس، — سۆزۈمگە خاپا بولمىسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز بەك كىچىك بولغىيدىڭىز».

«مەن ئۇ چاغدا تۆت ياش ئىدىم. لېكىن بۇ مەن ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم، جىددىي ئىش بولغاچقا، پۈتۈن تەپسىلاتى يادىمدا بار، ھېچنېمىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم».

«ئۇ ئىشلارنىڭ سىزگە نېمە چېتىشلىقى بار؟ سىز كىم بولىسىز؟ ئاشۇ پاجىئە نېمە ئۈچۈن سىزگە شۇنچە كۈچلۈك تەسىر قىلدى؟»

«بۇ، مېنىڭ ئاتامنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش، — جاۋاب بەردى قىز، — مېنىڭ ئىسمىم گايدە، مەن يانىنا خانى ئەلى تەبەلىن ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى ۋاسىلىكىنىڭ قىزى بولىمەن».

ساددا ۋە مەغرۇر قىياپەتتە تۇرغان قىزنىڭ مەڭزىلىرى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە ھەيۋەتلىك سۆزلىرى يىغىن ئەھلىگە مىسلىسىز تەسىر كۆرسەتتى.

گراف مورسېر ئۇ قىزغا شۇ قەدەر قورقۇنچ بىلەن قارىدىكى، خۇددى ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا چوڭقۇر ھاڭ پەيدا بولغاندەك ئىدى.

«خېنىم، — دېدى رەئىس ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلىپ، — سۆزىڭىزگە شەك كەلتۈرمەيمەن، شۇنداقتىمۇ، يەنە بىر سوئال سورىشىمغا ئىجازەت قىلغايسىز. بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سوئالىم. ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ دەلىلى بارمۇ؟»

«ھەئە، بار، — دېدى گايدە چۈمبىلىنىڭ قاتلىرىغا قولىنى تىقىپ، بىر كىچىككىنە تاۋار خالتىنى چىقاردى، — مانا، مېنىڭ تۇغۇلۇشۇم ھەققىدىكى گۇۋاھنامە. بۇنى ئاتام يازغان



ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرى قول قويغان. مانا بۇ مېنى چوقۇندۇرغانلىق ھەققىدىكى گۇۋاھنامە. ئاتام مېنى ئانامنىڭ دىنى بىلەن تەربىيىلەشكە قوشۇلغانىكەن. بۇ گۇۋاھنامىگە ماكېدونىيە ۋە ئېپىردىكى باش روھانىي تامغا باسقان. مانا ماۋۇ ھۆججەت ئەڭ مۇھىم. بۇ بىر فرانسىيىلىك ئوفىتسېرنىڭ ئانام بىلەن ئىككىمىزنى ئەرمەن سودىگەر ئەل كوبىرغا ساتقانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت. ئاشۇ فرانسىيىلىك ئوفىتسېر تۈركلەر بىلەن مۇناپىقلارچە تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ باشلىقىنىڭ خوتۇنى ۋە قىزىنى ئولجا قىلىۋالغان، ئاندىن 1000 ھەميانغا، يەنى 400 مىڭ فرانكقا سېتىۋەتكەنىدى».

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى سۈرلۈك سۈكۈنات ئىچىدە ئولتۇراتتى. بۇ دەھشەتلىك ئەيىبلەش جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن سۆزلەنگەندە گرافنىڭ چىرايى بىر ئاقىرىپ، بىر كۆكىرىپ كەتتى، كۆزلىرىگە قان تولدى.

گايدە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ تۇراتتى. ھالبۇكى ئۇنىڭ تەمكىنلىكى غەزەپلەنگەنگە قارىغاندا يەنىمۇ دەھشەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سېتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ھۆججەتنى رەئىسكە سۇنۇپ بەردى.

ھەيئەتكە سۇنۇلىدىغان ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئەرەب، گرېك ياكى تۈرك تىلىدا يېزىلغان بولۇش ئېھتىمالى نەزەردە تۇتۇلۇپ، پالاتانىڭ بىر تەرجىمانى يىغىنغا چاقىرىلغانىدى. مىسىرغا قىلىنغان ئۇلۇغ يۈرۈشتە ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىۋالغان بىر پېر ھۆججەتنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىنى كۆزىتىپ تۇردى. تەرجىمان ھۆججەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

«مەن، سۇلتان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا قۇل ۋە چۆرىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچى قۇلسودىگىرى ئەل كوبىر شۇ ھەقتە تىل خەت بېرىمەنكى، پەرەڭ مۆتىۋەر گراف

مونتې — كرىستونىڭ پادىشاھقا (سۇلتانغا) يوللىغان بىر دانە زۇمرەتنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ زۇمرەت 2000 ھەميانغا باھالاندى ۋە 11 ياشلىق گۆدەك خرىستىئان قۇل قىزنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېرىلدى. بۇ قۇل قىزنىڭ ئىسمى گايدە. ئۇ ئەسلىدە يانىنا خانى مەرھۇم ئەلى تەبەلىن ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى ۋاسىلىكىنىڭ قىزى بولۇپ، يەتتە يىل مۇقەددەم ئانىسى بىلەن ئىككىسىنى ئەلى تەبەلىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان فېرنان موندېگو ئىسىملىك پەرەڭ پولكوۋنىكتىن سېتىۋالغانىدىم. ئانىسى كونىستانتىنوپولغا كەلگەندە ئۆلۈپ قالدى.

ئەسلىدە يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان قۇل سېتىۋېلىش ئىشى سۇلتان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ماڭا ھاۋالە قىلىشى ۋە شەخسەن ئۆزى پۇل چىقىرىشى بىلەن 1000 ھەميانغا توختىغانىدى.

مەزكۇر ھۆججەت جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ھىجرىيە 1247 - يىلى كونىسانتىنوپولدا يېزىلدى.

ئىمزا: ئەل كوبىر

مەزكۇر ھۆججەتنىڭ چىنلىقى، دەخلىسىزلىكى ۋە ئىناۋەتلىك بولۇشى ئۈچۈن جانابىي ئالىيلىرىنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ. بۇ تامغىنى باستۇرۇشقا قۇل ساتقۇچى مەسئۇل بولىدۇ».

دەرۋەقە، قۇل ساتقۇچىنىڭ ئىمزاسىغا يانداشتۇرۇپ، پادىشاھنىڭ تامغىسى بېسىلغانىدى.

ھۆججەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن گۆرىستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈردى. گرافنىڭ جېنى گوياكى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەركەزلىشىپ قالغاندەك ئىدى. قان قۇيۇلۇپ، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان بۇ كۆزلەر ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنمىغان ھالدا گايدەگە مىختەك قادىلىپ قالغانىدى.



«خېنىم، — دېدى رەئىس، — بىلىشىمچە، گراف مونتې - كرىستو ھازىر سىز بىلەن بىللە پارىژدا ئىكەن. ئۇنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلاپ باقساق، قانداق دەيسىز؟»

«تەقسىر، مېنىڭ ئىككىنچى ئاتام گراف مونتې - كرىستو ئۈچ كۈن ئىلگىرى نورماندىيىگە كەتكەن».

«ئۇنداق بولسا، خېنىم، — دېدى رەئىس، — پالاتانى شۇنچە مىننەتدار قىلىپ، گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشىڭىزگە سىزگە كىم ئەقىل كۆرسەتتى؟ بىزگۇ سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى چۈشەندۇق. كېلىپ چىقىشىڭىز ۋە بېشىڭىزغا چۈشكەن دەرد - ئەلەملەرنى نەزەردە تۇتقاندا، مۇشۇنداق قىلىشىڭىز تەبىئىي.

«تەقسىر، — دېدى گايدە، — بۇنداق قىلىشىمنى رەھمەتلىكلەرگە بولغان ھۆرمىتىم ۋە دەرد - ھەسرىتىم دالالەت قىلدى. گەرچە مەن خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلساممۇ، خۇدا گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغاي، دائىم شەۋكەتلىك ئاتامنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا تەقەززا بولۇپ كەلگەنىدىم. فرانسىيە زېمىنىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ، ئاشۇ خائىننىڭ پارىژدا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن تارتىپ، مېنىڭ كۆز ۋە قۇلاقلىرىم ھەمىشە سەگەك بولۇپ كەلدى. مەن ئالىيجاناب باشپاناھىمنىڭ ئۆيىدە تەنھا ياشاۋاتىمەن، چۈنكى ئۆزۈمنىڭ پىكىر - خىياللىرىمغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن تىنچ ۋە خىلۋەت شارائىتنىڭ بولۇشىنى خالايمەن. گراف مونتې - كرىستو ماڭا ئۆز ئاتامدەك غەمخورلۇق قىلىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەتتىكى ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمەن. توغرا، مەن تۇرمۇشنىڭ پەقەت ئەكس ساداسىنىلا ئاڭلايمەن. ھەممە گېزىت ۋە ژۇرناللارنى كۆرۈپ تۇرىمەن، زامانىۋى مۇزىكىلاردىن خەۋىرىم بار. شۇنداق قىلىپ، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى سىرتتىن كۆزىتىپ يۈرۈپ، ئاخىرى بۈگۈن ئەتىگەن پېرلار پالاتاسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ۋە بۈگۈن

كەچتە بولىدىغان ئىشتىن ۋاقىپ بولدۇم... شۇنىڭدىن كېيىن سىزگە خەت يېزىپ كىرگۈزدۇم».

«ئەمىسە، گراف مونتې - كرىستوسىزنىڭ بۇنداق قىلغىنىڭىزنى بىلمەمدۇ؟»

«ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ئويلايمەنكى، ئۇ بۇنى ئۇققاندىن كېيىن ھەتتا ماڭا خاپا بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، بۈگۈن مەن ئۈچۈن بىر قۇتلۇق كۈن بولىدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى قىز ئوتقاشتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يوقىرىغا قارىتىپ، — بۈگۈن ئاخىرى ئاتامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم!»

گراف شۇ چاقىچە زوۋان سۈرمىدى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى بىر قىزنىڭ ئۇلۇغ تىنىقى بىلەن ھاياتى ۋەيران قىلىنغان بۇ ئادەمگە ئېچىنىپ قارىشاتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە بەختسىزلىكنىڭ ئاپەتلىك ئىزلىرى قونۇپ قالغان ئىدى.

«مورسېر ئەپەندى، — دېدى رەئىس، — بۇ قىزنىڭ يانىنا خانى ئەلى تەبەلىننىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلامسىز؟»

«ياق، — دېدى گراف تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ، مېنىڭ دۈشمەنلىرىمنىڭ سۇيىقەستى».

خۇددى كىمىندۇ كۈتۈۋاتقاندەك، ئىشىكتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرغان گايدە دەرھال بۇرۇلۇپ قارىدى - دە، گرافنى كۆرۈپ، دەھشەتلىك ۋارقىراپ تاشلىدى.

«سەن مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — لېكىن مەن سېنى تونۇدۇم! سەن فېرنان موندېگو، ئاتامنىڭ لەشكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرغان فرانسىيەلىك ئوفىتسېر. يانىنا قەلئەسىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن سەن! ئاتام سېنى ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتى ئۈستىدە سۇلتان بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كونستانتىنوپولغا ئەۋەتكەندە،



سەن تولۇق كەچۈرۈم قىلىنغانلىق ھەققىدىكى يالغان پەرماننى ئېلىپ كەلگەن! سەن ئاتامنى ئاشۇ يالغان پەرمانغا ئىشەندۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈزۈكىنى ئېلىۋالغان. ئاندىن شۇ ئۈزۈكنى كۆرسىتىپ، ئوق - دورىلارنى ساقلىغۇچى سەلىمنى ئالدىدىڭ. سەن سەلىمنى ئۆلتۈردۈڭ! سەن ئانام بىلەن ئىككىمىزنى سودىگەر ئەل كوبىرغا ساتتىڭ! قاتىل! قاتىل! قاتىل! پېشانەڭدە ھېلىغىچە ئۆز باشلىقىڭنىڭ قان داغلىرى تۇرىدۇ! ھەممىڭلار قاراپ بېقىڭلار!»

بۇ سۆزلەر شۇنچىلىك ھېسسىيات ۋە ئىشەنچ بىلەن ئېيتىلدىكى، ھەممە كۆزلەر گرافنىڭ پېشانىسىگە تىكىلدى. گراف ئۆزىمۇ خۇددى پېشانىسى ئەلىنىڭ قېنى بىلەن نەملىشىپ كەتكەندەك قولىنى ماڭلىيىغا تەككۈزدى.

«شۇنداق قىلىپ، سىز گراف مورسېرنىڭ فېرنان موندېگو ئىسىملىك ئوفىتسېر ئىكەنلىكىنى تونۇدىڭىزمۇ؟»

«تونۇدىڭىزمۇ دەيسىزغۇ! — خىتاب قىلدى گايدە، — ئانام ماڭا شۇنداق دېگەنىدى: «سەن ھۆر ئىدىڭ. سېنىڭ ئاتاڭ بار ئىدى. ئۇ سېنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھايات بولسا سەن خانىش بولۇپ چىقاتتىڭ! مۇنۇ ئادەمنى ئوبدان تونۇۋال، ئۇ سېنى قۇل قىلدى. ئاتاڭنىڭ بېشىغا نەيزە سانجىدى، ئۇ بىزنى سېتىۋەتتى، بىزگە خائىنلىق قىلدى! ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا قاراپ باق. ئۇنىڭ شۇ قولىدا يوغان تارتۇق بار. ئەگەر سەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇپ قالساڭ، ئۇنى سودىگەر ئەل كوبىرنىڭ تىللالىرىنى سانىۋالغان شۇ قولىدىن تونۇۋال!» ئۇنى تونۇدىڭىزمۇ دەيسىز! قېنى، ئۇ ئەمدى مېنى تونۇمايمەن دەپ باقسۇنچۇ!»

گايدەنىڭ ھەربىر سۆزى گرافقا خۇددى پىچاق زەربىسىدەك ئورۇنماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۈچ - غەيرىتىنىڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرى

قۇرۇپ تۈگىمەكتە ئىدى. گايدە ئاخىرقى سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقاندا گراف ھەقىقەتەن يارىلىنىپ تارتۇق بولغان ئوق قولىنى قوينىغا تىقىۋالدى ۋە پۈتۈنلەي تۈگەشكەن ھالدا كرېسلوغا يىقىلىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇپ قالدى.

يىغىن ئەھلى بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ ۋە ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرى خۇددى قۇدرەتلىك شىمال شامىلى ئۇچۇرتۇپ كەتكەن غازاڭلاردەك پىرقىراپ، چۆگىلەپ كەتتى.

«گراف مورسېر، — دېدى رەئىس، — روھىڭىزنى چۈشۈرمەي جاۋاب بېرىڭ. پالاتانىڭ ئالىي سوتى ئالدىدا ھەممە ئادەم خۇددى خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك باراۋەر بولىدۇ. ئالىي سوتىمىز دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ سىزنى نابۇت قىلىشىغا يول قويمايدۇ. سىزگە ئۇلار بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. قايتىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى خالامسىز؟ ئىككى نەپەر پالاتا ئەزاسىنى يانىناغا ئەۋەتەيمۇ؟ سۆزلەڭ!»

گراف گەپ قىلمىدى. ھەيئەت ئەزالىرى ھەيرەت ئىچىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. بۇ گېنېرالنىڭ ئۆز سۆزلۈكى ۋە مىجەزىنىڭ چۇسلۇقى ھەممىگە ئايان ئىدى. ئۇنى مۇداپىئەدىن يالتايتىش ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز دەھشەتلىك زەربە بولۇشى كېرەك ئىدى. ھەممە ئەزالار بۇ ئۇيقۇغا ئوخشاش سۈكۈتتىن كېيىن ئويغىنىش بولۇپ، گۈلدۈرماملىق بوراندەك ھۇجۇم باشلىنىدۇ دەپ ئويلىشاتتى.

«ھە، سۆزىڭىز بارمۇ؟» — سورىدى رەئىس.

«يوق»، — دەپ جاۋاب بەردى گراف بوغۇق ئاۋازدا ۋە ئورنىدىن تۇردى.

«دېمەك، ئەلى تەبەلىنىنىڭ قىزى ئېيتقان سۆزلەر



راستمۇ؟ — رەئىس يەنە سورىدى: — دېمەك بۇ قىز گۇناھكارنىڭ «ياق» دەپ تېنىۋېلىشىغا يول قويمايدىغان نەق گۇۋاھچى ئىكەن - دە، دېمەك، سىز ھەقىقەتەن بۇ قىزنىڭ ئەيىبلەپ ئېيتقان ئىشلىرىنى قىلغان ئىكەنسىز - دە؟»

گراف ئەتراپتىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتكەندە چىرايى شۇنداق ئېچىنىشلىق تۈس ئالدىكى، شۇ تاپتا ئۇنى كۆرسە يولۋاسلارنىڭمۇ ئىچى ئاغرىغان بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق قاراشلىرى سوتچىلارنى يۇمشىتالمايتتى، ئاندىن ئۇ كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى ۋە گويا تورۇس يېرىلىپ، ئەرشئەلانىڭ سوراقخانىسى كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇ يەردىن تەڭرىنىڭ سوراقچىسى چۈشۈپ كېلىدۇ دەپ قورققاندەك، يەنە دەرھال پەسكە قارىۋالدى. ئۇ، دېمىنى سىقىپ كېتىۋاتقان ياقىسىنى ئۇشتۇمتۇت بىر تارتىپلا يىرتىۋەتتى - دە، تەلۋىلەنگەن ھالدا زالدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەدەم تاۋۇشلىرى بىنا ئىچىدە بەجايىكى شۇملۇقنىڭ ساداسىدەك ئاڭلاندى. ئاندىن ئۇنى ئېلىپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان پەيتۇننىڭ تاراقلىشى گويا بىنانىڭ سىرتقى تۈۋرۈكلىرىنى تىترىتىۋەتكەندەك تۇيۇلدى.

«جانابلار، — دېدى رەئىس جىمجىتلىق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، — گراف مورسېر مۇناپىقلىق، خائىنلىق ۋە ۋىجدانسىزلىق بىلەن ئەيىبلەنسە بولامدۇ؟»

«بولىدۇ!» — تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى بىر ئېغىزدىن تەستىقلاشتى.

گايدە يىغىن ئاخىرلاشقۇچە چىقىپ كەتمىدى. ئۇ، گراف ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قىياپىتىدە نە خۇشاللىق، نە ئېچىنىشلىق ئالامىتى ئىپادىلەنمىدى. ئاندىن ئۇ چۈمبەلنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ، يىغىن ئەھلىگە تەمكىنلىك بىلەن تەزىم قىلدى - دە، بەئەينى ئىلاھلاردەك قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

## تۆتىنچى باب

# جىدەل

— مەن باشقىلارنىڭ جىمىپ قالغانلىقىدىن ۋە رانىڭ غۇۋا قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي چىقىپ كەتتىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بوشان، — مېنى لوژېغا باشلاپ كىرگەن ھېلىقى چاپارمەن ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ مېنى كارىدورلار ئارقىلىق ۋوژدىرار كوچىسىغا چىقىدىغان كىچىك ئىشىكنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. مەن ئېچىنغان ۋە زوقلانغان ھالدا تاشقىرىغا چىقتىم. ئەپۇ قىلىڭ، ئالبېر. سىزگە ئېچىندىم. شۇنداقلا، ئۆز ئاتىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىۋاتقان ئاشۇ قىزنىڭ قەيسەرلىكىدىن زوقلاندىم. ئەزبىرايى خۇدا، ئالبېر، بۇ پاش قىلىش قايسى مەنبەدىن چىققان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن شۇنداق دەيمەنكى، بەلكىم بۇ بىر دۈشمەننىڭ ئىشىدۇر، ئەمما شۇ دۈشمەن تەقدىرنىڭ قىساس خەنجىرىدىن ئىبارەت.

ئالبېر ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ئىزا - نومۇستىن چوغدەك قىزىرىپ ۋە كۆز ياشلىرىدىن نەملىشىپ كەتكەن يۈزىنى كۆتۈرۈپ، بوشاننىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇتتى.

— دوستۇم، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ھاياتىم تۈگەشتى. ئەمدى مەن بۇنى سىزگە ئوخشاش «تەقدىرنىڭ زەربىسى» دەپ قاراپ تۇرماستىن، ماڭا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان ئادەمنى



ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك. شۇ ئادەم تېپىلغاندىن كېيىن، يا مەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، يا ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ. بوشان، ئەگەر نەپرەت قەلبىڭىزدىكى دوستلۇقنى سىقىپ چىقىرىۋەتمىگەنلا بولسا، سىزنىڭ دوستانە ھەمكارلىقىڭىزدىن ئۈمىد كۈتىمەن.

— نەپرەت دېگىنىڭىز نېمىسى، دوستۇم؟ بۇ بەختسىزلىكتە سىزنىڭ نېمە گۇناھىڭىز بولسۇن؟ ياق، خۇداغا شۈكۈر، ئاتىلارنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن پەرزەنتلەر جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ئادالەتسىز پىكىر ئېقىملىرىنىڭ زامانى ئۆتۈپ كەتتى. ئۆز ھاياتىڭىزنى ئەسلەپ بېقىڭ، ئالبېر. توغرا، سىز تېخى بەك ياش. لېكىن سىزنىڭ ياشلىقىڭىز خۇددى بۇلۇتسىز تاڭدەك پاك! ياق، ئالبېر، مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىڭ. سىز ياش، باي. فرانسىيەدىن كېتىڭ! ھايات قايناپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەۋەسلىرى تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋاۋىلونغا بارسىڭىز بۇ ئىشلارنى ئوڭايلا ئۇنتۇپ كېتەلەيسىز. ئۇ يەردە بىرەر رۇس قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلسىڭىز تۈنۈگۈنكى ئىشنى ۋە بولۇپمۇ 16 يىل بۇرۇنقى ئىشنى ھېچكىم تىلغا ئالمايدىغان بولىدۇ.

— رەھمەت سىزگە، قەدىرلىك بوشان، ياخشى نىيەت بىلەن كۆرسەتكەن مەسلىھەتىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. بىراق ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. مەن بايا سىزگە ئۆزۈمنىڭ ئۈمىدىمنى ئېيتتىم. ئەمدى، لازىم تېپىلغاندا، «ئۈمىد» دېگەن سۆزنى «ئىرادە» دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرىمەن. چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، بۇ ماڭا بىۋاسىتە تاقىلىدىغان مەسىلە بولغاچقا، سىزگە ئوخشاش كۆز قاراشتا بولالمايمەن. سىز بۇ ئىشنىڭ مەنبەسىنى پەلەكنىڭ تەقدىرى دەپ قارايسىز. مەن بولسام، بۇ مەنبەنى ئۈنچىلىك پاك دەپ قارىمايمەن. مېنىڭچە، بۇ تەقدىرنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەرشىنىڭ شاپائەت ۋە جازاسىنى ئېلىپ كېلىدىغان كۆرۈنمەس

ئەلچى مەۋجۇت ئەمەس، مەن كۆزگە كۆرۈنىدىغان مەخلۇقنى تاپمەن ۋە مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە تارتقان ئازابلىرىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قىساس ئالىمەن. تەكىتلەپ ئېيتىمەنكى، بوشان، مەن ئىنسانلار دۇنياسىغا، ماددىي دۇنياغا قايتىپ كېلىشنى خالايمەن. ئەگەر سىز، ئېيتقىنىڭىزدەك، يەنىلا ماڭا دوست بولسىڭىز زەربە بەرگەن شۇ قولنى تېپىپ چىقىشىمغا ياردەم قىلىڭ.

— ماقۇل، — دېدى بوشان، — سىز شۇنى خالىسىڭىز، ئەرشتىن يەرگە چۈشەي. دۈشمەننى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، مەنمۇ سىز بىلەن ئىزدەيمەن. مەن ئۇنى تاپالايمەن، چۈنكى مېنىڭ ۋىجدانىم ئۇنى تېپىشنى بۇيرۇيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، بوشان، بىز ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، ھازىردىن باشلاپ ئىزدەشكە تۇتۇش قىلىشىمىز كېرەك. بىھۇدە ئۆتكەن بىر مىنۇت ماڭا گويا بىر ئەسىردەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. ئۇ چېقىمچى تېخى جازاغا تارتىلمىدى. شۇڭا، ئۇ زەربىگە ئۇچرىماي ئۆتۈپ كېتەمەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن. لېكىن ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ قاتتىق خاتالىشىۋاتىدۇ!

— سىزگە ئېيتسام، مورسېر...

— بوشان، بىر نېمىنى بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ماڭا يېڭىدىن كۈچ قوشۇلىدۇ!

— ئېنىق بىر نەرسىنى بىلمەيمەن، ئالبېر. شۇنداقتىمۇ، بۇنى قاراڭغۇدىكى بىر نۇر دېيىشكە بولىدۇ. شۇ نۇرنى بويلاپ ماڭساق بەلكىم نىشانغا يېتىپ چىقىشىمىز مۇمكىن.

— ھە، سۆزلەڭ! تاقىتىم تاق بولۇۋاتىدۇ!

— يانىنادىن قايتىپ كېلىپ، سىزگە ئېيتمىغان ھەممە گەپنى ئەمدى سۆزلەپ بېرىمەن.

— قۇلىقىم سىزدە.



— مۇنداق بىر ئىش بولغانىدى، ئالبېر. مەن يانىناغا بارغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى شۇ شەھەردىكى بىر بانكىردىن سۈرۈشتۈرگەنىدىم.

بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشىمغىلا ۋە ھەتتا ئاتىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىمدىن چىقارماي تۇرۇپلا ئۇ مۇنداق دېدى:

«نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىڭىزنى بىلىمەن».

«قانداق بىلىسىز؟»

«ئىككى ھەپتە ئىلگىرى بىر كىشى مەندىن مۇشۇ ئىشنى سورىتىپ ئادەم ئەۋەتكەنىدى».

«كىم؟»

«پارىژلىق بىر بانكىر، ئۇنىڭ مېنىڭ بانكام بىلەن ئالاقىسى بار».

«ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟»

«دانگلار».

— دانگلار! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر، — توغرا، ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان بەختسىز ئاتامغا ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنى دېموكرات دەپ ھېسابلايدۇ، گراف مورسېرنىڭ پېر بولغانلىقىغا ئىچى تارلىق قىلىدۇ. توي ئىشىمىزنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ... توغرا، بۇ چوقۇم شۇ!

— بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ، ئالبېر، لېكىن ئالدىراپ قىزىپ كەتمەڭ. ئەگەر شۇ بولسا...

— شۇ بولمايچۇ، — دېدى ئالبېر، — ئازابلىرىم ئۈچۈن ئۇ كاللىسى بىلەن جاۋاب قىلىدۇ.

— غەزىپىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئۇ ياشىنىپ قالغان ئادەم ئەمەسمۇ.

— ئۇ مېنىڭ ئائىلەمنىڭ شەرىپى بىلەن قانداق ھېسابلاشقان بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ يېشى بىلەن شۇنداق ھېسابلىشىمەن.

ئەگەر ئاتامغا دۈشمەن بولسا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوچۇق-ئاشكارا ھۇجۇم قىلمايدۇ؟ ئۇ بىر ئەر كىشى بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ كۆرۈشۈشتىن قورقتى!

— ئالبېر، سىزنى ئەيىبلىمەيمەن. دېمەكچى بولغىنىم، ئېھتىياتچان بولۇڭ.

— قورقماڭ مەن بىلەن بىللە بېرىڭ، بوشان، بۇنداق گەپلەرنى گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەشكەن تۈزۈك، ئەگەر گۇناھ دانگلاردا بولسا، بۈگۈندىن قالماي يا دانگلار ئۆلىدۇ، يا مەن ئۆلىمەن. كۆرۈپ تۇرۇڭ، بوشان، مەن ئۆز ۋىجدانىم بىلەن داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ھازىرلايمەن!

— ماقۇل، ئالبېر. بۇنداق قارار قوبۇل قىلىنغانىكەن، دەرھال ئىجرا قىلىش كېرەك. دانگلارنىڭ يېنىغا بارماقچىمۇسىز؟ يۈرۈڭ.

ئۇلار بىر ھارۋا كىرا قىلدى ۋە بانكىرنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاپ كەلگەندە دەرۋازا ئالدىدا ئاندرېئا كاۋالكانتىنىڭ پەيتونى بىلەن مالىيىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ياخشى بولدى، — دېدى ئالبېر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ئەگەر دانگلار سوقۇشۇشنى رەت قىلسا، ئۇنىڭ كۈيئوغلىنى ئۆلتۈرىمەن. كىنەز كاۋالكانتى دەپ ئاتالغان كىشى سوقۇشۇشتىن باش تارتماس!

بانكىرغا ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. دانگلار تۈنۈگۈنكى ئىشتىن خەۋىرى بولغىنى ئۈچۈن ئالبېرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇ كېچىككەنىدى. ئالبېر مالايىنىڭ كەينىدىنلا كىرگەنىدى. ئۇ، جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى كەڭ ئاچتى-دە، بوشان بىلەن بىرلىكتە بانكىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

— توختاڭ، تەقسىر! — دەپ خىتاب قىلدى بانكىر، —



مەن ئۆز ئۆيۈمنىڭ خوجايىنى ئەمەسمۇ؟ كىمنى قوبۇل قىلىش، كىمنى قوبۇل قىلماسلىق ھوقۇقۇم يوقمۇ؟ قارىغاندا، ئەس-ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويغاندەك قىلىسىز.

— يوقسۇ، تەقسىر، — دەپ سوغۇق جاۋاب قايتۇردى ئالبېر، — شۇنداق ئەھۋاللار بولىدۇكى، بەزى كىشىلەرنى قوبۇل قىلماسلىققا بولمايدۇ. بولمىسا، قورقۇنچاق دېگەن ئاتاققا قالىسىز. بۇنداق ئاتاقنى ئېلىش-ئالماسلىق ئۆزىڭىزگە باغلىق، ئەلۋەتتە.

— ماڭا نېمە ئىشىڭىز بار، تەقسىر؟

— شۇنداق ئىشىم باركى، — دېدى ئالبېر ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ۋە مەشىنىڭ يېنىدا تۇرغان كاۋالكانتىنى كۆرمەسكە سېلىپ، — سىزنى بىر خىلۋەت جايدا مەن بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىمەن. ئۇ يەردە ئىككىمىزگە ئون مىنۇتقىچە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. سىزگە دەيدىغان گېپىم شۇ. خىلۋەتلىكتە ئۇچرىشىدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى شۇ جايدا يېتىپ قالىدۇ.

دانگلار تاتىرىپ كەتتى. كاۋالكانتى بىر قەدەم ئالدىغا سىلجىدى. ئالبېر ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

— مەرھەمەت، گراف، — دېدى ئۇ، — خالىسىڭىز ئۇ يەرگە سىزمۇ بېرىڭ. ئۇنداق قىلىشقا سىز تامامەن ھەقلىق. سىز بۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسىغا ئوخشاش بولۇپ قالدىڭىز ئەمەسمۇ. ئۇنداق خىلۋەت جايدا مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغان ھەرقانداق ئادەمنى قارشى ئالىمەن.

كاۋالكانتى تەئەججۈپلىنىپ، دانگلارغا قارىدى. دانگلار ئۆزىگە زور بېرىپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇردى. ئالبېرنىڭ ئاندرېئاغا دوق قىلىشى ئۇنىڭ ئۇمىدىنى قوزغىدى.

ئۇ ئالبېرنىڭ كېلىشىدىكى سەۋەبنى باشقىچە چۈشىنىپ قالدى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ ئالبېرغا، — ئەگەر مەن گرافنى سىزدىن ئەۋزەل كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن جېدەل چىقارماقچى بولسىڭىز، ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، بۇ مەسىلىنى خانلىق مۇپەتتىشكە قاپشۇرىمەن.

— خاتالىشىۋاتىسىز، تەقسىر، — دېدى ئالبېر سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، — ھازىر توينى ئۈزۈلىشىگە چىدىغۇچىلىكىم يوق. قارىسام، كاۋالكانتى ئەپەندى ئىككىمىزنىڭ گېپىمىزگە ئارىلىشاي دېگەندەك قىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدىم. شۇنداقتىمۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىز دۇرۇس، مەن بۈگۈن ھەرقانداق ئادەم بىلەن جېدەل چىقىرىشقا تەييار. لېكىن، خاتىرىڭىز جەم بولسۇن، دانگلار ئەپەندى، قانداق قىلىشنى تاللاش سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا.

— تەقسىر، — دېدى دانگلار غەزەپ ۋە قورقۇنچتىن تاتىرىپ كېتىپ، — بىلىپ قويۇڭ، ئەگەر مەن ئۆز يولۇمدا غالجىر ئىتقا دۇچ كەلسەم، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن. شۇنداق قىلسام، ماڭا ھېچقانداق گۇناھ ئارتىلمايدۇ، ئەكسىچە، جەمئىيەتكە خىزمەت كۆرسەتكەن بولىمەن. ناۋادا، سىز غالجىرلىشىپ، مېنى چىشلىمەكچى بولسىڭىز، قىلچە رەھىم قىلماستىن، سىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن. ئاتىڭىزنىڭ شەرمەندە بولۇشىدا مېنىڭ نېمە گۇناھىم؟

— ۋۇي ئىپلاس! — دەپ ۋارقىرىدى ئالبېر، — بۇ سېنىڭ گۇناھىڭ!

دانگلار بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى.

— مېنىڭ گۇناھىم؟ مېنىڭ؟ — دېدى ئۇ. — ئەقلىڭىز جايىدىمۇ؟ گرېتسىيىدە بولغان ئىشلارنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئۇ دۆلەتلەرگە مەن بېرىپ باقمىغان تۇرسام! ئاتىڭىزغا مەن ئەقىل كۆرسەتكەنمىدىم؟ ئۇنىڭ يانىنا قەلئەسىنى سېتىۋېتىشى، خائىنلىق قىلىشى...



— بولدى! — دېدى ئالبېر چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، — سىز شەخسەن ئۆزىڭىز مەيدانغا چىقمىدىڭىز، لېكىن شۇملۇق قىلىپ، بۇ بەختسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردىڭىز.

— مەن؟

— ھەئە، سىز! بۇ گەپلەر نەدىن چىقتى؟

— مېنىڭچە، بۇ ھەقتە گېزىتتە ئېنىق يېزىلغان. يانىنادىن چىقتى. يەنە نەدىن چىقماقچىدى!

— يانىناغا خەت ئەۋەتكەن كىم؟

— يانىناغا؟

— ھەئە. ئاتامنى سۈرۈشتۈرۈپ خەت يازغان كىم؟

— يانىناغا خەت يېزىش چەكلەنمىگەندۇ.

— ھەر ھالدا خەت يازغان بىرلا ئادەم بار.

— بىر ئادەم؟

— شۇنداق، شۇ بىر ئادەم سىز.

— ئەلۋەتتە، مەن خەت يازغان. مېنىڭچە، قىزىنى ياتلىق قىلماقچى بولغان ئادەم كۈيئوغۇل بولغۇچى تەرەپنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھەقلىق. بۇ، ئاتا بولغۇچىنىڭ ھوقۇقىلا ئەمەس، بەلكى بۇرچى.

— تەقسىر، — دېدى ئالبېر، — سىز جاۋابنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ خەت يازغان.

— قەسەم ئىچىپ بېرىمەن، — دەپ خىتاب قىلدى دانگلار. ئۇنىڭ راست گەپ قىلىۋاتقانلىقى ۋە بىر تەرەپتىن قورقۇپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ بەختسىز يىگىتكە قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئىچىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، — ئەسلىدە يانىناغا خەت يېزىش مېنىڭ كاللامغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. ئەلى پاشانىڭ ئۇنداق پاجىئەگە يولۇققانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟

— ئەمىسە، باشقا بىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە خەت يازغانمىدىڭىز؟

— ئەلۋەتتە.
— بىركىم سىزگە مەسلىھەت كۆرسەتكەنمىدى؟
— ھەئە.
— كىم؟ سۆزلەڭ... راست گەپ قىلىڭ...
— مەن ئاتىڭىزنىڭ ئۆتمۈشىنى تىلغا ئالغانىدىم. مەن، ئۇنىڭ بايلىقىنىڭ مەنبەسىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دېدىم. مەن بىلەن سۆھبەتداش بولغان شەخس ئۇنىڭ قەيەردە بېيىغانلىقىنى سورىدى. مەن «گرېتسىيىدە» دەپ جاۋاب بەردىم. شۇندىن كېيىن ئۇ شەخس ماڭا: «يانىناغا خەت يېزىپ سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ» دېدى.
— سىزگە بۇ مەسلىھەتنى كۆرسەتكەن كىم؟
— گراف مونتې - كرىستو، سىزنىڭ دوستىڭىز.
— گراف مونتې - كرىستو سىزگە يانىناغا خەت يېزىش مەسلىھەتىنى بەردىمۇ؟
— ھەئە. شۇنىڭ بىلەن خەت ئەۋەتتىم. يېزىشقان خەتلىرىمنى كۆرۈپ باقامسىز؟ سىزگە كۆرسىتىمەن.
ئالبېر بىلەن بوشان بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.
— تەقسىر، — شۇ چاققىچە جىم تۇرغان بوشان سۆزگە ئارىلاشتى، — گرافنىڭ ھازىر پارىژدا يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنى ئەيىبلەۋاتمىسىزغۇ دەيمەن.
— مەن ھېچكىمنى ئەيىبلىمىدىم، تەقسىر، — دېدى دانگلار، — پەقەت بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردىم. شۇ گەپلىرىمنى گراف مونتې - كرىستونىڭ ئالدىدىمۇ تەكرارلاپ ئېيتالايمەن.
— سىزنىڭ قانداق جاۋاب ئالغانلىقىڭىزنى گراف بىلەمدۇ؟
— جاۋاب خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكەنىدىم.
— ئاتامنىڭ ئىسمى فېرنان، فامىلىسى موندېگو ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلەمتى؟
— ھەئە، مەن ئۇنىڭغا خېلى بۇرۇنلا بۇنى ئېيتىپ



بەرگەنىدىم. قىسقىسى، مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا ھەرقانداق ئادەم بولسىمۇ شۇنداق قىلاتتى. مەن جاۋاب خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئەتىسى ئاتىڭىز گراف مونتې - كرىستونىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىزىمنى سىزگە سوراپ كەلگەندە، مەن ئۇنىمىدىم، قەتئىي ئۇنىمىدىم، بۇ راست، لېكىن ئۇنىڭغا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمىدىم، گەپنى ئۇلغايتمىدىم. دېمىسىمۇ، بۇنى دەپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مورسېر ئەپەندىنىڭ روناق تېپىشى ياكى شەرمەندە بولۇشى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟ بۇنىڭ ماڭا پايدىسىمۇ يوق، زىيىنىمۇ يوق.
ئالبېر يۈزىنىڭ قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۈبھىسىزكى، دانگلار ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىپ، پەسكەشلىك قىلىۋاتاتتى، ئەمما ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا سۆزلەۋاتاتتى. گەرچە ئۇ ۋىجداننىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىشىنىڭ پۈتۈن ھەقىقىتىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بىر ئۈلۈش ھەقىقەتنى ئېغىزىدىن چىقارغانىدى. شۇنداق ئىكەن، ئالبېرنىڭ مۇددىئاسى نېمە ئىدى؟ ئۇنىڭ مۇددىئاسى دانگلار ياكى مونتې - كرىستونىڭ بۇ ئىشتىكى گۇناھىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئېنىقلاش ئەمەس، بەلكى بۇ تارتقۇلۇقلار ئۈچۈن جاۋاب بېرىدىغان، سوقۇشۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەمنى تېپىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھالبۇكى، دانگلارنىڭ سوقۇشمايدىغانلىقى روشەن ئىدى.
ئۇنتۇلغان ياكى كۆزگە چېلىقماي ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئالبېرنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە ۋە كۆڭۈل خاتىرىسىدە قايتىدىن نامايان بولۇشقا باشلىدى. مونتې - كرىستو ئەلى پاشانىڭ قىزىنى سېتىۋالغانىكەن، ئۇ چوقۇم بۇ ئىشلارنى بىلىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ، دانگلارغا يانىناغا خەت يېزىش مەسلىھەتىنى كۆرسەتتى. ئۇ يەردىن كەلگەن جاۋابنى ئۇققاندىن كېيىن ئالبېرنى

گايدە بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ماقۇل بولدى. ئۇلار گايدەنىڭ يېنىغا كىرىشى بىلەنلا گەپنى ئەلىنىڭ ۋاپاتىغا توغرىلىدى ۋە گايدەنىڭ باشتىن - ئاياغ بايان قىلىشىنى تۇسۇمىدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ گايدەگە بىرنەچچە ئېغىز گرېكچە گەپ قىلغانىدى. بەلكىم شۇ چاغداگەپ ئالبېرنىڭ ئاتىسى ئۇستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتماسلىقنى جېكىلىگەن بولسا كېرەك. ئۇ يەنە ئالبېرغىمۇ «گايدەنىڭ ئالدىدا ئاتىڭىزنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماڭ» دېگەن ئەمەسمىدى؟ ئاخىرى، دەل مۇشۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا چىققىش ئالدىدا ئۇ ئالبېرنى نورماندىيىگە ئېلىپ كەتتى. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاڭلىق ھالدا قىلىنغان ئىشلار. مونتې - كرىستو ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن مەسىلىكداش ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

ئالبېر بوشاننى بىر چەتكە تارتىپ بېرىپ، ئاشۇ پەرەزلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى.

— توغرا، — دېدى بوشان، — دانگلار بۇ ئىشنىڭ تاشقى پوستىنىلا چېتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى سەۋەبلىرىنى گراف مونتې - كرىستودىن سوراش كېرەك.

ئالبېر ئارقىغا بۇرۇلدى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ دانگلارغا، — بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز بىلەن قىلىشىدىغان گېپىمىز تېخى تۈگىمىدى. ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ راست - يالغىنىنى ئايرىش ئۈچۈن ھازىر گراف مونتې - كرىستونىڭ ئالدىغا بارىمەن.

ئۇ، كاۋالكانتىغا قاراپمۇ قويماستىن، بانكىرغا تەزىم قىلدى - دە، بوشان بىلەن چىقىپ كەتتى. دانگلار ئۇلارنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە بوسۇغىدا توختاپ، گراف مورسېر بىلەن ئۆزىنىڭ ھېچقانداق شەخسىي ئاداۋىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئالبېرغا يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئېيتتى.



## بەشىنچى باب

# ھاقارەت

بانكىرنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىققاندا بوشان توختىدى.

— ئالبېر، — دېدى ئۇ، — مەن سىزگە بۇ ئىشنى گراف مونتې - كرىستودىن سوراش كېرەك دېگەنىدىم.

— توغرا، ھازىر شۇنىڭ ئۆيىگە بارىمىز.

— توختاپ تۇرۇڭ. گراف بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن ئوبدان ئويلاپ بېقىڭ.

— نېمىنى ئويلايمەن؟

— بۇ يولىڭىزنىڭ جىددىيلىكىنى.

— دانگلار بىلەن كۆرۈشكەندىنمۇ جىددىيمۇ؟

— شۇنداق. دانگلار پۇلپەرەس ئادەم. ئۆزىڭىز بىلىسىز، پۇلپەرەسلەر مال - دۇنيانى جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ. شۇڭا، سوقۇشۇشنى خالىمايدۇ. گراف مونتې - كرىستو بولسا، ئەكسىچە، مەرد ئادەم. ھەر ھالدا شۇنداقتەك كۆرۈنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ مەردلىكنى نىقاب قىلغان بىر قاتىل بولۇپ چىقمىسۇن دەپ ئەنسىرىمەمسىز؟

— مەن پەقەت ئۇ سوقۇشۇشتىن باش تارتامدىكىن دەپلا ئەنسىرەۋاتىمەن.

— بۇ جەھەتتىن غەم قىلماڭ، — دېدى بوشان، — ئۇ سوقۇشىدۇ. ھەتتا بەك ياخشى سوقۇشامدىكىن، دەپ قورقۇۋاتىمەن. پەخەس بولۇڭ.

— دوستۇم، — دېدى ئالبېر غەمسىز كۈلۈمسىرەپ، — مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىم شۇ. ئاتام ئۈچۈن ئۆلسەم، مەن ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت. شۇنداق بولسا، ۋىجدانىمىز دەپسەندە بولمايدۇ.

— ئانىڭىز بۇ دەردنى كۆتۈرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇغۇ.

— بىچارە ئاپام، — دېدى ئالبېر ۋە قولى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى، — شۇنداق، بىلىمەن. لېكىن ئۇنىڭ ئىزا - نومۇسقا قېلىپ ئۆلگىنىدىن، قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئۆلگىنى تۈزۈك.

— دېمەك، قەتئىي قارارغا كەلدىڭىزمۇ، ئالبېر؟

— ھەئە.

— ئەمسە ماڭايلى. بىراق، ئۇ ئۆيىدە بارمىدۇر؟

— ئۇ مېنىڭ كەينىمدىنلا يولغا چىقماقچىدى. بۇ چاغقىچە پارىژغا يېتىپ كەلگەندۇر.

ئۇلار كىرا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، يېلىسەي كوچىسىغا يېتىپ كېلىشتى.

بوشان ئۆيىگە ئۆزى يالغۇز كىرمەكچى بولغانىدى. لېكىن ئالبېر ئۇنىمىدى ۋە بۇ دۇئېل مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىچە بولغىنى ئۈچۈن ئادەتتىكى قائىدىنى بۇزۇشقا بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلدى. ئالبېرنى رىغبەتلەندۈرۈۋاتقان ئىچكى ھېسسىياتلىرى شۇ قەدەر جۇشقۇنلۇق ئىدىكى، بوشان ئۇنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭا، ئۇ ئۇنچىقماستىن، دوستىنىڭ كەينىدىن مېڭىش بىلەن چەكلەندى. ئالبېر يوگۇرگەندەك مېڭىپ، دەرۋازىدىن بىنا ئالدىغىچە كەلدى. ئىشىك ئالدىدا ئۇنى باتىستېن قارشى ئالدى.

دەرۋەقە، گراف قايتىپ كەلگەنىدى، لېكىن ئۇ بۈگۈن ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى باتىستېنگە ئېيتىپ قويغانىدى.

— جانابىمىز ھازىر مۇنچىغا چۈشىدۇ، — دېدى باتىستېن ئالبېرغا.



— مۇنچىدىن كېيىنچۇ؟

— مۇنچىدىن كېيىن غىزالىنىدۇ.

— غىزادىن كېيىنچۇ؟

— دەم ئالىدۇ.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— ئوپېراغا بارىدۇ.

— چوقۇم بارامدۇ؟ — سورىدى ئالبېر.

— چوقۇم بارىدۇ. گراف سائەت سەككىزگە ئۈلگۈرتۈپ ئاتلارنى تەييار قىلىشنى بۇيرۇغان.

— ياخشى، — دېدى ئالبېر، — باشقا گېپىم يوق.

ئاندىن ئۇ بوشانغا قارىدى.

— بوشان، ئەگەر بارىدىغان يېرىڭىز بولسا، ھازىرلا بېرىڭ. ئەگەر بۈگۈن كەچتە ئىشىڭىز بولسا، ئۇ ئىشىڭىزنى ئەتىگە قالدۇرۇپ قويۇڭ. چۈشىنىۋاتقانسىز، ئوپېراغا سىز بىلەن بىللە بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن. ۋاقتىڭىز يەتسە شاتو - رېنونىمۇ چاقىرىۋېلىڭ.

بوشان سائەت چارەك كەم سەككىزدە ئالبېرنىڭ يېنىغا كېرىشكە ۋەدە قىلىپ، خوشلاشتى.

ئالبېر ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن فرانس، دېبرې ۋە موررېلغا خەت يېزىپ، بۈگۈن كەچتە ئۇلار بىلەن ئوپېرادا كۆرۈشۈشكە ئىنتايىن تەقەززا ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. ئاندىن، ئانىسىنىڭ يېنىغا كىردى. ئانىسى تۈنۈگۈنكى ئىشتىن كېيىن ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ، ھېچكىمنى قوبۇل قىلماسلىقنى ئۇقتۇرغانىدى. ئالبېر كىرگەندە ئۇ يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىكتىن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا تۆشەكتە ياتاتتى.

ئالبېر كىرگەندىن كېيىن مېرسېدېس ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ھالبۇكى، ئۇ يىغىدىن بىرئاز يېنىكلەپ قالدى.

ئالبېر ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ، جىم تۇراتتى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ۋە تۈرۈلگەن قوشۇمىسىدىن ئۆچ ئېلىش قارارى ئۇنىڭ قەلبىنى بارغانسېرى چىڭ سىقىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئاپا، مورسېر ئەپەندىنىڭ دۈشمەنلىرى بارمۇ؟ سىز بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مېرسېدېس چۆچۈپ كەتتى. ئۇ، ئالبېرنىڭ «ئاتام» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمىغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

— ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — گرافتەك يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ مەخپىي دۈشمەنلىرى كۆپ بولىدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاشكارا دۈشمەنلەر ئانچە خەۋپلىك بولمايدۇ.

— شۇنداق، بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزنىڭ سەزگۈرلۈكىڭىزدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتىمەن. مەن بىلىمەن، سىز ھەرقانداق ئىشنى سېزىۋالالايسىز!

— نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قالدىڭ؟

— ئالايلى، بىزنىڭ ئۆيدە ئۆتكۈزۈلگەن ھېلىقى بەزمىدە گراف مونتې - كرىستونىڭ ھېچنېمىگە ئېغىز تەگمىگەنلىكىنى سىز بايقىۋالغانىدىڭىز.

مېرسېدېس تىترەپ تۇرغان بىلەكلىرىگە تايىنىپ گەۋدىسىنى كۆتۈردى.

— گراف مونتې - كرىستو! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — مەندىن سورىغان ئىشىڭ بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ ئاپا، گراف مونتې - كرىستو شەرق ئەللىرىنىڭ نۇرغۇن ئادەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. شەرقلىقلەر ئۆز دۈشمىنىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۆچ ئېلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھېچنېمە ئىچمەيدۇ ۋە ھېچنېمە يېمەيدۇ.

— گراف مزنتې - كرىستونى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز دەم-



سەن؟ — دېدى مېرسېدېس مۇردىدەك تاتىرىپ كېتىپ، — كىم ساڭا شۇنداق دېدى؟ نېمە ئۈچۈن؟ سەن جۆيلۈۋاتامسەن، ئالبېر! گراف مونتې - كرىستو بىزگە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتىدىغۇ. ئۇ سېنىڭ ھاياتىڭنى قوغداپ قالغان. ئۇنى سەن ئۆزۈڭ بىزگە تونۇشتۇردىڭغۇ. ئۆتۈنۈپ سوراپ قالاي، ئالبېر، بۇنداق خىياللارنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت. ساڭا دەيدىغان مەسلىھىتىم، ياق، ئىلتىماسىم: ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىڭنى ئۈزۈپ قويمىغىن.

— ئاپا، — دېدى ئالبېر ئېتىراز بىلدۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر سېلىپ، — سىز نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ كىشىگە يان بېسىۋاتىسىز.

— مەنما! — دەپ خىتاب قىلدى مېرسېدېس. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى - دە، ئاندىن بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئاقىرىپ كەتتى.

— ھەئە، — دېدى ئالبېر، — بىزگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان ئادەمنى ئاياپ قويسام بولىدىكەن - دە، ھە؟

مېرسېدېس چۆچۈپ كەتتى ۋە ئوغلىغا زەن قويۇپ قارىدى.

— نېمە ئانداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىدىغانسەن، — دېدى ئۇ، — قانداق بولۇپ بۇنداق كۆز قاراشقا كېلىپ قالغانسەن! گراف ساڭا نېمە يامانلىق قىلدى؟ ئۈچ كۈن ئىلگىرى سەن نورماندىيىدە ئۇنىڭغا مېھمان بولغانىدىڭ. ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇنى ئەڭ ياخشى دوستىمىز دەپ ھېسابلايتۇققۇ.

ئالبېرنىڭ لەۋلىرىدە تەنىلىك كۈلۈمسىرەش غىل - پال كۆرۈنۈپ يوقالدى. مېرسېدېس بۇ كۈلۈمسىرەشنى كۆردى - دە، ئاياللارغا ۋە بولۇپمۇ ئانىلارغا خاس تۇيغۇ بىلەن ھەممىنى چۈشەندى. ئەمما ئۇ ئېھتىياتچان ۋە ئىرادىلىك بولغاچقا، ئۆزىنىڭ دىلغۇللۇقى ۋە ئەندىشىسىنى چاندۇرمىدى.

ئالبېر گەپ قىلمىدى. بىر ئەسنادىن كېيىن گىراق خانىم يەنە سۆزلىدى.

— مەندىن ھال سوراپ كىرىپسەن، — دېدى ئۇ، — يوشۇرمايمەن، ئوغلۇم ساقلىقىم يوق. مېنىڭ يېنىمدا بولغىن، ئالبېر. يالغۇز قالسام كۆڭلۈم يېرىم بولىدىكەن.

— ئاپا، — دېدى يىگىت، — سىزدىن ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ. بىراق كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مۇھىم ئىشىم بار.

— بۈگۈنگە نېمە ئامال؟ — دېدى مېرسېدېس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بارغىن. ئالبېر سېنى پەرزەنتلىك مېھرىڭنىڭ قۇلى قىلىشنى خالىمايمەن.

ئالبېر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، ئانىسى بىلەن خوشلاشتى - دە، چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىك يېپىلىشى بىلەنلا مېرسېدېس ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك بىر چاكىرىنى چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭغا ئالبېر نەگە بارسا، ئۇنىڭ ئىزىدىن قالماي بېرىشىنى، قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشنى بۇيرۇدى. ئاندىن، ھۇجرا دېدىكىنى چاقىردى ۋە ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى كىيىندى.

چاكارغا بېرىلگەن ۋەزىپىنى ئورۇنداش قىيىن ئەمەس ئىدى. ئالبېر ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كىيىندى. سائەت سەككىزگە ئون مىنۇت قالغاندا بوشان كەلدى. ئۇ شاتو - رېنو بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەنىدى، شاتو - رېنو سەھنە پەردىسى كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئوپېراغا كىرىدىپ، ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆزىگە تېگىشلىك كرېسلودا ئولتۇرۇپ ساقلاشقا ۋەدە قىلغانىدى.

يىگىتلەر ئالبېرنىڭ پەيتونىغا ئولتۇرۇشتى. ئالبېر نەگە بارىدىغانلىقىنى يوشۇرۇش نىيىتىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازدا بۇيرۇق قىلدى:



— ئوپېراغا!

ئۇ، تىياتىرخانىغا ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

شاتو - رېنو ئۆز كرېسلوسىدا ئولتۇراتتى. بوشان ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى ئېيتىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئالبېرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈشى ھاجەت ئەمەس ئىدى. ئاتىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماقچى بولغان ئوغۇلنىڭ بۇنداق قىلىشى شۇ قەدەر تەبىئىي ئىدىكى، شاتو - رېنو ئۇنى توسۇشقا ئۇرۇنمىدى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەنلا چەكلەندى.

دېبىرى تېخى كەلمىگەنىدى، لېكىن ئالبېر ئۇنىڭ ئوپېرا ئويۇنلىرىغا كەلمەي قېلىشى كەمدىن - كەم كۆرۈلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. پەردە كۆتۈرۈلگىچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئالبېر تىياتىرخانا ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈردى. ئۇ مونتې - كرىستو بىلەن كارىدوردا ياكى پەلەمپەيدە ئۇچرىشىشنى ئويلايتتى. قوڭغۇراق چېلىندى ۋە ئۇ ئۆز جايىغا قايتىپ بېرىپ، شاتو - رېنو بىلەن بوشاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كرېسلوغا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا زىننەتلىك تۆۋرۈكلەر ئارىسىدىكى لوژىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. بىرىنچى كۆرۈنۈش تاماملانغۇچە بۇ لوژىغا ھېچكىم كىرمىدى.

ئاخىرى، ئىككىنچى كۆرۈنۈش باشلانغاندا، ئالبېر سائىتىگە 100 قېتىملارچە قاراپ ئولتۇرغاندا ئاشۇ لوژىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، باشتىن - ئاياق قارا كىيىم كىيگەن مونتې - كرىستو كىردى ۋە توسۇققا تايىنىپ، زال ئىچىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن موررېل كىردى. ئۇ، سىڭلىسى بىلەن كۈيئوغلىنى ئىزدەپ، ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈرتتى ۋە ئۇلارنىڭ يان تەرەپتىكى بىر لوژىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا قول ئىشارىسى قىلدى.

گراف زال ئىچىگە قاراۋېتىپ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە تىكىلىپ قالغان بىر تاتىراڭغۇ چىرايغا كۆزى چۈشتى. ئۇ، ئەلۋەتتە، ئالبېرنى تونىدى، لېكىن ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى كۆرمەسكە سېلىۋالدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىنى قىلچە چاندۇرماستىن، دۇربۇنىنى قېپىدىن چىقىرىپ، باشقا تەرەپكە قاراشقا باشلىدى.

گراف گەرچە ئالبېرنى كۆرمەسكە سېلىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى كۆرۈش دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتمىدى. ئىككىنچى كۆرۈنۈش تاماملىنىپ، پەردە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ ئۆتكۈر ۋە تەجرىبىلىك كۆزلىرى بىلەن ئالبېرنىڭ ئىككى دوستى بىلەن بىرلىكتە زالدىن چىقىشقا تەمشەلگەنلىكىنى كۆردى.

شۇندىن كېيىن ئالبېرنىڭ يۈزى ياندىكى لوژېنىڭ ئىشىكىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆتتى. گراف جاڭجالنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى پەملىدى. ئۇ، لوژېنىڭ ئىشىكىدىكى ئاچقۇچنىڭ تولغانغان شەپىسىنى ئاڭلىدى. بۇ چاغدا ئۇ گەرچە موررېل بىلەن خۇشال كەيپىياتتا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، قانداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلەتتى ۋە ھەرقانداق ئىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى.

ئىشىك ئېچىلدى. ئەنە شۇ چاغدىلا گراف ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە تاتىرىپ كەتكەن، تىترەپ تۇرغان ئالبېرنى كۆردى. ئۇنىڭ كەينىدە بوشان بىلەن شاتو - رېنو تۇراتتى.

— ھە! مانا مېنىڭ چەۋەندازىممۇ ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەپتۇ، — دېدى گراف. ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىكى خۇش مۇئامىلىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئاغزىنىڭ ئۇچىدا دەپ قويىدىغان سالاملىرىغا تۈپتىن ئوخشىمايتتى. — كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، مورسېر ئەپەندى.

ئۆزىنى تۇتۇشقا ئۇستا بولغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايىدا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.



بۇ چاغدا موررېل ۋىكونتنىڭ ئۇنى بۈگۈن كەچتە ئوپېراغا چاقىرىپ خەت يازغانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇقتۇرمىغانلىقىنى ئەسلىدى - دە، ئەمدى قانداق ئىشنىڭ بولۇشىنى پەملىدى.

— بىز قۇرۇق تەكەللۇپ قىلغىلى ياكى ساختا دوستلۇقتىن گەپ ساتقىلى كەلمىدۇق، — دېدى ئالبېر، — سىزنىڭ بىزگە جاۋاب بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىپ كەلدۇق، گراف.

ئۇ، چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ سۆزلەيتتى، ئاۋازى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقاتتى.

— ئوپېرادا جاۋاب بېرەمدىم؟ — گراف ئالبېرغا تىك بېقىپ، شۇ قەدەر بىمالال سۆزلىدىكى، ئۆزىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان ئادەمنىڭ سىياقى شۇنداق بولىدۇ، — تەقسىر، مەن گەرچە پارىژلىقلارنىڭ ئادەتلىرىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەن بولسامۇ، بۇ، مۇنداق تەلەپلەرگە جاۋاب بېرىشكە مۇۋاپىق ئورۇن ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى ئالبېر، — بىر ئادەم مۇنچىغا چۈشۈش، غىزالىنىش ياكى ئۇخلاشنى باھانە قىلىپ، مۆكۈنۈپ يۈرسە، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە مۇمكىن بولمىسا، ئۇچراشقان يەردە سۆزلىشىشكە توغرا كېلىدۇ.

— مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئانچە قىيىن ئەمەس، — دېدى مونتې - كرىستو، — خاتالاشمىسام، تېخى تۈنۈگۈنلا سىز ماڭا مېھمان بولغانىدىڭىز، تەقسىر.

— تەقسىر، — دېدى ئالبېر ئېسىنى يىغىۋالالماي، — توغرا، تۈنۈگۈن سىزگە مېھمان بولغانىدىم، چۈنكى سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيتتىكەنمەن.

ئالبېر بۇ گەپلەرنى ياندىكى لوژېلاردىكى ۋە كارىدوردىكى كىشىلەرمۇ ئاڭلىسۇن دەپ، قەستەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى. دەرۋەقە بۇ ماجىرانى ئاڭلاپ، ياندىكى لوژېلاردا ئولتۇرغانلار

ئۇلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراشتى، كارىدوردا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بوشان ۋە شاتو - رېنونىڭ ئارقىسىغا كېلىپ توختاشتى.

— سىز نەدىن پەيدا بولدىڭىز، تەقسىر؟ — دېدى مونتې - كرىستو ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، — قارىغاندا، ئەقلى - ھوشىڭىز جايىدا ئەمەستەك قىلىدۇ.

— مېنىڭ ئەقلىم سىزنىڭ سۇيىقەستىڭىزنى چۈشىنىشكە ۋە سىزگىمۇ مېنىڭ ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە يېتىدۇ، — دېدى ئالبېر خۇدىنى يوقاتقان ھالدا.

— مۆھتەرەم ئەپەندى، گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى مونتې - كرىستو، — ھەر ھالدا شۇنى ھېس قىلىۋاتىمەنكى، ئاۋازىڭىزنى بەك قويۇۋېتىپ سۆزلەۋاتىسىز. بۇ ماڭا تېگىشلىك ئورۇن، مۆھتەرەم ئەپەندى. بۇ يەردە ئاۋازنى قويۇۋېتىپ سۆزلەشكە پەقەت مېنىڭلا ھوقۇقۇم بار. چىقىڭ!

مونتې - كرىستو قولىنى شىلتىپ، ئالبېرغا ئىشىكنى كۆرسەتتى.

— ئۆزىڭىزنى چىقىرىۋېتىمەن! — دەپ گەپ ياندۇردى ئالبېر پەلىيىنى زەردە بىلەن سىقىملاپ تۇرۇپ. گراف شۇ پەلەيدىن كۆزىنى ئالماي قاراپ ئولتۇراتتى.

— ياخشى، — دېدى مونتې - كرىستو خاتىرجەملىك بىلەن، — جېدەل چىقارماقچى بولۇۋاتقان ئوخشايسىز، تەقسىر. سىزگە بىر مەسلىھەت بېرەي، بۇنى ئېلاجى بار ئۇنتۇپ قالماڭ: ئارتۇقچە غوۋغا كۆتۈرۈش ياخشى ئادەت ئەمەس. غوۋغا كۆتۈرۈش ھەممە كىشى ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇۋەرمەيدۇ، مورسېر ئەپەندى.

بۇ ئىسىمنىڭ تىلغا ئېلىنىشى بىلەن تاماشا كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. تۈنۈگۈندىن بۇيان «مورسېر» دېگەن ئىسىم ھەممە ئادەمنىڭ ئېغىزىدا ئىدى.

ئالبېر بۇ دارىتما گەپنى ھەممىدىن بۇرۇن ۋە ھەممىدىن



ياخشى چۈشەندى. ئۇ، قولىدا سىقىملاپ تۇرغان پەلەينى گرافنىڭ يۈزىگە ئېتىش ئۈچۈن تەمشەلگەنىدى، لېكىن مورېل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بوشان بىلەن شاتو - رېنو ۋەقەنىڭ ئۇلغىيىپ، چېكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالبېرنىڭ يەلكىلىرىدىن تۇتۇۋېلىشتى.

مونتې - كرىستو ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپ، قولىنى سوزدى - دە، ئالبېرنىڭ كىرىشىپ كەتكەن بارماقلىرىدىن پۈرلىشىپ، نەملىشىپ كەتكەن پەلەينى تارتىپ ئېلىۋالدى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ سۈرلۈك ئاۋازدا، — مەن بۇ پەلەينى يۈزۈمگە تاشلاندى دەپ ھېسابلايمەن. بۇنى سىزگە ئوق بىلەن قايتۇرۇپ بېرىسىمەن. ئەمدى بۇ يەردىن چىقىڭ. بولمىسا خىزمەتكارىمنى چاقىرىپ، سىزنى ئىشىكتىن چۆرۈپ تاشلىۋېتىشكە بۇيرۇيمەن.

كۆزلىرىگە قان قۇيۇلغان ئالبېر خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ، بىرنەچچە قەدەم ئارقىغا چېكىندى. مورېل شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىشىكنى يېپىۋالدى.

مونتې - كرىستو خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، يەنە دۇربۇنىنى ئېلىپ، كۆزىگە تۇتتى. بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى گويا تۆمۈردىن، يۈزى مەرمەردىن ياساپ قويۇلغاندەك تۇيۇلاتتى.

مورېل گرافنىڭ قۇلىقىغا ئېگىشتى.

— ئۇنىڭغا نېمە قىلغانىدىڭىز؟ — دەپ پىچىرلاپ سورىدى ئۇ.

— مەنما؟ ھېچنېمە قىلمىدىم. ھەر ھالدا شەخسەن ئۆزۈم ھېچنېمە قىلمىدىم، — دېدى مونتې - كرىستو.

— بۇ غەلىتە ۋەقەنىڭ بىرەر سەۋەبى باردۇر؟

— گراف مورسېرنىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ بىچارە بالا نېمە قىلىشنى بىلمەي قاپتۇ.

— ئۇ ئىشقا سىزنىڭ چېتىشلىقىڭىز بارمىدى؟
— گايدە پالاتاغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ خائىنلىقىنى پاش قىلغانىكەن.
— ھە، راست ئۆتكەندە مۇشۇ لوژېدا سىز بىلەن بىللە ئولتۇرغان گرېك قىز، سىزنىڭ قۇلىڭىز ئەسلىدە ئەلى پاشانىڭ قىزى ئىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى موررېل، — لېكىن مەن بۇ گەپكە ئىشەنمەپتىكەنمەن.
— بۇ راست گەپ.
— ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى موررېل، — بۇ ئالدىنئالا تەييارلانغان ئىش ئىكەن.
— قانداق دەيسىز؟
— ئالبېرنىڭ مېنى ئوپېراغا چاقىرىپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغانىدىم. ئۇ، سىزگە كەلتۈرىدىغان ھاقارەتكە مېنى گۇۋاھچى قىلماقچى بولغانىكەن - دە.
— ئېھتىمال، — دەپ قويدى مونتې - كرىستو ئېرەن قىلمىغان ھالدا.
— ئەمدى ئۇنى قانداق قىلىسىز؟
— كىمنى؟
— ئالبېرنى.
— ئالبېرنى قانداق قىلىسىز دەمسىزا، ماكسىملىئان؟ — دېدى مونتې - كرىستو يەنە شۇنداقلا ئېرەن قىلمىغان ھالدا، — قانداق قىلىشىم خۇددى ھازىر سىزنى كۆرۈپ ئولتۇرغىنىمدەك ۋە قولىڭىزنى قىسىپ كۆرۈشكىنىمدەكلا شەكسىز ئېنىق گەپ، ئەتە ئەتىگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن.
موررېل مونتې - كرىستونىڭ قولىنى تۇتۇپ ۋە بۇ قولنىڭ سوغۇق ھەم بىمالال تۇرغىنىنى سېزىپ، چۆچۈپ كەتتى.
— ئاھ، گراف، — دېدى ئۇ، — ئۇنى ئاتىسى بەك ياخشى كۆرىدۇ!



— بۇنداق گەپلەرنى ماڭا قىلىپ بەرمەڭ! — خىتاب قىلدى مونتې - كرىستو ۋە بىرىنچى قېتىم غەزىپى قايناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، — بولمىسا، ئۇنى قىيناپ ئۆلتۈرىمەن!
موررېل تەئەججۈپلىنىپ، مونتې - كرىستونىڭ قولىنى قويۇۋەتتى.
— گراف، گراف! — دېدى ئۇ.
— قەدىرلىك ماكسىملىئان، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى گراف، — دۇپرې بۇ ناخشىنى نەقەدەر ياخشى ئېيتىدۇ، ئاڭلاپ بېقىڭا:

ئاھ، ماتىلدا، قەلبىمدىكى سەنەم...

بىلەمسىز، نېئاپولدا دۇپرېنى بىرىنچى بولۇپ مەن بايقىغانىدىم. ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۇنى مەن ئالقىشلىغانىدىم، بەللى! بەللى!
موررېل ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى چۈشىنىپ، جىم بولدى.
بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن بۇ كۆرۈنۈش تاماملىنىپ، پەردە چۈشۈرۈلدى. ئىشىك چېكىلدى.
— كىرىڭ، — دېدى مونتې - كرىستو. ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىرئازمۇ ھاياجانلىق سېزىلمىدى.
بوشان كىردى.
— كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، بوشان ئەپەندى، — دېدى مونتې - كرىستو، خۇددى بۇ مەتبۇئاتچى بىلەن بۈگۈن كەچتە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقاندەك قىلىپ، — ئولتۇرۇڭ، مەرھەمەت.
بوشان تەزىم قىلدى ۋە كىرىپ ئولتۇردى.
— گراف، — دېدى ئۇ مونتې - كرىستوغا، — بايا ئۆزىڭىز كۆرگەندەك، مەن مورسېر ئەپەندىگە ھەمراھ بولۇپ كەلدىم.
— شۇنىڭغا قارىغاندا، سىلەر بۈگۈن بىرلىكتە غىزالانغان

ئوخشايسىلەر، — دېدى مونتې-كرىستو كۈلۈپ، — بوشان ئەپەندى سىزدىن خۇرسەنمەن، سىز ئۇنىڭدەك يېنىكلىك قىلمىدىڭىز.

— گراف، — دېدى بوشان، — ئالبېرنىڭ يېنىكلىك قىلغىنى ياخشى بولمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، شەخسەن ئۆز نامىمدىن ئەپۇ سورايمەن. گراف، ئەمدى ئالىيجاناب ئادەم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ يانىنادىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز ھەققىدە ئاز-تولا چۈشەنچە بېرىڭىز. ئاندىن ھېلىقى گرېك قىزى توغرىسىدا دەيدىغان ئازراق گېپىم بار.

مونتې-كرىستو كۆز ئىشارىسى بىلەن ئۇنى توختاتتى.

— مانا، مېنىڭ بارلىق ئۈمىدىم يوققا چىقتى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدى بوشان.

— سىلەر ھەممىڭلار ماڭا «ئالاھىدە ئادەم» دېگەن نامنى تەقدىم قىلغانىدىڭلار. سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا مەن لارا، مانفرېد، لورد رۇتۋېن بولۇپ كەلگەنىدىم. ئاندىن، مېنىڭ ئالاھىدە ئادەم ئىكەنلىكىم سىلەرنى بىزار قىلدى بولغاي، ئۆزۈڭلار ياراتقان تىپنى يوققا چىقىرىپ، مېنى ئەڭ ئادەتتىكى بىر ئادەم قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر. سىز ھازىر مېنىڭ پەس. تەنتەك ئادەم بولۇشۇمنى تەلەپ قىلىۋاتىسىز. يىغىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىسىز. شۇمۇ گەپمۇ، بوشان ئەپەندى، بۇ مېنى مەسخىرە قىلغانلىق.

— ھالبۇكى، — بوشان تەكەببۇرلۇق بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى، — قىسمەن ئەھۋاللاردا تەلەپ قىلىش ...

— تەقسىر، — دەپ بوشاننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئۇنىڭ غەلىتە سۆھبەتدىشى، — گراف مونتې-كرىستوغا پەقەت گراف



مونتې-كرىستونىڭ ئۆزىلا تەلەپ قويالايدۇ. شۇڭا، ئەمدى بۇ ھەقتە گەپ قىلماسلىقىڭىزنى سورايمەن. مەن نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن، بوشان ئەپەندى. قىلغان ئىشلىرىممۇ ھەمىشە جايىدا بولۇپ چىقىۋاتىدۇ.

— تەقسىر، — دېدى بوشان، — ۋىجدانلىق ئادەملەرگە بۇنداق جاۋاب قايتۇرۇش توغرا ئەمەس. ۋىجدان بىلەن قىلىنغان ئىشتا كاپالەت بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

— تەقسىر، مەن ئۆزۈم جانلىق كاپالەت، — دېدى مونتې-كرىستو ئېرەن قىلمىغان ھالدا، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپ بىلەن چاقناپ كەتتى، — ئىككىمىزنىڭ تومۇرلىرىمىزدا قان ئاقىدۇ، ھەر ئىككىمىز بۇ قاننى تۆكۈشتىن باش تارتمايمىز. بىزنىڭ ئورتاق كاپالىتىمىز ئەنە شۇ. ۋىكونتقا مۇشۇ جاۋابنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. ئۇنىڭغا يەنە شۇنى ئېيتىپ قويۇڭكى، ئەتە ئەتىگەن سائەت ئونغا جاڭ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ قېنىنىڭ رەڭگىنى كۆرىمەن.

— ئۇنداق بولسا، دۇئېلنىڭ شەرتلىرىنى كېلىشىۋالساقلا بولىدىكەن، — دېدى بوشان.

— ماڭا قانداق شەرت بولسىمۇ ئوخشاش، تەقسىر، — دېدى گراف مونتې-كرىستو، — بۇنچىلىك ئەرزىمەيدىغان ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن مېنىڭ ئويۇن كۆرۈشۈمگە دەخلى يەتكۈزمەڭ. فرانسىيەدە قىلىچ ياكى تاپانچا بىلەن سوقۇشىدىكەن. مۇستەملىكىلەردە مىلتىق ئېتىشىش ئادىتى بار. ئەرەبىستاندا خەنجەر ئىشلىتىدۇ. ئالبېرغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن گەرچە ھاقارەتلەنگۈچى بولساممۇ، ئاخىرغىچە ئالاھىدە ئادەم بولۇش ئۈچۈن قايسى خىلدىكى قورالنى تاللاش ئىشىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويىمەن، ئۇنىڭ ھەرقانداق شەرتىنى سۆزسىز قوبۇل قىلىمەن، ھەرقانداق شەرتنى، ئاڭلاۋاتامسىز، ھەرقانداق شەرتنى، ھەتتا چەك تاشلاش-

تەك ئەخمىقانە شەرتنىمۇ قوبۇل قىلىمەن. ئىشەنچىم كامىل، چوقۇم يېڭىپ چىقىمەن.

— شۇنچىلىك ئىشىنەمسىز؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى بوشان، تەمتىرەپ قالغان ھالدا گرافقا قاراپ.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە، — دېدى مونتې - كرىستو مۆرىلىرىنى قىسىپ، — ئۇنداق بولمىسا، مورسېر ئەپەندىنىڭ دۇئېلغا چاقىرىشىنى قوبۇل قىلمىغان بولاتتىم. مەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ھەم چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. سىزدىن سورايدىغىنىم، سوقۇشۇش ئورنى ۋە قورال تۈرىنى بۈگۈندىن قالدۇرماي ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويسىڭىز. مەن باشقىلارنى ساقلىتىپ قويۇشنى ياخشى كۆرمەيمەن.

— تاپانچا، ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، ۋېنسېن ئورمانلىقىدا، — دېدى بوشان ۋە «بۇ بىر ئۇچىغا چىققان پوچىمۇ ياكى غەيرىي تەبىئىي مەخلۇقمۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن تېڭىرقاپ قالدى.

— بولىدۇ، تەقسىر، — دېدى مونتې - كرىستو، — قىلىشىدىغان گېپىمىز تۈگىدى. ئەمدى مېنىڭ ئويۇن كۆرۈشۈمگە ئىجازەت قىلىڭ. شۇنداقلا دوستىڭىز ئالبېرغا ئېيتىپ قويۇڭ، بۇ يەرگە يەنە كېلىپ يۈرمىسۇن. يەنە بايىقىدەك ئەدەبسىزلىك قىلسا، ئۆزى زىيان تارتىپ قالىدۇ. ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، ئۇخلىسۇن.

بوشان چەكسىز تەئەججۈپ ئىچىدە چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى، — دېدى مونتې - كرىستو موررېلغا قاراپ، — سىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى موررېل، — ماڭا تولۇق ئىشىنىڭ. شۇنداقتىمۇ...

— نېمە؟

— بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى، گراف...



— باشقىچە ئېيتقاندا، باش تارتىۋاتامسىز؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

— ھەقىقىي سەۋەب؟ — دەپ تەكرارلىدى گراف، — بۇ يىگىت نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ھەقىقىي سەۋەبىنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر مەن بىلىمەن. سىزگە ھەق گەپنى ئېيتىپ قوياي، موررېل. ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلىدىغان خۇدا بىزنى قوللايدۇ.

— شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، گراف، — دېدى موررېل، — سىزنىڭ ئىككىنچى سېكۇندانتىڭىز كىم بولىدۇ؟

— پارىژدا مېنىڭ تونۇشلىرىم يوق، موررېل. بۇ ئىشقا سىزنى ۋە سىڭلىڭىزنىڭ ئېرى ئېمانۇئېلنى تاللىدىم. ئېمانۇئېل ماقۇل بولارمۇ؟

— ئۇنىڭغا ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەكلا ئىشىنىمەن، گراف.

— ياخشى! كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولدى. دېمەك، ئەتە ئەتىگەن سائەت يەتتىدە بىزنىڭ ئۆيگە بارامسىلەر؟

— بارىمىز.

— جىم بولۇڭ! پەردە كۆتۈرۈلدى، ئاڭلايلى. مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇ كۆرۈنۈشتىكى ناخشىلارنىڭ بىرىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئاڭلايمەن. «ۋىلگېلم تېل» نېمىدېگەن ياخشى ئوپېرا!

## ئالتىنچى باب

## تۈن

مونتې - كرىستو ئادىتى بويىچە دۇپرې ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئارىيەسى «كەينىمدىن يۈر!»نى ئېيتىپ بولغۇچە ساقلاپ تۇردى ۋە شۇندىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، لوژىدىن چىقتى.

ئىشىك ئالدىغا چىققاندا مورېل ئەتە ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئېممانۇئېل بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا يەنە بىر قېتىم ۋەدە بېرىپ، خوشلاشتى. ئاندىن، گراف يەنە شۇنداقلا تەمكىنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىگەن هالدا پەيتۇنغا ئولتۇردى.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتۈپ، ئۇ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆز هۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئەلىگە خىتاب قىلدى:

— ئەلى، دەستىسى پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان تاپانچىلىرىمنى ئېلىپ كىر!

گرافنىڭ خۇلقى - مىجەزىنى چۈشىنىدىغان ئادەم ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندىكى ئاۋازىدىن زورغا بېسىۋېلىنغان غەزىپىنى سېزىۋالالايتتى.

ئەلى قورال ساندۇقىنى ئېلىپ كىردى. گراف تاپانچىلارنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئۆز هاياتىنى بىر پارچە قوغۇشۇنغا ئىشىنىپ تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ شۇنداق قىلىشى تامامەن تەبىئىي، ئەلۋەتتە. ئۇسخىسى ئۆزگىچە بولغان بۇ تاپانچىلارنى مونتې - كرىستو مەخسۇس ئۆيدە مەشق قىلىش ئۈچۈن ياساتقانىدى. ئوق ئاۋازى قۇرۇق پىستان ئېتىلغانچىلىكلا ئاڭلىناتتى - دە، ئوقچىلارنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، گرافنىڭ «قول ئويۇنى» قىلغانلىقىنى ياندىكى بۆلمىدە تۇرۇپمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى.

ئۇ بىر تاپانچىنى قولىغا ئالدى - دە، تۆمۈر تاختىغا نىشان قىلىپ قويۇلغان نۇقتىنى قارىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ، باتىستىن كىردى. ئۇ تېخى ئاغزىنى ئېچىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ، گراف قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن يۈزىگە تور ياپقان بىر ئايالنى كۆردى. ئايال باتىستىننىڭ كەينىدىنلا ئىز بېسىپ كىرىۋاتاتتى. ئۇ، گرافنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى، شىرە ئۈستىدىكى ئىككى قىلىچنى كۆردى - دە، خانا ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى.



باتىستىن خوجايىنىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. گراف ئىشارەت قىلىۋىدى، باتىستىن چىقىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

— سىز كىم بولىسىز، خانىم؟ — دەپ سورىدى گراف يۈزىگە تور تارتقان ئايالدىن.

ناتونۇش ئايال خانا ئىچىدە باشقا ئادەم يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ هاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن خۇددى تىزلانماقچى بولغاندەك چوڭقۇر ئېگىلدى - دە، يېلىنغان سىياقتا قوللىرىنى جۈپلىدى.

— ئېدمون، ئوغلۇمنى ئۆلتۈرمەڭ! — دېدى ئۇ.

گراف بىر قەدەم كەينىگە داجىدى ۋە بوشقىنا ئۈن سېلىپ، تاپانچىنى تاشلىۋەتتى.

— كىمنىڭ ئىسمىنى دەۋاتىسىز، مورسېر خانىم؟ — دېدى ئۇ.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى دەۋاتىمەن، — دەپ خىتاب قىلدى ئايال ۋە يۈزىدىكى تورنى ئېچىۋەتتى، — سىزنىڭ ئىسمىڭىز. بۇ ئىسىمنى يالغۇز مەنلا ئۇنتۇپ قالمىغان بولسام كېرەك. ئېدمون، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا مورسېر خانىم ئەمەس، مېرسېدېس كەلدى.

— مېرسېدېس ئۆلۈپ كەتكەن، خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىغان باشقا ئايالنى تونۇمايمەن.

— مېرسېدېس هايات، مېرسېدېس هېچكىمنى ئۇنتۇپ قالمىدى. يالغۇز شۇ مېرسېدېسلا سىزنى تونۇيالىدى. ئۇ، سىزنى بىر كۆرۈپلا، هەتتا كۆرمەي تۇرۇپ، ئاۋازىڭىزدىنلا تونۇۋالدى، ئېدمون. شۇندىن بۇيان ئۇ سىزنى ئىزمۇ ئىز كۆزىتىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ گراف مورسېرغا زەربە بەرگەن قولنىڭ كىمنىڭ قولى ئىكەنلىكىنى سورىمايلا بىلىدۇ.

— فېرنانغا زەربە بەرگەن قولنى دېمەكچى بولۇۋاتسىڭىز كېرەك، خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو ئاچچىق تەنە بىلەن، — بۇرۇنقى ئىسىملارنى ئەسلىگەن ئىكەنسىز، ھەممە ئىسىملارنى ئەسلەپ چىقايلى.

مونتې - كرىستو «فېرنان» دېگەن ئىسىمنى شۇ قەدەر نەپرەت بىلەن تەلەپپۇز قىلدىكى، مېرسېدېسنىڭ تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— قاراڭا، ئېدمون، ئېيتقىنىم توغرا چىقتىمۇ، — دېدى ئۇ، — شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن سىزدىن ئۆتۈنۈپ سوراۋاتىمەن، ئوغلۇمغا رەھىم قىلىڭ!

— مېنى ئوغلىڭىزغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ دەپ كىم ئېيتتى، خانىم؟

— ھېچكىم. لېكىن ئانىلار سەزگۈر كېلىدۇ. مەن بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم بىلىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ماراپ، ئوپېراغا باردىم. ئاندىن لوژىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ھەممىنى كۆردۈم.

— خانىم، ئۇنداق بولسا، فېرناننىڭ ئوغلى ماڭا قانداق ھاقارەت قىلغانلىقىنى كۆرگەنسىز؟ — دېدى مونتې - كرىستو كىشىنى قورقىتقۇدەك خاتىرجەملىك بىلەن.

— ئىچىڭىز ئاغرىسۇن!

— ئەگەر شۇ چاغدا بىر دوستۇم، موررېل ئەپەندى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئۇ پەلىيىنى مېنىڭ يۈزۈمگە ئاتقان بولاتتى. سىز بۇنىمۇ كۆرگەنسىز؟ — دېدى يەنە گراف.

— گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئۇ سىزنى بىلىۋاپتۇ. ئاتىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكلەرنى سىزدىن كۆرۈۋاتىدۇ.

— خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ گېپىڭىز توغرا بولمىدى. بۇ بەختسىزلىك ئەمەس، بۇ خۇدانىڭ جازاسى. مورسېر ئەپەندىگە مەن زەربە بەرمىدىم، ئۇ ئۆزى تەقدىرلىك جازاسىغا ئۇچرىدى.



— سىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى تەقدىرنىڭ ئورنىغا قويماقچى بولىسىز؟ — دېدى مېرسېدېس، — تەقدىر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان ئىشلارنى يەنە چۇۋۇپ چىقىرىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئېدمون، يانىنا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمدارى بىلەن سىزنىڭ كارىڭىز نېمە؟ فېرنان موندېگو ئەلى تەبەلىنگە خائىنلىق قىلغان بولسا، بۇنىڭ سىزگە نېمە چېتىشلىقى بار؟

— راست دەيسىز، خانىم. — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ ئىشلار بىر فرانسۇز ئوفىتسېرى بىلەن ۋاسىلىكىنىڭ قىزىغىلا مۇناسىۋەتلىك. توغرا، بۇ ئىشلارغا مېنىڭ چېتىشلىقىم يوق. مەن فرانسۇز ئوفىتسېر ۋە گراف مورسېردىن ئەمەس، بەلكى بېلىقچى فېرناندىن، كاتالان قىزى مېرسېدېسنىڭ ئېرىدىن قىساس ئېلىشقا قەسەمياد قىلغان.

— تەقدىر مېنى گىرىپتار قىلغان ئاشۇ سەۋەنلىكىم ئۈچۈن مۇشۇنداق دەھشەتلىك قىساس ئالامسىز! — دېدى گراف خانىم، — بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىكمۇ، ئېدمون. ئۆچ ئالسىڭىز، ئۆچىڭىزنى مەندىن ئېلىڭ. مەن جۇدالىق ۋە تەنھالىقتا بەرداشلىق بېرەلمىدىم.

— بىز نېمە ئۈچۈن جۇدا بولدۇق؟ — دېدى مونتې - كرىستو، — سىز نېمە ئۈچۈن تەنھا بولۇپ قالدىڭىز؟

— چۈنكى سىز قولغا ئېلىنغانىدىڭىز، ئېدمون. سىز تۈرمىدە بولۇپ قالغانىدىڭىز.

— مەن نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىندىم؟ نېمە ئۈچۈن تۈرمىدە ياتتىم؟

— بۇنى بىلمەيمەن، — دېدى مېرسېدېس.

— شۇنداق، بۇنى سىز بىلمەيسىز، خانىم. ھەر ھالدا بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. ئەمدى سىزگە ئېيتىپ بېرەي. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن قولغا ئېلىندىمكى، شۇنىڭ ئۈچۈن

تۈرمىگە سولاندىمكى، ئىككىمىزنىڭ تويىمىز بولغان كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى «رېزېرۋ» مەيخانىسىدا دانگلار ئىسىملىك ئادەم مانا ماۋۇ خەتنى يازغان، بېلىقچى فېرنان بۇ خەتنى شەخسەن ئۆزى پوچتىغا سالغان.

شۇ گەپ بىلەن مونتې - كرىستو شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە تارتمىسىنى ئېچىپ، قەغىزى سارغىيىپ، سىياسى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر پارچە خەتنى ئالدى - دە، مېرسېدېسنىڭ ئالدىغا قويدى.

بۇ، دانگلارنىڭ خانلىق مۇپەتتىشكە يازغان خېتى بولۇپ، بۇنى گراف مونتې - كرىستو تومسون ۋە فرېنچ شىركىتىنىڭ ۋەكىلى دېگەن خۇپىيانە نام بىلەن بوۋىل ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئېدمون دانتېسنىڭ دېلوسى ئىچىدىن ئېلىۋالغانىدى. مېرسېدېس قورقۇپ كەتكەن ھالدا تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇدى:

«شاھانە تاجۇ - تەختنىڭ ۋە دىننىڭ مۇخلىسى مەزكۇر مەكتۇپ ئارقىلىق خانلىق مۇپەتتىش جانابلىرىغا مەلۇم قىلىدۇكى، بۈگۈن سمىرنادىن قايتىپ كەلگەن ھەمدە سەپەر ئۈستىدە نېئاپول ۋە پورتو - فېررايئوغا كىرىپ ئۆتكەن «فىرئاۋن» ناملىق كېمىنىڭ كاپىتان ياردەمچىسى ئېدمون دانتېس، مىيۇراتنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ باش ئىسيانكارغا يولۇققان ۋە باش ئىسيانكاردىن پارىژدىكى بوناپارتچىلار كومىتېتىغا بېغىشلانغان مەخسۇس مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالغان.

ئەگەركى، ئۇ قولغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ جىنايىتىگە ئىسپات بولىدىغان شۇ مەكتۇپ ياكى ئۆزىنىڭ يېنىدا، ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىدا بولىدۇ، ياكى «فىرئاۋن»دىكى ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن تېپىلىدۇ».



— ۋاي خۇدا! — دەپ ئۈن سالدى مېرسېدېس ۋە نەملىشىپ كەتكەن ماڭلىيىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتتى، — بۇ خەت...

— مەن بۇ خەتنى 200 مىڭ فرانكقا سېتىۋالغان، خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇنى قىممەت دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى مۇشۇ خەت بولغاچقا بۈگۈنكى كۈندە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزۈمنى ئاقلىيالايمەن.

— دېمەك، مۇشۇ خەتنىڭ كاساپىتىدىن...

— مەن قولغا ئېلىنغان، بۇنى سىز ئەمدى بىلدىڭىز. لېكىن سىز مېنىڭ تۈرمىدە قانچىلىك ۋاقىت ياتقانلىقىمنى بىلمەيسىز، خانىم. سىزدىن ئاران چارەك لېي يىراقلىقتىكى ئىف قەلئەسىنىڭ گۈندىخانىسىدا 14 يىل ياتقانلىقىمنى سىز بىلمەيسىز. سىز يەنە شۇنى بىلمەيسىزكى، 14 يىل داۋامىدا ھەر كۈنى قىساس ئېلىشقا قەسەمياد قىلدىم. ھالبۇكى، ئۇ چاغلاردا مەن سىزنىڭ فېرنانغا، مېنى چېقىشتۇرغان ئادەمگە ياتلىق بولغانلىقىڭىزنى ۋە ئاتامنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، ئاچلىقتىن ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيتتىم.

مېرسېدېس سەنتۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئاھ خۇدا! — خىتاب قىلدى ئۇ.

— مەن تۈرمىدە 14 يىل يېتىپ چىققاندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئۇقتۇم. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، فېرناندىن ئۆچ ئېلىشقا مېرسېدېسنىڭ ھاياتى ۋە ئاتامنىڭ ئۆلۈمى بىلەن قەسەمياد قىلغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن... شۇنىڭ بىلەن، مانا ئۆچ ئېلىۋاتىمەن.

— بەختسىز فېرنان راستىنلا سىزنى چېقىشتۇردىمۇ؟ بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

— جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ قەسەم ئىچىشكە رازىمەن، خانىم، ئۇ شۇنداق قىلدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ باشقا قىلمىشلىرى بۇنىڭدىنمۇ قەبىھ. ئۇ فرانسىيە پۇقراسى تۇرۇپ،

ئىنگلىزلارغا سېتىلىپ كەتتى؛ ئۆزىنىڭ مىللىتى ئىسپان تۇرۇپ، ئىسپانىيىلىكلەرگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى؛ ئەلىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئوفىتسېر تۇرۇپ، ئەلىگە ئاسىيلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى. بۇ ئىشلارغا سېلىشتۇرغاندا، ھېلى سىز كۆرگەن خەت قانچىلىك ئىش ئىدى؟ بۇ بىر ئاشىقنىڭ سۇيىقەستى. بۇ سۇيىقەستنى ئۇنىڭغا ياتلىق بولغان ئايال ئەپۇ قىلالايدۇ. مەن بۇنى چۈشىنىمەن. لېكىن، ئۆز ۋاقتىدا شۇ ئايالغا ئۆيلەنمەكچى بولغان ئادەم ئۇنى كەچۈرەلمەيدۇ. فرانسۇزلار خائىننى جازاغا تارتمىدى، ئىسپانىيىلىكلەر ئۇ خائىننى ئېتىپ تاشلىمىدى، ئەلى ئۆز گۆرىدە يېتىپ، ئاشۇ خائىندىن ئۆچىنى ئالالمىدى. لېكىن مەن ئۇلارغا سادىق. مەنمۇ ئەلىگە ئوخشاش نابۇت قىلىنىپ، گۆر ئىچىگە تاشلانغانىدىم. مەن كېيىن تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن گۆردىن چىقتىم. ئەمدى قىساس ئېلىش مېنىڭ تەڭرىنىڭ ئالدىدىكى بۇرچۇم بولۇپ قالدى. تەڭرى مېنى قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم.

بىچارە ئايال يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن يېپىۋالدى ۋە خۇددى ئىككى پۇتى چېپىپ تاشلانغاندەك ئۆزىنى تاشلاپ، تىزلىنىپ قالدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، ئېدمون، — دېدى ئۇ، — مەن ئۈچۈن، مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ئۈچۈن ئۇنى كەچۈرۈۋېتىڭ!

نىكاھلىق ئايال بولۇش سالاپىتى ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سۆزلىرىنى توختىتىۋالدى. ئۇنىڭ بېشى يەرگە تەككۈدەك ئېگىلدى. گراف يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى تۇرغۇزدى.

مېرسېدېس كرېسلودا ئولتۇرۇپ، ياش تولغان كۆزلىرى بىلەن مونتې - كرىستونىڭ مەردانە چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. بۇ چىرايدا ئازاب ۋە نەپرەتنىڭ سۈرلۈك ئىپادىسى ھېلىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.



— بۇ لەنىتى مەرەزنى يوقاتماسلىققا بولامدۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى مونتې - كرىستو، — تەڭرى ئۇنى جازالاشنى ماڭا تاپشۇرغان تۇرسا، تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىسام بولامدۇ؟ ياق، بولمايدۇ!

— ئېدمون، — دېدى بەختسىز ئانا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، — مەن سىزنى ئېدمون دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتاۋاتىمەن. سىز نېمە ئۈچۈن مېنى مېرسېدېس دېمەيسىز؟

— مېرسېدېس! — دەپ تەكرارلىدى مونتې - كرىستو، — راست، توغرا دەيسىز، بۇ ئىسىم ماڭا ھېلىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. شۇنچە يىللاردىن بېرى بۈگۈن تۇنجى قېتىم بۇ ئىسىم مېنىڭ ئېغىزىمدىن شۇنچە ئېنىق ئاڭلاندى. مېرسېدېس، مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى سېغىنىش بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئازابلىنىش بىلەن ئىڭراپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە خىرقىرىغان ئاۋازىم بىلەن قايتا - قايتا تىلغا ئالاتتىم؛ سوغۇقتىن تىترەپ زىنداندىكى سامان ئۈستىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ، بۇ ئىسىمنى تەكرارلايتتىم؛ تىنجىق ئىسسىقتا ھالىمدىن كېتىپ، گۈندىخانىنىڭ تاشلىق پولىدا ئېغىناپ بۇ ئىسىمنى ياد ئېتەتتىم. مېرسېدېس، مەن ئۆچ ئېلىشىم كېرەك، چۈنكى مەن 14 يىل جاپا تارتتىم، 14 يىل داۋامىدا كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ، تەڭرىگە نالە قىلدىم. مېرسېدېس. مەن سىزگە ئېيتىۋاتىمەن، ئۆچ ئېلىشىم كېرەك!

گراف ئۆزى شۇ قەدەر ياخشى كۆرگەن ئايالنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ئالدىدا بوشاپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە كۈچ بەرمەكچى بولاتتى.

— ئەمىسە ئۆچ ئېلىڭ، ئېدمون، — دەپ خىتاب قىلدى بەختسىز ئانا، — گۇناھكارلاردىن ئۆچ ئېلىڭ. ئۆچىڭىزنى ئۇنىڭدىن ئېلىڭ، مەندىن ئېلىڭ، لېكىن ئوغلۇمغا چېقىلماڭ!

— مۇقەددەس كىتابتا پۈتۈلگەنكى، — دېدى مونتې - كرىستو، — «ئاتىلارنىڭ گۇناھى ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەۋلادلىرىغىچە تۈگىمەيدۇ». ئەگەر ئۆز پەيغەمبىرىگە شۇنداق دېگەنىكەن، مېنىڭ تەگرىدىنمۇ شەپقەتلىكرەك بولۇشۇم مۇمكىنمۇ؟

— مۇمكىن، چۈنكى تەگرىنىڭ ئىلكىدىكى مەڭگۈلۈك ۋاقىت بەندىنىڭ ئىلكىدە يوق.

مونتې - كرىستونىڭ كۆكرىكىدىن ھۆركىرىگەنگە ئوخشاش بىر خىل ئىندا ئۇرغۇپ چىقتى ۋە ئۇ ئىككى چېكىسىنى ئالقانلىرى بىلەن قىسىپ تۇرۇۋالدى.

— ئېدمون، — دېدى يەنە مېرسېدېس گرافقا قوللىرىنى سوزۇپ، — ئىككىمىز تونۇشقاندىن بۇيان مەن سىزنى ھۆرمەتلەپ، نامىڭىزنى قەلبىمدە ساقلاپ كەلدىم. ئېدمون، دوستۇم، قەلبىمدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان ئاشۇ ئالىيجاناب، پاك ئوبرازىڭىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويماڭ! ئېدمون، سىز ئۈچۈن تەگرىگە قانچىلىك دۇئا - تەكبىرلەرنى ئوقۇغانلىقىمنى بىلسىڭىز ئىدى! سىزنىڭ ھايات بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىپ يۈرگىنىمدىمۇ دۇئا قىلغان، قازا تاپقانلىقىڭىزغا ئىشەنگەندىن كېيىنمۇ دۇئا قىلىپ يۈردۈم، شۇنداق، سىزنى قازا تاپتى دەپ ئىشەندىم! سىزنىڭ جەسىتىڭىز قايسى بىر سورلۇق سېپىلنىڭ تۈۋىگە كۆمۈلگەن دەپ ئويلاتتىم. سىزنىڭ تېنىڭىز گۆندىپايلار ئۆلگەن مەھبۇسلارنى تاشلايدىغان قايسىبىر يارنىڭ تېگىگە تاشلىۋېتىلگەن دەپ ئويلايتتىم. شۇنى ئويلىسام يىغلايتتىم! ئېدمون، دۇئا قىلىش ۋە يىغلاشتىن باشقا مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟ ئون يىل ئۇدا ھەر تۈندە دېگۈدەك بىر خىللا چۈشنى كۆرۈپ چىقتىم. سىزنى تۈرمىدىن قېچىشقا ئۇرۇنۇپ، باشقا بىر ئۆلگەن مەھبۇسنىڭ كېپىنىنى كىيىۋاپتۇ ۋە ئاشۇ تىرىك جەسەتنى ئىف قەلئەسىنىڭ ئېگىز چوققىسىدىن تاشلىۋېتىشىپتۇ دېگەن مىش -



مىش گەپلەر تارقالدى. سىز تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ۋارقىرىۋەتكەن ئىكەنسىز، شۇندىن كېيىنلا، سىزنىڭ جاللاتلىرىڭىز بولۇپ قالغان گۆركارلار ئۆزلىرىنىڭ باشقا ئادەمنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى بىلىپتىمىش. ئېدمون، سىزگە ئوغلۇم ئۈچۈن يېلىنىۋاتىمەن. ئاشۇ ئوغلۇمنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئون يىل ئۇدا ھەر تۈندە ئېگىز قىيا ئۈستىدىن قانداقتۇر بىر سىرلىق قورقۇنچلۇق نەرسىنى پەسكە تاشلاۋاتقان ئادەملەرنى چۈشلىرىمدە كۆرۈپ چىقتىم؛ ئون يىل ئۇدا ھەر تۈندە دەھشەتلىك ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، دىر - دىر تىترىگەن، مۇزدەك تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئويغىنىپ كېتەتتىم. ئويلاپ بېقىڭ، ئېدمون، گۇناھىم ھەر قانچە ئېغىر بولسىمۇ، مەنمۇ كۆپ دەرد تارتتىم!

— ئۇنداق بولسا، ئېيتىڭا، ئاتىڭىزنىڭ ھىجراندا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ باققانمۇ سىز؟ — خىتاب قىلدى مونتې - كرىستو، — ئۆزىڭىز چوڭقۇر ھاڭنىڭ تېگىدە بۇرۇقتۇم بولۇپ ياتقاندا سۆيگەن يارىڭىز سىزنىڭ رەقىبىڭىزگە قول بەرگەنلىكىنى ئويلاپ ئازابلىنىپ باققانمۇسىز؟

— ياق، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى مېرسېدېس، — لېكىن، ياخشى كۆرگەن ئادىمىم ئوغلۇمنىڭ قاتىلى بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن!

مېرسېدېس بۇ سۆزلەرنى شۇنچىلىك ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئېيتتىكى، گراف ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈنلۈك ئاھ ئۇردى.

ئارسلان بويسۇندۇرۇلدى. شەپقەتسىز قىساسكار مۇلايىملاشتى.

— تەلىپىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ئوغلىڭىزنى ئۆلتۈرمەسلىكنى تەلەپ قىلامسىز؟ ماقۇل، ئۇ ئۆلمەيدۇ.

مېرسېدېس خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى. مونتې -

كرىستونىڭ كۆزلىرىدە ئىككى تامچە ياش پەيدا بولدى - دە، يەنە دەرھال غايىب بولدى. ئېھتىمال، تەڭرى شۇ كۆز ياشلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر پەرىشتىنى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك، چۈنكى ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ نەزەرىدە ئۇ ياشلار گۈزەل ۋە ئوفىرنىڭ ئەڭ كۆركەم گۆھەرلىرىدىنمۇ قىممەتلىك ئىدى.

— رەھمەت ساڭا، رەھمەت، ئېدمون! — دەپ ئۈن سالدى مېرسېدېس ۋە گرافنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، لەۋلىرىگە تەككۈزدى، — چۈشلىرىمدە سېنى مۇشۇنداق پەزىلەتلىك بىلەن كۆرەتتىم، سېنى مۇشۇنداق ئادەم دەپ بىلگەچكە ياخشى كۆرەتتىم. ئەمدى بۇ گەپلەرنى ئېغىزىمدىن چىقىرالايدىغان بولدۇم!

— ۋەھالەنكى، — دېدى مونتې - كرىستو، — سىزنىڭ بىچارە ئېدموننى كۆرۈشىڭىز ئەمدى ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ. جەسەت ئۆز گۆرىگە قايتىپ كېتىدۇ، ئەرۋاھ يەنە كۆزدىن غايىب بولىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز، ئېدمون؟

— دېمەكچى بولغىنىم، مېرسېدېس، سىز شۇنى خالىغان ئىكەنسىز، مەن ئۆلۈشۈم كېرەك.

— ئۆلۈش؟ كىم شۇنداق دېدى؟ كىم ئۆلۈم ھەققىدە گەپ قىلدى! سىز نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمنىلا ئويلايسىز؟

— مەن پۈتۈن تىياتىر زالىدىكى جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا سىزنىڭ دوستلىرىڭىزنىڭ ۋە ئوغلىڭىزنىڭ دوستلىرى ئالدىدا ھاقارەتلەندىم. بىر كىچىك بالا مېنى دۇئېلغە چاقىردى. مەن ئۇنى ئەپۇ قىلسام، ئۇ «غەلىبە قىلدىم» دەپ ماختىنىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مېنى ئۆلمەي يۈرەلەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟ مېرسېدېس، مەن بۇ دۇنيادا سىزدىن قالسا ئۆزۈمنى ياخشى كۆرىمەن، يەنى ئۆز غۇرۇرۇمنى، مېنى كىشىلەر ئىچىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرگەن قۇدرىتىمنى قەدىرلەيمەن. مەندە يەنە شۇنداق



قۇدرەت بولغىنى ئۈچۈن ياشاپ كېلىۋاتقانىدىم. سىزنىڭ گەپلىرىڭىز مېنىڭ قۇدرىتىمنى سۇندۇردى. ئەمدى ئۆلۈشۈم كېرەك.

— ئېدمون، سىز ئەپۇ قىلىنغان بولغاچقا، ئەمدى دۇئېل ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

— ئەمەلگە ئاشىدۇ، خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — پەرقى شۇكى، ئوغلىڭىزنىڭ تۇپراقنى قىزىل رەڭدە بوياشقا تېگىشلىك بولغان قېنىنىڭ ئورنىغا مېنىڭ قېنىم تۆكۈلىدۇ.

مېرسېدېس قاتتىق ۋارقىراپ تاشلىدى. ئۇ مونتې - كرىستونىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى - دە، يەنە دەرھال ئۆزىنى توختىتىۋالدى.

— ئېدمون، — دېدى ئۇ، — ئەرشتە تەڭرى بار. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن سىز ھايات قالدىڭىز، مەن سىز بىلەن قايتا كۆرۈشتۈم. شۇ تاپتا مەن تەڭرىگە پۈتۈن قەلبىم بىلەن سېغىنىۋاتىمەن. تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە بولغان ئىخلاسمەنلىك بىلەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشەنىدىم. سىز ئوغلۇمنى ئۆلتۈرمەيمەن دېدىڭىز، شۇنداقمۇ، ئېدمون؟

— شۇنداق، خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو. ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىش قارارىغا كەلگەن شارائىتتا مېرسېدېسنىڭ بۇ قۇربانلىقنى ئىندىمەي، قورقماي، ئېتىراز بىلدۈرمەي، قوبۇل قىلغانلىقىدىن كۆڭلى رەنجىدى.

مېرسېدېس گرافقا قولىنى ئۇزاتتى.

— ئېدمون، — دېدى ئۇ گرافقا ياش تولغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ، — سىز نېمىدېگەن ئالىيجاناب! پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئالدىڭىزغا كەلگەن بەختسىز ئايالغا نېمىدېگەن يۈكسەك پەزىلەت بىلەن رەھىم قىلدىڭىز! مېنى يىللاردىن كۆپرەك دەرد - ھەسرەت قېرىتىۋەتتى. بىر چاغلاردا مېنىڭ ئېدمونىم ماڭا شۇنچە زوقلىنىپ قارايتتى. ئەمدى مەن تەبەسسۇم قىلىپمۇ،

كۆزىڭىزگە قاراپمۇ سىزگە ئاشۇ مېرسېدېسنى ئەسلىتەلمەيمەن. ماڭا ئىشىنىڭ، ئېدمون، مەنمۇ كۆپ دەرد تارتتىم. ئۆمرۈم ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، لېكىن ئەسلىسەم خۇشال ئۆتكەن بىر كۈنۈم يوق، قەلبىمدە بىرەر ئۈمىدىممۇ قالمىدى. ھالبۇكى، پانىي دۇنيادىكى ھايات بىلەن ھەممە ئىش پۈتمەيدۇ. ياق! ھەممە ئىش بۇ دۇنياغىلا باغلىق ئەمەس. قەلبىمدە تېخى ئۆلمەي قالغان ھېس - تۇيغۇلىرىم بىلەن بۇنى سېزىۋاتىمەن. ئېدمون، سىزگە تەكرارلاپ ئېيتىۋاتىمەن، مۇشۇنداق شارائىتتا سىزگە ئوخشاش ئەپۇ قىلىش نېمىدېگەن ئالىيجانابلىق، مەردلىك، گۈزەل ئەخلاق!

— سىز شۇنداق دەيسىز، مېرسېدېس، لېكىن بۇنىڭ قانچىلىك زور قۇربان بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز. ئۇلۇغ تەڭرى دۇنيانى ياراتقاندا، قاراڭغۇ زۇلمەتنى يورۇتقاندا بىزنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىمىز پەرىشتىنىڭ ئۆلمەس كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ پەرىشتىنى كۆز ياشلىرىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن بۇ دۇنيانى تۈگەل يارىتىشتىن ۋاز كەچكەن بولسا قانداق بولاتتى؟ ناۋادا تەڭرى ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەممىنى يارىتىپ بولۇپ، ئۆزى ياراتقان دۇنياغا خۇشاللىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت يەنە قۇياشنى ئۆچۈرۈۋەتسە، دۇنيانى قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم قىلسا قانداق بولاتتى؟ شۇنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرسىڭىز مېنىڭ گېپىمنى چۈشىنىسىز. ياق، سىز يەنىلا چۈشىنەلمەيسىز، ھاياتىمنى قۇربان قىلسام نېمىلەردىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىمنى بىلمەيسىز.

مېرسېدېس گرافقا تەئەججۈپ ۋە مىننەتدارلىق بىلەن زوقلىنىپ قارىدى.



مونتې - كرىستو گوياكى مىڭلىسى خىياللارنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمىگەندەك، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بېشىنى تىرىدى.

— ئېدمون، — دېدى مېرسېدېس، — سىزگە دەيدىغان بىرلا گېپىم قالدى.

گراف ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئېدمون، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مېرسېدېس، — كېيىن بىلىپ قالىسىز، گەرچە چىرايىم خۇنۇكلەشكەن، كۆزلىرىمنىڭ نۇرى قالمىغان، گۈزەللىكىم يوقالغان بولسىمۇ، قىسقىسى، مېرسېدېسنىڭ چىرايى بۇرۇنقىغا زادى ئوخشىمىسىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا بۇرۇنقىدەك! خەير - خوش، ئېدمون. تەڭرىگە باشقا ئىلتىماسىم يوق... مەن سىزنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا مەرد ۋە ئالىيجاناب ئىكەنلىكىڭىزنى كۆردۈم. خوش، ئېدمون... خوش، تەڭرى سىزگە رەھمەت قىلسۇن!

گراف جاۋاب قايتۇرمىدى.

مېرسېدېس خانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى - دە، گراف چوڭقۇر ۋە ھەسرەتلىك خىيالدىن ئېسىنى يىغىۋالغىچە ئۇ چىقىپ كەتتى.

گراف مونتې - كرىستو مورسېر خانىم ئولتۇرغان پەيتوننىڭ يېلىسەي كوچىسىدا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بېشىنى كۆتۈرگەندە «مەجرۇھلار ئۆيى»نىڭ سائىتى بىرگە جاڭ ئۇردى.

— مەن نېمىدېگەن ھاماقەت، — دېدى ئۇ، — ئۆچ ئېلىش نۆۋىتى يېتىپ كەلگەن كۈندە نېمە ئۈچۈن كۆكسۈمدىن يۈرىكىمنى يۇلۇپ چىقىرىۋەتمىدىم!

## يەتتىنچى باب

# دۇئېل

مېرسېدېس كەتكەندىن كېيىن مونتې - كرىستونىڭ ئۆيى يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەممە نەرسە گويا قېتىپ قالغاندەك ئىدى. بەجايىكى، ھارغىن بەدەنگە ئۇيقۇ ياماشقاندەك، ئۇنىڭ پائالىيەتچان ئەقلىغە بىخۇدلۇق چىرماشتى.

— ئەپسۇس! — دېيىتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. بۇ چاغدا چىراغ ۋە شاملار ئۆچەي دەپ قالغانىدى. چارچىغان مالايلار دەھلىزدە بىتاقەت بولۇپ، كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى، — ئەپسۇس، بۇ ئىمارەت، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ قۇرۇلغان، شۇنچە كۆپ ئەجىر بىلەن قەد كۆتۈرگەن بۇ ئىمارەت بىر دەقىقىنىڭ ئىچىدە، بىر ئېغىز سۆز بىلەن، بىر پۈۋلەپ قويۇش بىلەنلا ئۆرۈلۈپ چۈشەرمۇ! مەن ئۆزۈمنى باشقا كىشىلەردىن ئۈستۈن ھېسابلايتتىم؛ شۇنچە مەغرۇر ئىدىم؛ ئىف قەلئەسىنىڭ زىندانىدا بىر ئاجىز مۇستەر بولۇپ، ئاخىرى غايەت زور قۇدرەتكە ئېرىشكەنىدىم. ئەمدى، ئەتە جانسىز مۇردىغا ئايلىنىدىغان بولدۇم! مەن ئۆلۈمدىن قورقۇۋاتمايمەن. ئۆلۈم دېگەن ھەممە جانلىقلار ئىنتىلىدىغان، ھەممە دەردمەنلەر تەشنا بولغان ئارام ئەمەسمۇ؛ ماددىنىڭ بۇنداق ئارامىغا مەن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ئىنتىزار بولغان ئەمەسمىدىم؛ قاراڭغۇ زىندانىمدا فارىيا پەيدا بولغانغا قەدەر مەن شۇ ئارامنى



كۆزلەپ، ئاچلىقنىڭ ئازابلىق يولىغا قەدەم قويغان ئەمەسمىدىم؟ مەن ئۈچۈن ئۆلۈم دېگەن قانچىلىك نېمە ئىدى؟ ئۆلسەم ئارام تاپىمەن، تىنچلىنىمەن. ياق، مەن ئۆلۈشتىن قورقمايمەن. قورقىدىغىنىم شۇكى، شۇنچە ئاستا پىشىپ يېتىلگەن، شۇنچە ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرغان پىلانلىرىم بەربات بولىدىغان بولدى. تەقدىر مەن ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى! دېمەك، تەڭرى بۇ پىلانلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى خالىماپتۇ - دە!

مەن ئالەمچە ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگەن ۋە بۇ يۈكنى ئاخىرغىچە كۆتۈرۈشنى ئويلىغانىدىم. بۇ يۈك مېنىڭ ئارزۇيۇمغا ئۇيغۇن بولسىمۇ، كۈچۈمگە مۇۋاپىق ئەمەس بولۇپ چىقتى؛ بۇ يۈك ئىرادەمگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئىختىيارىمدا ئەمەس بولۇپ چىقتى. شۇڭا، ئۇنى يېرىم يولدا تاشلىۋېتىشكە توغرا كەلدى. 14 يىللىق زۇلۇم ۋە ئون يىللىق ئۈمىد مېنى تەقدىرنى بەلگىلەشكە ئۈگەتكەنىدى. ئەمدى يەنە تەقدىرنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالدىغان بولدۇم.

ئاھ خۇدا، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، گەرچە مەن يۈرىكىمنى ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتكەن بولساممۇ، بۇ يۈرەك ئەسلىدە ئۆلمىگەن، پەقەت مۇزلاپ قالغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يۈرەك ئويغاندى، سوقۇشقا باشلىدى. بىر ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن كۆكسۈمدە قايتىدىن تىرىلگەن يۈرەكنىڭ سوقۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم.

ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى گراف بولغۇسى سوقۇشۇشنىڭ كارتىنىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — بۇنداق جىگەرلىك ئايالنىڭ مەندەك ھاياتى كۈچكە تولۇپ تاشقان ئادەمنى سوغۇققانلىق بىلەن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرى ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئانىلىق مېھرىنىڭ تەلۋىلىكى بىلەن

ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى مۇمكىن ئەمەس! بەزى ياخشى
ئىشلار چېكىدىن ئېشىپ كەتسە يامانلىققا ئۆزگىرىپ كېتىشى
مۇمكىن. ياق، ئۇ، ئېھتىمال، قانداقتۇر بىر تەسىرلىك ئىشنى
كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان بولسا كېرەك. ئۇ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇ-
رىمىزغا كىرىۋېلىپ، كېلىشتۈرۈشنى ئويلىغان بولسا كېرەك. ھال-
بۇكى، بۇ ئۆيدە شۇنچە تەسىرلىك بولغان گەپلەرنى سوقۇشۇش
مەيدانىدا قىلسا كۈلكىلىك ئىش بولمامدۇ.

شۇ گەپلەرنى قىلغاندا گرافنىڭ گويا غۇرۇرى ھاقارەت-
لىنىپ، يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

— كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ، — دېدى ئۇ تەكرارلاپ، —
مەن كۈلكىگە قالىمەن... كۈلكىگە قالىمەن! ياق، ئۇنداق بولۇش-
تىن ئۆلۈم ئەۋزەل!

ئېرىسىدىسكە ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە ۋەدە
بېرىپ، ئۆزىنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرگە قالىدىغانلىقىنى ئەنە
شۇ خىلدىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز پەرەزلەر بىلەن كۆز ئالدىغا كەل-
تۈرگەن گراف ئۆز - ئۆزىگە يەنە سۆزلىدى:

— ئەخمەقلىق، ئەخمەقلىق، ئەخمەقلىق! ئاشۇ بالىنىڭ
تاپانچىسىغا ھەرىكەتسىز نىشان بولۇپ تۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق
ئالىيجانابلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇش ئەخمەقلىق بولماي
نېمە! مېنىڭ ئۆزۈمنى قۇربان قىلغانلىقىمغا ئۇ ھەرگىزمۇ ئىشەن-
مەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۆز نامىمنىڭ شەرىپىنى ساقلاپ قېلىشىم
كېرەك. بۇ، ئەلۋەتتە ئابرويپەرەسلىك ئەمەس، بەلكى ھەققانىي غۇرۇر...
نامىمنىڭ شەرىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇ نەرسە ئايان
بولۇشى لازىمكى، زەربە بېرىشكە كۆتۈرۈلگەن قولۇمنى ئۆز ئىخ-
تىيارىم بىلەن، ھېچكىم زورلىمىغان شارائىتتا قايتۇرۇۋالغانلىقىمنى
ۋە باشقىلار ئۈچۈن شۇنچە دەھشەتلىك بولغان مۇشۇ قولۇم
بىلەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرگەنلىكىمنى كىشىلەر بىلىپ قالسۇن. شۇن-
داق بولۇشى زۆرۈر ۋە چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.



ئۇ، قولىغا قەلەم ئالدى ۋە ئىش ئۈستىلىنىڭ مەخپىي
ئارتىمىسىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقاردى. بۇ، ئۇنىڭ پارىژغا
كەلگەندىن كېيىن يېزىپ قويغان ۋەسىيەتنامىسى ئىدى. ئۇ،
ئاشۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ يەنە خەت يازدى. بۇ
قوشۇمچە خەتتىن ھەتتا ئەڭ پەمسىز كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈشى-
دىكى ھەققىي سەۋەبنى چۈشىنەۋالالايتتى.

— پەرۋەردىگارىم، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قا-
رىتىپ، — مەن بۇ ئىشنى ھەم ئۆزۈم ئۈچۈن، ھەم سەن
ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن. ئون يىل جەريانىدا مەن ئۆزۈمنى سېنىڭ
جازا قورالىڭ دەپ ھېسابلاپ كەلگەنىدىم. ئەمدى ئاشۇ مورسېر،
دانگلار، ۋىلفور دېگەنلەردىن باشقا مۇناپىقلارمۇ ۋە ئالبېر
ئۆزىمۇ «تەلىيىمىز ئوڭىدىن كېلىپ قالغاچقا قۇتۇلۇپ قالدۇق»
دەپ ئويلاپ قېلىشمىسۇن. ئۇلار شۇنى بىلىپ قويۇشسۇنكى، ئۇلار-
نى جازاغا تارتىش ئالدىدا تۇرغان تەقدىر پەقەت مېنىڭ ئىرا-
دەمنىڭ كۈچى بىلەنلا توختىتىپ قويۇلدى؛ ئۇلار بۇ يەردە جا-
زادىن قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا قۇتۇلال-
مايدۇ، بۇ دۇنيادىكى ۋاقىتلىق ئازابتىن قۇتۇلۇپ، ئۇ دۇنيادىكى
مەڭگۈلۈك ئازابقا تۇتۇلىدۇ.

گراف ئەنە شۇنداق قايغۇلۇق خىياللار بىلەن ئۇيقۇسى
قېچىپ، پەرىشان بولۇپ تۇرغاندا، دېرىزە ئەينەكلىرىدىن سۇبھى
نۇرى چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاشۇ سۆزلىرى يېزىلغان
كۆكۈش قەغەزنى يورۇتۇشقا باشلىدى.

ئەتىگەن سائەت بەش ئىدى.

ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا يېنىككىنە ئىڭرىغان سادا
ئاڭلاندى. بۇ سادا مونتې - كرىستوغا بىر كىشىنىڭ ئۇلۇغ -
كىچىك تىنىشىدەك تۇيۇلدى، ئۇ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۆپچۆرىسىگە
قارىغانىدى، ھېچكىمنى كۆرمىدى. بۇ سادا ئىككىنچى قېتىم

شۇ قەدەر ئېنىق ئاڭلاندىكى، بىر كىشىنىڭ چوڭقۇر تىنىق ئالغانلىقىدا شەك قالمىدى.

گراف ئورنىدىن تۇردى ۋە سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ، كىرىپلودا ئولتۇرغان گايدەنى كۆردى. ئۇنىڭ قوللىرى پەسكە ساڭگىلىغان، بېشى كەينىگە تاشلىنىپ گۈزەل رۇخسارى يۇقىرىغا قارىتىلغانىدى. ئۇ، گراف خانا ئىچىدىن چىققاندا ئۇنى كۆرسۇن دەپ كىرىپلونى ئىشىككە يېقىن قويۇپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۇيقۇ، ياشلىقنىڭ يېڭىپ بولماس ئۇيقۇسى ئۇزاققا سوزۇلغان بىدارلىقتىن كېيىن ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى.

مونتې - كرىستو ئىشىكنى ئاچقاندا ئۇ ئويغانمىدى. گراف ئۇنىڭغا سۆيۈنۈش ۋە كۆيۈنۈش بىلەن قارىدى.

— مېرسېدېس ئۆز ئوغلىنى يادىدىن چىقارمىدى، لېكىن مەن ئۆز قىزىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى.

ئۇ ھەسرەتلىنىپ بېشىنى چايقىدى.

— بىچارە گايدە، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ مېنى كۆرگۈسى كەپتۇ، مەن بىلەن سۆزلەشمەكچى بوپتۇ، چاتاق چىقىشىدىن گۇمانلىنىپ، مېنىڭدىن ئەنسىرەپتۇ... ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشماي كەتسەم بولمايدۇ، ئۇنى بىر كىشىگە تاپشۇرماي تۇرۇپ ئۆلسەم بولمايدۇ.

ئۇ يەنە ئاستا ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلدى ۋە بايىقى خېتىنىڭ تېگىگە تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدى:

«مېنىڭ سابىق خوجايىنىم، مارسېللىق كېمە سودىگىرى پيېر مورېلنىڭ ئوغلى ئاتلىق ئارمىيە كاپىتانى ماكسىمىلىئان مورېلغا 20 مىليون فرانكلىق كاپىتالىمنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن. بۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۇ سىڭ



لىسى ژيۇلى ۋە كۈيئوغلى ئېممانۇئېلغە بېرىشى كېرەك (ئەگەر بۇ پۇللار سىڭلىسى بىلەن كۈيئوغلىنىڭ بەختىگە زامىن بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنسە بەرسۇن). بۇ 20 مىليون فرانك مېنىڭ مونتې - كرىستو ئارىلىدىكى غارىمغا يوشۇرۇلغان. غارنىڭ كىرىش ئېغىزىنى بېرتۇچچو بىلىدۇ.

يانىنا پادىشاھى ئەلىنىڭ قىزى گايدەنى مەن مېھرىبان ئاتىسىدەك بېقىپ ئۆستۈردۈم، گايدەمۇ مېنى كۆيۈمچان قىزىدەك ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر ماكسىمىلىئاننىڭ قەلبىدە باشقا قىز بولمىسا ۋە گايدەگە ئۆيلىنىشنى لايىق تاپسا، مېنىڭ ئاداققى ئىرادەمنى ئەمەس، بەلكى ئاداققى ئارزۇيۇمنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

مەزكۇر ۋەسىيەتنامىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىن باشقا مۈلكۈمنىڭ ھەممىسىگە گايدە ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇ مۈلۈك — خۇسۇسىي زېمىنلىرىمنى، ئەنگلىيە ئاۋستىرىيە، ۋە گوللاندىيە دۆلەت بانكىلىرىدىكى پۇللىرىمنى، شۇنداقلا ئۆي - جايلىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى 20 مىليون فرانك ۋە خىزمەتكارلىرىمغا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان پۇللىرىمنى چىقىرىۋەتكەندە، گايدەگە قالغىنى تەخمىنەن 60 مىليون فرانك قىممىتىگە باراۋەر كېلىدۇ».

ئۇ ئاخىرقى قۇرنى يېزىپ پۈتتۈرگەندە ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا بىر كىشىنىڭ بوشقىنا ئاۋازىنى ئاڭلىدى - دە، قەلەم قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

— گايدە، — دېدى ئۇ، — بۇنى ئوقۇدۇڭمۇ؟

قول قىزنى ئۇنىڭ كۆزىگە چۈشكەن تاڭ نۇرى ئويغىتىۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇمشاق گىلەم ئۈستىدە شەپىسىز يېنىك قەدەملەر بىلەن مېڭىپ، گرافنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى.

— مېنىڭ خوجايىنىم، — دېدى ئۇ يالۋۇرغان سىياقتا قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، — بۇنى نېمە ئۈچۈن يازدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بالىلىقىڭنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرىسەن؟ مېنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇسەن؟

— ئۇزۇن سەپەرگە چىقىمەن، قىزىم، — دېدى مونتې - كرىستو چەكسىز قايغۇ ۋە مېھرى بىلەن. — ناۋادا مەن بىرەر ھادىسىگە يولۇقۇپ... — گراف سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي قويدى.

— ھە، شۇنداق بولسا نېمە بولىدۇ؟ — قىز شۇنداق كەسكىنلىك بىلەن سورىدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا ھېچقاچان بۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلەپ باقمىغانىدى.

— مەن قانداق ھادىسىگە يولۇقساممۇ قىزىمنىڭ بەختلىك بولۇشىنى خالايمەن، — دېدى مونتې - كرىستو.

گايدې ئەمكىن كۈلۈمسىرىدى - دە، بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلاۋاتامسەن، خوجايىنىم؟ — دېدى ئۇ.

— بىر دانىشمەن «ئۆلۈمنى ئويلاش نىجاتلىقنى ئويلاشقا باراۋەر» دېگەنىكەن، بالام.

— ئەگەر سەن ئۆلسەڭ، — دېدى قىز، — بايلىقلىرىڭنى باشقىلارغا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇر. چۈنكى، سەن ئۆلسەڭ... ماڭا ھېچقانداق بايلىقنىڭ لازىمى يوق.

ئۇ ۋەسىيەتنامىنى ئالدى - دە، پارچە - پارچە قىلىپ، يىرتىپ تاشلىۋەتتى. قوللارغا خاس بولمىغان بۇنداق ئاچچىقلىنىشتىن كېيىن ئۇ ھوشىدىن كېتىپ، گىلەمگە يىقىلدى.

مونتې - كرىستو ئېگىلىپ تۇرۇپ، قىزنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈردى ۋە ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن گۈزەل جامالىغا، يۇمۇلغان كۆزلىرى ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە، ھەرىكەتسىز، مادارسىز بەدىنىگە قاراپ، «ئۇنىڭ ماڭا بالىلىق مېھرىدىن باشقىچە مۇھەببىتى



بارمىدۇر؟» دېگەن ئويىنى تۇنجى قېتىم كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— كىم بىلسۇن، بەلكىم يەنە بەختلىك بولۇشۇم مۇمكىن بولغىيدى، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن.

ئۇ، تېخىچە ھوشىغا كەلمىگەن گايدەنى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ، دېدەكلەرگە تاپشۇردى. ئاندىن، بايىقى خانىغا قايتىپ كىرىپ، ئىشىكنى ئېتىۋالدى - دە، ۋەسىيەتنامىنى قايتىدىن يازدى. ئەمدىلا يېزىپ بولۇشىغا، ھويلىغا كەلگەن ھارۋىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مونتې - كرىستو دېرىزە يېنىغا كېلىپ، ماكسىمىلىئان بىلەن ئېمانۇئېلنى كۆردى.

— ياخشى، — دېدى ئۇ، — دەل ۋاقتىدا پۈتتۈردۈم.

ئۇ، ۋەسىيەتنامىنى ئۈچ يېرىدىن پېچەتلىدى.

بىر مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ سارايدا قەدەم تاۋۇشلىرىنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى ئاچتى، موررېل كىردى. ئۇ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن 20 مىنۇت بالدۇر كەلگەنىدى.

سەل بالدۇر كېلىپ قالدىمغۇ دەيمەن، گراف، — دېدى ئۇ، — راستىنى ئېيتسام، كېچىچە بىر مىنۇتمۇ ئۇخلىمىدىم، ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇخلىمىدى. ئېسىمنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن سىزنى، سىزنىڭ ئۆز - ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەن ھالدىكى تەمكىنلىكىڭىزنى كۆرۈشكە ئالدىرىدىم.

مونتې - كرىستو بۇ سەمىمىي دوستلۇق ئىپادىسىدىن تەسىرلەندى ۋە ماكسىمىلىئانغا قولىنى ئۇزىتىش ئورنىغا ئۇنى قۇچاقلىدى.

— موررېل، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن مەن ئۈچۈن قۇتلۇق بىر كۈن بولدى، چۈنكى سىزدەك بىر ئادەمنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ياخشىمۇسىز، ئېمانۇئېل. شۇنداق قىلىپ، ماڭا ھەمراھ بولامسىلەر، ماكسىمىلىئان؟

— ئەلۋەتتە! بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولامدۇ؟

— بىراق، گۇناھ مەندە بولسا...

— مەن تۈنۈگۈنكى ۋەقەنى كۆردۈمغۇ. سىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئېغىر بېسىقلىقىڭىز كېچىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. مەن ئۆز ئۆيىمدە شۇنداق دېدىمكى، ئادەمنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىسىگە ئىشىنىشكە بولسا، سىزدە گۇناھ يوق.

— لېكىن، ئالبېر سىزنىڭ دوستىڭىز ئەمەسمۇ.

— ئادەتتىكى تونۇشۇم.

— مەن بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن كۈنىڭىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانمىدىڭىز؟

— ھە، شۇنداق. بۇنى سىز تىلغا ئالمىسىڭىز، ئېسىمدىنمۇ چىقىپ كېتىپتىكەن.

— تەشەككۈر سىزگە، موررېل.

گراف قوڭغۇراقنى بىر ئۇردى.

— مۇنۇ لېپاپنى مېنىڭ نوتارىئۇسىمغا ئەۋەتىپ بەر، — دېدى ئۇ دەرھال يېتىپ كىرگەن ئەلچىگە، — بۇ مېنىڭ ۋەسىيەتنامەم، موررېل. مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولىسىز.

— ئۆلگەندىن كېيىن دەمسىز؟ — دەپ خىتاب قىلدى موررېل، — بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ھەر خىل ئېھتىماللارنى ھېسابقا ئېلىش كېرەك، دوستۇم، ھە، ئاخشام بىز ئايرىلغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— تورتونىغا باردىم، ئويلىغىنىمدەك، بوشان بىلەن شاتورېنو شۇ يەردە ئىكەن. ئۇلارنى ئىزدەپ ئاران تاپتىم.

— شەرتلەرنى كېلىشىپ بولغان تۇرساق، ئۇلارنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

— گراف، دۇئېل دېگەن جىددىي ئىش، ئۇنىڭدىن باش تارتىشقا بولمايدۇ.

— مېنى باش تارتىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟



— ياق. سىز كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا ھاقارەتلەندىڭىز، ھازىر ھەممە خەقنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ؟

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن يەنە نېمە گەپ؟

— مەن قورال تۈرىنى ئۆزگەرتىشكە، تاپانچىنىڭ ئورنىغا قىلىچ ئىشلىتىشكە ئۇلارنى ماقۇل كەلتۈرمەكچى بولدۇم، ئوق دېگەننىڭ كۆزى يوق.

— ئۇلار ماقۇل بولدىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى مونتې - كرىستو. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى پەيدا بولغانىدى.

— ئۇلار ئۇنىمىدى، چۈنكى ئۇلار سىزنىڭ قىلىچ ئىشلىتىشتىكى ماھارىتىڭىزنى بىلىدۇ.

— مۇنداق دەڭ! بۇ مەخپىيەتلىكىمنى ئۇلارغا كىم ئېيتىپ قويۇپتۇ؟

— قىلىچۋازلىق ئۇستازلىرى. سىز ئۇلارنى بېسىپ چۈشكەن ئىكەنسىز.

— دېمەك، ئۇلارنى ماقۇل كەلتۈرەلمەپسىز - دە؟

— قەتئىي ئۇنىمىدى.

— موررېل، — دېدى گراف، — سىز مېنىڭ تاپانچا ئېتىشىمنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە كۆرۈپ بېقىڭ، ۋاقتىمىز يېتىدۇ.

مونتې - كرىستو مېرسېدېس كىرگەندە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ھېلىقى تاپانچىنى ئالدى ۋە قارتىلار ئىچىدىن غىچىنىڭ تۈزىنى تاللاپ ئېلىپ، ئۇنى تاختىغا چاپلاپ قويدى - دە، كەينى - كەينىدىن تۆت پاي ئوق ئېتىپ، چىتىرنىڭ ئۈچ ياپرىقىنى ۋە ئايىغىنى چىقاردى.

ھەربىر ئوق ئېتىلغاندا موررېلنىڭ چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ مونتې - كرىستونىڭ كارامىتىنى

نامايان قىلغان ئوقلارنى كۆرۈپ باقتى. بۇ ئوقلارنىڭ چوڭلۇقى يىرىك پىستىلاردىن ئارتۇق ئەمەس ئىدى.

— بۇ نېمىدېگەن كارامەت، — دېدى ئۇ، — قاراپ بېقىڭا، ئېممانۇئېل!

ئاندىن ئۇ مونتې - كرىستوغا بۇرۇلدى.

— گراف، — دېدى ئۇ، — خۇدا ھەققى، ئالبېرنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭ! ئۇ بىچارىنىڭ ئانىسى بار ئەمەسمۇ!

— توغرا، — دېدى مونتې - كرىستو، — لېكىن مېنىڭ ئانام يوق.

بۇ سۆزلەر شۇ قەدەر غەلىتە ئاھاڭدا ئېيتىلدىكى، موررېلنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ھاقارەتلەنگۈچى سىزغۇ.

— ئەلۋەتتە، بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى بولىسىز؟

— دېمەك، ئالدى بىلەن سىز ئاتىسىز.

— مەن ئاۋۋال ئاتامدىم؟

— ھەئە، ئۇلارنى شۇنىڭغا ماقۇل كەلتۈردۈم ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇلاردىن شۇنى تەلەپ قىلدىم. بىز ئۇلارغا كۆپ يول قويدۇق. شۇڭا، ئۇلارمۇ ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

— ئېتىشىش ئارىلىقى قانچىلىك بولىدۇ؟

— 20 قەدەم.

گرافنىڭ لەۋلىرىدە قورقۇنچلۇق كۈلۈمسىرەش ئىپادىلەندى.

— موررېل، — دېدى ئۇ، — ھازىر كۆرگىنىڭىزنى ئۇنۇتۇپ قالماڭ.

— ئەمدى ئالبېرنىڭ ئامان قېلىشى پەقەت سىزنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىشىڭىزگىلا باغلىق بولۇپ قالدى.

— ھاياجانلىنىش؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.



— ياكى مەردلىكىڭىزگە باغلىق بولىدۇ، دوستۇم. ئاتقان ئوقىڭىزنىڭ زايە كەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، سىزگە شۇنداق دېيەلەيمەنكى، باشقا ئادەمگە بۇنداق گەپلەرنى قىلىش كۈلكىلىك بولار ئىدى.

— قانداق گەپ؟

— ئوقنى ئۇنىڭ قولىغا ياكى باشقا بىر يېرىگە تەگكۈزۈڭ، لېكىن ئۆلتۈرمەڭ.

— گېپىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ، موررېل، — دېدى گراف، — مورسېرنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە ماڭا گەپ قىلىشىڭىز ھاجەتسىز، مورسېر ئۆلمەيدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ دوستلىرى بىلەن بىللە ئۆيىگە بىمالال قايتىپ كېتىدۇ. مەن بولسام...

— ھە، سىزچۇ؟

— بۇ باشقا گەپ، مېنى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ مېڭىشىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز، گراف! — دەپ ۋارقىرىدى موررېل ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا.

— شۇنداق، قەدىرلىك موررېل. مورسېر مېنى ئۆلتۈرىدۇ.

موررېل گرافقا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قارىدى.

— گراف، ئاخشام بىر ئىش بولغانمىدى؟

— فىلىپ جېڭىنىڭ ئالدىنقى كېچىسى بىرۇت دۇچ كەلگەن ئىش مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەلدى. مەن خىزىرنى كۆردۈم.

— شۇنىڭ بىلەن؟...

— شۇنىڭ بىلەن، خىزىر ماڭا «بۇ دۇنيادا يېتەرلىك ياشىدىڭ» دېگەن گەپنى قىلدى.

ماكسىمىلىئان بىلەن ئېممانۇئېل بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. مونتې - كرىستو سائىتىنى چىقاردى.

— ماڭايلى، — دېدى ئۇ، — سائەت يەتتىدىن بەش

مىنۇت ئۆتۈپتۇ. دۈئىل توپتوغرا سائەت سەككىزگە بەلگىلەنگەن.

كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مونتې - كرىستو بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدى. ماكسىمىلىئان بىلەن ئېممانۇئېل ئەدەب يۈزىسىدىن ئۆتۈپ كېتىشتى. بۇ چاغدا ئۇلار بىر كىمنىڭ يىغا ئاۋازىنى ۋە گرافنىڭ ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئات - هارۋا تەييارلاپ قويۇلغانىدى. مونتې - كرىستو ئۆزىنىڭ سېكۇنداتلىرى بىلەن بىللە هارۋىغا ئولتۇردى. ئۇلار دەل سائەت سەككىزگە ئۈلگۈرۈپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ كېلىشتى.

— بىز بالدۇر كەپتۇق، — دېدى موررېل پەيتۇننىڭ پەنجىرىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ.

— ئەپۇ قىلىڭ، تەقسىر، — خوجايىنغا هەمراھ بولۇپ كەلگەن باتىستېن سۆزگە ئارىلاشتى، — ئەنە ئاۋۇ دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە بىر هارۋا تۇرغاندەك قىلىدۇ.

مونتې - كرىستو پەيتۇندىن ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئېممانۇئېل بىلەن ماكسىمىلىئاننىڭ چۈشۈشىگە هەمكارلىشىپ، ئۇلارغا قولىنى بەردى. ماكسىمىلىئان گرافنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي تۇتۇۋالدى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئۇ، — ئۆزىدە گۇناھ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، خاتىرجەملىك بىلەن هاياتىنى تەۋەككۈلگە قويغان ئادەمنىڭ قولى مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك.

— دەرۋەقە، — دېدى ئېممانۇئېل، — ئەنە ئاۋۇ يەردە ئىككى يىگىت ئايلىنىپ يۈرىدۇ. كىمنىدۇر كۈتۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ.

مونتې - كرىستو موررېلنى بىرنەچچە قەدەم نېرىغا باشلاپ باردى.

— ماكسىمىلىئان، — دەپ سورىدى ئۇ، — سىزنىڭ سۆيگۈنىڭىز بارمۇ؟



موررېل مونتې - كرىستوغا هەيران بولۇپ قارىدى.

— تەپسىلىي سۆزلەشكە قىستىمايمەن، قەدىرلىك دوستۇم. يا «بار»، يا «يوق» دېسىڭىزلا بولدى. سىزدىن سورايدىغىنىم شۇ.

— سۆيگۈنۈم بار، گراف.

— ئۇنى بەك ياخشى كۆرەمسىز؟

— جېنىمدىن ئارتۇق كۆرىمەن.

— يەنە بىر ئۈمىدىم يوققا چىقتى، — دېدى مونتې - كرىستو ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بىچارە گايدە!

— گراف، — دەپ خىتاب قىلدى موررېل، — ناۋادا مەن سىز بىلەن ئوبدان تونۇشمىغان بولسام، سىزنى قورقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىم مۇمكىنىدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ بىر قەدىرلىك ئادىمىمدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنسام شۇنداق دەپ ئويلامسىز؟ سىز جەڭچى، موررېل، سىز باتۇرلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشىڭىز كېرەك. مەن ئۆز جېنىمنى ئويلاۋاتمايمەن. مەن 20 يىللىق ئۆمرۈمنى هايات بىلەن ماماتنىڭ ئارىلىقىدا ئۆتكۈزدۈم. ئەمدى ئۆلسەم مەيلى ئەمەسمۇ. مالال بولماڭ، موررېل، ئەگەر بۇنى ئاجىزلىق دېيىشكە بولسا، بۇ ئاجىزلىقنى يالغۇز سىزلا كۆردىڭىز. مەن شۇنى بىلىمەنكى، بۇ دۇنيا گويا بىر مېهمانخانىغا ئوخشايدۇ. بۇ مېهمانخانىدىن ئىززىتىنى ساقلاپ، ئەدەب بىلەن خوشلىشىپ، قەرزلەرنى تۆلەپ چىقىپ كېتىشنى بىلىش كېرەك،

— بارىكاللا، — دېدى موررېل، — بۇ بەك ئورۇنلۇق گەپ بولدى. ھە، تاپانچىڭىزنى ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ؟

— مەنمۇ؟ ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە هاجىتى؟ ئاۋۇ جانابلار تاپانچا ئېلىپ كەلگەندۇر.

— بېرىپ ئۇقۇپ باقاي، — دېدى موررېل.

— ماقۇل، بىراق شۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلماڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ.

مورىبىل شاتو - رېنو بىلەن بوشاننىڭ ئالدىغا مېڭىپ كەتتى. ئۇلار ئىككىسى مورىبىلنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم ماڭدى. يىگىتلەر ئۆزئارا تەزىم قىلىشتى. ئۇلارنىڭ سالاملىشىشى دوستانە كەيپىياتتا بولمىغان ھالەتتىمۇ، ئەدەب - قائىدىلىك بولدى.

— ئەپۇ قىلىڭلار، جانابلار، — دېدى مورىبىل، — لېكىن مەن مورسېر ئەپەندىنى كۆرمەيۋاتىمەنغۇ.

— ئۇ، بۈگۈن سەھەردە ئادەم ئەۋەتىپ، بىز بىلەن دۇئېل مەيدانىدا كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى، — دېدى شاتو - رېنو.

— ھە، مۇنداق ئىكەن - دە، — دەپ قويدى مورىبىل.

بوشان سائىتىگە قارىدى.

— سەككىزدىن بەش مىنۇت ئۆتتى. بۇنى تېخى كېچىكتى دېيىشكە بولمايدۇ، مورىبىل ئەپەندى، — دېدى ئۇ.

— مەنمۇ ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدىم، — دېدى ماكسىمىلىئان.

— ھە، مانا، پەيتون كېلىۋاتىدۇ، — ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى شاتو - رېنو.

ئۇلار تۇرغان جايغا كېلىدىغان يوللارنىڭ بىرىدە بىر ھارۋا تېز كېلىۋاتاتتى.

— جانابلار، — دېدى مورىبىل، — سىلەر تاپانچا ئالغاچ كەلگەنسىلەر؟ گراف مونتې - كرىستو ماڭا ئۆزىنىڭ تاپانچىسىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئېيتتى.

— بىزمۇ شۇنداق بولۇشنى ئويلىغانىدۇق، — دېدى بوشان، — شۇڭا، مەن كېرەك بولۇپ قالار دەپ ئۆتكەن ھەپتىدە سېتىۋالغان تاپانچىلىرىمنى ئېلىپ كەلدىم. بۇ تاپانچىلار



يېڭى، تېخى بىر قېتىممۇ ئىشلىتىلمىگەن. كۆرۈپ باقامسىز؟

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا، — دېدى مورىبىل تەزىم قىلىپ، — مورسېر ئەپەندى بۇ تاپانچىلارنى ئىشلىتىپ باقماپتۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەلۋەتتە، سىزنىڭ ئېيتقان سۆزىڭىز يېتەرلىك.

— جانابلار، — دېدى شاتو - رېنو، — مورسېر كەلمەپتۇ. قاراڭلار!

دەرۋەقە ئۇلارنىڭ ئالدىغا فرانس بىلەن دېبرې كېلىۋاتاتتى.

— جانابلار، سىلەر قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭلار؟ — دېدى شاتو - رېنو ئۇلارنىڭ قولىنى قىسىپ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدۇقكى، — دېدى دېبرې، — بۈگۈن سەھەردە ئالبېر بىزنى بۇ يەرگە كېلىشكە چاقىرغانىدى.

بوشان بىلەن شاتو - رېنو ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قارىدى.

— جانابلار، — دېدى مورىبىل، — بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىۋاتقاندەك قىلىمەن.

— قېنى ئېيتىپ بېقىڭا.

— مەن تۈنۈگۈن كۈندۈزى مورسېر ئەپەندىنىڭ مېنى كەچتە ئوپېراغا چاقىرىپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغانىدىم.

— ئۇنداق خەتنى مەنمۇ ئالغان، — دېدى دېبرې.

— مەنمۇ ئالغان، — دېدى فرانس.

— بىزمۇ ئالغان، — دېيىشتى بوشان بىلەن شاتو - رېنو

— ئۇ، ئۆزىنىڭ دۇئېلغا چاقىرىشىغا سىلەرنى شاھىت قىلماقچى بولغان، — دېدى مورىبىل، — ئەمدى سىلەرنى دۇئېلنى كۆرۈشكە چاقىرىپتۇ.

— شۇنداق، — دېيىشتى يىگىتلەر، — سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسا، مورىبىل ئەپەندى.

— بىراق، ئالبېر ئۆزى كەلمەيۋاتىدىغۇ، — دەپ غودۇڭشىدى شاتو - رېنو، — ئۇ ھازىر ئون مىنۇت كېچىكتى.

— مانا، ئۇمۇ كەلدى، — دېدى بوشان، — ئات ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ. قاراڭلار، ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىر مالىيىمۇ بىللە كەپتۇ.

— ئېمىدىگەن بەڭباشلىق، — دېدى شاتو - رېنو، — تاپانچا ئېتىشىش ئالدىدىمۇ ئات مىنگەن بارمۇ! ئۇنىڭغا مۇنداق قىلماسلىقنى قايتا - قايتا جېكىلىگەنىدىم.

— قاراپ بېقىڭلا، — دېدى بوشان، — يەنە تېخى گالستۇك چىگىۋاپتۇ، چاپىنىنىڭ ئالدى ئوچۇق، ئاق كۆڭلەك. ئەمدى يەنە قورسىقىغا نىشان قىلىپ بىر چەمبەر سىزىۋالسا بوپتىكەن. شۇنداق قىلسا، ئوقنى تەككۈزۈش بەك ئاسان بولاتتى!

شۇ ئەسنادا ئالبېر ئۇلارغا ئون قەدەمچە يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ، ئاتنى توختىتىپ، يەرگە سەكرەپ چۈشتى - دە، تىزگىنىنى مالايغا تاشلاپ بەردى. ئۇنىڭ يۈزى تاتىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تۈن بويى ئۇخلىمىغانلىقى روشەن ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆزىگە خاس بولمىغان ھالدا جىددىي ۋە غەمكىن ئىدى.

— جانابلار، — دېدى ئۇ، — تەكلىپىمنى يەردە قويماي كەلگەنلىكىڭلار ئۈچۈن رەھمەت. مۇشۇنداق دوستلۇق ئىپادىسىنى كۆرسەتكىنىڭلاردىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن.

موررېل ئۇلاردىن يىراقتىراق تۇراتتى. ئۇ مورسېر كېلىشى بىلەنلا بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇرغانىدى.

— سىزگىمۇ رەھمەت، موررېل ئەپەندى، — دېدى ئالبېر، — يېقىنراق كەلسىڭىزچۇ، سىزمۇ بىزگە يات ئەمەس.

— تەقسىر، — دېدى ماكسىمىلىئان، — خەۋىرىڭىز بولمىسا كېرەك، مەن گراف مونتې - كرىستوغا سېكۇندات بولدۇم.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم. ئەمىسە تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ! بۇ يەردە پەزىلەتلىك كىشىلەر قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى.



— موررېل ئەپەندى، — دېدى شاتو - رېنو، — ئەمدى گراف مونتې - كرىستوغا مورسېر ئەپەندىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ قويسىڭىز بولىدۇ.

موررېل مېڭىش ئۈچۈن ئارقىغا بۇرۇلدى. بۇ چاغدا بوشان پەيتۇن ئىچىدىن تاپانچا سېلىنغان ساندۇقچىنى چىقىرىپ ئېلىۋاتاتتى.

— توختاڭلار، جانابلار، — دېدى ئالبېر، — مېنىڭ گراف مونتې - كرىستوغا ئېيتىدىغان ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار.

— ئايرىم سۆزلىشەمسىز؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— ياق، ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا سۆزلەيمەن.

ئالبېرنىڭ سېكۇنداتلىرى ئەجەبلىنىپ، بىر - بىرىگە قاراشتى. فرانس بىلەن دېبرې بوش ئاۋازدا ئۆزئارا بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋالدى. موررېل بولسا، ئېتىشىش ۋاقتىنىڭ كۈتۈلمىگەندە بۇنداق كەينىگە سۈرۈلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئېمانۇئېل بىلەن بىرلىكتە ئۇيان - بۇيانقا مېڭىپ يۈرگەن گرافنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئۇنىڭ ماڭا نېمە ئىشى بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— بىلمەيمەن، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار دەيدۇ.

— كىشىنى يەنە ھاقارەتلەپ، خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغىمىسۇن! — دېدى مونتې - كرىستو.

— ئۇنداق نىيىتى يوقتەك تۇرىدۇ، — دېدى موررېل.

گراف ماكسىمىلىئان ۋە ئېمانۇئېلنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالبېرنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئۇنىڭ خاتىرجەم ۋە تەمكىن چىرايى ئالبېرنىڭ ھاياجانغا تولغان چىرايىغا تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ئالبېرمۇ دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. بىر - بىرىگە ئۈچ قەدەم قالغاندا ئۇلار توختاشتى.

— جانابلار، — دېدى ئالبېر، — يېقىنراق كېلىڭلار.

مەن ھازىر گراف مونتې ـ كرىستوغا شەرەپ بىلەن ئېيتىدىغان گېپىمدىن بىر ئېغىز سۆزنىمۇ قالدۇرماي ئاڭلىشىڭلارنى خالايمەن. بۇ سۆزلىرىم سىلەرگە ھەرقانچە ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلسىمۇ، كېيىن بۇ ئىشنى بىلىشنى خالىغان ھەممە كىشىگە مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىشىڭلار كېرەك.

— سۆزلەڭ، تەقسىر، — دېدى مونتې ـ كرىستو.

— گراف، — دەپ سۆز باشلىدى ئالبېر. ئۇنىڭ ئاۋازى باشتا تىترەپ چىققان بولسىمۇ، سۆزلىگەنسېرى كۈچىيىپ باردى، — مەن سىزدىن مورسېر ئەپەندىنىڭ ئېپىردىكى ئىشىنى پاش قىلدى دەپ يامانلىغانىدىم، چۈنكى گراف مورسېر ھەرقانچە گۇناھ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى سىزنىڭ جازاغا تارتىش ھوقۇقىڭىز يوق دەپ ھېسابلايتتىم. ھالبۇكى، سىزنىڭ بۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىڭىزنى ئەمدى بىلدىم. فېرنان موندېگونىڭ ئەلى پاشاغا خائىنلىق قىلىپ، ئۆتكۈزگەن گۇناھى ئەمەس، بەلكى بېلىقچى فېرناننىڭ سىزگە سۇيىقەست قىلىپ ئۆتكۈزگەن گۇناھى ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان مىسلىسىز بەختسىزلىكلەر مېنىڭ سىزنى ئەيىبلەپ خاتا قىلغانلىقىمنى چۈشەندۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ گۇۋاھچىلىرىم ئالدىدا سىزگە شۇنى جاكالايمەنكى، تەقسىر، سىزنىڭ ئاتامدىن ئۆچ ئېلىشقا ھەققىڭىز بار. مەن، ئۇنىڭ ئوغلى، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر چارە قوللانمىغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمەن!

مۇبادا، بىر يەردە تۇرغانلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدە ئۇشتۇمتۇت چاقماق چېقىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئالبېرنىڭ بۇ سۆزلىرىدەك گاڭگىرىتىپ قويمىغان بولار ئىدى.

مونتې ـ كرىستو چەكسىز مىننەتدارلىق ئىپادىسى جىلۋىلەنگەن كۆزلىرىنى ئاستا ئاسمانغا قاراتتى. ئۇ، رىم قاراقچىلىرىنىڭ قولىدا شۇنچىلىك قەيسەرلىكىنى نامايان قىلغان مىجەزى ئىتتىك ئالبېرنىڭ كۈتۈلمىگەندە ئۆز غۇرۇرىنى مۇشۇنداق يەرگە ئۇرغا-



لىقىنى كۆرۈپ، نېمەدېيىشنى بىلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، بۇ ئىشتا مېرسېدېسنىڭ تەسىرى بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلماقچى بولغاندا مېرسېدېسنىڭ پەزىلەتلىك قەلبى نېمە ئۈچۈن بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلمىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى.

— تەقسىر، — دېدى يەنە ئالبېر، — سىزگە ئېيتقان ناماقۇللىقىمنى يېتەرلىك بولدى دەپ ھېسابلىسىڭىز ماڭا قولىڭىزنى بېرىڭ. سىزنىڭ پاكلىقىڭىز ۋە پەزىلىتىڭىزنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ خاتالىقىمنى تونۇشنى ئەڭ زور پەزىلەت دەپ ھېسابلىدىم. خاتالىقىمنى ئېتىراپ قىلىش — شەخسەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىم. مەن بۇرۇن مەسىلىگە ئىنسانلار كۆزى بىلەن قارىغانلىقىم ئۈچۈن قىلغان ئىشىمنى توغرا دەپ بىلگەنىدىم. لېكىن سىز، سىز تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلغانىكەنسىز. بىزنى پەقەت پەرىشتىلا ئۆلۈمدىن توسۇپ قالالايتتى. مانا ئەمدى ئاشۇ پەرىشتە يەرگە چۈشتى. توغرا، ئۇ پەرىشتە بىزنى دوست قىلالمايدۇ. بىزنىڭ ئەمدى دوست بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، بىر ـ بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قالايلى.

مونتې ـ كرىستو كۆزلىرىگە ياش تولغان ھالدا ئېغىر نەپەس ئېلىپ، ئالبېرغا قولىنى ئۇزاتتى. ئالبېر ئۇنى گويا ئەۋلىيادەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىستى.

— جانابلار، — دېدى ئۇ، — گراف مونتې ـ كرىستو مېنىڭ ناماقۇللىقىمنى قوبۇل قىلدى. مەن ئۇنىڭغا يېنىكلىك قىلىپ قويغانىكەنمەن. يېنىكلىك ياخشىلىققا باشلىمايدۇ. مېنىڭ قىلغىنىم خاتا بوپتۇ. مانا ئەمدى ئۆز خاتالىقىمنى يۇيۇپ تاشلىدىم. ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى قورقۇنچاق دەپ ئاتىماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋەھالەنكى، مېنىڭ بۇ ئىشىمنى كىشىلەر خاتا چۈشىنىپ قالسا، —

دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، گويياكى بارلىق دوست ۋە رەقىبلەرنى ئاگاھلاندۇرغاندەك بېشىنى مەغرۇرلۇق بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىمەن.

— بۇگۈن كېچىدە نېمە ئىش بولۇپ ئۆتكەندۇر؟ — دەپ سورىدى بوشان شاتو - رېنودىن، — مېنىڭچە، بىز بۇ يەردە بەك ئۇسال ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇق.

— دەرۋەقە، ئالبېرنىڭ قىلغىنى يا تولىمۇ پەسكەشلىك، يا بەك ئالىيجانابلىق بولدى، — دەپ جاۋاب قايتۇردى بارون.

— بۇ قانداق گەپ بولغىنى؟ — دېدى دېبرې فرانسقا، — گراف مونتې - كرىستو مورسېرنىڭ شەرەپلىك نامىنى يوققا چىقارغان تۇرسا، مورسېرنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ قىلىقىنى توغرا دەيدىغۇ! ئاۋادا مېنىڭ ئائىلەمدە بۇنداق يامان ۋەقەسى ئون قېتىم يۈز بەرسە، ئون قېتىم سوقۇشقان بولاتتىم.

مونتې - كرىستو بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قوللىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ، 24 يىللىق ئەسلىمىلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچىيىپ، ئالبېرنىمۇ، بوشاننىمۇ، شاتو - رېنونىمۇ ۋە بۇ يەردىكى باشقىلارنىمۇ ئويلىمىدى. ئۇ، باتۇر ئايالنى ئويلايتتى. ئۇ ئايال ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، ئوغلىنى ئۆلتۈرمەسلىكنى ئۆتۈنگەن؛ گراف ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقا ۋەدە بەرگەن؛ ئەمدى ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ئائىلە مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش بەدىلىگە ئۇنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قالغانىدى. بۇ مەخپىيەتلىك، ئېھتىمال، ئالبېرنىڭ پەرزەنتلىك مېھرىنى مەڭگۈلۈككە يوق قىلغاندۇر.

— بۇ يەنىلا تەڭرىنىڭ ئىرادىسى! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — شۇنداق، مېنى تەڭرى بۇ يولغا سالغانلىقىغا بۈگۈن ھەقىقىي ئىشەندىم!



## سەككىزىنچى باب

# ئانا ۋە ئوغۇل

گراف مونتې - كرىستو غەمكىن ۋە سالاپەتلىك تەبەسسۇم بىلەن تەزىم قىلىپ، يىگىتلەر بىلەن خوشلاشتى - دە، ماكسىملىئان ۋە ئېممانۇئېل بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ پەيتۇنىغا ئولتۇردى.

ئالبېر، بوشان ۋە شاتو - رېنو دۇئېل مەيدانىدا يالغۇز قېلىشتى. ئالبېر ئۆز سېكۇندانتلىرىغا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا گەرچە قورققانلىق ئالامىتى ئىپادىلەنمىگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەگە قارىتا ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىنى بىلمەكچى بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بىرىنچى بولۇپ، بوشان سۆز ئاچتى. ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا كۆڭلى يۇمشاق بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى مىجەزى تۈز بولغىنى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ، مۇنداق دېدى:

— تەبرىكلەيمەن، قەدىرلىك دوستۇم، بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقە كۆتۈلمىگەندە ئەجەب ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ بولدى.

ئالبېر گەپ قىلمىدى. شاتو - رېنو ئۆزىنىڭ ئىنچىكە ھاسا تايىقىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىسىغا ئۇرۇپ ئويناپ تۇراتتى.

— قايتمايلىمۇ، — دېدى ئۇ ئاخىرى بۇ قولايسىز سۈكۈناتنى بۇزۇپ.

— ماقۇل، — دېدى بوشان، — ئالدى بىلەن مورسېرغا ئاپىرىن ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ. ئۇ بۈگۈن مەردلەرچە كەڭ

قورساقلىق قىلدى... بۇنداق كەڭ قورساقلىق بىزنىڭ دەۋرىمىزدە كەم ئۇچرايدۇ!

— شۇنداق، — دېدى شاتو - رېنو.

— شۇ قەدەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ھەقىقەتەن كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ، — دېدى يەنە بوشان.

— ئەلۋەتتە. ھەر ھالدا مەن بولسام ئۆزۈمنى ئۇنداق تۇتۇۋالالماس ئىدىم، — دېدى شاتو - رېنو سوغۇق تەلەپپۇزدا ئىككى بىسلىق قىلىپ.

— جانابلار، — دېدى ئالبېر، — قارىغاندا سىلەر گراف مونتې - كرىستو بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك بىر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەنمىگەندەك قىلىسىلەر...

— ياق، ياق ئۇنداق ئەمەس، — دېدى بوشان، — لېكىن بەزى غەيۋەتخورلار سىزنىڭ بۇنداق قەھرىمانلىقىڭىزنى توغرا چۈشەنمەي قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى بۇ ئىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز. ھەتتا شۇ قەدەر جىددىيلىشىپ قېلىشىڭىز مۇمكىنكى، بۇ سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزگە دەخلى يەتكۈزۈشى مۇمكىن. سىزگە دوستانە مەسلىھەت بېرەيمۇ؟ سىز ئەمدى نېئاپول، گائاگا ياكى پېتېربۇرگدەك بىر يەرگە كېتىڭ. ۋىجدان مەسىلىسىگە بىزنىڭ ھاماقەت پارىژلىقلىرىمىزدىن ئاقىلانىرەك قارايدىغان، تىنچراق بىر يەرگە بېرىپ ماكانلىشىۋېلىڭ. ئاندىن، تاپانچا ئېتىش ۋە قىلىچۋازلىق قىلىشنى ئوبدانراق ئۆگىنىۋېلىڭ. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يەردىكىلەر سىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ. قانچىكى جەڭگىۋارلىق ماھارىتىڭىزنىڭ داڭقى پارىژغا يېتىپ كەلسە، شۇ چاغدا فرانسىيەگە تىنچىقىنا قايتىپ كېلەرسىز. سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق، شاتو - رېنو؟



— سىزنىڭ پىكرىڭىزگە تامامەن قوشۇلىمەن، — دېدى بارون، — ئادەتتە، ئەمەلگە ئاشمىغان دۇئېلدىن كېيىن ناھايىتى جىددىي دۇئېللار يۈز بېرىدۇ.

— تەشەككۈر، سىلەرگە، جانابلار، — سوغۇق ئاھاڭدا جاۋاب قايتۇردى ئالبېر، — سىلەرنىڭ مەسلىھەتلىرىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن. بۇ مەسلىھەتلەرنى سىلەر بەرگىنىڭلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈم فرانسىيەدىن كېتىشنى قارار قىلغىنىم ئۈچۈن قوبۇل قىلىدىم. شۇنداقلا، سىلەرنىڭ ماڭا سېكۇندانت بولغىنىڭلار ئۈچۈنمۇ تەشەككۈر ئېيتىمەن. بۇ ئىشلارنى قانچىلىك يۇقىرى باھالىغانلىقىمنى ئۆزۈڭلار ئويلاپ كۆرۈڭلار، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ مۇشۇ گېپىڭلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ پەقەت ماڭا سېكۇندانت بولغىنىڭلارنىڭلا يۈز خاتىرىسىنى قىلىۋاتىمەن.

شاتو - رېنو بىلەن بوشان بىر - بىرىگە قاراشتى. ئالبېرنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش تەسىر قىلدى. ئۇ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ. بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا ئاۋازى شۇنداق كەسكىنلىك بىلەن جاراڭلىدىكى، ئەگەر بۇ سۆھبەت يەنە داۋاملاشقان بولسا، ئۇچىلىسى قولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولار ئىدى.

— خەير - خوش، ئالبېر! — دېدى بوشان ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى. لېكىن ئالبېر چوڭقۇر خىيالغا كەتكەندەك كۆرۈنەتتى: ھەر ھالدا ئۇ، بوشاننىڭ ئۇزىتىلغان قولىنى كۆرمىگەندەك تۇراتتى.

— خوش، — دېدى شاتو - رېنو ۋە ھاسا تايىقىنى سول قولىغا ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن خوشلىشىش ئىشارىسى قىلدى.

— خوش! — دېدى ئالبېر چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بېسىۋېلىنغان غەزەپ، نەپرەت، رەنجىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئىككى سېكۇنداتى ھارۋىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قال-
غاندىن كېيىن ئۇ يەنە بىر ئەسناغىچە شۈك تۇردى. ئاندىن
شىددەتلىك ھەرىكەت قىلىپ، مالىيى دەرەخقە باغلاپ قويغان
ئاتنى يېشىۋالدى - دە، بىر سەكرەپ ئېگەرگە مىندى ۋە
پارىژ تەرەپكە چېپىپ كەتتى. چارەك سائەتتىن كېيىن ئۇ ئېلدىر
كوچىسىدىكى ھويلىغا كىردى.
ئۇ ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندا دېرىزە پەردىسىنىڭ كەينىدە تۇر-
غان گراف مورسېرنىڭ ئاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ قالدى
ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، تەتۈر قارىۋالدى - دە، ئۆزىنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.
ئۇ بوسۇغىدا توختىدى ۋە باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ
ئۇنىڭغا ھۇزۇر بېغىشلاپ كەلگەن ئۆي بىساتىغا ئاداققى نەزەرى-
نى تاشلىدى. تاملاردىكى رەسىملەرگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم
قارىدى. رەسىملەردىكى ئادەملەر گويا ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراۋات-
قاندەك، سىزما مەنزىرىلەر گويا تەبىئىي رەڭ ئالغاندەك
كۆرۈنۈپ كەتتى.
ئاندىن ئۇ، دۇب ياغىچىدىن ياسىلىپ ئالتۇن رەڭدە ھەل
بېرىلگەن رامكىدىن ئانىسىنىڭ سۈرىتىنى چىقىرىۋالدى ۋە
ئۇنى كانايچە قىلىپ يۆگىدى.
شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تۈركىيىدە ياسالغان زىننەت-
لىك قىلىچىنى، ئەنگلىيىدە ياسالغان ئېسىل مىلتىقلىرىنى،
ياپونىيە چىنىلىرىنى، كۈمۈش قاچىلىرىنى، فېشىر ۋە بارىنىڭ
ئىمزالىرى چېكىلگەن مىس ھەيكەللىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى؛
ئىشكاپلارنى قاراپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇلۇپلىدى؛
يانچۇقىدىكى پۇللىرىنى ۋە قاچا، قۇتا، تاكچىلاردا تولۇپ ياتقان
قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى شىرەنىڭ تارتمىسىغا سالدى ۋە شۇ
تارتمىنى ئوچۇق قويدى، بۇلارنىڭ ئېنىق تىزىمىنى يازدى ۋە



تىزىملىكنى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئورۇندا تۇرغان بىر شىرەلىك
ئۈستىگە قويۇپ، شىرە ئۈستىدىكى دۆۋىلىنىپ ياتقان كىتاب ۋە
قەغەزلەرنى ئېلىۋەتتى.
ئۇ، شۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا ئۇنىڭ
مەھرىمى كىردى.
— نېمە ئىشىڭىز بار؟ — سورىدى ئالبېر ھەسرەت-
نادامەتنى ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئاھاڭدا.
— ئەپۇ قىلىڭ، تەقسىر، — دېدى مەھرەم، — مېنىڭ
بۇ يەرگە كىرمەسلىكىمنى ئېيتقانىدىڭىز، بىراق مېنى گراف مورسېر
چاقىرىۋاتىدۇ.
— چاقىرسا نېمە بوپتۇ؟ — سورىدى ئالبېر.
— سىزنىڭ رۇخسىتىڭىزنى ئالماي تۇرۇپ، گرافنىڭ
ئالدىغا كىرىشكە پېتىنالمىدىم.
— نېمىشقا؟
— گراف مېنىڭ سىز بىلەن بىللە دۇئېلغا بارغىنىمنى
بىلىدىغان بولسا كېرەك.
— ئېھتىمال، — دېدى ئالبېر.
— ئۇ مېنى ئۇ يەردە نېمە بولغانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن
چاقىردى بولغاي. ئۇنىڭغا نېمە دېسەم بولىدۇ؟
— راستىنى ئېيتىڭ.
— دۇئېل ئەمەلگە ئاشمىدى دەمدىم؟
— مېنىڭ گراف مونتې - كرىستوغا ناماقۇل بولغىنىمنى
ئېيتىڭ. مېڭىڭ.
مەھرەم تەزىم قىلىپ، چىقىپ كەتتى.
ئالبېر يەنە تىزىملىكنى تولدۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ، بۇ
ئىشنى تاماملاپ تۇرۇشىغا ھويلا تەرەپتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ
دۈپۈرلىشى ۋە ھارۋا چاقلىرىنىڭ تاراقلىشى ئاڭلاندى. ئۇ، دېرىزە

ئۆۋگە كەلدى ۋە ئاتىسىنىڭ پەيتۇنىغا ئولتۇرۇپ، چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

گرافنىڭ كەينىدىن دەرۋازا يېپىلغاندىن كېيىن ئالبېر ئانىسى تۇرۇشلۇق ئۆيگە چىقتى. بۇ يەردە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغۇدەك ئادەم بولمىغانلىقتىن، ئۇ ئۇدۇل مېرسېدېسنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ۋە كۆز ئالدىدا نامايان بولغان ئىشتىن ھاياجانلىنىپ، توختاپ قالدى.

گوياكى ئانا ۋە ئوغۇلنىڭ قەلبى بىر ئىدى. مېرسېدېسمۇ خۇددى ئالبېر قىلغان ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى. ھەممە نەرسە يىغىشتۇرۇلۇپ قويۇلغانىدى. ئۈزۈك - سىرغىلار، ئالتۇن بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك ۋە پۇللار ئىشكاپلارغا سېلىنغان بولۇپ، مېرسېدېس پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاچقۇچلارنى تاللاۋاتاتتى.

ئالبېر بۇنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشەندى ۋە «ئاپا!» دەپ ۋارقىرىغان پېتى مېرسېدېسنىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

ناۋادا بىرەر رەسسام ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى چىرايىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەلىسە، ئۇ ئىنتايىن تەسىرلىك رەسىم سىزغان بولاتتى.

ئالبېر مەردانە قارارنى قوبۇل قىلغاندا قىلچە قورقۇنچ ھېس قىلمىغانىدى، لېكىن ئانىسىنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— بايا سەن نېمە قىلغانىدىڭ؟ — دېدى ئانىسى.

— مېنىڭ يولۇم باشقا! — دەپ خىتاب قىلدى ئالبېر ھاياجاندىن دېمى سىقىلىپ، — سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ئىش قىلسىڭىز بولمايدۇ. مەن بۇ ئۆيدىن كېتىمەن... سىز بىلەن خوشلاشقىلى كىردىم.

— مەنمۇ شۇنداق، ئالبېر، — دېدى مېرسېدېس، —



مەنمۇ كېتىمەن. ئوغلۇم مەن بىللە كېتىدۇ دەپ ئويلاپ ئىكەنمەن، بۇ ئويلىغىنىم خاتامۇ؟

— ئاپا، — دېدى ئالبېر قەتئىيلىك بىلەن، — مەن ئۆزۈمنى مەھكۇم قىلغان تەقدىرگە سىزنى شېرىك قىلالمايمەن. بۇندىن كېيىن مېنىڭ نام - ئەملىمۇ، پۇلۇممۇ يوق بولىدۇ، ھاياتىم جاپالىق بولىدۇ. ئۆزۈم بىر پارچە نان تاپقۇدەك بولۇۋالغىچە دوستلىرىمدىن بىرەرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ھازىر فرانسىنىڭ يېنىغا بارىمەن. ئۇنىڭدىن دەسلەپكى خىراجىتىمگە يەتكۈدەك ئاز - تولا پۇل سورايمەن.

— بىچارە بالام! — دېدى مېرسېدېس، — نامراتلىق ۋە ئاچلىقتا قالامسەن! ئۇنداق دېمىگىن. ئۇنداق دېسەڭ، نىيەت قىلغان قارارىمدىن يېنىۋالىمەن!

— لېكىن مەن ئۆز قارارىمدىن يانمايمەن، — دېدى ئالبېر، — مەن ياش، ساغلام، يۈرەكلىك. تۈنۈگۈن يەنە چىڭ ئىرادىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. بەزىلەر چەكسىز جەبىر - جاپالارنى كۆرگەن، لېكىن ئۇلار ئۆلمىدى. ئەكسىچە، تەڭرى ئۇلارغا بەرمەكچى بولغان بەخت - سائادەتنىڭ ۋە ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە يېڭى ھايات قۇردى! مەن بۇنى ئەمدى بىلدىم، ئاپا، شۇنداق ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ ئادەمنى رەقىبلىرى چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان، شان - شۆھرەتكە چۆمگەن ھالدا قايتىدىن باش كۆتۈردى ۋە غالىب رەقىبلىرى ئۈستىدىن تەنتەنە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ھاڭغا چۆرۈپ تاشلىدى. ياق، مەن بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۆتمۈشۈمدىن قول ئۈزىمەن، ئۆتمۈشۈمدىن ھېچ نەرسە ئالمايمەن، ھەتتا ئىسمىمنىمۇ يۆتكىۋېتىمەن، چۈنكى سىزنىڭ ئوغلىڭىز بۇندىن كېيىن كىشىلەر ئالدىدا قىزىرىپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان ئادەمنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىشنى خالىمايدۇ.

— ئالبېر، ئوغلۇم، — دېدى مېرسېدېس، — ئەگەر يەنىمۇ غەيرەتلىك بولالىغان بولسام، مەنمۇ ساڭا مۇشۇ يولنى كۆرسەتكەن بولاتتىم. مەن كۈچسىز ئاۋازىمنى چىقىرالماي تۇرغاندا، سېنىڭ ۋىجدانىڭ سادا چىقاردى. ۋىجدانىڭنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىل، ئالبېر. سېنىڭ دوستلىرىڭ بار ئىدى، ئۇلار بىلەن ۋاقىتىنچە مۇناسىۋىتىڭنى ئۈز؛ لېكىن ئاناڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمە! سەن تېخى ياش، تېخى ئۇزۇن ياشايسەن، سېنىڭدەك قەلبى پاك ئادەمگە قارىلانمىغان ئىسىم لازىم. بۇندىن كېيىن مېنىڭ ئاتامنىڭ ئىسمىنى قوللانغىن. ئاتامنىڭ ئىسمى ئېرېرا ئىدى. مەن سېنى بىلىمەن، مېنىڭ ئالبېرىم. سەن قايسى كەسىپنى تاللىۋالساڭمۇ، كۆپ ئۆتمەي بۇ ئىسىمغا شان - شەرەپ كەلتۈرىسەن. تارتقان جەبىرى - جاپالىرىڭ سېنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يەنىمۇ يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا پارىژغا قايتىپ كەلگىن. لېكىن، ئارمانلىرىمنىڭ ئەكسىچە ئۇنداق بولالمىساڭ، ھېچبولمىغاندا مېنىڭ ئۈمىدلىرىمنى يوققا چىقارمىغىن. مەن پەقەت ئاشۇ ئۈمىد بىلەنلا ياشىيالايمەن، چۈنكى ئەمدى مېنىڭ ئىستىقبالىم يوق، مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسەملا ئۆلۈمنىڭ قۇچىقىغا قەدەم قويىمەن.

— دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، ئاپا، — دېدى ئالبېر، — ئۈمىدىڭىزنى يەردە قويمايمەن. سىزنىڭ پاكلىقىڭىز، مېنىڭ گۇناھسىزلىقىم تەڭرىنىڭ رەھمىنى كەلتۈرىدۇ... ھە، كېلىشىپ بولدۇق، ئەمدى ھەرىكەت قىلايلى. مورسېر ئەپەندى ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە يېرىم سائەت بولدى. بۇ، ياخشى پۇرسەت بولدى، جېدەل - تالاش قىلىشماي چىقىپ كېتىدىغان بولدۇق.

— ماقۇل، سېنى كۈتىمەن، ئوغلۇم، — دېدى مېرسېدېس.

ئالبېر ئۆيدىن چىقىپ، كىرا ھارۋىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ «ئەۋلىيا ئاتا» كوچىسىدىكى ئىجارىگە بېرىلىدىغان كىچىككىرەك



بىر بىنا ئۆينى يادىغا ئالغان ۋە شۇ بىنادىن ئانىسى ئۈچۈن ئاددىي، لېكىن تۈزۈككىرەك ئۆي ئېلىپ بەرمەكچى بولغانىدى.

كىرا ھارۋىسى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، ئالبېر ھارۋىدىن چۈشكەندە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم كېلىپ، بىر پارچە خەتنى سۇنۇپ بەردى. ئالبېر بۇ كىشىنىڭ بېرتۇچچو ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— گرافنىڭ خېتى، — دېدى غوجىدار.

ئالبېر خەتنى ئېلىپ، ئاچتى. ئۇ، خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، بېرتۇچچو كېتىپ قالغانىدى. شۇندىن كېيىن ئالبېر كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا مېرسېدېسنىڭ يېنىغا قايتىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا خەتنى بەردى.

مېرسېدېس تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇدى:

«ئالبېر!

سىزنىڭ ھازىر قانداق ھەرىكەت قوللانماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشىنىپ يەتتىم. كۆردىڭىزمۇ، مېنىڭمۇ قەلبىم سەزگۈر. سىز ئەركىن ۋە خۇددى ئۆزىڭىزگە ئوخشاشلا ئەركىن ئانىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلەن ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز. ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭ، ئالبېر. سىز كۆيۈمچانلىقىڭىز بىلەن ئانىڭىزغا ھەرقانچە ياخشىلىق قىلسىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا قەرزىڭىزنى تۆگىتەلمەيسىز! كۈرەش ۋە جەبىر - جاپالارنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ، لېكىن بۇندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە سىزگە مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان نامراتچىلىققا ئانىڭىزنى سۆرەپ كىرمەڭ! ئەسلىدە ئانىڭىز بېشىغا چۈشكەن بۇ بەختسىزلىككە مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. گۇناھكارنىڭ كاساپىتىدىن گۇناھسىزنىڭ ۋەيران بولۇشىغا تەڭرى ئاخىرى يول قويمايدۇ.

سىلەر ئىككىڭلار ئېلدىر كوچىسىدىكى ئۆينى تاشلاپ، ھېچنېمە ئالماي چىقىپ كەتمەكچى بولغىنىڭلارنى بىلىمەن.

بۇنى قانداق قىلىپ بىلىۋالغانلىقىمنى سورىماڭ. مەن بىلىمەن. شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، ئالبېر.

24 يىل ئىلگىرى مەن خۇشال ۋە مەغرۇر هالەتتە ۋەتىنىمگە قايتىپ كەلگەنىدىم. ئالبېر، ئۇ چاغدا مەن بىر قىزنى ئەۋلىيادەك بىلىپ ياخشى كۆرەتتىم. شۇ قېتىم مەن ئېغىر، جاپالىق ئەمگىكىم بىلەن ئىشلەپ تاپقان 150 لۇيىدورنى شۇ قىزغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەنىدىم. بۇ پۇللار شۇ قىزغا تېگىشلىك ئىدى، شۇ قىزغا ئاتاپ قويۇلغانىدى. دېڭىز يولىنىڭ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئىككىمىزنىڭ شۇ بايلىقلىرىمىزنى مارسېل شەهىرىنىڭ مېلىيان كوچىسىدىكى ئاتام تۇرغان ئۆينىڭ باغچىسىغا كۆمۈپ قويغانىدىم.

ئالبېر، ئانىڭىز ئاشۇ ئاددىي، سۆيۈملۈك ئۆينى ئوبدان بىلىدۇ. يېقىندا، پارىژغا كېلىۋېتىپ، يول ئۈستىدە مارسېلدا توختاپ ئۆتكەنىدىم. ئاشۇ قايغۇلۇق ئەسلىمىلەرگە تولغان ئۆينى كۆرگىلى باردىم. كەچ كىرگەندە قولۇمغا گۈرجەك ئېلىپ، هېلىقى پۇللىرىم كۆمۈلگەن يەرنى كولىدىم. تۆمۈر ساندۇقچە ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، هېچكىم چېقىلماپتۇ. بۇ ساندۇقچە مەن تۇغۇلغان كۈنى ئاتام تىكىپ قويغان كۆركەم ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىدە كۆمۈكلۈك.

بۇ پۇللار مەن بىر چاغلاردا چىن دىلىمدىن ئەزىز كۆرگەن ئايالنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەئىشىتىنى تەمىن ئېتىشى كېرەك ئىدى. ئەجەبلىنەرلىك ۋە هەسرەتلىك تەقدىر هازىر ئۇ پۇللارنى يەنە شۇ ئايالغا بەخش ئەتتى. مېنى چۈشىنىڭ، ئالبېر. مەن ئۇ بەختسىز ئايالغا مىليونلارنى تەقدىم قىلىشىم مۇمكىن ئىدى؛ لېكىن مەن سۆيگۈنۈمدىن مەجبۇرەن ئايرىلغان كۈنۈم غېرىبانە



ماكانىمدا ئۇنتۇلۇپ قالغان ئاشۇ كىچىككىنە بىر پارچە ناننى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن چەكلىنىمەن.

ئالبېر، سىز مەرد ئادەم، لېكىن غۇرۇرىڭىز ياكى ماڭا بولغان رەنجىشىڭىز ئالدىڭىزنى توسۇپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز مېنىڭ سۆزۈمنى رەت قىلسىڭىز ياكى هەقلىق هالدا سىلەرگە تەكلىپ قىلغان نەرسەمنى مەندىن ئالماي، باشقا بىرىدىن ئالسىڭىز، ئۇ چاغدا مەن ئانىڭىزنىڭ بىر پارچە نېنىنى قايتۇرۇۋېتىش سىزنىڭ رەهىمسىزلىكىڭىز بولىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتىمەن، چۈنكى بۇ پۇلنى سىلەرگە ئۇزاتقان ئادەمنىڭ ئاتىسى سىزنىڭ ئاتىڭىزنىڭ كاساپىتىدىن ئاچلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئازابلىنىپ ئۆلگەن».

ئالبېر چىرايى تاتىرىپ كەتكەن هالدا ئانىسىنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ شۈك تۇردى. مېرسېدېس تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىنى ئۇفۇققا قاراتتى.

— قوبۇل قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — مەن ئۆزۈمنى ساداقەتخانىغا ئاتاپ قويغان شارائىتتا ئۇ مۇشۇنداق قىلىشقا هەقلىق.

شۇ گەپ بىلەن، ئۇ خەتنى قوينىغا تىقتى ۋە ئوغلىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، خېلى تېتىكلەشكەن هالدا پەلەمپەيگە چىقىپ كەتتى.

## توققۇزىنچى باب

## ئۆزى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش

شۇ ئاردا مونتې - كرىستومۇ ئېممانۇئېل ۋە ماكسىمىلىئان بىلەن بىرلىكتە شەهەرگە قايتىپ كەلدى.

ئۇلارنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئېممانۇئېل بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ بولغىنىغا قارىتا

خۇشاللىقىنى يوشۇرمىدى ۋە ئۆزىنىڭ ماداراچىلىقىغا مايىل ئىكەنلىكى ھەققىدە كەڭ - كۇشادە سۆزلىدى. موررىل پەيتۇننىڭ بولۇشىغا يول قويۇپ، كۆيىۋغۇلىنىڭ ئۆز خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشىغا دەخلى يەتكۈزمەستىن، سۈكۈت ئىچىدە ئۆز خۇشاللىقىغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى شادىمانلىقى پەقەت كۆزلىرىدىلا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

تىرون قاراۋۇلخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلار بىرتۇچچۇنى ئۇچراتتى. ئۇ، خۇددى قاراۋۇلدا تۇرغان جېسەكچىدەك قىمىر قىلماستىن، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. مونتې - كرىستو پەيتۇندىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بوش ئاۋازدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئالماشتۇردى. شۇندىن كېيىن غوجىدار تېز يۈرۈپ كەتتى.

— گراف، — دېدى ئېممانۇئېل، پىلاس - روپالىغا يېقىنلاپ قالغاندا، — ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پەيتۇننى توختىتىڭ. ئايالىم سىزدىن ۋە بىزدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرمىسۇن.

— بۈگۈنكى ئۇتۇقۇمدىن ماختانغاندەك بولۇپ قالارمۇ دەپ، گرافنى ئۆيگە تەكلىپ قىلالمايۋاتىمەن، — دېدى موررىل، — بەلكىم گرافمۇ بىر كىمنىڭ تەشۋىشلىك سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى خاتىرجەم قىلىشقا ئالدىراۋاتقاندۇر. مانا، كېلىپ قالدۇق، ئېممانۇئېل. دوستىمىز بىلەن خوشلىشايلى، يولىدىن قالمىسۇن.

— توختاڭلار، — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن ئىككى ھەمراھىمدىن بىراقلا ئايرىلىشنى خالىمايمەن. ئېممانۇئېل، سىز گۈزەل ئايالىڭىزنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ چىن قەلبىمدىن ئېيتقان سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ؛ سىز، موررىل، يېلىسەيدىكى ئۆيۈمگە مەن بىلەن بىللە بېرىڭ.

— ياخشى گەپ، — دېدى ماكسىمىلىئان، — ئۆزۈمنىڭمۇ سىز تەرەپكە بارغۇم كېلىپ تۇراتتى.



— سىنى تاماققا كۈتەمدۇق؟ — دەپ سورىدى ئېممانۇئېل.

— كۈتمەڭلار، — دېدى ماكسىمىلىئان.

ئىشىك يېپىلدى ۋە پەيتۇن يولىنى داۋاملاشتۇردى.

— كۆردىڭىزمۇ، سىزگە مېنىڭ ئايىغىم ياراشتى، — دېدى موررىل ئۇلار يالغۇز قالغاندىن كېيىن، — شۇنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

— ئويلىدىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن زادى ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

— بۇ ئاجايىپ مۆجىزىدەك ئىش بولدى! — دېدى موررىل ئۆز خىياللىرىغا جاۋاب بېرىپ.

— نېمىنى دەيسىز؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— بايا بولغان ئىشنى دەيمەن.

— شۇنداق، — دېدى گراف كۈلۈمسىرەپ، — توغرا ئېيتتىڭىز، موررىل، بۇ ھەقىقەتەن مۆجىزىدەك ئىش بولدى!

— نېمىدېگەن بىلەنمۇ، ئالبېر باتۇر يىگىت، — دېدى يەنە موررىل.

— ناھايىتى باتۇر، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئۇنىڭ بېشىغا خەنجەر تەڭلىنىپ تۇرغان شارائىتتا قانداق بىمالال ئۇخلىغانلىقىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

— مەن ئۇنىڭ ئىككى قېتىم دۇئېلغا چىقىپ سوقۇشقانلىقىنى، سوقۇشقاندىمۇ ناھايىتى ياخشى سوقۇشقانلىقىنى كۆرگەن. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىشىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟

— بۇ سىزنىڭ تەسىرىڭىز، — دېدى مونتې - كرىستو چاقچاق قىلىپ.

— ئالبېرنىڭ ھەربىي بولمىغىنى ياخشى بولدى، — دېدى موررىل.

— نېمىشقا؟

— بولمىسا، سوقۇشۇش مەيدانىدا ناماقۇل بولارمىدى! — ياش كاپىتان بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ماڭا قاراڭ، موررېل، — دېدى گراف مۇلايىملىق بىلەن، — سىزمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىزغۇ. ئويلاپ بېقىڭا، ئالىيىر باتۇر بولغانىكەن، دېمەك ئۇ بۈگۈنكى ئىشنى قورقۇنچتىن قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدا چوقۇم بىر سەۋەب بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى قەھرىمانلارچە ئىش قىلدى دېيىش كېرەك.

— ھەئە، توغرا، — دېدى موررېل، — شۇنداقتىمۇ، ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ مۇنداق بىر ئىبارىسىنى نەقىل قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ: ئۇ بۈگۈن تۈنۈگۈنكىدەك باتۇر بولالمىدى.

— مەن بىلەن بىللە غىزالىنامسىز، موررېل؟ — دېدى گراف، گەپنى باشقا ياققا بۇراپ.

— ياق، مەن سائەت تۆتتە سىز بىلەن خوشلىشىمەن.

— بىر كىشىم بىلەن بىللە غىزالىنىشقا كېلىشىپ قويغانمىدىڭىز؟

موررېل كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى چايقىدى.

— قانداقلا بولمىسۇن بىر يەردە ناشتا قىلىشىڭىز كېرەككۇ.

— قورسىقىم ئاچمىدى، — دېدى موررېل.

— ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى تۇتىدىغان ئىككى خىل ھېسسىيات بولىدۇ، — دېدى گراف، — ھەسرەت ۋە مۇھەببەت. قارىسام، بۈگۈن سىز بەك خۇشال. دېمەك، بۇ ھەسرەت ئەمەس...... بۈگۈن ئەتىگەن ماڭا دېگەن گېپىڭىزدىن قارىغاندا، شۇنداق دەپ ئويلايمەنكى......

— توغرا ئويلاپسىز، گراف، — دېدى موررېل كۈلۈپ كېتىپ، — ئىنكار قىلمايمەن.

— بۇنى ماڭا سۆزلەپ بەرمەمسىز، ماكسىمىلىئان؟ — گراف شۇ قەدەر تېتىكلىشىپ سورىدىكى، موررېلنىڭ بۇ سىرىنى بىلىشكە قانچىلىك قىزىقىۋاتقانلىقى روشەن ئىدى.



— بۈگۈن ئەتىگەن مەندە بىر يۈرەك بار ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىڭىز، گراف. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

مونتې - كرىستو جاۋابىنىڭ ئورنىدا موررېلغا قولىنى سۇندى.

— ئەمدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى موررېل، — مېنىڭ يۈرىكىم ۋېنسېن ئورمانلىقىدا، سىز بىلەن بىللە ئەمەس. بۇ يۈرەك ھازىر باشقا جايدا، مەن ئەمدى شۇ يەرگە بارىمەن.

— ماقۇل، بېرىڭ، دوستۇم، — گراف ئالدىرىماي سۆزلىدى، — ناۋادا يولىڭىزدا توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلسىڭىز شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مەن بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايمەن؛ قادىرلىقىمنى ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەتسەم، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. بىلىپ قويۇڭكى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، موررېل.

— ياخشى، — دېدى ماكسىمىلىئان، — خۇددى گۆدەك باللار ياردەمگە موھتاج بولغاندا ئاتا - ئانىسىنى ئېسىگە ئالغاندەك، مەنمۇ بۇ گېپىڭىزنى ئېسىمدە چىڭ ساقلايمەن. دەرۋەقە، ياردەمگە موھتاج بولۇپ قېلىشىم ئېھتىمالغا بەك يېقىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، سىزدىن ياردەم سورايمەن،گراف.

— مۇشۇ گېپىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ. خوش ئەمىسە.

— خوش.

ئۇلار بىلسەيدىكى ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. مونتې - كرىستو پەيتۈننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. موررېل پەيتۈندىن چۈشتى.

— ئىشىك ئالدىدا بىر تۆچچو كۈتۈپ تۇرغانىدى.

موررېل سارىنى كوچىسىنى بويلاپ، مېڭىپ كەتتى. مونتې - كرىستو ئىتتىك بىر تۆچچونىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھە، قانداق؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— خانىم ئۆيىدىن كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى غوجىدار.

— ئوغلىچۇ؟

— ئۇنىڭ مەھرىمى فلورانتىيىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇمۇ شۇنداق قىلماقچى بولسا كېرەك.

— يۈرۈڭ.

مونتې - كرىستو بىرتۇچچو بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى ۋە بىزگە مەلۇم بولغان ھېلىقى خەتنى يېزىپ، غوجىدارغا بەردى.

— مېڭىڭ، — دېدى ئۇ. — تېز بولۇڭ. ھە، گايدەگە مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار.

— مانا مەن، — دېدى گايدە. ئۇ، پەيتۇننىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشكەنىدى ۋە گرافنىڭ ساق - سالامەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، شادلىق ئىچىدە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

بىرتۇچچو چىقىپ كەتتى.

گايدە شۇنچە تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن بۇ ۋىسالغا مۇيەسسەر بولغاندا كۆيۈمچان قىزنىڭ ئۆز ئاتىسىنى، مەشۇقىنىڭ ئۆز ئاشىقىنى تاپقاندىكى بارلىق شاد - خۇراملىقىنىڭ تەمىنى تېتىدى. مونتې - كرىستو گەرچە ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى بۇنچىلىك قاينام - تاشقىنلىق بىلەن ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ، خۇشاللىقى ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى، ئەلۋەتتە. دەرد - ئەلەمدە تاۋلانغان يۈرەكلەرنىڭ خۇشاللىقى گوياكى تومۇز ئاپتىپىدا قاغجىراپ كەتكەن يەرگە چۈشكەن شەبنەمگە ئوخشايدۇ. يۈرەك ۋە يەر خاسىيەتلىك سۇ تامچىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالىدۇ، لېكىن سىرتتىن قارىغان كىشى بۇنى كۆرەلمەيدۇ.



مونتې - كرىستو بۇرۇن مەڭگۈگە يوقالدى دەپ ئويلاپ يۈرگەن نەرسىنىڭ ئاخىرقى كۈنلەردىن بېرى ئۆز قەلبىدە قايتىدىن ئويغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى: دۇنيادا ئىككى مېرسېدېس بار، ئۇ يەنە بەختلىك بولالايدۇ. ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى گايدەنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئېچىلدى. گرافنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— مورسېر ئەپەندى كەلدى! — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى باتىستېن، خۇددى پەقەت مۇشۇ ئىسىملا ئۆزىنىڭ بىمەزگىل كىرگەنلىكىنى ئاقلىيالايدىغاندەك.

دەرۋەقە، گرافنىڭ چىرايى ئېچىلدى.

— قايسىسى؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ۋىكونتمۇ يا گرافمۇ؟

— گراف.

— بۇ ئىش تېخىچە پۈتمىدىمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى گايدە.

— بىلمەيمەن، بالام، — دېدى مونتې - كرىستو قىزنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، — لېكىن سەن قورقمىغىن.

— بىراق، بۇ مۇناپىق...

— بۇ كىشى ماڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، — دېدى مونتې - كرىستو، — قورقۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئوغلىدىن قورقساق بولاتتى.

— مېنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىلمەيسەن، خوجايىنىم، — دېدى گايدە.

مونتې - كرىستو كۈلۈپ قويدى.

— ئاتامنىڭ قەبرىسى بىلەن ساڭا قەسەم ئىچىمەنكى، — دېدى ئۇ، — بەختسىزلىك يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ، بۇ بەختسىزلىك مېنىڭ بېشىمغا چۈشمەيدۇ.

— ساڭا خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن، خوجايىنىم، — دېدى قىز ۋە گرافقا ماڭلىيىنى تۇتۇپ بەردى.

مونتې - كرىستو بۇ گۈزەل ۋە پاك ماڭلايغا بىرنى سۆيدى. بۇسۆيۈشتىن ئىككى يۈرەك بىراقلا سوقۇپ كەتتى. بىر يۈرەك شىددەتلىك، يەنە بىر يۈرەك ئېغىر سوقتى.

— ئاھ خۇدا، — دەپ پىچىرلىدى گراف، — مېنى يەنە بىر قېتىم مۇھەببەتكە مۇپتىلا قىلارسەنمۇ!... گراف مورسېرنى سارايغا باشلاڭ، — دېدى ئۇ باتىستېنگە ۋە گۈزەل گرېك قىزنى مەخپىي پەلەمپەيگىچە ئۇزىتىپ باردى.

ئەمدى مورسېرنىڭ كېلىشىدىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى. ئۇنىڭ كېلىشىنى مونتې - كرىستو قىياس قىلغان بولسىمۇ، كىتابخانلىرىمىز ئويلىمىغان بولۇشى مۇمكىن.

سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مېرسېدېس خۇددى ئالبېرغا ئوخشاشلا ئۆي بىساتىنى تىزىملىدى. ئۇ، ئۆي ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى تولۇق ھېساباتى بىلەن قالدۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىشكاپلارنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچلارنى جەملەپ تۇرغاندا كارىدورغا چىقىدىغان ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ كەينىدە تاتىرىپ كەتكەن بىر سۆرۈن چىراي پەيدا بولدى. بۇ ئىشىكتىن مارىغان ئاشۇ كىشى ئۆزىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ، مورسېر خانىمنىڭ ھۇجرىسىدىكى ھەممە ئىشنى كۆردى ۋە ھەممە گەپنى ئاڭلىدى.

ئاشۇ سۆرۈن ئادەم بۇ ئىشىكنىڭ يېنىدىن كېتىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىردى ۋە ھويلىغا قارايدىغان دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرۇپ ئاچتى. ئۇ، شۇ تەرىقىدە ئۆز يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى تىڭشاپ، قىمىر قىلماي، ئۈن چىقارماي ئون مىنۇتچە تۇردى. بۇ ئون مىنۇت ئۇنىڭغا گويا بىر ئەسىردەك تۇيۇلدى.



ئەنە شۇ چاغدا ئالبېر دوئېل ئورنىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، دېرىزە تۈۋىدە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئاتىسىنى كۆرگەن ۋە تەتۈر قارىۋالغانىدى.

گرافنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. ئۇ، ئالبېرنىڭ مونتې - كرىستوغا كەچۈرگۈسىز ھاقارەت يەتكۈزگەنلىكىنى ۋە بۇنداق ھاقارەت دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە ھايات - ماماتلىق دۇئېلغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئالبېر ساق - سالامەت قايتىپ كەلدى. دېمەك، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆچىنى ئالغان. گوياكى بۇلۇتلۇق ئۇپۇققا چۆكۈپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى گۆر ئىچىنى يورۇتقاندەك، بۇ سۆرۈن چىرايدىمۇ سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز خۇشاللىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

ھالبۇكى، سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ ئالبېرنى بىھۇدە كۈتتى. ئالبېر ئۆزىنىڭ ئۇتۇقىنى سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كىرمىدى. ئوغلى ئاتىسىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە سوقۇشۇشقا كېتىۋېتىپ، ئاتىسى بىلەن كۆرۈشمىگىنىنى چۈشىنىشلىك؛ ئەمما ئۆچىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كىرىپ، ئاتىسىنى قۇچاقلىمايدۇ؟

شۇندىن كېيىن گراف ئالبېر بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامال قىلالماي، ئۇنىڭ مەھرىمىنى چاقىرغانىدى. بىزگە مەلۇمكى، ئالبېر مەھرەمگە گرافتىن ھېچنېمىنى يوشۇرماي سۆزلەپ بېرىشنى بۇيرۇغان.

ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتۈپ، گراف مورسېر ھەربىيچە قارا چاپان، قارا شىم، قارا پەلەي كىيگەن ھالدا ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئالدىنئالا تېگىشلىك بۇيرۇقنى بېرىپ بولغانلىقى روشەن ئىدى، چۈنكى ئۇ تېخى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بولماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئالدىغا پەيتۇن كەلتۈرۈلدى.

مەھرەم يېپىنچىغا يۆگەلگەن ئىككى قىلىچنى دەرھال پەيتۇنغا سالدى. ئاندىن پەيتۇن ئىشكىنى يېپىپ، ئۆزى ھارۋىكەشنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. ھارۋىكەش بۇيرۇقنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— يېلىسەي كوچىسىغا، — دېدى گېنېرال، — گراف مونتې - كرىستونىڭ ئۆيىگە. چاققان بول!

قامچا ئۇرۇلۇش بىلەن ئاتلار يۇلقۇنۇپ قوزغالدى. ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتۈپ، ئۇلار گرافنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختىدى. مورسېر پەيتۇننىڭ ئىشىكىنى ئۆزى ئاچتى ۋە پەيتۇن تېخى توختاپ بولماي تۇرۇپلا خۇددى ياش يىگىتتەك يول ئۈستىگە سەكرەپ چۈشتى، قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى ۋە مەھرىمى بىلەن بىرلىكتە كەڭ ئېچىلغان ئىشىكتىن كىردى.

شۇ ھامان باتىستېن مونتې - كرىستوغا گراف مورسېرنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى ۋە مونتې - كرىستو گايدەنى ئۇزىتىپ قويۇپ، مورسېرنى سارايغا باشلاشنى بۇيرۇدى.

گېنېرال ساراي ئۆيىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە ئۈچىنچى قېتىم مېڭىشقا تەمشىلىپ بولۇلغاندا بوسۇغىدا تۇرغان مونتې - كرىستونى كۆردى.

— ھە، مورسېر ئەپەندىكەنغۇ! — دېدى مونتې - كرىستو ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، — مەن تېخى خاتا ئاڭلاپ قالدىممىكىن دەپتىمەن.

— شۇنداق، بۇ مەن، — دېدى گراف. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، ھەربىر سۆزنى تەسلىكتە تەلەپپۇز قىلاتتى.

— ئەمىسە، بۇنداق ئەتىگەنكى مەھەلدە گراف مورسېرنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرگىنىمدىكى سەۋەبنى ئۇقۇپ باقسام بولغۇدەك، — دېدى مونتې - كرىستو.



— سىز بۈگۈن سەھەردە مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن دۇئېلغا چىقتىڭىزمۇ، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى گېنېرال.

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز بار ئىكەن - دە؟ — سورىدى گراف.

— شۇنداق. يەنە شۇنىڭدىنمۇ خەۋىرىم باركى، ئوغلۇمنىڭ سىز بىلەن سوقۇشۇشى ۋە سىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىنىڭ سالماقلىق سەۋەبلىرى بار.

— شۇنداق، تەقسىر، ئۇنىڭ سالماقلىق سەۋەبلىرى بولغان. لېكىن، ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، ئۇ مېنى ئۆلتۈرمىدى، ھەتتا سوقۇشمىدى.

— شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاتىسىنىڭ قارىلىنىشى، ئائىلىمىزنىڭ دەھشەتلىك بەختسىزلىككە قېلىشىدىكى سەۋەبكار سىز.

— توغرا، تەقسىر، — دېدى مونتې - كرىستو يەنە شۇنداقلا خاتىرجەملىك بىلەن، — لېكىن مەن ئىككىنچى ئورۇندىكى سەۋەبكار، ئاساسلىق سەۋەبكار ئەمەس.

— ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغانسىز ياكى قانداقتۇر سەۋەب كۆرسەتكەنسىز؟

— ھېچقانداق سەۋەب كۆرسەتمىدىم، ئەپۇ سورىغان كىشىمۇ مەن ئەمەس، ئوغلىڭىز.

— ئەمىسە، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى نېمە دەپ چۈشەندىڭىز؟

— بۇ ئىشتا ماڭا قارىغاندا باشقا بىر ئادەمنىڭ گۇناھى چوڭراق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغاندۇر.

— ئۇ قايسى ئادەم؟

— ئۇنىڭ ئاتىسى.

— شۇنداقمۇ دەيلى، — دېدى مورسېر چىرايى ئۆڭۈپ، —

لېكىن شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، گۇناھكار باشقىلارنىڭ ئۆز گۇناھىنى تىلغا ئېلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

— بۇنى بىلىمەن... شۇڭا، مەن بۈگۈنكىدەك ئىشنىڭ بولۇشىنى مۆلچەرلىگەن.

— ئوغلۇمنى قورقىدۇ دەپ مۆلچەرلىگەنمىدىڭىز؟ — دېدى گراف ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— ئالبېر مورسېر ھەرگىزمۇ قورقۇنچاق ئەمەس، — دېدى مونتې - كرىستو.

— بىر ئادەم قولىدا قىلىچ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆز ئالدىدا ھايات - ماماتلىق دۈشمىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ سوقۇشمىغان بولسا، ئۇ قورقۇنچاق بولماي نېمە! مەن بۇنى ئۇنىڭ يۈزىگىمۇ دەيمەن!

— تەقسىر، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ يەرگە ئائىلە ئىشلىرىڭىز ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كەلمىگەنسىز. بۇ گەپلىرىڭىزنى ئوغلىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ. ئۇنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان گەپلىرى باردۇر.

— ياق، ياق، — دېدى گېنېرال غىل - پال كۈلۈمسىرەپ، — توغرا گەپ قىلدىڭىز. مەن ئۇنداق گەپلەرنى قىلىشقىلى كەلمىدىم. مەنمۇ سىزنى ئۆزۈمنىڭ دۈشمىنى دەپ ھېسابلايدىغانلىقىمنى ئېيتقىلى كەلدىم! مەن سىزنى ئىچ - ئىچىمدىن ئۆچ كۆرىمەن! گويا سىزنى ئەزەلدىنلا بىلىدىغاندەك، ئەزەلدىنلا ئۆچ كۆرىدىغاندەك ھېس قىلىمەن! قىسقىسى، ھازىرقى ياشلار سوقۇشۇشتىن باش تارتقانىكەن، ئەمدى بىز سوقۇشىمىز... بۇنىڭغا قوشۇلامسىز، تەقسىر؟

— تامامەن قوشۇلىمەن. بايا مەن «بۈگۈنكىي ئىشنىڭ بولۇشىنى مۆلچەرلىگەن» دېگەندە سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۆزدە تۇتقانىدىم.



— ياخشى گەپ... دېمەك، سىز تەييارمۇ؟

— ھەر دائىم تەييار.

— ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئۆلگۈچە سوقۇشىمىز، چۈشىنىۋاتامسىز؟ — دېدى گېنېرال چىشلىرىنى زەردە بىلەن غۇچۇرلىتىپ.

— بىرىمىز ئۆلگۈچە سوقۇشىمىز، — دەپ تەكرارلىدى گراف مونتې - كرىستو، بېشىنى يېنىككىنە سىدىرلىتىپ قويۇپ.

— ئەمىسە ماڭايلى، بىزگە سېكۇندانتلارنىڭ لازىمى يوق.

— ئەلۋەتتە، لازىمى يوق، — دېدى مونتې - كرىستو، — بىز بىر - بىرىمىزنى بەك ياخشى بىلىمىز ئەمەسمۇ!

— ئەكسىچە، — دېدى گراف، — بىز بىر - بىرىمىزنى قەتئىي بىلمەيمىز.

— قويۇڭ بۇ گەپنى، — دېدى مونتې - كرىستو يەنە شۇنداقلا خاتىرجەملىك بىلەن، — بۇ نېمىدېگىنىڭىز! ۋاتېرلودىكى جەڭدىن بۇرۇن ھەربىي سەپتىن قېچىپ كەتكەن ئەسكەر فېرنان سىز ئەمەسمۇ؟ فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىسپانىيىدىكى يول باشلىغۇچىسى ۋە جاسۇسى بولۇپ خىزمەت قىلغان پارۇچىك فېرنان سىز ئەمەسمۇ؟ ئۆزىنىڭ شەپقەتچىسى ئەلىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنى سېتىۋەتكەن ۋە ئۆلتۈرۈۋەتكەن پولكوۋنىك فېرنان سىز ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ فېرنانلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ، فرانسىيىنىڭ پېرى، گېنېرال — لېيتېنانت گراف مورسېرغا ئايلىنىپ قالمىدىمۇ؟

— ئەبلەخ، — دەپ خىتاب قىلدى گېنېرال. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا خۇددى قىزدۇرۇلغان تۆمۈرنىڭ كۆيدۈرۈشىدەك تەسىر قىلغانىدى، — سەن بەلكىم مېنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن بۇ گەپلەرنى يۈزۈمگە سېلىۋالاي دەۋاتقانسەن! ياق، سەن مېنى بىلمەيسەن دېمەكچى ئەمەسمەن. ھە، ئالۋاستى، بىلدىم، سەن

مېنىڭ ئۆتمۈشۈمنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قانداقتۇر ماڭا نامەلۇم بولغان بىر مەشئەلنىڭ يورۇقىدا ھاياتىمنىڭ ھەربىر سەھىپىسىنى ئوقۇۋاپسەن. لېكىن مېنىڭ شەرمەندىچىلىكىم سېنىڭ ياسالما سۆلتىڭدىن تۈزۈكرەك بولۇشى مۇمكىن. توغرا، سەن مېنى بىلىدىكەنسەن، بۇنىڭغا ئىشەندىم، لېكىن مەن سېنى بىلمەيمەن. ئالتۇن - گۆھەرگە چۆمۈلۈپ يۈرگەن تەۋەككۈلچى! سەن ئۆزۈڭنى پارىژدا گراف مونتې - كرىستو، ئىتالىيىدە سىندباد ساياھەتچى دەپ ئاتايسەن؛ مالتادا يەنە قانداقتۇر باشقا بىر نام بىلەن ئاتىلىسەن. ئاشۇ يۈزلىگەن ئىسىملار ئىچىدىن ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي ئىسمىڭنى ئېيتىپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن، چۈنكى سېنىڭ يۈرىكىڭگە شەمشىرىمنى تىقىدىغان پەيتتە ئاشۇ ئىسمىڭنى تۇۋلىغۇم كېلىدۇ!

گراف مونتې - كرىستونىڭ يۈزى تاتىرىپ، كۆزلىرى دەھشەتلىك چاقناپ كەتتى. ئۇ ياندىكى بۆلمىگە يۈگۈرۈپ كىردى - دە، گالستۇك، چاپان ۋە جىلىتكىسىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، ماتروسچە كالتە چاپان ۋە شەپكىنى كىيدى. بۇ شەپكىنىڭ تېگىدىن ئۇزۇن قارا چاچلىرى چىقىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەھشەتلىك، شەپقەتسىز قىياپەتتە قايتىپ چىقتى ۋە قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدىن گىرەلەشتۈرۈپ، گېنېرالنىڭ ئالدىغا كەلدى. مورسېر ئۇنىڭ گەپ قىلماي چىقىپ كەتكىنىگە ھەيران بولۇپ، قاراپ تۇراتتى. ئۈستبېشى يېڭىلانغان مونتې - كرىستونى كۆرگەندە ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. ئۇ ئاستا ئارقىغا داجىدى ۋە شىرەگە تاقىشىپ قېلىپ توختىدى.

— فېرنان، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇنىڭغا مونتې - كرىستو، — يۈزلىگەن ئىسىملىرىمدىن پەقەت بىرىنىلا ئېيتسام



ئىشىڭ تۈگەيدۇ. بۇ قايسى ئىسىم ئىكەنلىكىنى بىلگەنسەن؟ يادىڭغا كەلدىمۇ؟ شۇنچە كۆپ بەختسىزلىكلەرنى، شۇنچە كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن بولسامۇ، بۈگۈنكى كۈندە قىساس خۇشاللىقىدىن ياشارغان ھالدا سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇۋاتىمەن. سەن... مېرسېدېسكە، مېنىڭ سۆيگۈنۈمگە ئۆيلەنگەن كۈنىڭدىن باشلاپ مېنى مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن كۆپ قېتىم چۈشۈڭدە كۆرگەن بولغىيدىڭ!

گېنېرال بېشىنى كەينىگە تاشلاپ، قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، قېتىپ قالغان كۆزلىرى بىلەن بۇ دەھشەتلىك قىياپەتكە زۇۋان سۈرمەي قاراپ تۇردى. ئاندىن، يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن تامنى تۇتۇپ، ئاستا ئىشىك يېنىغا كەلدى ۋە ئارقىچىلاپ مېڭىپ ئىشىكتىن چىقتى - دە، جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ تاشلىدى:

— ئېدمون دانتېس!

ئاندىن، مىڭبىر تەسلىكتە سىرتقا چىقتى، مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ مېڭىپ ھويلىنى كېسىپ ئۆتتى - دە، مەھرەمنىڭ قولىغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى ۋە تىلى كالۋالىشىپ:

— ئۆيگە، ئۆيگە! — دېدى.

ساپ ھاۋا ۋە مالايلىرى ئالدىدىكى ئۇياتچىلىق ئۇنىڭ ھوشىنى يىغىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. لېكىن مەنزىل يىراق ئەمەس ئىدى. شۇڭا، گراف ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى قايتىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۆيگە بىرنەچچە قەدەم قالغاندا گراف توختاشقا بۇيرۇق قىلدى ۋە ھارۋىدىن چۈشتى. دەرۋازا كەڭ ئېچىۋېتىلگەنىدى. كىرا ھارۋىسىنىڭ ھارۋىكىشى ئۆزىنى بۇنداق ھەشەمەتلىك جايغا چاقىرىشقىنىدىن ھەيران بولۇپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا داڭ قېتىپ تۇراتتى. گراف قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدى، لېكىن ھېچكىمدىن گەپ سوراشقا

جۇرئەت قىلالماي، ئۆزىنىڭ خانىسىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

پەلەمپەيدىن ئىككى كىشى چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. گراف ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ياندىكى بىر بۆلمىگە كىرىپ مۆكۈنۈۋالدى. مېرسېدېس ئوغلىنىڭ قولىغا تايىنىپ پەلەمپەيدىن چۈشتى. ئۇلار ئىككىسى بۇ ئۆينى تاشلاپ كەتمەكتە. ئۇلار ئىشىك پەردىسىنىڭ كەينىدە مۆكۈنۈپ تۇرغان بەختسىز گرافنىڭ يېنىدىنلا ئۆتۈشتى. شۇنداق يېقىن جايدىن ئۆتتىكى، مېرسېدېسنىڭ تاۋار كۆڭلىكى ئۇنىڭغا تېگىشىپ ئۆتكەندەك، ئوغلىنىڭ سۆزلەۋاتقاندىكى ئىسسىق تىنىقى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلدى. ئوغلى مۇنداق دېمەكتە ئىدى:

— غەيرەتلىك بولۇڭ، ئاپا! يۈرۈڭ، تېزرەك كېتەيلى. بۇ ئۆي ئەمدى بىزنىڭ ئەمەس.

سۆزلەر بېسىقتى، قەدەم تاۋۇشلىرى يىراقلىشىپ كەتتى.

گراف ئىشىك پەردىسىنى چىڭ سىقىمىلاپ، قەددىنى رۇسلىدى. ئۇ، يىغىسىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشاتتى، لېكىن خوتۇنى بىلەن ئوغلى بىراقلا تاشلاپ كەتكەن ئاتىنىڭ كۆكسىدىن ئىنسانلار ئىچىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق يىغا ئۇرغۇپ چىقماقتا ئىدى.

هايال بولماي ئۇ، كىرا هارۋىسىنىڭ ئىشىكى يېپىلغانلىقىنى، ئاندىن هارۋىكەشنىڭ توۋلىغانلىقىنى، ئېغىر هارۋىنىڭ تاراقلىشىدىن دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ، بۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ هۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىردى؛ لېكىن كىرا هارۋىسى كېتىپ قالغانىدى. مېرسېدېسمۇ، ئالبېرمۇ چۆلدەرەپ قالغان ئۆيگە، تاشلىۋېتىلگەن ئاتا ۋە ئەرگە ۋىدالىشىش ھەم ئېچىنىشنىڭ



ئاداققى نەزەرىنى تاشلىمىدى، هارۋا پەنجىرىسىدىن قاراپمۇ قويۇشمىدى.

شۇنىڭ بىلەن، هارۋا چاقلىرى چوڭ يولدا تاراقلاپ كېتىۋاتقان پەيتتە ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە هۇجرىنىڭ سىلكىنىشتىن ئەينىكى سۇنۇپ چۈشۈپ كەتكەن دېرىزىسىدىن كۆكۈش تۈتۈن ئۇچۇپ چىقتى.

## ئونىنچى باب

## ۋالېنتىنا

موررېلنىڭ كىم بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ ماڭغانلىقىنى كىتابخانلار بىلىپ بولدى، ئەلۋەتتە. ئۇ، مونتې - كرىستو بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ۋىلفورنىڭ ئۆيى تەرەپكە ئاستا ماڭدى. بىز، ئاستا ماڭدى دېدۇق. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مېڭىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول 500 قەدەم چىقسىمۇ، موررېلنىڭ ئىختىيارىدىكى ۋاقىت يېرىم سائەتتىن ئاشاتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ۋاقتى يېتىپ ئاشقۇدەك بولسىمۇ، تەنھالىقتا ئۆزىنىڭ ئوي - خىياللىرىنىڭ لەززىتىگە بېرىلىش ئۈچۈن مونتې - كرىستو بىلەن ئالدىراپ خوشلاشقانىدى.

موررېل ئۆزىگە بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋاقىتنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغانىدى. بۇ، ۋالېنتىنانىڭ نۇئارتيېگە ناشتىلىق تاماق يېگۈزۈش ۋاقتى بولۇپ، بۇنداق ساۋابلىق ئىشنى قىلىۋاتقاندا ئۇنى هېچكىم ئىزدەپ كىرمەيتتى. نۇئارتيې بىلەن ۋالېنتىنا موررېلنىڭ ھەپتىدە ئىككى قېتىم كېلىشىگە رۇخسەت قىلغانى-

دى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھەقۇقىدىن پايدىلىنىشقا تەقەززا بولماقتا ئىدى.

موررېل كىرگەندە، ساقلاپ ئولتۇرغان ۋالېنتىنا ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، بوۋىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. قىز تاتىرىپ كەتكەن ۋە بەك ھاياجانلانغانىدى. ئۇنىڭ ھاياجانلىنىشى ئوپېرادىكى جېدەلدىن كېلىپ چىققانىدى. ئالبېر بىلەن مونتې - كرىستونىڭ ماجىراسىنى ھەممە كىشىلەر بىلىپ بولغانىدى. ۋىلفورنىڭ ئائىلىسىدە بۇ ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم دۇئېلغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايتتى، ۋالېنتىنا ئاياللارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن موررېلنىڭ مونتې - كرىستوغا سېكۇندات بولىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى. ئۇ، ماكسىمىلىئانىنىڭ باتۇرلۇقىنى، ئۇنىڭ گرافقا چوڭقۇر مېھرى بارلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ماكسىمىلىئاننى گۇۋاھچىلىق رولى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىنى شۇنچە تەقەززالىق بىلەن سورىغانلىقىنى چۈشىنىش ئوڭاي. ئۇ، دۇئېلنىڭ كۈتۈلمىگەن ھالدا ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، كۆزلىرى چەكسىز خۇشاللىق بىلەن چاقناپ كەتتى.

— ئەمدى، — دېدى ۋالېنتىنا موررېلغا بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنى ئىشارەت قىلىپ ۋە ئۆزىمۇ بوۋىسىنىڭ پۇتلىرى قويۇلغان بەندىڭگە ئولتۇرۇپ، — ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى. سىز بىلىسىزغۇ، ماكسىمىلىئان، بوۋام بىر چاغلاردا ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىن كۆچۈپ چىقىپ، ئايرىم تۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان.

— ئەلۋەتتە، بىلىمەن، — دېدى ماكسىمىلىئان، — شۇنداق پىلاننىڭ بولغانلىقى ئېسىمدە بار، مەن بۇنى قوللايمەن.

— ئەمىسە، سىزنى خۇش قىلاي، ماكسىمىلىئان، —



دېدى ۋالېنتىنا، — بوۋام يەنە شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ! — دېدى ماكسىمىلىئان.

— بوۋام نېمە ئۈچۈن بۇ ئۆيدىن كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دېدى يەنە ۋالېنتىنا.

نۇئارتىيې نەۋرە قىزىنى گەپ قىلماسلىققا ئۈندەپ، مەنىلىك قاراپ قويدى. لېكىن ۋالېنتىنا بۇنى كۆرمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋە تەبەسسۇمى موررېلغا بېغىشلانغانىدى.

— نۇئارتىيې ئەپەندىنىڭ بۇ ئارزۇسىدا قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن قوشۇلىمەن، — دېدى ماكسىمىلىئان.

— مەنمۇ جان - دىلىم بىلەن قوشۇلىمەن، — دېدى ۋالېنتىنا، — بوۋام سېنت - ئونورېنىڭ ھاۋاسى مېنىڭ سالامەتلىكىمگە يامان تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ دەيدۇ.

— ۋالېنتىنا، — دېدى ماكسىمىلىئان. — مېنىڭچە، نۇئارتىيې ئەپەندىنىڭ بۇ گېپى توغرا. ئىككى ھەپتىدىن بۇيان سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئانچە ياخشى بولمايۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

— شۇنداق، تاۋۇم يوق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋالېنتىنا، — شۇڭا، بوۋام مېنى ئۆزى داۋالىماقچى بولدى. ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن.

— دېمەك، سىز راستىنلا كېسەل بولۇپ قاپسىز - دە؟ — موررېل ئالدىراپ سورىدى.

— بۇ كېسەل ئەمەس. بىرئاز مىجەزىم ئۆزگىرىپ قالدى، ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ كەتتى. خۇددى ئورگانىزمىم قانداقتۇر بىر نەرسە بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.

نۇئارتىيې ۋالېنتىنانىڭ بىر سۆزىنىمۇ ئۆتكۈزىۋەتمەي ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

— ئەمىسە، بۇ غەلىتە كېسەلگە قانداق داۋا قىلىۋاتىسىز؟

— ھەر كۈنى ئەتىگەندە بوۋام ئىچىدىغان دورىدىن بىر قوشۇق

ئىچمەن. ياق، بىر قوشۇقتىن ئىچىشنى باشلىغان، هازىر تۆت قوشۇقتىن ئىچىمەن. بوۋام بۇنى هەر قانداق كېسەلگە داۋا بولىدىغان دورا دەيدۇ.

ۋالېنتىنا كۈلۈپ قويدى. لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى روهسىز، جانسىز ئىدى. ماكسىمىلىئان مۇهەببەتتىن مەست بولغان هالدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بەك گۈزەل ئىدى، ئەمما ئۆڭى قانداقتۇر باشقىچە ئاقىرىپ، سۇزۇلۇپ كەتكەنىدى، كۆزلىرى ئادەتتىكىدىن بەكرەك چاقناپ تۇراتتى؛ سەدەپتەك ئاق قوللىرى ئەمدى گويا ۋاقتى ئۆتۈپ بىرئاز سارغىيىپ قالغان شامدىن ياسالغاندەك كۆرۈنەتتى.

ماكسىمىلىئان كۆزلىرىنى ۋالېنتىنادىن نۇئارتىيېگە يۆتكىدى. بوۋاي، مۇهەببەت هېسسىياتىغا بېرىلىپ كەتكەن نەۋرە قىزىغا سىرلىق، ئويچان كۆزلىرى بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇمۇ خۇددى موررېلغا ئوخشاش ۋالېنتىنادىكى يوشۇرۇن كېسەل ئالامەتلىرىنى بايقىغانىدى. ۋەهالەنكى، بۇ ئالامەتلەر بوۋىسى بىلەن سۆيگۈنىدىن بۆلەك تېخى هېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقمىغانىدى.

— بىراق، ئۇ دورا نۇئارتىيې ئەپەندى ئۈچۈن بېرىلگەن ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— شۇنداق. ئۇ دورا بەك ئاچچىق، — دېدى ۋالېنتىنا، — شۇنداق ئاچچىقكى، ئۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئاغزىمغا نېمە ئالساممۇ ئاچچىق تېتىيدۇ.

نۇئارتىيې نەۋرىسىگە سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— شۇنداق، بوۋا، — دېدى ۋالېنتىنا، — مەن بايا، سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرىشتىن ئىلگىرى قەنت سېلىنغان سۇ ئىچكەنىدىم، بەك ئاچچىق بولغاچقا، بىر ئىستاكاننى ئىچىپ بولالمىدىم.

نۇئارتىيې تاتىرىپ كەتتى ۋە بىر نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ۋالېنتىنا لۇغەتنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن



تۇردى. نۇئارتىيې تەشۋىشلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. قىزنىڭ يۈزىگە قان قۇيۇلغاندەك مەڭزىلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— بۇ نېمە ئىش، — دېدى ۋالېنتىنا كۈلۈپ تۇرۇپ، — بېشىم ئايلىنىپ كەتتىغۇ! بېشىمغا ئاپتاپ چۈشكەنلىكتىنمىدۇر؟

ئۇ شىرەنىڭ چېتىنى تۇتۇۋالدى.

— هازىر ئاپتاپ يوققۇ، — دېدى موررېل. ئۇ، ۋالېنتىنانىڭ بىتاپلىقىدىن كۆرە، نۇئارتىيېنىڭ چىرايىغا قاراپ خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ، ۋالېنتىنانىڭ يېنىغا كەلدى. ۋالېنتىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— هېچقىسى يوق، بوۋا، — دېدى ئۇ نۇئارتىيېگە، — هېچقىسى يوق، ماكسىمىلىئان. ئوڭشىلىپ قالدىم. هە، قۇلاق سېلىڭلارچۇ، هويلىغا بىر كىم كىرگەندەك قىلىدىغۇ؟

ئۇ، ئىشكنى ئېچىپ، كارىدوردىكى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە باردى ۋە دەرهال قايتىپ كىردى.

— دانگلار خانىم قىزى بىلەن كەپتۇ، — دېدى ئۇ، — خوش، مەن چىقاي. بولمىسا، مېنى چاقىرغىلى كىرىشىدۇ. خوش، ماكسىمىلىئان، سىز بوۋام بىلەن ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. مەن ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا زورلىمايمەن.

موررېل ئۇنىڭ كەينىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ قالدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىشىكنىڭ يېپىلغانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ ۋىلفور خانىمنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ هۇجرىسىغا ئېلىپ بارىدىغان پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن نۇئارتىيې موررېلغا لۇغەتنى ئېلىشنى ئىشارەت قىلدى. موررېل ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدى. ۋالېنتىنا ئۇنىڭغا لۇغەتتىن پايدىلىنىپ، بوۋايىنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى ئاسان تېپىشنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ، هەر

بىر سۆزنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئاختۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، بوۋاينىڭ دىمەكچى بولغىنىنى ئۇقۇپ بولغۇچە ئون مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ دىمەكچى بولغىنى تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئىبارەت بولدى:

«ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسىدىكى سۇ قۇيۇلغان شىشە بىلەن ئىستاكاننى ئېلىپ چىقىڭ».

موررېل دەرھال قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ، باررۇئانىڭ ئورنىغا ئالماشقان خىزمەتكارنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا نۇئارتىيېنىڭ نامىدىن ئاشۇ بۇيرۇقنى يەتكۈزدى.

خىزمەتكار ھايال بولماي قايتىپ كىردى. شىشە ۋە ئىستاكان قۇرۇق ئىدى. نۇئارتىيې بىر نېمە دىمەكچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

— نېمە ئۈچۈن شىشە بىلەن ئىستاكاندا سۇ يوق؟ — سورىدى ئۇ، — ۋالېنتىنا بىر ئىستاكان سۇنى ئىچىپ بولالمىدىم دىگەنىغۇ.

بۇ پىكىرنىڭ سۆز بىلەن ئىپادىلىنىشى ئۈچۈنمۇ يەنە بەش مىنۇت كەتتى.

— بىلمەيمەن، — دىدى خىزمەتكار، — بايا ۋالېنتىنا خانقىزنىڭ ھۇجرىسىغا دىدەك قىز كىرگەنىدى. بەلكىم شۇ تۆكۈۋەتتىمىكىن.

— ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭ، — دىدى موررېل، نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ دىمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ.

خىزمەتكار چىقىپ كېتىپ، دەرھال قايتىپ كىردى.

— ۋالېنتىنا خانقىز بايا ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئىستاكاندا قالغان سۇنى ئىچىۋېتىپتۇ، — دىدى ئۇ، — شىشىدىكى سۇنى ئېدۇئار ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئۆردەكلىرىگە كۆلچەك ياساپ بېرىش ئۈچۈن تۆكۈۋېتىپتۇ.



نۇئارتىيې گوياكى بارلىق دەسمايىسىنى دوغا تىكىپ قويغان قىمارۋازدەك كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى. ئاندىن، بوۋاي ئىشىككە قارىدى ۋە شۇ ئىشىكتىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي ئولتۇردى.

دەرۋەقە، ۋالېنتىنا ئېيتقاندەك، دانگلار خانىم قىزى بىلەن كەلگەنىدى. ۋىلفور خانىم ئۇلارنى ئۆز ھۇجرىسىدا قوبۇل قىلدى. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ۋالېنتىنا ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ھۇجرىسى ئۆگەي ئانىسىنىڭ ھۇجرىسى بىلەن بىر قەۋەتتە بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت ئېدۇئارنىڭ ھۇجرىسى ئايرىپ تۇراتتى.

مېھمانلار ئۆزلىرىنى سالاپەتلىك تۇتۇپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار قانداقتۇر مۇھىم گەپ بىلەن كەلگەنلىكى روشەن ئىدى. بىر تەبەقىنىڭ كىشىلىرى مۇئامىلىسىدىكى ھەرقانداق ئۆزگىچىلىكنى ئاسان بايقىۋالالايدۇ. ۋىلفور خانىم ئىككى مېھماننىڭ تەنتەنىلىك قىياپىتىگە جاۋابەن خۇددى شۇنداقلا سالاپەتلىك بىلەن سالاملاشتى. شۇ ئەسنادا ۋالېنتىنا كىردى ۋە سالاملىشىشلار قايتىدىن تەكرارلاندى.

— قەدىرلىك دوستۇم، — قىزلار قول ئېلىشىپ تۇرغۇچە بارون خانىم سۆزلىدى، — پات ئارىدا قىزىم بىلەن كىنەز كاۋالكانتىنىڭ تويى بولماقچى. شۇنى سىزگە بىرىنچى بولۇپ، شەخسەن ئۆزۈم خەۋەر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئېۋىنىنى باشلاپ ئالدىڭىزغا كەلدىم.

دانگلار كاۋالكانتىنى ھامان كىنەز دەپ ئۇلۇغلايتتى. دېموكرات بانكىر بۇ ئاتاقنى «گراف» دىگەندىن جاراڭلىقراق ئاڭلىنىدۇ، دەپ ھىسابلايتتى.

— ئۇنداق بولسا، سىزلەرنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن، — دىدى ۋىلفور خانىم، — مېنىڭچە، كىنەز كاۋالكانتى كەم ئۇچرايدىغان پەزىلەتلىك يىگىت ئىكەن.

— سىزگە دوستلۇق مەۋقەسىدە تۇرۇپ ئېيتسام، — دىدى

باروون خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا ھازىر ھۆكۈم قىلىش تەس. ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى كۆپ. بىز فرانسۇزلار بۇنداق قىلىقلارغا بىر قاراپلا ئىتاليان ياكى نېمىس ئاقسۆڭەكلىرىنى تونۇۋالالايمىز. شۇنداقتىمۇ، قارىماققا ئۇنىڭ كۆڭلى ياخشى، پەم - پاراسىتى باردەك كۆرۈنىدۇ. دانگلار ئەپەندى ئۇنىڭ بايلىقى ھەددى - ھېسابسىز دەيدۇ.

— يەنە بىر گەپ قالدى، خانىم، — دېدى ئېۋژېنى، ۋىلفور خانىمنىڭ ئالبومىنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، — بۇ يىگىت سىزگە ياققانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويۇڭ.

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ياققان - ياقمايدىغانلىقىنى سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى ۋىلفور خانىم.

— بۇنى سوراشنىڭ ھاجىتى يوق، خانىم، — دېدى ئېۋژېنى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى مەنمەنلىكى بىلەن. — مەن ئۆزۈمنى ئائىلە ئىشلىرىغا بەند قىلىشقا ۋە ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا خۇشتار ئەمەس. مەن ئەركىن بولۇشنى ۋە قەلبىم، جىسمىم، پىكرىمنىڭ ئەركىن بولۇشىنى خالايمەن.

ئېۋژېنى بۇ سۆزلەرنى شۇنچىلىك قەتئىيلىك بىلەن ئېيتتىكى، ۋالېنتىنا قىزىرىپ كەتتى. بۇ ھايالىق قىز ئاياللارغا خاس تارتىنچاقلىقىنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ بولمىغان بۇنداق قاتتىق خۇلق - مىجەزنى چۈشىنەلمەيتتى.

— قانداقلا بولمىسۇن، — دېدى يەنە ئېۋژېنى، — خالىسام، خالىمىسام ئەرگە تېگىشكە مەجبۇر بولغان ئىكەنمەن، ئەمدى خۇداغا شۈكۈر دېسەم بولىدۇ. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن مورسېر ئەپەندىدىن قۇتۇلدۇم. بولمىسا، شەرمەندە بولغان بىر ئادەمنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالاتتىم.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، — دېدى باروون خانىم ساددىلىق



بىلەن (ئاۋام پۇقرالارلا ئەمەس، بىر قىسىم ئاقسۆڭەك ئاياللارمۇ ئاشۇنداق ساددا كېلىدۇ)، — توغرا. ئەگەر مورسېرلار ھال ئارتىشمىغان بولسا، قىزىم ئالبېرغا تەگكەن بولاتتى. گېنېرال بىز بىلەن قۇدا بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ، دانگلار ئەپەندىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن ئاران قۇتۇلدۇق.

— ئاتىسىنىڭ شەرمەندىچىلىكى ئوغلىغا داغ چۈشۈرەلەمدۇ؟ — ۋالېنتىنا قورۇنۇپقىنا سورىدى، — مېنىڭچە، گېنېرالنىڭ خائىنلىقىدا ئالبېرنىڭ گۇناھى يوق.

— ئەپۇ قىلىڭ، قەدىرلىكىم، — دېدى گەپتىن قالمايدىغان ئېۋژېنى، — ۋىكونت ئۆيىدىن كېتىپتۇ. ئاڭلىشىمچە، ئۇ تۈنۈگۈن ئوپېرادا گراف مونتې - كرىستونى دۇئېلغا چاقىرغانىكەن، بۈگۈن ئەتىگەن سوقۇشۇش مەيدانىدا ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ.

— مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ! — دېدى ۋىلفور خانىم.

— قەدىرلىكىم، — دېدى دانگلار خانىم بايا بىز قەيت قىلغان ساددىلىق بىلەن، — بۇ راست گەپ. مەن بۇنى دېبرې ئەپەندىدىن ئاڭلىدىم. ئۇ نەق مەيداندا شاھىت بولغانىكەن.

ۋالېنتىنامۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىدى، لېكىن گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئوي - پىكرى ئۆزىنى موررېل كۈتۈپ ئولتۇرغان نوئارتىيېنىڭ ھۇجرىسىغا يۆتكەلدى. ۋالېنتىنا سۆھبەتكە ئارىلاشماستىن، بىرنەچچە مىنۇتقىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ ھەتتا شۇ تاپتا نېمە توغرۇلۇق گەپ بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇ ئەسنادا دانگلار خانىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. ۋالېنتىنا خۇددى قولىغا ئېلېكتىر زەرەتلىرى تەككەندەك چۆچۈپ كېتىپ:

— نېمە گېپىڭىز بار، خانىم؟ — دەپ سورىدى.

— كېسەل بولۇپ قالدىڭىزمۇ، ۋالېنتىنا؟ — سورىدى باروون خانىم.

— كېسەل؟ — دېدى قىز ھەيران بولۇپ ۋە ئوتتەك قىزىپ تۇرغان پېشانىسىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتتى.

— ھەئە. ئەينەككە قاراپ بېقىڭا. بىر دەمنىڭ ئىچىدە چىرايىڭىز تۆت قېتىم ئۆزگەردى.

— راست، — دېدى ئېژېنى، — بەك تاتىرىپ كەتتىڭ.

— ھېچقىسى يوق، ئېژېنى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇنداق بولۇۋاتىمەن.

ۋالېنتىنا ھەرقانچە ساددا بولسىمۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىقىپ كېتىش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇ ئان ۋىلفور خانىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى.

— چىقىپ ئارام ئېلىڭ، ۋالېنتىنا، — دېدى ئۇ. — راستىنلا ساقلىقىڭىز يوقتەك تۇرىدۇ. مېھمانلىرىمىز سىزدىن رەنجىمەيدۇ. چىقىپ بىر ئىستاكان سۇ ئىچىۋەتسىڭىز ئوڭشىلىپ قالىسىز.

ۋالېنتىنا ئېژېنىنى سۆيۈپ قويدى ۋە دانگلار خانىمغا تەزىم قىلدى. بۇ چاغدا دانگلار خانىممۇ خوشلىشىش ئۈچۈن قوزغالغانىدى.

— بىچارە قىز، — دېدى ۋىلفور خانىم ۋالېنتىنانىڭ كەينىدىن ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن، — ئۇ مېنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. ئۇ راستىنلا ئاغرىپ قالارمۇ دەپ بەك ئەنسىرەۋاتىمەن.

ۋالېنتىنا چۈشىنىكسىز بىر خىل مەسخۇش ھالەتتە ئېدۇئارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدى. ئېدۇئار ئۇنىڭغا قىلىقسىزلىق قىلىپ چېقىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قاراپ قويماي ئۆز ھۇجرىسىغا ئۆتتى ۋە ئۇ يەردىن كىچىك پەلەمپەيگە كەلدى. پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى ئۈچ باسقۇچى قالغاندا ئۇ موررېلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، پۇتلىرى كۆيۈشۈپ



قالدى. قوللىرى بوشىشىپ، پەلەمپەي سالاسۇنىنى قويۇۋەتتى-دە، تامغا يۆلىنىپ قالدى ۋە شۇئان پەلەمپەي باسقۇچلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

موررېل ئېتىلىپ كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە پەلەمپەينىڭ تۆۋىدە ياتقان ۋالېنتىنانى كۆردى. ئۇ، قىزنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، كرېسلوغا ئولتۇرغۇزدى. ۋالېنتىنا كۆزلىرىنى ئاچتى.

— ئەجەبمۇ پالاكەتلىك قىلدىم! — دېدى ئۇ، — مېڭىشىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ئىش قىلىپتىمەن. پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بولمىغانلىقىمنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالغاندىمەن.

— ۋالېنتىنا، قاتتىق چۈشۈپ كەتتىڭىزمۇ؟ — سورىدى موررېل.

ۋالېنتىنا ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى ۋە نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان غايەت زور قورقۇشنى كۆردى.

— قورقمىغىن، بوۋا، — دېدى قىز كۈلۈشكە تىرىشىپ، — ھېچ گەپ ئەمەس... بىرئاز بېشىم ئايلىنىپ قالدى.

— يەنە بېشىڭىز قايدىمۇ! — دېدى موررېل ۋە ئىچى-تىت بولۇپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى، — ئېھتىيات قىلىڭ، ۋالېنتىنا. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي!

— ھېچنېمە بولمىدىمغۇ، — دېدى ۋالېنتىنا. — ھېچ گەپ يوق. ئەمدى سىزگە بىر يېڭىلىقنى ئېيتىپ بېرەي. كېلەر ھەپتىدە ئېژېنىنىڭ تويى بولىدىكەن، ئۈچ كۈندىن كېيىن نىكاھلىنىش شەرىپىگە چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بىز ھەممىمىز تەكلىپ قىلىندۇق، ئاتام، ۋىلفور خانىم ۋە مەن... ھەر ھالدا شۇنداق دەپ چۈشەندىم.

— قاچانمۇ بىزگە نۆۋەت كېلەر؟ ئاھ ۋالېنتىنا، بوۋىڭىز سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى «پات ئارىدا تويۇڭلار بولىدۇ» دېگۈزۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىڭ!

— بۇۋامنى ئالدىرىتىش ۋە بۇ ئىشنى ئۇنىڭ يېنىگە سېلىپ تۇرۇشنى ماڭا تاپشۇرماقچىمۇسىز؟ — دېدى ۋالېنتىنا.

— شۇنداق، — دەپ خىتاب قىلدى موررېل، — خۇدا ھەققى، تېزرەك تۇتۇش قىلايلى. ۋالېنتىنا، سىز مېنىڭ بولمىغۇچە خۇددى سىزنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

— قويۇڭا، ماكسىمىلىئان، — دېدى ۋالېنتىنا شۈركۈنۈپ كېتىپ، — بەك قورقۇنچاق ئىكەنسىز. سىزنى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئوفىتسېر دەپ ئاڭلىغانىدىمغۇ. ھا - ھا - ھا!

ئۇ بىمارلارغا خاس ئاھاڭدا ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى كىرىشتى، بېشى كەينىگە تارتىشتى ۋە ئۇ ھەرىكەتسىز ھالدا جىمىپ قالدى. ۋەھىمىلىك ۋارقىراش نۇئارتىيېنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقالماي، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قېتىپ قالدى. موررېل چۈشەندى: ياردەمگە ئادەم چاقىرىش كېرەك ئىدى. ئۇ، قوڭغۇراقنى شىددەتلىك جىرىڭلاتتى. ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسىنى بېسىقتۇرۇۋاتقان دېدەك ۋە باررۇئانىڭ ئورنىغا ئالماشقان خىزمەتكار يۈگۈرۈپ كىرىشتى.

ۋالېنتىنا شۇ قەدەر تاتىرىپ كەتكەن، سوغۇق ۋە ھەرىكەتسىز ئىدىكى، دېدەك بىلەن خىزمەتكار ئۆزلىرىگە ئېيتىلغان گەپنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا بۇ پالاكەت باسقان ئۆيدىكى ۋەھىمىلىك كەيپىياتنىڭ تەسىرى ئاستىدا كارىدورلارنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ، چىقىپ كېتىشتى.

بۇ چاغدا دانگلار خانىم بىلەن ئېژېنى قايتىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇلار بۇ پاراكەندىچىلىكنىڭ سەۋەبىنى تېخى ئۇقمىغانىدى.

— بايا سىلەرگە دېمىدىممۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور خانىم، — بىچارە قىز!



## ئون بىرىنچى باب

## ئىقرار

شۇ ئارىدا ۋىلفورنىڭ ئۆز ئىشخانىسىدىن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نېمە ئىش بولدى؟

موررېل نۇئارتىيېگە قارىدى. نۇئارتىيېنىڭ سوغۇققانلىقى ئەسلىگە كېلىپ بولغانىدى. ئۇ، ئۆتكەندە بىر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭغا پاناھلىنىش جايى بولغان ياندىكى كىچىك بۆلمىنى كۆزى بىلەن كۆرسەتتى. موررېل شىلەپىسىنى ئېلىپ، ئىشىك پەردىسىنىڭ كەينىگە مۈكۈنۈشكە ئاران ئۈلگۈردى. كارىدوردا خانلىق مۇپەتتىشىنىڭ قەدەم شەپىسى ئاڭلاندى. ۋىلفور يۈگۈرۈپ كىرىپ، ۋالېنتىناغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنى قۇچاقلىدى.

— دوختۇرنى چاقىرىڭلار! دوختۇرنى! ئاۋرىنيىنى! — دەپ ۋارقىرىدى ۋىلفور، — ياق، ئۆزۈم باراي.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ يەنە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. باشقا بىر ئىشىكتىن موررېلمۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مۇدھىش ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك ئۇرۇلدى. ئۇ، سېن - مېران خانىم ئۆلگەن كۈنى كەچتە ئۆزى تاسادىپىي ئاڭلاپ قالغان ۋىلفور بىلەن دوختۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلىدى. ۋالېنتىنانىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى گەرچە ئانچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ. باررۇئانىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ھالىتىگە ئوخشايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدا گويا مونتې - كرىستونىڭ ئاۋازى جاراڭلىغان-

دەك بولدى. ئۇ، تېخى ئىككى سائەت ئىلگىرى مۇنداق دېگەنىدى:

«موررېل، قانداق ھاجىتىڭىز بولسىمۇ ماڭا كېلىڭ، مەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايمەن».

ئۇ، ئېتىلغان ئوقتەك يۈگۈرۈپ، سېنت - ئونورېدىن ماتىنيون كوچىسىغا، ئۇ يەردىن يېلىسەي كوچىسىغا يېتىپ باردى.

بۇ چاغدا ۋىلفور كىرا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، ئاۋرىنىيىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ، قوڭغۇراقنى شۇنداق قاتتىق جىرىڭلاتتىكى، دەرۋازىۋەن قورقۇپ كېتىپ، ھاپىلا - شاپىلا ئىشىكنى ئاچتى. بىر ئېغىز گەپ قىلغۇدەك ھالى قالمىغان ۋىلفور پەلەمپەيگە يۈگۈردى. دەرۋازىۋەن ئۇنى تونۇيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كەينىدىن:

— دوختۇر ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا، خانىلىق مۇپەتتىش جانابلىرى! — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋىلفور دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا گوياكى بوراندەك ئۇچۇپ كىردى.

— ھە، سىزمىدىڭىز! — دېدى ئاۋرىنىيى.

— ھەئە، دوختۇر، — دېدى ۋىلفور ئىشىكنى يېپىپ، — ئۆتكەندە سىز مەندىن سورىغاندەك، بۇ قېتىم مەن سىزدىن سورايمەن: بۇ يەردە بىز يالغۇزمۇ؟ دوختۇر، ئائىلەمگە خۇدانىڭ غەزىپى يېغىپتۇ.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى دوختۇر. ئۇنىڭ چىرايى ئېغىر - بېسىق كۆرۈنسىمۇ، ئىچىدە كۈچلۈك ھاياجانغا كەلگەنىدى، — ئائىلىڭىزدىن يەنە بىر كىشى ئاغرىپ قالدىمۇ؟

— شۇنداق، دوختۇر، — دەپ ئۈن سالدى ۋىلفور بېشىنى چاڭگاللاپ، — شۇنداق!

ئاۋرىنىيىنىڭ كۆزلىرى: «شۇنداق بولۇشىنى كۈتكەنىدىم» دېگەنلىكنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.



ئۇ ئالدىرىماي، ھەر بىر سۆزىنى دانە - دانە چىقىرىپ، مۇنداق دېدى:

— بۇ قېتىم ئۆلۈمگە يول ئالغان كىم؟ بىزنىڭ جىنايەتكارانە ئاجىزلىقىمىزنى ئەيىبلەپ تەڭرىنىڭ ئالدىغا بارىدىغان يېڭى شېھىت كىم؟

ئازابلىق يىغا ئاۋازى ۋىلفورنىڭ كۆكسىدىن ئۇرغۇپ چىقتى. ئۇ، دوختۇرنىڭ قولىنى قىسىپ تۇتۇۋالدى.

— ۋالېنتىنا! — دېدى ئۇ، — بۇ قېتىم نۆۋەت ۋالېنتىناغا كەلدى!

— قىزىڭىز! — ئاۋرىنىيى قورقۇنچ ۋە تەئەججۇپ ئىچىدە خىتاب قىلدى.

— خاتالاشقانلىقىڭىزنى ئەمدى بىلگەنسىز، — دەپ پىچىرلىدى ۋىلفور، — ئۇنىڭغا شىپا قىلىڭ، ئۇنىڭدىن گۇمانلانغانلىقىڭىز ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدىن ئەپۇ سوراڭ.

— ھەر قېتىم مېنى چاقىرغىنىڭىزدا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى، — دېدى ئاۋرىنىيى، — شۇنداق بولسىمۇ مەن بارىمەن. تېز بولايلى. دۈشمەنلىرىڭىزگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتنى قولدىن بېرىشكە بولمايدۇ.

— دوختۇر، بۇ قېتىم مېنى ئاجىزلىق قىلدىڭ دەپ ئەيىبلىيەلمەيسىز. بۇ قېتىم قاتىلنى چوقۇم تېپىپ چىقىمەن، جازالايمەن.

— جازا ھەققىدە كېيىن ئويلىشايلى، — دېدى ئاۋرىنىيى، — ئەڭ ئالدى بىلەن قىزىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىنى قىلىپ كۆرەيلى. يۈرۈڭ.

ۋىلفورنى ئېلىپ كەلگەن كىرا ھارۋىسى ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئاۋرىنىيىنى بىرلىكتە قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا موررېل مونتې - كرىستونىڭ ئىشىكىنى چېكىۋاتاتتى.

گراف ئىشخانىسىدا بولۇپ، ھېلى تېخى بىرتۇپچودىن كەلگەن خەتنى دىققەت بىلەن ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتكىنىگە ئەمدىلا ئىككى سائەت بولغان موررېلنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈردى. موررېلمۇ خۇددى گرافقا ئوخشاشلا، بۇ ئىككى سائەت ئىچىدە كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ، گرافنىڭ ئالدىدىن خۇش تەبەسسۇم بىلەن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا پۈتۈنلەي روھىي چۈشكەن ھالەتتە تۇراتتى.

گراف چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— نېمە بولدىڭىز، ماكسىمىلىئان؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — بۆلەكچە تاترىپ، دەم ئالالماي قاپسىزغۇ؟

موررېل ئۆزىنى كرېسلوغا تاشلىۋەتتى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — يۈگۈرۈپ كەلدىم، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

— ئۆيىڭىزدىكىلەر ساقمۇ؟ — گراف شۇنداق كۆيۈنگەن ئاھاڭدا سورىدىكى، ئۇنىڭ سەمىمىيىتىگە شەك كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— رەھمەت سىزگە، گراف، — دېدى موررېل گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، — ئۆيۈمدىكىلەر ھەممىسى ساق.

— ئۇنداق بولسا ياخشى؛ بىراق، گېپىم بار دېگەنىدىڭىز-غۇ؟ — دېدى گراف بارغانسېرى تەشۋىشلىنىپ.

— شۇنداق، — دېدى موررېل، — مەن ھازىر بۇ يەرگە ئۆلۈم كىرگەن بىر ئۆيدىن كەلدىم.

— ئەمىسە، مورسېرلارنىڭ ئۆيىدىن كەلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى مونتې-كرىستو.

— ياق، — دېدى موررېل، — مورسېرلارنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈم بوپتىمۇ؟



— گېنېرال ئۆزىنىڭ ماڭلىيىغا ئوق ئېتىپتۇ، — دېدى مونتې-كرىستو.

— نېمىدېگەن بەختسىزلىك! — دېدى ماكسىمىلىئان.

— بۇ گراف خانىم بىلەن ئالبېرنىڭ بەختسىزلىكى ئەمەس، — دېدى مونتې-كرىستو، — ئاتا ۋە ئەرنىڭ شەرمەندىچىلىكىنى كۆرگەندىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان تۈزۈك. نومۇسنى قان يۇيىدۇ.

— بىچارە گراف خانىم! — دېدى ماكسىمىلىئان، — ھەممىدىن بەك ئاشۇ پەزىلەتلىك ئايالغا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— ئالبېرغىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ماكسىمىلىئان. ئۇ، گراف خانىمنىڭ مۇناسىپ ئوغلى. ھە، ئەمدى سىزنىڭ گېپىڭىزگە كېلەيلى. مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپسىز. ھاجىتىڭىزدىن چىقالىسام بەك خۇش بولىمەن.

— شۇنداق. سىزدىن ياردەم سوراپ كەلدىم، خۇددى تەلۋە بولغان ئادەمدەك، بىر خۇدادىن مەدەت كۈتۈشكە بولىدىغان ئىشتا سىزگە ئۈمىد باغلاپ كەلدىم.

— سۆزلەۋېرىڭ.

— بۇنداق سىرنى بۇ دۇنيادا بىر ئادەمگە بولسىمۇ ئاشكارىلاشقا ھوقۇقۇم بارمۇ، يوقمۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدى موررېل، — بىراق، تەتۈر پەلەك مېنى شۇنىڭغا مەجبۇر قىلدى. ئەمدى شۇنداق قىلماي ئامالىم يوق.

ئۇ ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى.

— مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دېدى مونتې-كرىستو موررېلنىڭ قولىنى قىسىپ.

— سۆزلىرىڭىز ماڭا مەدەت بېرىۋاتىدۇ، سىزدىن سىر ساقلىماسلىقنى يۈرىكىم ئېيتىۋاتىدۇ.

— شۇنداق، موررېل، بۇ سۆزلىرىڭىزنى خۇدا دىلىڭىزغا

سالدى. يۈرىكىڭىزنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ماڭا ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

— گراف، سىز تونۇيدىغان بىر شەخسنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن باتىستىيىننى ئەۋەتىشىمگە رۇخسەت قىلامسىز؟

— مەن ئۆزۈم خىزمىتىڭىزگە تەييار تۇرغان يەردە، خىزمەتكارلىرىڭىزغا گەپ كېتەمدۇ؟

— مەن ئۇ قىزنىڭ ئوڭشىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىشىم كېرەك. بولمىسا، ساراڭ بولۇپ قالىمەن.

— باتىستىيىننى چاقىرايمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئېيتىمەن.

موررېل چىقىپ، باتىستىيىننى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا بوش ئاۋازدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى. مەھرەم ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

— ھە، قانداق؟ ئەۋەتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى مونتې-كرىستو، موررېل قايتىپ كىرگەندىن كېيىن.

— ھەئە، ئەمدى بىرئاز كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى.

— گېپىڭىزنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، — دېدى مونتې-كرىستو تەبەسسۇم قىلىپ.

— ھە، سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن. ئاڭلاڭ. بىر كۈنى كەچتە مەن بىر باغقا كىرىپ قالدىم. كوكاتلار ئارىسىغا يوشۇرۇندۇم، مېنى ھېچكىم كۆرەلمەيتتى. ئالدىمدىن ئىككى ئادەم ئۆتتى. ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىماسلىققا رۇخسەت قىلىڭ. ئۇلار بوش ئاۋازدا سۆزلەشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلىش مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىدى. شۇڭا، پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ بىر سۆزىنىمۇ قالدۇرماي ئاڭلىۋالدىم.

— تاتىرىپ كەتكىنىڭىزدىن قارىغاندا، بۇ بىر يامان ھېكايىنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا كېرەك.



— شۇنداق، دوستۇم، بۇ بەك قورقۇنچلۇق گەپ! ئۇ ئۆيدە تېخى يېڭىلا بىر كىشى ئۆلگەنىدى. سۆھبەتداشلارنىڭ بىرى شۇ ئۆينىڭ خوجايىنى، يەنە بىرى دوختۇر ئىدى. ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە ئۆزىنىڭ دەردى ۋە قايغۇسىنى بايان قىلماقتا ئىدى. چۈنكى مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە گوياكى قىساس پەرىشتىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە خۇدانىڭ غەزىپىنى ياغدۇرغاندەك، ئۇشتۇمتۇت، كۈتۈلمىگەن ئىككى ئۆلۈم بىرىگە بىرى ئۇلىشىپ كەلگەنىدى.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى مونتې-كرىستو موررېلغا تىكىلىپ قاراپ ۋە ئۆزى ئولتۇرغان كرېسلونى چاندۇرماستىن سەل بىر چەتكە سۈرۈۋالغانىدى، ئۆزى سايىدا قېلىپ، كۈن نۇرى ئۇدۇل مېھماننىڭ يۈزىگە چۈشتى.

— شۇنداق، — دېدى ماكسىمىلىئان، — ئۇ ئۆيگە بىر ئايدا ئىككى قېتىم ئۆلۈم كەلدى.

— دوختۇر نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى مونتې-كرىستو.

— ئۇ شۇنداق دېدىكى... شۇنداق دېدىكى، بۇ تەبىئىي ئۆلۈم ئەمەس، بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبى...

— سەۋەبى نېمە؟

— زەھەر!

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى مونتې-كرىستو ۋە ئاستاغىنا يۆتىلىپ قويدى. ئۇ، قاتتىق ھاياجانغا كەلگەندە يۈزىنىڭ قىزارغان ياكى تاتارغانلىقىنى ۋە ياكى سۆھبەتدىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى، — شۇنداقمۇ، ماكسىمىلىئان؟ شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، قەدىرلىك گراف، شۇ گەپلەرنى ئاڭلىدىم. دوختۇر ھەتتا بۇندىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق ئۆلۈم تەكرارلانسا، قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى قوشۇپ قويدى.

مونتې ـ كرىستو بۇ گەپلەرنى قولىمۇ بەخىرامانلىق بىلەن ئاڭلىدى.

— ئاندىن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ماكسىمىلىئان، — ئۈچىنچى قېتىم ئۆلۈم ۋەقەسى سادىر بولدى، لېكىن ئۆينىڭ خوجايىنىمۇ، دوختۇرمۇ بۇ ھەقتە ھېچكىمگە زۇۋان سۈرمىدى. ئەمدى يەنە تۆتىنچى قېتىملىق ئۆلۈم كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئېيتىڭا، گراف، مەن بۇ سىرنى بىلگەندىن كېيىن نېمە قىلىشىم كېرەك؟

— قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى مونتې ـ كرىستو، — سىز ھەممە كىشىگە ئايان بولغان بىر ۋەقەنى سۆزلەۋاتىسىز. سىز ئېيتقان ئۇ ئۆينى مەنمۇ بىلىمەن ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۆينى بىلىمەن. ئۇ ئۆينىڭ بېغى بار، شۇ باغدا ئائىلە باشلىقى بىلەن دوختۇر سۆزلەشكەن، شۇ ئۆيدە كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم غەلىتە ۋە كۈتۈلمىگەن ئۆلۈم يۈز بەرگەن. ماڭا قاراڭ، مەن بۇ ھەقتە ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بولساممۇ، سىزگە ئوخشاشلا ھەممىدىن خەۋىرىم بار. ھالبۇكى، مېنىڭ ۋىجدانىم ئازابلىنامدۇ؟ ياق، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك. سىز «گوياكى قىساس پەرىشتىسى بۇ ئۆيگە خۇدانىڭ غەزىپىنى ياغدۇردى» دەيسىز. بۇنى شۇنداق ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ جىنايەتنى كۆرۈشكە تېگىشلىك بولغانلار كۆرمەسكە سېلىپ يۈرگەندە، سىزمۇ كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىڭ. ماكسىمىلىئان، ئەگەر تەڭرى بۇ ئۆيدىن ھېساب ئېلىۋاتقان بولسا، سىز تەتۈر قارىۋېلىڭ، تەڭرىنىڭ جازاسىغا پۇتلىكاشاڭ بولماڭ.

مورىل چۆچۈپ كەتتى. گرافنىڭ ئاۋازى سوغۇق، سۇرلۇك ۋە تەنتەنىلىك جاراڭلايتتى.

— ئۇنداق ئىشنىڭ يەنە تەكرارلىنىدىغانلىقىنى نەدىن بىلدىڭىز؟ — دەپ يەنە سورىدى گراف. ئۇنىڭ ئاھاڭى شۇنداق



كەسكىن ئۆزگەرگەنىدىكى، خۇددى باشقا بىر ئادەم سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— تەكرارلىنىپ بولدى، گراف! — دەپ خىتاب قىلدى مورىل، — شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەرگە كەلدىم.

— قانداق قىلىشىم كېرەك، مورىل؟ خانلىق مۇپەتتىشكە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويايمۇ؟

گراف ئاخىرقى سۆزلەرنى شۇنداق مەنىلىك ئاھاڭدا ئېيتتىكى، مورىل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— گراف، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — كىمنى دەۋاتقانلىقىمنى بىلىدىكەنسىز ـ دە!

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، دوستۇم. سىزنىڭ بۇ ھېكايىڭىزدىكى شەخسلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسمى بىلەن ئېيتىپ بېرەلەيمەن. سىز ۋىلفورنىڭ بېغىغا كىرگەن. گېپىڭىزدىن قارىغاندا، بۇ ئىش سېن ـ مېران خانىم قازا تاپقان كۈنى ئاخشىمى بولغان. سىز ۋىلفور بىلەن ئاۋرىنىينىڭ ماركىز سېن ـ مېران ۋە ماركىز خانىمنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈمى توغرىسىدا سۆزلەشكىنىنى ئاڭلاپ قاپسىز. ئاۋرىنىيى ئۇلارنى زەھەرلىنىپ ئۆلگەن دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىز ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغىنىڭىز ئۈچۈن شۇندىن تارتىپ بۇ سىرنى ئاشكارىلاش كېرەكمۇ ياكى ئۈنچىقماسلىق كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلالماي ئىچىڭىزدە پاراكەندە بولۇپ يۈرۈۋاتىسىز. بىز ئوتتۇرا ئەسىرلەر دەۋرىدە ياشاۋاتمايمىز، دوستۇم، ھازىر دىنىي سوت ۋە ئىختىيارىي سوتچىلار مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار بىلەن چاتىقىڭىز نېمە؟ «ۋىجدان، مېنى نېمە قىل دەيسەن؟» دېگەنىدى ستېرن①. بولدى، دوستۇم، ئۇلارنىڭ ۋىجدانى ئۇخلاۋاتقان بولسا، ئۇخلاپ يېتىۋەرسۇن، ئۇخلىيالمىغان بولسا، بىدارلىقتا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ تۇرۇۋەرسۇن. لېكىن سىز ئۆزىڭىز

① ستېرن (1713 — 1768) — ئەنگلىيە يازغۇچىسى.

خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىڭ، سىزنىڭ ۋىجدانىڭىز پاك.

موررېلنىڭ يۈزى ھەسرەت بىلەن پۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇ، مونتې - كرىستونىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— بىراق، ئاشۇنداق ئىش يەنە يۈز بەردى ئەمەسمۇ! ئاڭلاۋاتامسىز!

— يۈز بەرسە نېمە بوپتۇ؟ مەيلى، — دېدى گراف ۋە ماكسىمىلىئاننىڭ بۇنداق بىئاراملىقىدىن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىدى، — ئۇلار گويا ئاترىبۇتلار① ئائىلىسىگە ئوخشايدۇ. خۇدا ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىرىپ تۈگەيدۇ. ئۇلارنىڭ يوقىلىشى خۇددى كىچىك باللار قەغەزدىن كېسىپ ياسىغان ئادەمچاقلار، گەرچە سانى 200 گە يەتكەن ھالەتتىمۇ ئۇلارنى ياسىغان بالا بىر پۈۋلىسىلا بىر - بىرلەپ ئۇچۇپ كەتكىنىگە ئوخشايدۇ. ئۈچ ئاي ئىلگىرى ماركىز سېن - مېران ئۆلدى، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ ماركىز خانىم، يېقىندا بارروئا ئۆلدى. بۈگۈن نۇئارتىيې بوۋاي ياكى ۋالېنتىنا قىز ئۆلىدۇ.

— شۇنداق بولۇشىنى بىلەمتىڭىز؟ — موررېل شۇ قەدەر ۋەھىمىلىك خىتاب قىلدىكى، ھەتتا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ غىڭ قىلمايدىغان مونتې - كرىستو ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، — بىلىپ تۇرۇپ گەپ قىلمىدىڭىزمۇ؟

— مېنىڭ كارىم نېمە؟ — دېدى مونتې - كرىستو مۈرىلىرىنى قىسىپ، — ئۇ كىشىلەر مەن ئۈچۈن نېمە ئىدى؟ ئۇلارنىڭ بىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يەنە بىرىنى قۇربان قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ماڭا ئۆلگۈچىمۇ، ئۆلتۈرگۈچىمۇ ئوخشاش.

— بىراق، مەن، مەن! — موررېل ئەس - ھوشىنى يوقاتقان

① ئاترىبۇتلار — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ، بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشقان بىر جەمەت.



ھالدا ۋارقىرىدى، — مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ئەمەسمۇ!

— ياخشى كۆرىمەن دەمسىز؟ كىمنى؟ — دەپ خىتاب قىلدى مونتې - كرىستو ۋە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ موررېلنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— چىن دىلىم بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭ بىر تامچە كۆز يېشىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن بارلىق قېنىمنى تۆكۈشكە رازىمەن. ئاڭلاۋاتامسىز! مەن ۋالېنتىنا ۋىلفورنى ياخشى كۆرىمەن، بىراق ئۇ ھازىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئۆلۈم گىردابىدا ياتىدۇ! مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. تەڭرىدىن ۋە سىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن، ئۇنى قانداق قۇتقۇزۇشنى ماڭا ئۆگىتىپ قويۇڭ!

مونتې - كرىستو ئۈنلۈك ئاھ ئۇردى، ئۇنىڭ بۇ ئۈن سېلىشى گوياكى يارىلانغان ئارسلاننىڭ ۋارقىرىشىغا ئوخشايتتى.

— ھەي شور پېشانە! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ئۆزىنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، — سەن ۋالېنتىنانى ياخشى كۆرەمسەن! ئاشۇ لەنەتتى ئائىلىنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرەمسەن!

موررېل ئۆز ئۆمرىدە بۇنداق چىرايىنى، بۇنداق دەھشەتلىك كۆزلەرنى كۆرمىگەنىدى. جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ئالجىرىدىكى زور قىرغىنچىلىق بولغان كېچىسى ئۇ خەۋپ - خەتەرگە كۆپ قېتىم دۇچ كەلگەنىدى. لېكىن ئاشۇ خەۋپ - خەتەرلەرمۇ ئۇنىڭغا مونتې - كرىستونىڭ شۇ تاپتىكى كۆزلىرىدەك دەھشەتلىك كۆرۈنمىگەنىدى. ئۇ، قورقۇنچ ئىچىدە كەينىگە داجىدى.

مونتې - كرىستو بۇ پارتلاش تۈسىدىكى ھاياجانلىنىشتىن كېيىن خۇددى قەلب يالقۇنلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلىپ، بىردەملىككە كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ، بارلىق كۈچ - غەيرىتىنى يىغىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى. بەجايىكى، قوتىرىغان دولقۇنلار بوراندىن كېيىنكى قۇياش نۇرى ئاستىدا پەسكويىغا

چۈشكەندەك، ئۇنىڭ قەلبىدىكى جۇدۇنمۇ ئاستا-ئاستا بېسىقتى. بۇ جىددىي سۈكۈنات ۋە قەلبىدىكى زىددىيەتلىك توقۇنۇشلار ئاران 20 سېكۇنتچە داۋام قىلدى. گراف تاتىرىپ كەتكەن يۈزىنى كۆتۈردى.

— دوستۇم، — دېدى ئۇ ھېچقانچە ئۆزگەرمىگەن ئاھاڭدا، — كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك بالايىئاپەتلەرگە پەرۋا قىلماي قاراپ تۇرىدىغان تەكەببۇر ۋە بىغەم ئادەملەرنى تەگرىنىڭ قانداق جازالايدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز. مەن كۆز ئالدىمدا ئوينىلىۋاتقان بۇ ۋەھشىيانە تراگېدىيىنى ھازىرغا قەدەر قىزىقىش بىلەن سىرتتىن كۆزىتىپ كەلگەنىدىم. مەن خۇددى ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتىگە ئوخشاش، بەندىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكتىن ئىبارەت نىقابلىرى ئاستىدا يۈز بېرىۋاتقان ياۋۇزلۇقلىرىغا قاراپ، ئىچىمدە كۈلەتتىم (بايلار ۋە ھوقۇقدارلار مەخپىيەتلىكنى ئوڭاي ساقلىيالايدۇ). مانا ئەمدى، يىلاننىڭ ئىزىنى كۆزىتىپ تۇرغىنىمدا، شۇ يىلان ئۆزۈمنى چېقىۋالدى، دەل يۈرىكىمنى چېقىۋالدى!

مورربېل بوغۇق ئاۋازدا ئىڭرىدى.

— ئەمدى زارلىنىشنى تاشلاڭ، — دېدى گراف، — چىڭ تۇرۇڭ، غەيرىتىڭىزنى يىغىڭ، ئۈمىدۋار بولۇڭ، چۈنكى مەن سىزگە ھەمنەپەس بولىمەن، سىزنى قوغدايمەن.

مورربېل غەمكىنلىك بىلەن بېشىنى چايقىدى.

— مەن سىزگە ئۈمىدۋار بولۇڭ دەۋاتىمەن! — دېدى مونتې-كرىستو، — بىلىپ قويۇڭكى، مەن ھېچقانداق ۋاقىتتا يالغان گەپ قىلمايمەن، خاتالاشمايمەن. ھازىر چۈش ۋاقتى بولدى، ماكسىمىلىئان. مېنىڭ يېنىمغا كەچتە ياكى ئەتە ئەتىگەندە ئەمەس، بۈگۈن چۈشتە كەلگىنىڭىز ئۈچۈن تەگرىگە شۈكرى قىلىڭ. سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، ماكسىمىلىئان، ھازىر چۈش



ۋاقتى. ئەگەر ۋالېنتىنا ھازىر ھاياتلا بولسا، ئۇ ئەمدى ئۆلمەيدۇ.

— ئاھ خۇدا! — دەپ خىتاب قىلدى مورربېل، — مەن ئۇنىڭ يېنىدىن چىققاندا ئۇ ئەجەلنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغانىدى!

مونتې-كرىستو قولى بىلەن كۆزلىرىنى تۇتتى. ئۇنىڭ دەھشەتلىك سىرلار بىلەن ئېغىرلاشقان مېڭىسىدىن نېمە خىياللار كېچىۋاتقاندۇ؟ بۇ شەپقەتسىز ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنسانپەرۋەر قەلبكە يورۇقلۇق ياكى قاراڭغۇلۇق ئىلاھى نېمىلەرنى پىچىرلىغاندۇر؟ بۇنى بىر ئاللا ئۆزى بىلىدۇ!

مونتې-كرىستو يەنە بېشىنى كۆتۈردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ چىرايى خۇددى يېڭىدىن ئويغانغان بوۋاقنىڭ يۈزىدەك غەمسىز ئىدى.

— ماكسىمىلىئان، — دېدى ئۇ، — خاتىرجەم بولۇپ، ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ. سىزگە شۇنى بۇيرۇيمەنكى، ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالماڭ. ئەندىشىڭىزنى بىلىندۈرمەڭ. مېنىڭ خەۋىرىمنى كۈتۈڭ. ئەمدى قايتىپ كېتىڭ.

— سىزنىڭ سوغۇققانلىقىڭىز مېنى قورقۇتىۋاتىدۇ، گراف، — دېدى مورربېل، — سىز ئەجەلنى قايتۇرۇۋېتەلەمسىز؟ سىز زادى بەندىمۇ؟ ياكى پەرىشتىمۇ؟ خۇدامۇ؟

ھېچقانداق خەۋپ-خەتەر ئالدىدا چېكىنىپ باقمىغان ياش ئوفىتسېر مىسلىسىز ۋەھىمىگە چۈمگەن ھالدا مونتې-كرىستونىڭ ئالدىدىن چېكىندى. بىراق، مونتې-كرىستو ئۇنىڭغا شۇنداق غەمكىن ۋە مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن قارىدىكى، ماكسىمىلىئاننىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى.

— مەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايمەن، دوستۇم، — دېدى گراف، — قايتىڭ. ئەمدى يالغۇز ئولتۇرۇپ بىر ئاز ئويلىنىۋېلىشىم كېرەك.

مونتې-كرىستو ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنى ئالاھىدە بىر خىل

بويسۇندۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە ئىدى. موررېلمۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلمىدى. ئۇ، گرافنىڭ قولىنى قىستى ـ دە، چىقىپ كەتتى. ئۇ، دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا ماتىنئون كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىن ئەگىلىپ كېلىۋاتقان باتىستېننى كۆرۈپ، ئۇنى كۈتۈپ تۇردى.

شۇ ئەسنادا، ۋىلفور بىلەن ئاۋرىنيې خانىلىق مۇپەتتىشىنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ كىردى. ئۇلار كىرگەندە ۋالېنتىنا تېخىچە ھوشىغا كەلمەي ياتقانىدى. ئاۋرىنيې دەھشەتلىك سىردىن خەۋەردار بولغان دوختۇرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ بويىچە ۋالېنتىنانى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتى.

ۋىلفور ئاۋرىنيېنىڭ يۈزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. نۇئارتىيې ۋالېنتىنادىنمۇ بەكرەك تاتىرىپ كەتكەن ۋە ۋىلفوردىنمۇ بەكرەك جاۋابقا تەشنا بولغان ھالدا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن قەلب ۋە زېھىن كۈچى كۆزلىرىگە مەركەزلەشكەنىدى.

ئاخىرى ئاۋرىنيې بوش ئاۋازدا:

— ئۇ، تېخى تىرىك ئىكەن! — دېدى.

— «تېخى» دەيسىزغۇ! — دەپ ئۈن سالدى ۋىلفور، — بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك گەپ، دوختۇر!

— شۇنداق، ئۇ تېخى تىرىك ئىكەن. مەن شۇنىڭغا بەك ھەيران بولۇۋاتىمەن.

— بىراق، ئۇ ئەمدى ھايات بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئاتا.

— ھەئە، ئۆلمىگەندىن كېيىن ھايات بولىدۇ ـ دە.

بۇ چاغدا ئاۋرىنيېنىڭ كۆزلىرى نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە شۇنداق چەكسىز خۇشاللىق، شۇنداق چوڭقۇر ۋە ئۆتكۈر ئىدراك ئەكس ئېتىپ تۇراتتىكى، دوختۇر ئۇنىڭغا قاراپ ھەيرەتتە قالدى. ئۇ، لەۋلىرى قانسىراپ، يۈزى تاتىرىپ كەتكەن ۋالېنتىنانى يەنە كرېسلوغا قويدى ۋە



ئۆزىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان نۇئارتىيېدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ۋىلفور ئەپەندى، — دېدى ئاخىر دوختۇر، — مەرھەمەت قىلىپ، ۋالېنتىنا خانىقىزنىڭ دېدىكىنى چاقىرىپ قويسىڭىز.

ۋىلفور ۋالېنتىنانى يۆلەپ تۇرغانىدى. ئۇ، قىزىنىڭ بېشىنى كرېسلونىڭ يۆلەنچۈكىگە ئاستا قويدى ـ دە، شەخسەن ئۆزى دېدەكنى چاقىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىك يېپىلىشى بىلەنلا ئاۋرىنيې نۇئارتىيېنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ماڭا بىر نېمە دېمەكچىمۇسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

بوۋاي مەنىلىك قىلىپ كۆزلىرىنى يۇمدى. بىزگە مەلۇمكى، بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر تەستىقلاش ئىشارىتى ئىدى.

— يالغۇز ماڭىلا دەمسىز؟

— شۇنداق، — دېگەننى ئىپادىلىدى نۇئارتىيې.

— ماقۇل، سىز بىلەن يالغۇز بولۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي.

بۇ چاغدا ۋىلفور دېدەكنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ۋىلفور خانىم كىردى.

— بىچارە قىز نېمە بوپتۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — ئۇ ھېلى تېخى مېنىڭ يېنىمدا ئىدى. توغرا، ئۇ «مىجەزىم يوق» دېگەنىدى. بىراق، بۇنداق بولۇشىنى ئويلىماپتىمەن.

بۇ چوكاننىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى ۋە ئۇ چىرايىدا ھەقىقىي ئانىلىق مېھرى ئىپادىلەنگەن ھالدا ۋالېنتىنانىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.

ئاۋرىنيې نۇئارتىيېنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، مەڭزىلىرى تاتىرىپ كەتتى، پېشانىسى نەملەشتى.

— مۇنداق ئىكەن ـ دە! — ئاۋرىنيې ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېدى ۋە نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرى تى-

كىلگەن تەرەپكە قارىدى، باشقىچە ئېيتقاندا، ۋىلفور خانىمغا
قارىدى، ۋىلفور خانىم توختىماستىن سۆزلەۋاتاتتى:
— بىچارە قىزنى يوتقىنىغا ياتقۇزۇش كېرەك، كېلىڭلار، قانىنى، ئىككىمىز ئۇنى ياتقۇزۇپ قويايلى.
بۇ پىكىر ئاۋرىنىينىڭ نۇئارتىيې بىلەن يالغۇز قېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى. شۇڭا ئاۋرىنىيى رازىلىق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى، لېكىن بىمار قىزغا ئۆزىنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچنېمە بەرمەسلىكىنى قاتتىق جېكىلىدى.
ۋالېنتىنانى ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇ ھوشىغا كەلدى، لېكىن شۇ قەدەر ھالىدىن كەتكەنىدىكى، ھەرىكەتمۇ قىلالمايتتى، گەپمۇ قىلالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، بوۋىسى بىلەن كۆزلىرى ئارقىلىق خوشلىشىشقا مادارى يەتتى. ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشۋاتقاندا بوۋىسى ئۇنىڭغا شۇنداق ئېچىنىش بىلەن قارىدىكى، خۇددى ئۇنىڭ تېنىدىن جېنى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.
ئاۋرىنىيى بىمار قىز بىلەن بىللە چىقىپ، رېتسېپ يېزىپ بەردى ۋە ۋىلفورغا شەخسەن ئۆزى شىپاخانىغا بېرىشىنى، دورا ياسىلىپ بولغۇچە شەخسەن ئۆزى قاراپ تۇرۇشىنى، دورىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن قىزنىڭ ھۇجرىسىدا كۈتۈپ تۇرۇشىنى بۇيرۇدى. ئاندىن، ۋالېنتىناغا ھېچنېمە بەرمەسلىكنى يەنە بىر قېتىم جېكىلەپ قويۇپ، نۇئارتىيېنىڭ يېنىغا قايتىپ كىردى، ئىشىكنى چىڭ ياپتى ۋە ئۇلارنىڭ گېپىنى سىرتتىن ھېچكىم ئاڭلىيالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:
— نەۋرە قىزىڭىزنىڭ كېسىلى ھەققىدە دەيدىغان گېپىڭىز بارمىدى؟
— شۇنداق، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي.
— ۋاقىتنى قولدىن بېرىشكە بولمايدۇ. مەن سىزگە سوئال قويىاي، سىز جاۋاب بېرىڭ.



نۇئارتىيې جاۋاب بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.
— سىز ۋالېنتىنانىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلگەنمىدىڭىز؟
— شۇنداق.
ئاۋرىنىيى سەل ئويلىنىپ قالدى. ئاندىن، ئۇ، نۇئارتىيېگە يېقىنراق كەلدى.
— سىزگە ھازىر دەيدىغان گېپىم ئۈچۈن مېنى ئەيىپ قىلمايسىز، لېكىن بىز دۇچ كەلگەن بۇ دەھشەتلىك شارائىتتا ھەممىنى ھېسابقا ئېلىشىمىز كېرەك. بارروۋئانىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى سىز كۆرگەنمۇ؟
نۇئارتىيې كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى.
— ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى ئاۋرىنىيى، نۇئارتىيېنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ.
— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي.
— ئۇنى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن دەپ ئويلامسىز.
نۇئارتىيېنىڭ جانسىز لەۋلىرىدە كۈلۈمسىرەشكە ئوخشاش بىر خىل ئالامەت ئىپادىلەندى.
— ئەمىسە، بارروۋئانى زەھەرلەنگەن دەپ گۇمان قىلامسىز؟
— شۇنداق.
— سىزنىڭ قارىشىڭىزچە، ئۇ ئىچكەن زەھەر ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغانمۇ؟
— ياق.
— بارروۋئاغا خاتالىشىپ زەربە بەرگەن قول بىلەن بۈگۈن ۋالېنتىناغا زەربە بەرگەن قولنى بىر قول دەپ ئويلامسىز؟
— ھەئە.
— ئەمىسە، ۋالېنتىنامۇ ئۆلەمدۇ؟ — ئاۋرىنىيى نۇئارتىيېدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ سورىدى. ئۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ بوۋايغا قانداق تەسىر قىلىشىنى كۆرمەكچى ئىدى.

— ياق!— بوۋاي بۇ جاۋابنى شۇنداق تەنتەنە بىلەن ئىپادىلىدىكى، بۇنى كۆرسە، ھەرقانداق چىۋەر كۆزەتكۈچىلەرمۇ گاڭگىراپ قالغان بولار ئىدى.

— ئۈمىدىڭىز بارمۇ؟ — ئاۋرىنىيى ھەيران بولۇپ سورىدى.

— شۇنداق.

— نېمىدىن ئۈمىد كۈتىسىز؟

بوۋاي كۆزلىرى بىلەن جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— ھە، راست، — دەپ پىچىرلىدى ئاۋرىنىيى. ئاندىن، ئۇ يەنە نۇئارتىيىگە مۇراجىئەت قىلدى.

— قاتىل بۇ ئىشتىن ئەمدى قول ئۈزىدۇ دەپ ئۈمىد قىلامسىز؟

— ياق.

— ئەمىسە، زەھەر ۋالېنتىناغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟

— ھەئە.

— ۋالېنتىناغا قەستەن زەھەر ئىچكۈزۈلگەنلىكىنى سىز ئەلۋەتتە بىلىسىز، — دېدى ئاۋرىنىيى.

بوۋاينىڭ كۆزلىرى بۇ جەھەتتە ھېچقانداق گۇمانىي قاراشلىرى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

— ۋالېنتىنانىڭ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا قانداق ئۈمىدىڭىز بار؟

نۇئارتىيې بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قارىدى. ئاۋرىنىيى ئۇنىڭ كۆزلىرى قارىتىلغان تەرەپكە قارىدى ۋە دورا قاچىلانغان شىشىنى كۆردى.

— ھە، مۇنداق ئىكەن - دە! — دېدى ئاۋرىنىيى. ئۇنىڭ



كۆڭلىگە ئۇشتۇمتۇت بىر پىكىر كەلگەنىدى، — دېمەك، سىز...

— نۇئارتىيې ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا: «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

— دېمەك، سىز ئۇنى زەھەرنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قاپسىز - دە؟

— شۇنداق.

— ئۇنى زەھەرگە ئاستا - ئاستا كۆندۈرۈپ...

— ھەئە، ھەئە، ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى نۇئارتىيې، ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى ئۇقتۇرالىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ.

— مېنىڭ سىزگە بەرگەن دورىلىرىمنىڭ تەركىبىدە برۇتسىن بار دېگىنىمنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

— ھەئە.

— سىز ۋالېنتىنانى مۇشۇ زەھەرگە كۆندۈرۈش ئارقىلىق زەھەرنىڭ تەسىرىنى نېيتراللاشتۇرماقچى بولدىڭىزمۇ؟

نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرى زەپەر قۇچقاندەك نۇرلىنىپ كەتتى.

— شۇمەقسەتكە يېتىپسىز! — دەپ خىتاب قىلدى ئاۋرىنىيى، — ئەگەر سىز مۇشۇ تەدبىرنى قوللانمىغان بولسىڭىز ۋالېنتىنا بۈگۈن مۇشۇ زەھەردىن تىن تارتماي ئۆلگەن بولاتتى. ئۇنىڭغا بەك كۆپ مىقداردىكى زەھەر ئىچكۈزۈۋېتىلگەن. لېكىن بۇ ئىش پەقەت ھوشسىزلىنىش بىلەنلا پۈتتى، ھەر ھالدا ۋالېنتىنا بۇ قېتىم ئۆلمەيدۇ.

بوۋاينىڭ چەكسىز مىننەتدارلىق بىلەن ئەرشكە قارىتىلغان كۆزلىرىدە گوياكى بېھىشنىڭ خۇشاللىقى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

شۇ ئەسنادا ۋىلفور قايتىپ كەلدى.

— مانا، سىز يېزىپ بەرگەن دورىنى ئەكەلدىم، دوختۇر، — دېدى ئۇ.

— بۇ دورىنىڭ ياسىلىشىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ تۇردىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش.

— كەلگىنچە قولىڭىزدىن چىقارمىغانسىز؟

— ياق.

ئاۋرېنىيې شىشىنى قولىغا ئالدى ۋە سۇيۇق دورىنى ئالقىنىغا بىرئاز تامچىلىتىپ، ئاغزىغا ئالدى.

— ياخشى، — دېدى ئۇ، — ۋالېنتىنانىڭ يېنىغا چىقايلى. دەيدىغان گەپلەرنى يەنە تاپىلاپ قوياي، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمغا ھېچكىم خىلاپلىق قىلمىسۇن. بۇنىڭغا سىز ئۆزىڭىز مەسئۇل بولۇڭ.

ئاۋرېنىيې بىلەن ۋىلفور ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەن مەزگىلدە، بىر سالاپەتلىك ئىتاليان روھانىي تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىشىپ، ۋىلفورنىڭ بىناسىغا تۇتاشتۇرۇپ سېلىنغان بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالماقچى ئىدى. بۇ ئوتتۇرىدا قانداق توختام، سودىلارنىڭ بولغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئىشقىلىپ، ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتكەندە بۇ ئۆيدىكى كىشىلەر كۆچۈپ كېتىشتى. «بۇ ئۆينىڭ فۇندامېنتى چىڭ ئەمەس ئىكەن؛ شۇڭا، ئۆرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپى بار ئىمىش» دېگەن گەپلەر تارقالدى. شۇنداق بولسىمۇ، شۇ كۈنى سائەت بەش ئەتراپىدا يېڭى ئىجارىكەش ئۆزىنىڭ ئازغىنا يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. يېڭى ئىجارىكەش بۇ ئۆينى ئۈچ، ئالتە ياكى توققۇز يىللىق ئىجارىگە ئالدى ۋە يېرىم يىللىق ھەققىنى ئالدىن تۆلىدى. بۇ يېڭى ئىجارىكەش، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىتاليان مىللىتىدىن بولۇپ، ئىسمى جاكومو بۇزونى ھەزرەت ئىدى.

دەرھال ئىشچىلار چاقىرىلدى ۋە بۇ كوچىدا كەمدىن - كەم پەيدا بولۇپ قالىدىغان يولۇچىلار بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ قېلىشتى. قارىغۇدەك بولسا، ياغاچچى ۋە تاشچىلار بۇ ۋەيرانە ئۆينىڭ تېگىنى ئېچىپ، فۇندامېنتىنى ئوڭشىماقچى ئىدى.



## ئون ئىككىنچى باب

## بانكىر ۋە ئۇنىڭ قىزى

ئالدىنقى بابتىن مەلۇمكى، دانگلار خانىم ئېژېنى دانگلار خانقىز بىلەن ئاندرېئا كاۋالكانتىنىڭ بولغۇسى تويىنى ۋىلفور خانىمغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى. بۇ مەخسۇس ئۇقتۇرۇشتىن قارىغاندا، مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر بىرلىككە كېلىپ بولغاندەك كۆرۈنەتتى. ۋەھالەنكى، بىرلىككە كېلىشتىن ئىلگىرى بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەنىدى. بىز شۇ ۋەقەنى كىتابخانلىرىمىزغا بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز. شۇڭا، بىرئاز كەينىمىزگە چېكىنىپ، يۇقىرىقى ئىشلار بولۇپ ئۆتكەن كۈنىنىڭ ئەتىگەنكى مەزگىلدە كىتابخانلىرىمىزنى ئالتۇن رەڭلىك جاھازلار بىلەن ھەشەمەتلىك بېزىتىلگەن سارايغا باشلاپ كىرىمىز. سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇقكى، بۇ ئىمارەتنىڭ ئىگىسى بارون دانگلار مەزكۇر سارىيى بىلەن بەك پەخىرلىنەتتى.

ئاشۇ سارايدا، ئەتىگەن سائەت ئون ئەتراپىدا بارون چوڭقۇر ئويغا پاتقان ۋە نېمە ئۈچۈندۇر بىئارام بولغان ھالدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ ھە دەپ ئىشىك تەرەپكە كۆز تاشلايتتى ۋە كىچىككىنە شەپە ئاڭلانسىلا، توختاپ قۇلاق سالاتتى. ئاخىرى، ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، مەھرەمنى چاقىردى.

— ئېتىېن، — دېدى ئۇ، — دانگلار خانقىز نېمە ئۈچۈن مېنى سارايدا كۈتۈپ تۇرسۇن دەيدۇ، نېمە ئۈچۈن مېنى شۇنداق ئۇزاق ساقلىتىدۇ، كىرىپ ئۇقۇپ بېقىڭ.

بارون شۇ گەپ بىلەن ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن بىرئاز پەسكويغا چۈشكەن بولدى.

دەرۋەقە، دانگلار خانىقىز ئەتىگەندە ئويغىنىپلا ئاتىسىنى ئالتۇن رەڭلىك سارايدا كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ دېدىكىنى كىرگۈزگەنىدى. بۇ تەكلىپنىڭ غەلىتىلىكى ۋە بولۇپمۇ بۇنداق رەسمىيەتچىلىك بانكىرنى ئەجەبلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرھال قىزىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، سارايغا كىرگەنىدى.

ئېتىبىن ھايال بولماي قايتىپ كىردى.

— دېدەك قىزدىن ئۇقسام، ئېژېنى خانىقىز كېيىنىپ بولاي دەپ قاپتۇ، ھازىر چىقىدىكەن، — دېدى ئۇ.

— دانگلار بۇ جاۋابتىن رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ۋە ھەتتا مالايلارنىڭ نەزەرىدە دانگلار كەڭ قورساق ئادەم ۋە كۆڭلى يۇمشاق ئاتا دەپ تونۇلغانىدى. ئۇ ئۆزى ئويناۋاتقان كومېدىيىدىكى دېموكراتىك ئەرباپنىڭ رولىنى قاملاشتۇرۇپ ئويناۋاتقانىدەك ھېس قىلاتتى. مىسالى، ئېپتىدائىي تىياتىرلاردا ئاتىلارغا تەقلىد قىلىنغان سەنئەتلىك نىقابلارنىڭ ئاغزىنىڭ ئوڭ بۇرجىكى يۇقىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، كۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى، سول بۇرجىكى بولسا، تۆۋەنگە ساڭگىلىغان بولۇپ، يىغلامسىراپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. يەنە شۇنى قوشۇپ قويۇش كېرەككى، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان لەۋلەر ئۆز كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا سۆرۈنلۈك دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، كۆپ ھاللاردا كەڭ قورساق ئادەم غايىب بولۇپ، قوپال ئەر ۋە زالىم ئاتا مەيدانىغا كېلەتتى.

— بۇ تەنتەك قىزنىڭ ماڭا گېپى بولسا، نېمە ئۈچۈن ئىشخانامغا كىرمەيدۇ؟ — دەپ غودۇڭشىدى دانگلار، — ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان نېمە گېپى باردۇر؟



ئۇ، كۆڭلىنى غەش قىلىپ تۇرغان بۇ خىيالنى ئۆز ئىچىدە 20 قېتىملارچە تەكرارلاپ تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئېچىلىپ، ئېژېنى كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئۇچىسىغا قارا تاۋار كۆڭلەك كىيگەن ۋە كۆكسىگە خۇددى شۇنداقلا قارا گۈل تاقىغان، شلەپە كىيمىگەنىدى. ئەمما، خۇددى ئىتالىيە ئوپېراسىدىكى ئۆز كرېسلوسىنى ئىگىلەشكە ھازىرلانغانىدەك قولىلىرىغا پەلەي كىيىۋالغانىدى.

— نېمە گېپىڭىز بار، ئېژېنى؟ — سورىدى ئاتىسى، — ئىشخانامدا بەھۇزۇر ئولتۇرۇشقا بولىدىغان تۇرۇقلۇق بۇ سارايىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— توغرا گەپ قىلدىڭىز، تەقسىر، — دېدى ئېژېنى ۋە ئاتىسىنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى، — سىز ماڭا ئىككى سوئال قويدىڭىز. بىزنىڭ سۆھبىتىمىزمۇ مۇشۇ ئىككى مەسىلىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ھازىر ھەر ئىككى سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىمەن. قائىدىگە مۇخالىپ ھالدا گەپنى ئىككىنچى سوئالدىن باشلاي، چۈنكى بۇ ئانچە مۇرەككەپ مەسىلە ئەمەس. مەن بانكىر ئىشخانىسىنىڭ يېقىمسىز كۆرۈنۈشى ۋە تەسىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇشۇ ساراي ئۆيىنى ئۇچرىشىش ئورنى قىلىپ تاللىدىم. ئالتۇن رەڭدە ھەل بېرىلگەن ھېساباتى كىتابلىرى، خۇددى قەلئە دەرۋازىلىرىدەك قۇلۇپلانغان ساندۇقلار، نەلەردىن كەلگىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان قەرز چەكلىرى، ئەنگلىيە، گوللاندىيە، ئىسپانىيە، جۇڭگو، ھىندىستان ۋە پېرۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن دۆۋە - دۆۋە خەتلەر... مانا مۇشۇلار ئاتا بولغۇچى كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىغا قانداقتۇر غەلىتە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى جاھاندا ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە كەسىپداشلىرىنىڭ پىكرىدىن تېخىمۇ مۇھىم ۋە مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەنە شۇنىڭ

ئۈچۈن مۇشۇ سارايىنى تاللىدىم. بۇ يەردە كۈلۈپ تۇرغان بەختلىك ئادەملەرنىڭ زىننەتلىك رامكىلارغا ئېلىنغان رەسىملىرى، بىزنىڭ، يەنى سىزنىڭ، مېنىڭ ۋە ئاپامنىڭ رەسىملىرىمىز، تۈرلۈك كۆركەم مەنزىرىلەر ۋە پادىچىلار تەسۋىرلەنگەن يېقىملىق يايلاق كۆرۈنۈشلىرى بار. مەن تاشقى تەسىرنىڭ كۈچىگە ئىشىنىمەن. ئېھتىمال، بولۇپمۇ سىز بىلەن كۆرۈشكەندە بۇنداق ئىشەنچىم توغرا بولماي قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ ناۋادا ئاز - تولا شېرىن خىياللىرىم بولمىسا، ئارتىسلىق تەبىئىتىممۇ بولمىغان بولار ئىدى.

— ياخشى، — دېدى دانگلار. ئۇ، بۇ ئۇزۇن نۇتۇقنى تەۋرەنمەس سوغۇققانلىق بىلەن ئاڭلاپ چىقتى، لېكىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆز خىياللىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ، سۆھبەتدىشىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەكس ساداسىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار ئىدى.

— شۇنداق قىلىپ، بىز ئىككىنچى مەسىلە ئۈستىدە ئازدۇر - كۆپتۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلدۇق، — ئېژېنى قىلچە تەپ تارتماي، ئەرلەرگە خاس مەنمەنلىك بىلەن سۆزلىدى، — قارىشىمچە، سىزمۇ مېنىڭ گېپىمگە قايىل بولغاندەك كۆرۈنىسىز. ئەمدى بىرىنچى مەسىلىگە كېلەيلى. مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى سورىغانىدىڭىز. بۇ سوئالىڭىزغا ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا جاۋاب بېرەمەن: مەن گراف ئاندرېئا كاۋالكانتىغا ياتلىق بولۇشنى خالىمايمەن.

دانگلار ئولتۇرغان يېرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— شۇنداق، تەقسىر، — ئېژېنى يەنە شۇنداقلا خاتىرجەملىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەجەبلىنىۋاتامسىز؟ توغرا، بۇ توي ھەققىدە گەپ چىققاندىن بېرى مەن بىر ئېغىزمۇ قارشى سۆز قىلمىدىم. مەن لازىم تېپىلغاندا، مېنىڭ رازىلىقىمنى



سورىمىغان كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە ئۇچۇق - ئاشكارا ۋە قەتئىيلىك بىلەن رەددىيە بېرەلەيمەن دەپ ئىشىنەتتىم. شۇنداقتىمۇ، بۇ قېتىم مېنىڭ خاتىرجەملىكىمنىڭ پەيلاسوپلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، پاسسىپلىقىمنىڭ مەنبەسى باشقا. مەن كۆيۈمچان ۋە گەپ ئاڭلايدىغان قىزىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن... (قىزنىڭ قېنىق قىزىل لەۋلىرىدە يېنىككىنە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى) سىزنىڭ خاھىشىڭىزغا بويسۇنۇشقا تىرىشتىم.

— شۇنىڭ بىلەن، قانداق بولدى؟ — سورىدى دانگلار.

— شۇنداق بولدىكى، تەقسىر، — دېدى ئېژېنى، — بۈگۈنگىچە چىشىمنى چىشلەپ كەلدىم، لېكىن ئەمدى ھەرقانچە چىداپ باقساممۇ، گېپىڭىزنى ئاڭلاشقا قادىر ئەمەس ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

— ئەپسۇس، — دېدى دانگلار. ئۇ، قىزىنىڭ بۇنداق مۇرەسسەگە يول قويمايدىغان مەنتىقىسى ۋە سوغۇق مۇئامىلىسىدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغانىدى، — ئېژېنى، بۇنداق قارشىلىق قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— سەۋەبى؟ — دېدى ئېژېنى، — ۋاي خۇدا! ئاندرېئا كاۋالكانتى ھەرقانداق ئادەمگە سېلىشتۇرغاندىمۇ سەت ئەمەس، ئەقىلسىز ياكى يېقىمسىز ئەمەس. ئەرلەرنى چىرايى ۋە بوي تۇرقىغا قاراپ باھالايدىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ ھەتتا بەك كېلىشكەن ئوبراز بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ماڭا ياقمىغانلىقى بۇ سەۋەبتىن ئەمەس. ئوقۇغۇچى قىزلار ئاشۇنداق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، لېكىن مەن ئۇ دەۋردىن ئۆتۈپ كەتتىم. مەن ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، تەقسىر. شۇنى بىلەمسىز؟ شۇنداق تۇرۇپ، ئۆمۈر بويى ئۆزۈمنى بىر ھەمراھقا چېتىپ، پۇت - قولۇمنى چۈشەپ قويۇشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى زادى بىلەلمىدىم. بىر دانىشمەن «ھېچقانداق ئارتۇق

ئەرسنى ئالما» دېگەن ئەمەسمىدى؛ يەنە بىر دانىشمەن «ئۆزۈمگە تېگىشلىك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم ئېلىپ يۈرىمەن» دېگەن ئەمەسمىدى؟ بۇ ئىككى ئەقلىيە ئىبارىنى مەن لاتىن ۋە گرېك تىللىرىدىكى ئوقۇلۇشى بويىچە يادلىۋالغانىدىم. خاتالاشمىسام، بۇ ئىككى ئىبارىنىڭ بىرىنى فېدر①، يەنە بىرىنى بىئانتو② ئېيتقان. شۇنداق قىلىپ، ھۆرمەتلىك ئاتا، ھايات دېگەن ئىنسانلار ئارزۇسىنىڭ مەڭگۈلۈك ھالاكەت جەريانىدىن ئىبارەت. مەن مۇشۇنداق ھالاكەتلىك ھاياتتىكى كېرەكسىز يۈكنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىمەن، خالاس. مېنىڭ تەنھا ياشاش ۋە ئۆز ئەركىنلىكىمنى قوغداش ھوقۇقۇم بار.

— بەختسىز قىز! — دانگلار تاتىرىپ كېتىپ غودۇڭشىدى. ئۇ ئۆز يولىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بۇ توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

— بەختسىز؟ — دېدى ئېژېنى، — ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! تەقسىر، سىزنىڭ بۇ خىتابىڭىز، مېنىڭچە، سۈنئىي ۋە ئورۇنسىز. ئەكسىچە، مەن بەختلىك. ئېيتىڭا، مېنىڭ نېمەم كەم؟ كىشىلەر مېنى چىرايلىق دېيىشىدۇ. بۇ ھال مېنى كىشىلەرنىڭ خۇش مۇئامىلىسىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ. مەن خۇش مۇئامىلىنى ياخشى كۆرىمەن. كۈلۈپ تۇرغان چىرايلار سەت كۆرۈنمەيدۇ. مەن ئەقىلسىز ئەمەس، بەلگىلىك زېھنىم بار. خۇددى مايمۇننىڭ ياڭاقنى چېقىپ، مېغىزىنى چىقىرىپ يېگىنىگە ئوخشاش، مەنمۇ ھاياتتىن ئۆزۈم ياقتۇرغان نەرسىنى تاللاپ ئېلىشنى بىلىمەن. مەن باي، چۈنكى سىز فرانسىيىدىكى ئەڭ كاتتا مۈلۈكدارلاردىن

---

① فېدر — مىلادىدىن بۇرۇنقى 15 — 70 - يىللىرى ياشىغان رىملىق مەسەل يازغۇچىسى.

② بىئانتو — مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە يۇناندا ياشىغان ئاتالمىش يەتتە دانىشمەننىڭ بىرى.



بىرى، مەن سىزنىڭ يالغۇز قىزىڭىز، سىز سەھنە ئەسەرلىرىدىكى ئاتىلاردەك كاج ئەمەس، قىزىڭىز سىزگە نەۋرە تۇغۇپ بەرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مىراستىن مەھرۇم قىلمايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادىل قانۇن بولغانلىقى ئۈچۈن سىز مېنى مىراستىن مەھرۇم قىلالمايسىز، ھەر ھالدا تولۇق مەھرۇم قىلالمايسىز. شۇنداقلا، مېنى مەجبۇرىي ياتلىق قىلىشىڭىزغىمۇ قانۇن يول قويمايدۇ. قىسقىسى، مەن گۈزەل، ئەقىللىق، باي ۋە خۇددى كومېدىيىلىك ئوپېرالاردا ئېيتىلغىنىدەك، قابىلىيەتلىرىم پارلاپ تۇرىدۇ. بۇ بەخت ئەمەسمۇ، تەقسىر! مېنى يەنە بەختسىز دەيسىزغۇ.

دانگلار قىزىنىڭ بۇنداق ئۆكتەملىكىنى ۋە تەكەببۇرانە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشىنى كۆرۈپ، غەزىپىنى باسالماي قالدى. ھالبۇكى، ئېژېنىنىڭ سوئال ئىپادىسى بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى ۋە ئەجەبلىنىش بىلەن يىمىرىلگەن چىرايلىق قارا قاشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ئاقىلانىلىق قىلىپ، تەتۈر قارىۋالدى-دە، گوياكى ئېھتىياتچانلىقنىڭ تۆمۈر قولى ئۇنى تىزگىنلىگەندەك، دەرھال ئېسىنى يىغىۋالدى.

— بۇ دېگەنلىرىڭىزغۇ توغرا، قىزىم، — دېدى ئاخىرى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — سەن ھەقىقەتەن ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك قىز. پەقەت بىرلا ئەۋەنلىكىڭ بار. بۇ سەۋەنلىكىڭنى ئېچىپ ئېيتمايمەن، بۇنى ئۆزۈڭ تاپقىنىڭ ياخشى.

ئېژېنى خۇددى ئۆزىنىڭ بېشىدىكى گۈلتاجىغا قادالغان گۆھەرلەرنىڭ بىرىدىن نۇقسان تاپقان ئادەمنى كۆرگەندەك دانگلارغا ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— قانداق ھېسسىياتلار تۈپەيلىدىن ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىڭنى قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈپ بەردىڭ، — دېدى يەنە دانگلار، — ئەمدى مېنىڭ نېمە ئۈچۈن سېنى ياتلىق قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەي.

ئېژېنى ئاتىسىنىڭ سۆزىنى يېرىمايدىغان ئىتائەتچان قىزدەك ئەمەس، بەلكى رەددىيە بېرىشكە ھازىرلىنىپ تۇرغان رەقىبتەك ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ قويدى.

— ئاتا بولغان ئادەم قىزىنىڭ ياتلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلغانىكەن، دېمەك ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتا بەلگىلىك ئاساسى بار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دانگلار، — بەزىلەر ھېلى سەن ئېيتقاندەك، نەۋرە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ساڭا ئوچۇقىنى ئېيتىپ قويايكى، بۇنداق ئاجىزلىق مەندە يوق. مەن ئائىلىۋى خۇشاللىقلارغا ئانچە ھەۋەس قىلمايمەن. بۇنى سېنىڭ ئالدىڭدا ئىقرار قىلىمەن، چۈنكى سەن مەسىلىلەرگە پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارايسەن ۋە بۇ جەھەتتە مېنى ئەيىبلىمەيسەن.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئېژېنى، — ئوچۇق-يورۇق سۆزلەشكىنىمىز تۈزۈك.

— شۇنداق، — دېدى دانگلار، — مەن ئومۇمەن ئالغاندا سېنىڭدەك ئارتۇقچە ئوچۇق-يورۇق بولۇپ كېتىشنى قوللىمسامۇ، بۇ قېتىم شارائىت سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ھە. سۆزۈمنى داۋاملاشتۇراي. سېنى ياتلىق قىلىش ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمدا سېنىڭ بەختىڭنى ئويلاشمىغانىدىم، چۈنكى راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇ ئىشتا سېنى ئانچە نەزەردە تۇتمىدىم. سەن ئوچۇق-يورۇق بولۇشنى ياخشى كۆرىسەن. مانا مەنمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئوچۇق-يورۇق گەپ قىلىدىمغۇ دەيمەن. مەن پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنپەئەتلەرنى كۆزلەپ، سېنىڭ شۇ كىشىگە ياتلىق بولۇشۇڭنى مۇۋاپىق تاپقانىدىم.

ئېژېنى قاشلىرىنى كۆتۈردى.

— گەپ شۇ. خاپا بولمىغىن، گۇناھ ئۆزۈڭدە. سۆزۈمگە ئىشەن. سەندەك سەنئەت خۇمار بىلەن ئىقتىسادىي مەسىلە ئۈستىدە ئامالىنىڭ يوقىدىن سۆزلىشىۋاتىمەن. سەن كۆڭۈلسىز ۋە



شائىرانە بولمىغان ئەسراتلارغا بولۇقماسلىق ئۈچۈن ھەتتا بانكىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشتىنمۇ قورقىسەن. زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەر ئايدا 1000 فرانىك بېرىۋاتىمەن. تېخى ئالدىنقى كۈنىلا سەن شۇ پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشخانامغا كىرگەنىدىڭ. بىلىپ قويغىن، ئاپئاق قىزىم، بۇ بانكىر ئىشخانىسىدا ھەتتا ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان قىزلارغىمۇ ئەسقېتىپ قالىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگىنىۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، سېنىڭ سەزگۈر ئەسەبىلىرىڭگە دەخلى بەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن مۇشۇ سارايدا ئولتۇرۇپ ساڭا شۇنى ئېيتىشىم مۇمكىنكى، سەن ئۇ ئىشخانىدا پۇل مۇئامىلىسى بانكىرنىڭ جېنى ۋە تېنى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسەن. خۇددى ھاۋا بەدەنگە جان بەرگەندەك، ئېلىم-بېرىم ئىشلىرى بانكىرغا مەدەت بېرىدۇ. گراف مونتې-كرىستو بىر قېتىم ماڭا مۇشۇ ھەقتە سۆز قىلغانىدى. ئۇنىڭ شۇ سۆزلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ئىشخانىدا شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، بانكىدىن قەرز ئېلىش توختىسا، بانكىرنىڭ تېنى جەسەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. سېنىڭدەك لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىدىغان قىزنىڭ ئاتىسىمۇ پات ئارىدا ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشى مۇمكىن.

ئېژېنى بۇ زەربىدىن باش ئېگىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مەغرۇرلۇق بىلەن قەددىنى رۇسلىدى.

— ئەمىسە، سىز ۋەيران بولىدىكەنسىز! — دېدى ئۇ.

— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتتىڭ، قىزىم، — دېدى دانگلار مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، لېكىن ئۆزىنىڭ قوپال چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەشنى ساقلاپ قالدى. ۋەھالەنكى، بۇ، باغرى تاش، ئەمما كاللىسى ئىشلەيدىغان ئادەمگە خاس كۈلۈمسىرەش ئىدى، — شۇنداق، مەن ۋەيران بولدۇم!

— مۇنداق دەڭ! — دەپ قويدى ئېژېنى.

— شۇنداق، ۋەيران بولدۇم! شۇنداق قىلىپ، بىر شائىر ئېيتقانىدەك، ئەجەللىك سىرىم ئېچىپ تاشلاندى. قىزىم، ئەمدى ماڭا قانداق ئۇسۇل بىلەن ياردەم قىلالايدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ باقاي. ئاڭلاپ باققىن. بۇ مەن ئۈچۈن ئەمەس. ئۆزۈڭ ئۈچۈن پايدىلىق.

— بۇ ۋەيرانچىلىقتىن مېنى بەك قايغۇرۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغان بولسىڭىز، ئىقتىدارلىق پسىخولوگ ئەمەس ئىكەنسىز، تەقسىر، — دەپ خىتاب قىلدى ئېژېنى، — مەن ۋەيران بولدۇممۇ؟ بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟ مېنىڭ ئۆز قابىلىيىتىم يوقمىدى؟ مەن پاستې ①، مالىبىران② ياكى گرىزىگە③ ئوخشاش بولالمامدىم؟ ئۆز قابىلىيىتىمگە تايىنىپ، سىز ماڭا بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەمدىم؟ قاپاقلىرىڭىزنىڭ تولۇپ كېتىشلىرىگە ۋە ئىسراپخورلۇق قىلىدىك دەپ دوق قىلىشلىرىڭىزغا چىداپ، يىلىغا ئاران 12 مىڭ فرانىك ئېلىپ كەلگەن بولسام، ئەمدى ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ، يىلىغا 100 مىڭ ياكى 150 مىڭ لىۋر ئالىدىغان بولىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ پۇللار ماڭا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە گۈلدەستىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدۇ. كۈلۈپ تۇرۇۋشىڭىزدىن قارىغاندا، سىز مېنىڭ قابىلىيىتىمگە ئىشەنمەيسىز، لېكىن قابىلىيىتىم بولمىغان ھالەتتىمۇ، ئەركىنلىككە بولغان ئىشتىياقىم بار ئەمەسمۇ. ۋەھالەنكى، مەن ئۈچۈن ئەركىنلىك جاھاننىڭ بايلىقىدىنمۇ، ھەتتا جېنىمدىنمۇ قىممەتلىك.

ياق، مەن ئۆزۈم ئۈچۈن قايغۇرمايمەن. مەن ئۆز تەقدى-

---

① پاستې (1745 — 1819) — ئىتالىيىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق ئوپېرا ئارتىسى.

② مالىبىران (1808 — 1836) — فرانسىيىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق ئوپېرا ئارتىسى.

③ گرىزى (1811 — 1869) — ئىتالىيىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق ئوپېرا ئارتىسى.



رىمنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلالايمەن. مېنىڭ كىتابلىرىم، قەلەملىرىم، رويالىم ئۆزۈمگە تېگىشلىك. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىممەت ئەمەس. ناۋادا، بۇ نەرسىلەرنى قولدىن چىقىرىپ قويساممۇ يەنە سېتىۋالالايمەن. بەلكىم سىز مېنى دانگلار خانىم ئۈچۈن قايغۇرىدۇ دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. بۇمۇ ئۇنداق ئەمەس. خاتالاشمىسام، ئۇ بارلىق ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈپ قويىدى. شۇڭا، سىزگە كېلىدىغان ۋەيرانچىلىق ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بىلىشىمچە، ئۇنىڭ ئىستىقبالى تولۇق كاپالەتكە ئىگە. ھەرھالدا ئۇ ئىقتىسادىي ئاساسنى چىڭىتىشتا مېنىڭ غېمىمنى يېمىگەن. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ مېنىڭ ئەركىنلىكنى سۆيىدىغانلىقىمنى باھانە قىلىپ، ھېچقانداق ئىشىمغا كۆڭۈل بۆلمىگەن.

ياق، تەقسىر، مەن بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا ئەتراپىمدا نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆستۈم، ھەممىنى بىلدىم، چۈشەندىم. شۇڭا، سىزنىڭ ۋەيران بولۇشىڭىز ماڭا ھېچقانچە تەسىر قىلمايدۇ. ئەسلىسەم، ئۆزۈمنى بىلگەندىن تارتىپ مېنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيتتى. تەبىئىيكى، مەنمۇ ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەنسىز.

— دېمەك، — دېدى دانگلار غەزەپتىن تاتىرىپ كېتىپ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ غەزەپلىنىشى ئاتىلىق ھېسسىياتىنىڭ ھاقارەتلەنگەنلىكىدىن بولمىدى، — دېمەك، مېنىڭ ۋەيران بولۇشۇمنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش نىيىتىڭدىن يانمامسەن؟

— ۋەيران بولۇشىڭىزنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش؟ مەنمۇ؟ — دېدى ئېژېنى، — چۈشەنمىدىم.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، ئاز - تولا ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ. گېپىمنى ئاڭلاپ باق.

— ئاڭلاۋاتىمەن، — دېدى ئېژېنى ئاتىسىغا تىك بېقىپ. دانگلار قىزىنىڭ بۇنداق ئەيمەنمەستىن قاراپ تۇرغان كۆزلىرى

ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە قارىۋالماسلىق ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلدى.

— كىنەز كاۋالكانتى ساڭا ئۆيلىنىشنى خالايدۇ، — دېدى دانگلار، — شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ 3 مىليون فرانكىنى مېنىڭ بانكامغا قويۇشقا رازى بولدى.

— قالتىس گەپ قىپتۇ، — دەپ قويدى ئېژېنى، مەنسىتمىگەن قىياپەتتە پەلەيلىرىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ.

— ئاشۇ 3 مىليونىڭ ماڭا ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ قورقۇۋاتامسەن؟ — دېدى، دانگلار، — ئۇنداق ئەمەس. بۇ 3 مىليوندىن كەم دېگەندىمۇ 10 مىليون كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. مەن ۋە يەنە بىر بانكىر ئىككىمىز بىرلىشىپ، بىر تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالدۇق. تۆمۈريول ھازىر ئەڭ تېز ئونۇم بېرىدىغان سانائەت تۈرى بولۇپ قالدى. بۇ ئىش خۇددى بىر زامانلاردا لۇئۇ دېگەن كىشىنىڭ بىزنىڭ ئەخمەق پارىژلىق ھايانكەشلىرىمىزنى مىسسىپى ۋادىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش ھەققىدىكى ئاجايىپ گەپلىرى بىلەن قىزىقتۇرۇپ، مىلسىز بېيىپ كەتكىنىگە ئوخشايدۇ. مۆلچەرلىشىمچە، خۇددى بىر چاغلاردا ئوگايئو دەرياسى بويلىرىدىكى بوز يەرگە ئىگە بولۇشقانىدەك، ھازىر تۆمۈريولنىڭ مىليوندىن بىر ئۈلۈشىگە ئىگە بولۇش كۇپايە قىلىدۇ. بۇ پۇلنى رەنىگە قويغانلىق بولۇپ، تەرەققىي قىلغانلىقنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى پۇلۇڭنىڭ ھەققىگە 15، 20، ھەتتا 100 فۇت تۆمۈرگە ئىگە بولىسەن. دېمەكچىمەنكى، بۇگۈندىن ئېتىبارەن بىر ھەپتە ئىچىدە مەن 4 مىليوننى ياي قوشۇشۇم كېرەك! ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، بۇ 4 مىليوننى بېرىپ، كېيىن ئون ياكى 12 مىليوننى ئالغىلى بولىدۇ.

— ئالدىنقى كۈنى ئالدىڭىزغا كىرگىنىمنى ئېسىڭىزدە بەك ياخشى ساقلاپ قويۇپسىز، — دېدى ئېژېنى، — شۇ كۈنى بەش



يېرىم مىليوننىڭ چېكىنى قوبۇل قىلغانلىقىڭىزنى كۆرگەن ئىدىمغۇ. شۇ ئىككى بانكا چېكىنى ماڭا ئۆزىڭىز كۆرسەتكەنىدىڭىز. سىز ھەتتا ئاشۇ قىممەتلىك قەغەزلەرنىڭ خۇددى ئۇشتۇمتۇت چېقىلغان چاقماقتەك مېنىڭ قەلبىمنى لەرزىگە كەلتۈرمىگىنىدىن ئەجەبلەنگەنىدىڭىز.

— شۇنداق، لېكىن ئۇ بەش يېرىم مىليون مېنىڭ پۇلۇم ئەمەس، پەقەت ماڭا بولغان ئىشەنچىنىڭ دەلىلىدىن ئىبارەت. مېنىڭ دېموكرات بولۇش سالاھىيىتىم دارىلئېتامنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ بەش يېرىم مىليون شۇ دارىلئېتامنىڭ. بۇرۇنقى چاغلار بولسا، ئۇ پۇللارنى ئىشلىتىۋەرگەن بولاتتىم، لېكىن ھازىرقى ۋاقىتتا مېنىڭ زور چىقىم تارتقانلىقىم ھەممىگە ئايان. بانكامدىن قەرز ئالغۇچىلار كېمىيىپ كەتتى. دارىلئېتام ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا پۇللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئوبوروتقا سېلىۋەتكەن بولسام، قەرزنى تۆلىيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى، سۇنغانلىقىمنى ئېلان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەنغۇ قەرز تۆلىيەلمەي قېلىشتىن قورقمايمەن، بىراق قەرزنى تۆلىمەسلىك ئادەمنى بېيىتىدىغان بولسۇن، ھەرگىز ۋەيران قىلىدىغان بولمىسۇن. ئەگەر سەن كاۋالكانتىغا ياتلىق بولساڭ ۋە مەن ئۇنىڭ 3 مىليونىنى قولغا كەلتۈرسەم، ياكى ھەتتا كىشىلەر مېنى شۇ 3 مىليونغا ئىگە بولىدى دەپ ئويلاشسىمۇ، قەرز بېرىش ئىشلىرىم دەرھال ئەسلىگە كېلىدۇ. شۇندىن كېيىن مېنىڭ ئاساسىم مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە مەن ئەركىن نەپەس ئالىمەن، چۈنكى ئىشلىرىم ئوڭشىغا تارتمايۋاتقىنىغا ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. ئۆزۈمنى خۇددى يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم. دېمەك، سىز مېنى 3 مىليوننى ئېلىش ئۈچۈن رەنىگە قويماقچى ئىكەنسىز ـ دە؟

— سوممىا قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ. سوممىنىڭ كۆپ بولۇشى سىنىڭ قىممىتىڭنى بەلگىلەيدۇ.

— رەھمەت سىزگە. يەنە بىر گېپىم بار. كاۋالكانتى ئەپەندىنىڭ پۇلىنى ئاتاقتىلا ئىشقا سېلىپ، ئەمەلدە ئىشلەتمەسلىككە ۋەدە بېرەلەمسىز؟ مەن بۇ گەپنى شەخسىيەتچىلىكىمدىن ئەمەس، كۆڭلۈمنىڭ نازۇكلىقىدىن دەۋاتىمەن. ئىقتىسادىي ئاساسىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىڭىزغا ياردەم قىلسام قىلاي، لېكىن سىزنىڭ باشقىلارنى ۋەيران قىلىشىڭىزغا يول قويمايمەن.

— ساڭا دېدىمغۇ، — دەپ خىتاب قىلدى دانگلار، — ئاشۇ 3 مىليوننىڭ ياردىمى بىلەن ...

— ئاشۇ 3 مىليونغا چېقىلماي تۇرۇپ ئىشلىرىڭىزنى ئوڭشىۋېلىشىڭىزغا كۆزىڭىز يېتەمدۇ؟

— شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، لېكىن بۇ يەنىلا مۇشۇ توينىڭ بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق.

— مېنىڭ تويلۇقۇمغا ئاتاپ قويغان 500 مىڭ فرانكىڭىزنى كاۋالكانتىغا بېرەلەمسىز؟

— سىلەر ۋالىي مەھكىمىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ① ئۇ پۇللارنى كاۋالكانتىغا تاپشۇرىمەن.

— ياخشى!

— ياخشى دېگىنىڭ نېمىسى؟

— بۇ دېگەنلىك، نىكاھ كېلىشىمىگە ئىمزا قويىمەن، بىراق ئاندىن كېيىن قانداق قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ياخشى. تەقسىر، مەن كاۋالكانتى ئەپەندىگە ياتلىق بولۇشقا تەييار.

---

① توي خېتىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن دېمەكچى.



— بىراق، سەن نېمە قىلىمەن دەيسەن؟

— بۇ مېنىڭ سىرىم. سىزنىڭ سىرىڭىزنى بىلىپ بولۇپ، يەنە ئۆزۈمنىڭ سىرىمنى ئاشكارىلىسام، سىزنىڭ ئالدىڭىزدىكى ئۈستۈنلۈكۈم يوقالمامدۇ؟

دانگلار لېۋىنى چىشلەپ قالدى.

— شۇنداق قىلىپ، سەن رازى بولدۇڭ، — دېدى ئۇ، — ئەمدى بۇنى جامائەتكە رەسمىي ئۇقتۇرساق بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دېدى ئېۋژېنى.

— نىكاھ كېلىشىمىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىمزالىساقچۇ؟

— بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىمدە ساڭا «ياخشى» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

دانگلار قىزىنىڭ قولىنى قىستى. ئەجەبا، بۇ قول ئېلىشىشتا ئاتىسى «رەھمەت ساڭا» دېگەننى ئېغىزغا ئالمىدى. قىزى بولسا، ھەتتا ئاتىسىغا كۈلۈمسىرەپمۇ قويمىدى.

— گېپىمىز پۈتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئېۋژېنى ئورنىدىن تۇرۇپ.

دانگلار گەپنىڭ پۈتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئارمىلىيى خانىقىزنىڭ قوللىرى ئاستىدا رويال ساداسى ياڭرىدى ۋە دانگلار خانىقىز برابانسىيو دېزدېمونىنىڭ غەزەپلىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئارىيەسىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

ئارىيە تاماملىنىپ تۇرۇشىغا ئېتىين كىردى ۋە ئات - ھارۋىنىڭ تەييار بولغانلىقىنى، بارون خانىمنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېۋژېنىگە خەۋەر قىلدى.

ئىككى خېنىمنىڭ ۋىلفورلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەنلىكىنى بىز كۆرگەنىدۇق. ئۇلار ۋىلفورنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، توي خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن باشقا ئۆيلەرگە يۈرۈپ كەتتى.

## ئون ئۈچىنچى باب

## نىكاھ كېلىشىمى

يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن كېيىن ئېرىنى دانگلار خانىقىز بىلەن ئاندرېئا كاۋالكانتىنىڭ نىكاھ كېلىشىمى ئىمزالىنىشقا بەلگىلەنگەن كۈن يېتىپ كەلدى. كەچ سائەت بەش ئىدى. مونتې-كرىستونىڭ ئۆيى ئالدىدىكى باغدا ئىزغىرىن شامال دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ تۇراتتى. گراف سىرتقا چىقىشقا ھازىرلىنىپ تۇراتتى. چارەك سائەتتىن بېرى پەيتۇندا كۈتۈپ ئولتۇرغان ھارۋىكەش ئالغا ئىنتىلىپ، يەرنى تېپىپ تۇرغان ئاتلارنى تەستە توختىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا دەرۋازىدىن ياسىداق بىر پەيتۇن كىرىپ كەلدى. بىز بۇ پەيتۇن بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشقانىدۇق. ئالايلى، ئوتېيلدىكى بىزگە مەلۇم بولغان ھېلىقى كېچىسىمۇ كۆرگەنىدۇق. پەيتۇندىن ئىشىك ئالدىغا ئاندرېئا كاۋالكانتى سەكرەپ چۈشتى. ئۇ، بەجايىكى كىنەز ئائىلىسىگە كۈيئوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرغاندەك ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ، ئادىتى بويىچە تەكەللۇپ قىلمايلا گرافنىڭ بار-يوقلۇقىنى سوراپ قويدى-دە، ئىككىنچى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە پەلەمپەي مەيدانچىسىدا گرافنىڭ ئۆزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. گراف ئۇنى كۆرۈپ توختىدى. لېكىن ئاندرېئا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بولۇپ، شۇ تاپتا ئۇنى ھېچقانداق نەرسىمۇ توختىتىپ قالالماس ئىدى.



— سالام، قەدىرلىك گراف! — دېدى ئۇ مونتې-كرىستوغا.

— ھە، ئاندرېئا ئەپەندى! — دېدى گراف مەسخىرە ئارىلاش ئاھاڭدا، — قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— ناھايىتى ياخشى. سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گېپىم بار. بىراق، ئالدى بىلەن ئېيتىڭا، ئۆيدىن چىقاي دەپ تۇرۇۋاتامسىز ياكى بىر ياقتىن ھېلى قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— چىقاي دەپ تۇرىمەن.

— ئۇنداق بولسا، رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن سىزنىڭ پەيتۇنىڭىزغا ئولتۇراي. توم بىزنىڭ كەينىمىزدىن ماڭسۇن.

— ياق، — دېدى گراف ۋە بىلىنەر-بىلىنمەس يىرگىنىش بىلەن كۈلۈمسىرىدى، چۈنكى ئۇ بۇ يىگىت بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشنى ھەرگىز خالىمايتتى، — گېپىڭىز بولسا مۇشۇ يەردە ئاڭلاي، قەدىرلىك ئاندرېئا ئەپەندى. ئۆيدە سۆزلىشىش ئەپلىكرەك بولىدۇ. بولمىسا ھارۋىكەش سۆزلىرىڭىزنى چالا-پۇچۇق ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇ گەپ بىلەن گراف ئىككىنچى قەۋەتتىكى كىچىك سارايغا كىردى ۋە پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، مېھماننىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئۆزىڭىزنىڭ خەۋىرىڭىز بار، قەدىرلىك گراف، — دېدى ئاندرېئا خۇشاللىقتىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — نىكاھلىنىش بۈگۈنگە بەلگىلەندى. كەچ سائەت توققۇزدا قېيىن ئاتامنىڭ ئۆيىدە نىكاھ كېلىشىمى ئىمزالىنىدۇ.

— مۇنداق دەڭ! — دەپ قويدى مونتې-كرىستو.

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوقمىدى؟ دانگلار سىزگە خەۋەر قىلمىدىمۇ؟

— خەۋىرىم بار، — دېدى گراف، — ئۇنىڭ خېتىنى تۈنۈگۈن تاپشۇرۇۋالغانىدىم، بىراق خەتتە نىكاھ ۋاقتى كۆرسىتىلمىگەن.

— ئېھتىمال، قېيىن ئاتام بۇنى ھەممە كىشى بىلىدۇ دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

— تەبرىكلەيمەن سىزنى، كاۋالكانتى ئەپەندى، — دېدى مونتې - كرىستو، — ياخشى يەردىن لايىق تېپىپسىز. دانگلار خانىقىزمۇ بەك چىرايلىق قىز.

— شۇنداق، — دەپ قويدى كاۋالكانتى كەمتەرلىك قىلغان ئاھاڭدا.

— ئەڭ مۇھىمى ئۇ بەك باي، ھەرھالدا مەن شۇنداق دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى مونتې - كرىستو.

— ئۇنى بەك باي دەپ ئويلامسىز؟

— ئەلۋەتتە. ئاڭلىشىمچە، دانگلار ئۆز بايلىقىنىڭ كەم دېگەندىمۇ يېرىمىنى مەخپىي ساقلايدىكەن.

— ئۇ ئۆزى 15 ياكى 20 مىليونى بار ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ، — دېدى ئاندرېئا ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ قوشۇپ قويدى مونتې - كرىستو، — ئۇ يەنە پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىدە بىر پائالىيەت ئېلىپ بارماقچى. بۇ پائالىيەت ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ۋە ئەنگلىيەدە خېلى ئومۇملىشىپ قالغان بولسىمۇ، فرانسىيەدە تېخى يېڭى.

— شۇنداق، بۇنى بىلىمەن. تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى دەۋاتامسىز؟

— شۇ گەپ. كۆپچىلىكنىڭ پىكرىچە، ئۇ مۇشۇ ئىشتا ئاز دېگەندىمۇ 10 مىليون كىرىم قىلىدىكەن.

— 10 مىليون! راستمۇ؟ بۇ قالتىس گەپ ئىكەن! — دېدى كاۋالكانتى، گوياكى بۇ گەپلەردىن ئالتۇننىڭ جاراڭلىشىنى ئاڭلىغاندەك ھەۋەسلىنىپ.



— يەنە كېلىپ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مونتې - كرىستو، — شۇ بايلىقنىڭ ھەممىسى سىزگە قالىدۇ. شۇنداق بولۇشى ھەقلىق، چۈنكى دانگلار خانىقىز يالغۇز بىر قىز ئەمەسمۇ. ئاتىڭىزنىڭ ئېيتىشىچە، سىزنىڭ بايلىقىڭىز ئۇ قىزنىڭكىدىن سەل كەم بولسا كېرەك. ھە، بۇ پۇلنىڭ گېپىنى قويايلى. بىلەمسىز، ئاندرېئا ئەپەندى، سىز بۇ ئىشنى بەك تېز ۋە ئەپچىللىك بىلەن جايلىۋالدىڭىز.

— شۇنداق، خېلى قاملاشتى، — دېدى ئاندرېئا، — مېنى تۇغما دىپلومات دېسىمۇ بولىدۇ.

— دۇرۇس، سىز دىپلومات بولالايسىز. بىلەمسىز، دىپلوماتىيە دېگەن ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بۇنىڭغا سەزگۈرلۈك بولۇشى لازىم... ھە، شۇنداق قىلىپ، كۆيۈپ قالدىڭىزمۇ؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ، — ئاندرېئا خۇددى فرانسىيە تىياتىرىنىڭ سەھنىسىدە دورانت ياكى ۋالېرنىڭ ئالسېسقا خىتاب قىلغىنىدەك ئاھاڭ بىلەن جاۋاب بەردى.

— قارشى تەرەپمۇ شۇنداقمۇ؟

— ماڭا تەگمەكچى بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى ئاندرېئا غالىبانە تۈستە كۈلۈمسىرەپ، — شۇنداقتىمۇ، ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىنى ئۇنتۇشقا بولمايدۇ.

— نېمە مەسىلە؟

— بۇ ئىشتا مەن كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك ياردەمگە ئېرىشتىم.

— راستمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— شارائىتنىڭ ياردىمى بولدىمۇ؟

— ياق، سىزنىڭ ياردىمىڭىز بولدى.

— مېنىڭ؟ قويۇڭ بۇ گەپنى، كىنەز، — دېدى مونتې - كرىستو «كىنەز» دېگەن ئاتاقنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ئاھاڭدا، — سىزگە نېمە قىلىپ بېرەلىشىم مۇمكىن؟ ئۆزىڭىزنىڭ نامىڭىز، ئىجتىمائىي ئورنىڭىز ۋە شەخسىي سۈپەتلىرىڭىزمۇ يېتىپ ئاشمامدۇ؟

— ياق، — دېدى ئاندرېئا، — گراف، نېمە دېگىنىڭىز بىلەن مەن يەنىلا تەكىتلەپ ئېيتىمەنكى، سىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىڭىز مېنىڭ نامىم، ئىجتىمائىي ئورنۇم ۋە شەخسىي سۈپەتلىرىمدىن كۆپ ئەۋزەل.

— ئۇنداق ئەمەس، تەقسىر، — دېدى مونتې - كرىستو. ئاندرېئانىڭ شۇملۇق قىلماقچى بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ، — مەن پەقەت ھۆرمەتلىك ئاتىڭىزنىڭ باي ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن سىزگە ئاتىدارچىلىق قىلدىم. بۇرۇن مەن سىزنىمۇ، مۆھتەرەم ئاتىڭىزنىمۇ تونۇمايتتىم. سىلەرنى ماڭا كىم تونۇشتۇردى؟ ئىككى دوستۇم، لورد ئۇيلمور ۋە بۇزونى ھەزرەت. مەن سىزگە كېپىللىك قىلمىدىم، بەلكى سىزنى جەمئىيەتكە باشلاپ كىردىم. مېنى بۇنداق قىلىشقا نېمە مەجبۇرلىدى؟ ئاتىڭىزنىڭ نامى. ئاتىڭىز ئىتالىيىدە ئىنتايىن مەشھۇر ۋە ھۆرمەتلىك زات. شەخسەن سىزنى مەن تونۇمايمەن.

گرافنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە پەسەنت قىلماسلىقىدىن ئاندرېئا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قولغا تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ۋە بۇ قولدىن ئوڭايلىقچە قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئېيتىڭا، گراف، — سورىدى ئۇ، — مېنىڭ ئاتام راستىنلا شۇنچە بايمۇ؟

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، شۇنداق بولسا كېرەك، — دېدى مونتې - كرىستو.



— ئەمىسە، مېنىڭ داڭلارغا بېرىدىغان پۇللىرىم يېتىپ كەلدىمۇ، سىز بىلەمسىز؟

— بۇ ھەقتە ماڭا خەت كەلدى.

— دېمەك، 3 مىليون...

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ 3 مىليون تېخى سەپەر ئۈستىدە.

— ئۇ پۇل ئاخىرى مېنىڭ قولۇمغا تېگەمدۇ؟

— مېنىڭچە، سىز ھازىرغىچە ئۆزىڭىزگە ۋەدە قىلىنغان پۇلنى ئېلىپ كەلدىڭىز! — دېدى مونتې - كرىستو.

ئاندرېئا بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەي شۇنچىلىك تېڭىرقىدىكى، بىر ھازاغىچە ئويلىنىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، تەقسىر، — دېدى ئۇ سۆكۈتتىن كېيىن، — سىزگە ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىلتىماسىم بار. بۇ ئىلتىماسىم كۆڭلىڭىزگە ياقمىغان ھالەتتىمۇ مېنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— سۆزلەڭ، — دېدى مونتې - كرىستو.

— ھازىرقى ئەھۋالىم يامان ئەمەس بولغىنىنى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇم. ھەرھالدا ھازىر بىرمۇنچە دوستلىرىم بار. لېكىن پۈتۈن پارىژ جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزى ئالدىدا بۇنداق توينى قىلغاندا مەن بىر ئىناۋەتلىك ئادەمگە تايىنىشىم كېرەك. ئاتام قاتنىشالمىسىمۇ، باشقا بىر قۇدرەتلىك قول مېنى مېھراب ئالدىغا باشلاپ بېرىشى كېرەك①. ئاتام كېلەلمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئۇ قېرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇزۇن يول يۈرسە كونا جاراھەتلىرى ئاغرىيدۇ.

---

① خرىستىئان دىنىدا مېھراب ئالدىدا نىكاھ ئوقۇلىدۇ.

— چۈشەندىم. شۇنداق بولغاچقا، سىزگە ئىلتىماس قىلىۋاتىمەن.

— ماڭا؟

— ھەئە، سىزگە.

— قانداق ئىلتىماس؟

— ئاتامنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ بەرسىڭىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىز بىلەن شۇنچە كۆپ ئەسرا بولغاندىن كېيىن يەنە ماڭا مۇشۇنداق تەلەپلەرنى قويسىڭىز، مېنى زادى چۈشەنمەيدىكەنسىز - دە؟ مەندىن قەرزگە يېرىم مىليون سورىسىڭىزمۇ، ئەزبىرايى خۇدا، مېنى بۇنچىلىك تەڭلىكتە قويمىغان بولاتتىڭىز. ئىلگىرى سىزگە ئېيتقانىدىمغۇ، گراف مونتې - كرىستو ھازىر گەرچە بۇ يەردىكى جەمئىيەت تۈزۈمىگە ئىشتىراك قىلغان بولسىمۇ، ئەدەب - قائىدىلەرنى، بولۇپمۇ شەرق ئەللىرىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۇنتۇمايدۇ. مېنىڭ قاھىرە، سىمىرنا ۋە كونستانتىنوپولدا تۇتۇپ قويغان ھەرەمخانىلىرىم بار. شۇنداق تۇرۇپ يەنە بىر كىشىنىڭ تويىدا ئاتا بولۇپ بېرەمدىم؟ مۇمكىن ئەمەس!

— دېمەك، رەت قىلامسىز؟

— قەتئىي رەت قىلىمەن. سىز ھەتتا مېنىڭ ئوغلۇم، ئىنىم بولغان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا رەت قىلغان بولاتتىم.

— نېمە دېگەن كېلىشمەسلىك! — دېدى ئاندرېئا ئۈمىدسىزلىنىپ، — ئەمىسە قانداق قىلسام بولىدۇ؟

— سىزنىڭ دوستلىرىڭىز كۆپ. ئۆزىڭىز شۇنداق دېدىڭىزغۇ.

— شۇنداق، لېكىن مېنى دانگلارنىڭ ئائىلىسىگە تونۇشتۇرغان كىشى سىز ئەمەسمۇ.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! پاكىتلارنى ئەسلەپ باقايلى.



سىز مېنىڭ ئوتېيلدىكى ئۆيۈمدە دانگلار بىلەن زىياپەتتە بىللە بولدىڭىز ۋە شۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىز تونۇشۇۋالدىڭىز. بۇنىڭ پەرقى چوڭ.

— شۇنداق، لېكىن تويۇم... سىز ياردەم قىلغان...

— مەن؟ مەن ھېچقانداق ياردەم قىلمىدىم. ئەسلەپ بېقىڭ، مېنى ئەلچى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ۋاقتىڭىزدا مەن نېمە دېگەنىدىم؟ ياق، مەن ھېچقانداق نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايمەن، مۆھتەرەم كىنەز. بۇ، مېنىڭ پرىنسىپىم.

ئاندرېئا لېۋىنى چىشلەپ قالدى.

— شۇنداقتىمۇ، بۈگۈن ئۇ يەرگە بارارسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— پارىژ مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى بارامدىكەن؟

— ئەلۋەتتە!

— ئۇنداق بولسا، مەنمۇ بارىمەن، — دېدى گراف.

— نىكاھ كېلىشىمگە ئىمزا قويامسىز؟

— ھە، بۇنىڭغا قارشى تۇرمايمەن. ئۆزۈمنى تارتىدىغان ئىشلىرىم ئۇنچىلىك كەڭ دائىرىدە ئەمەس.

— بۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئىلاجىم! بۇنىڭدىن ئارتۇقىغا ئۈندىمىسىڭىز مەيلى. سىز رازى بولغانلىغا قانائەتلىنىشىم كېرەك. لېكىن يەنە بىر گېپىم بار، گراف.

— مەرھەمەت.

— ماڭا مەسلىھەت بېرىڭ.

— بۇ ئويىنىشىدىغان گەپ ئەمەس! مەسلىھەت دېگەن ياردەمدىنمۇ ئارتۇق.

— سىز بۇنداق مەسلىھەتنى بېرەلەيسىز. بۇ، سىزگە ھېچقانچە ئاۋارىگەرچىلىك تۇغدۇرمايدۇ.

— سۆزلەڭ.

— ئايالىمنىڭ قىز مېلى 500 مىڭ لىۋرغا باراۋەر بولىدىغانلىقى راستمۇ؟

— بارون دانگلار ئۆزى شۇنداق دېگەنىدى.

— ئۇ پۇلنى ئالالايمۇ ياكى نوتارىئۇسقا هاۋالە قىلامدۇ؟

— مۇنداق قىلىش كېرەك: نىكاھ كېلىشىمى ئىمزالانغاندا ئىككى تەرەپنىڭ نوتارىئۇسلىرى بىر كۈن ياكى ئىككى كۈندىن كېيىن باش قوشۇشقا كېلىشىدۇ. باش قوشۇشقاندا ئۇلار ئىككى تەرەپنىڭ تويلۇق ۋەجىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىدۇ ۋە بىر-بىرىگە ھۆججەت بېرىشىدۇ. ئاندىن، رەسمىي نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىن ئۇلار بۇ مىليونلارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە بېرىدۇ، چۈنكى سىز ئائىلە باشلىقى بولىسىز.

— مەسىلە شۇنىڭدىكى، — دېدى ئاندرېئا روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان خاتىرجەمسىزلىك بىلەن، — قېيىن ئاتام بىزنىڭ سەرمايىمىزنى سىز ھېلى ئېيتقان تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتمەكچىكەن.

— مەيلى ئەمەسمۇ! — دېدى مونتې - كرىستو، — خەقنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن سەرمايىڭىز بىر يىل ئىچىدە ئۈچ ھەسسە كۆپىيىدىكەن. بارون دانگلار ياخشى ئاتا، ھېساباتقا پۇختا.

— ئۇنداق بولسا، ھەممە ئىشلار جايىدا ئىكەن، — دېدى ئاندرېئا، — پەقەت سىزنىڭ باش تارتقانلىقىڭىزلا كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— بۇ پەقەت كۆڭلىڭىزنىڭ نازۇكلۇقىدىن بولغان ئىش. بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق ئادەم نازۇكلىشىپ كېتىدۇ.

— ماقۇل. دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى ئاندرېئا، — كەچتە كۆرۈشەيلى، خوش!

— خوش!

ئاندرېئا مونتې - كرىستونىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس قارشىلىق قىلىشىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ



خوشلاشتى. بۇ چاغدا مونتې - كرىستونىڭ لەۋلىرى ئاقىرىپ كەتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەدەب بىلەن كۈلۈمسىرىدى. شۇندىن كېيىن ئاندرېئا ئۆزىنىڭ پەيتونىغا ئولتۇرۇپ، يۈرۈپ كەتتى.

كەچ سائەت توققۇزغىچە بولغان ۋاقىتنى ئاندرېئا ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، خەۋەر يەتكۈزۈش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان دوستلىرى بانكىرنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئالدىراشتى، چۈنكى ئاخىرقى بىرنەچچە ئايدىن بېرى دانگلارنىڭ تۆمۈريول ئىشىدىكى ئاجايىپ پائالىيەتلىرى ھەممە كىشىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

كەچ سائەت سەككىز يېرىمدا دانگلار ئائىلىسىنىڭ چوڭ سارىيى، شۇ سارايغا تۇتىشىدىغان دالان ۋە يەنە ئۈچ كىچىك ساراي ئادەمگە لىق تولدى. بۇ كىشىلەر كۆڭلىنىڭ يېقىنلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىرەر قىزىقارلىق يېڭىلىقنى كۆرۈش ئىستىكى بىلەن توپلانغانىدى.

ئاكادېمىيىنىڭ بىر ئەزاسى مۇنداق دېگەنىدى: كېچىلىك بەزمىلەر گوياكى گۈلزارلىقلارغا ئوخشاش ئۈجمە كۆڭۈل كېپىنەكلەر، ئاچكۆز ھەسەل ھەرىلىرى ۋە غوڭ - غوڭ بوغۇنلارنى جەلپ قىلىدۇ.

سارايلارغا ئورۇنلىغان شاملار يېقىلغان بولۇپ، تاملارنىڭ ئالتۇن رەڭدە سىرلانغان ئويما ۋە چاپلىما نەقىشلىرى يالتىراپ تۇراتتى. خانىلارنىڭ ھەشەمەتلىك بىساتى بىر تەرەپتىن دۆلەتمەنلىكنى، يەنە بىر تەرەپتىن دىتسىزلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.

ئېۋژېنى خانىقىز پەم بىلەن ۋە ئاددىي - ساددا كىيىنگەنىدى. ئاق شايى كۆڭلىكىگە ئاق گۈللەر كەشتىلەنگەن، قاپقارا قۇندۇزدەك چاچلىرىغا ئاق ئەتىرگۈل قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئۇستىبېشىدا بىر تالمۇ قىممەتلىك بۇيۇم يوق ئىدى.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان چەكسىز تەكەببۇرلۇقى بۇنداق ياش قىزلارغا خاس كىيىنىشكە ئەسلا ماسلاشمىغانىدى.

ئۇنىڭدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا دېبرې، بوشان ۋە شاتو - رېنولار دانگلار خانىم بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى. مەزكۇر توي ئىشى مۇناسىۋىتى بىلەن دېبرې بۇ ئۆيدە يەنە پەيدا بولغانىدى. ئەمما ئۇ، بۇ قېتىمدا ئادەتتىكى مېھمانلار قاتاردا بولۇپ، ھېچقانداق ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس ئىدى.

دانگلار پالاتا ئەزالىرى ۋە ئىقتىسادشۇناسلارنى يىغىۋېلىپ، يېڭىچە باج تۈزۈمىنى شەرھلىمەكتە ۋە ھۆكۈمەت ۋەزىيەتىنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇنى مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەشكە مەجبۇر بولغاندا ئەنە شۇنداق باج تۈزۈمىنى يولغا قويماقچىكەنلىكىنى بايان قىلماقتا ئىدى.

ئاندرېئا ئەڭ سۆلەتمەن ئوپېرا ھەۋەسكارلىرىدىن بىرىنى قولتۇقلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىزھار قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ھودۇقۇشنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ سۆزلەشكە تىرىشاتتى ۋە ئۆزىنىڭ يىلىغا 175 مىڭ لىۋر كىرىم قىلىدىغان ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنى پارىژ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا پەيۋەند قىلىدىغانلىقىنى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەيتتى.

باشقا مېھمانلار توپ - توپ بولۇشۇپ، گويا كى ئۈنچە، مارجان، زۇمرەت، ياقۇت ۋە گۆھەرلەرنىڭ يالتىراق ئېقىمىنى ھاسىل قىلىپ، ئۇ سارايدىن، بۇ سارايغا كۆچۈپ يۈرۈشەتتى.

ھەرقانداق سورۇندا بولىدىغىنىدەك، ياشانغان ئاياللار ھەممىدىن بەك ياسىنىپ كىيىنگەنىدى، سەت ئاياللار ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىنى كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاق لەيلى ياكى خۇش پۇراق ئەتىرگۈللەرنى ئۇچرىتىشقا



مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇنداق گۈللەر ھامان چەت بۇلۇڭلاردا ياكى چاچلىرىنى سەللىدەك كۆپتۈرۈۋالغان ئانىلىرىنىڭ، جەننەتنىڭ قۇشىدەك ياسىنىۋالغان ھاماتاچىلىرىنىڭ كەينىدە تۇرغان بولىدۇ.

بۇ قىستاڭچىلىق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە كۈلكىلەر ئىچىدىن مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلغۇچى خىزمەتكارنىڭ مالىيە دۇنياسىدا تونۇلغان، ھەربىيلەر دائىرىسىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ياكى ئەدەبىياتتا شۆھرەت قازانغان ئىسىملارنى توۋلىغان ئاۋازى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەنە شۇ چاغدا كىشىلەر توپى ئىچىدە يېڭى كەلگەن مېھماننى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن يېنىككىنە داۋالغۇش پەيدا بولاتتى. ھالبۇكى، بىر قىسىم ئىسىملار بۇ ئادەم دېڭىزىنى داۋالغۇشقا كەلتۈرگۈدەك ئىناۋەتكە ئىگە بولسا، يەنە بىرمۇنچە ئىسىملار ئەكسىچە، پەرۋاسىزلىق بىلەن، مەنسىتمىگەن ھالدا ھېجىيىپ قويۇش بىلەن قارشى ئېلىناتتى.

ئۇخلاپ ياتقان ئېندىمىئونغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان ئالتۇن قاپلىق يوغان تام سائىتىنىڭ ستىرېلكىسى توققۇزنى كۆرسىتىپ، مېخانىكىلىك تەپەككۇرنى خاتاسىز ئىپادىلەيدىغان دوڭغۇراق توققۇز قېتىم جاڭ ئۇرغاندا گراف مونتې - كرىستونىڭ ئىسمى جاكالاندى. شۇنىڭ بىلەن، خۇددى ئېلېكتىر قۇۋۋىتى بىلەن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەندەك، ھەممە كىشىلەر بىراقلا ئىشىك تەرەپكە قارىدى.

گراف ئادىتى بويىچە ئاددىيغىنا قارا كالتە چاپان كىيگەنىدى. ئاق كۆڭلىكى ئۇنىڭ كەڭ كۆكرىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى. قارا رەڭلىك ياقىسى يۈزىنىڭ سۇرلۇك ئاقلىقى بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى بىردىنبىر قىممەتلىك بۇيۇم سائىتىنىڭ ئالتۇن زەنجىرلىك بېغىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدە كۆزگە ئاران چېلىقاتتى.

بارلىق مېھمانلار ئىشىك ئالدىغا توپلىنىپ، بىر دائىرە ھاسىل قىلىشتى.

گراف بىر قاراشتىلا سارايىنىڭ بىر چېتىدە دانگلار خانىمنى، يەنە بىر چېتىدە دانگلارنى ۋە ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا ئېژېنى خانىقىزنى كۆردى.

گراف ئاۋۋال ۋىلفور خانىم بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان بارون خانىمنىڭ ئالدىغا باردى. ۋىلفور خانىم ۋالېنتىنانىڭ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆزى يالغۇز كەلگەنىدى. گراف ئاندىن مېھمانلار توپى ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ، بوشىتىپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىپ، ئېژېنىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنى شۇنچە ئاددىي ۋە ئىلتىپاتسىز ئىبارىلەر بىلەن تەبرىكلىدىكى، مەغرۇر ناخشىچى نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ئېژېنىنىڭ يېنىدا لۇيىزا ئارمىلىيى تۇراتتى. ئۇ، گرافنىڭ ئۆزىنى ئىتالىيىدىكى بۇرادەرلىرىگە تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەشەككۇر بىلدۈردى ۋە بۇ خەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا پات ئارىدا لازىم بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

گراف قىزلارنىڭ ئالدىدىن يېنىپ ئارقىغا بۇرۇلغانىدى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن دانگلارنى كۆردى.

مونتې ـ كرىستو قائىدە ـ يوسۇنىنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن توختىدى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە تىك بېقىپ قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇنداق قارىشى بەلگىلىك تەسىر دائىرىسى ۋە بولۇپمۇ بەلگىلىك يۈز ـ ئابرويى بولغان كىشىلەرگە خاس بولۇپ، گويا كى «مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمنى قىلىپ بولدۇم. ئەمدى باشقىلار ماڭا قارىتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئادا قىلسۇن» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

بۇ چاغدا ئاندرېئا ياندىكى سارايدا ئىدى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىدىن مونتې ـ كرىستونىڭ كەلگەنلىكىنى



ئۇقتى ـ دە، دەرھال گرافقا سالام بېرىش ئۈچۈن چىقتى. قارىغاندەك بولسا، گرافنى مېھمانلار زىچ چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئورىۋالغانىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ تىڭشىماقتا ئىدى. كىشىلەر ئاز سۆزلەيدىغان ۋە ھەرگىز قۇرۇق گەپ قىلمايدىغان ئادەمنى ئۇچراتقاندا ھەمىشە مۇشۇنداق كەيپىيات شەكىللىنىدۇ.

شۇ ئەسنادا نوتارىئۇسلار كىردى ۋە مەخسۇس كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئالتۇن رەڭلىك شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، مەخمەل داستىخان ئۈستىگە قەغەزلىرىنى يايدى. نوتارىئۇسلارنىڭ بىرى ئولتۇردى، يەنە بىرى ئۆرە تۇردى. ئۇلار كېلىشىمنى جاكالىشى ۋە مۇراسىم ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ھەممىسى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، پارىژنىڭ يېرىمى بۇ كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشى كېرەك ئىدى.

ھەممەيلەن ئولتۇرۇشتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، خانىم ـ قىزلار بىر يەرگە توپلىشىپ، غوجەك بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ئەرلەر بۇئالونىڭ (1) ئېيتقىنىدەك، «ھېسسىياتلىق ئىستىلى» بىر قەدەر كەم بولغانلىقتىن، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئاندرېئانىڭ ھاياجانلىنىشى، دانگلارنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكى، ئېژېنىنىڭ پەرۋاسىزلىقى ۋە بارون خانىمنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم ئىش ئۈستىدىمۇ يېنىكلىك بىلەن كۈلۈپ ئولتۇرغانلىقى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشتى.

جىمجىتلىق ئىچىدە نىكاھ كېلىشىمى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. كېلىشىم ئوقۇلۇپ بولۇشىغا ھەرقايسى سارايلاردا بۇرۇنقىدىن بەكرەك ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. نىكاھلانغۇچى بىر جۈپ ياشنىڭ كەلگۈسىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرغان بۇ غايەت زور سوممىلار، مىليونلار ۋە كېلىن قىزنىڭ ئايرىم بۆلمىگە كۆر-

(1) بۇئالو (1636 — 1711) — فرانسىيە شائىرى.

گەزمە تىلىپ قويۇلغان قىز مىلى، ئالتۇن، گۆھەرلىرى مېھمان-
لارنى ھەيرەتتە سالغانىدى. يىگىتلەرنىڭ نەزەرىدە دانگلار
خانقىزنىڭ گۈزەللىكى ئىككى ھەسسە ئۆرلەپ، گوياكى قۇياشنى
داغدا قويغانىدى. بۇ مىلىيونلارنى كۆرگەندە ئەلۋەتتە
ئايالالارنىڭمۇ ئىچى قىزىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
گۈزەللىكىنى بۇ پۇللاردىن ئۈستۈن كۆرەتتى.
ئاندرېئانى دوستلىرى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، تەبرىك ۋە خۇشامەت
سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئاندرېئا بۇ چۈشكە
ئوخشاش ئىشنىڭ چىنلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى ۋە پۈتۈنلەي
گاڭگىراپ قالدى.
نوتارىئۇس تەنتەنىلىك قىياپەتتە قولىغا قەلەمنى ئېلىپ،
ئېگىز كۆتۈردى ۋە:
— جانابلار، كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشنى باشلايلى، — دېدى.
قائىدە بويىچە ئەڭ ئاۋۋال بارون، ئاندىن كاۋالكانتى ۋەكى-
لى، ئاندىن بارون خانىم، ئاندىن نىكاھلانغۇچىلار ئىمزا قويۇش-
لىرى كېرەك ئىدى. بارون قەلەمنى ئېلىپ، ئىمزا قويدى. كا-
ۋالكانتىنىڭ ۋەكىلىمۇ ئىمزا قويدى. بارون خانىم ۋىلفور خانىم
بىلەن قولتۇقلىشىپ شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە قولىغا قەلەمنى
ئېلىپ، ئېرىگە مۇراجىئەت قىلدى:
— دوستۇم، بىز نېمىدېگەن كېلىشمەسلىك. ئۆتكەندە گراف
مونتې ـ كرىستونىڭ ئۆيىدە يۈز بەرگەن قاتىللىق ۋە بۇلاڭچى-
لىق ۋەقەسىگە چېتىشلىقى بولغان بىر كۈتۈلمىگەن ئىش تۈپەي-
لىدىن بىز ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئىشتىراكىدىن مەھرۇم بولدۇق.
— شۇنى دېمەمدىغان! — دېدى دانگلار گوياكى «كەل-
مىسە دېمىنىڭ نېمە كارىم!» دېگەندەك ئوخشاش ئاھاڭ بىلەن.
— ۋىلفور ئەپەندىنىڭ كەلمەسلىكىگە مەن سەۋەبچى بولۇپ



قالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن، — دېدى مونتې ـ كرىس-
تو ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ.
— سىز؟ قانداق قىلىپ؟ — دېدى دانگلار خانىم ئىمزا
قويۇۋېتىپ، — ئەگەر شۇنداق بولسا، ئاگاھ بولۇڭ، مەن سىزنى
ئەپۇ قىلالمايمەن.
ئاندرېئا سەگەكلەشتى.
— لېكىن بۇنىڭدا مېنىڭ گۇناھىم يوق، — دېدى گراف، —
بۇنى سىزگە ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.
ھەممەيلەننىڭ قۇلىقى دىڭ بولدى. مونتې ـ كرىستو
سۆزلەشكە تەمشىلىۋاتاتتى. ۋەھالەنكى، بۇنداق ئەھۋال كەم
ئۇچرايتتى.
— يادىڭىزدا بولسا كېرەك، — دېدى گراف جىمجىتلىق
ئىچىدە، — مېنىڭ ئۆيۈمگە ئوغرىلىققا كىرگەن ھېلىقى كىشى،
پەرەز قىلىنىشىچە، ئۆيۈمدىن چىقىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ شېرىكى تە-
رىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
— شۇنداق، — دېدى دانگلار.
— ئۇنىڭ يارىسىنى داۋالاش ئۈچۈن كىيىمى سالدۇرۇلغان
ۋە بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان. تەرگەۋچىلەر ئۇنىڭ كىيىملى-
رىنى شۇ يەردىن ئېلىشقان. بىراق، ئۇلار چاپان بىلەن شىمنى
ئېلىپ، جىلىتكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان.
ئاندرېئا تاتىرىپ كەتتى ۋە ئىشىككە يېقىنراق بېرىۋالدى.
ئۇ، گويا ئۇپۇقتا بۇلۇت پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى ۋە ئەمدى
بوران چىقىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.
— شۇ جىلىتكە بۈگۈن تېپىلدى. ئۇ پۈتۈنلەي قانغا بويال-
غان، يۈرەككە توغرا كېلىدىغان جايى تېشىلگەن.
خانىم ـ قىزلار چۇقان كۆتۈرۈشتى، بەزىلىرى ھەتتا ھوشى-
دىن كېتىپ يىقىلىشقا ھازىرلاندى.

— ئۇ جىلىتكىنى ماڭا ئەكىلىپ بېرىشتى. بۇ ئەسكى لاتىنىڭ نەدىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. يالغۇز مەنلا بۇ ئاشۇ ئۆلگۈچىنىڭ جىلىتكىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. خىزمەتكارىم شۇ ئەسكى جىلىتكىنى ئېھتىيات ۋە يىرگىنىش بىلەن ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى تاپتى. قارىسام، بۇ سىزگە قارىتىپ يېزىلغان خەت ئىكەن، بارون.

— ماڭا؟ — خىتاب قىلدى دانگلار.

— شۇنداق، سىزگە. قەغەزدە ئۇيۇپ كەتكەن قان داغلىرى ئىچىدىن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئوقۇيالىدىم، — جاۋاب بەردى مونتې - كرىستو كىشىلەرنىڭ تەئەججۇب سادالىرى ئىچىدە.

— شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىش قانداق قىلىپ، ۋىلفور ئەپەندىنىڭ كېلىشىنى توسۇپ قويىدى؟ — دەپ سورىدى دانگلار خانىم خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا ئېرىگە قاراپ.

— خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ جىلىتكە ۋە خەت «ئىسپات» دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىلەردىن ئىبارەت. شۇڭا، شۇ نەرسىلەرنى خانلىق مۇپەتتىشكە ئەۋەتىپ بەردىم. ئۆزىڭىز بىلىسىز، قەدىرلىك بارون، جىنايى ئىشلاردا قانۇن بويىچە ئىش قىلغان ياخشى. كىم بىلسۇن، بەلكىم بۇ ئىشتا سىزگە قارشى بىرەر سۇيىقەست يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاندرېئا مونتې - كرىستوغا تىكىلىپ قارىغىنىچە ئىككىنچى سارايغا چىقىپ كەتتى.

— ئېھتىماللىغا ناھايىتى يېقىن، — دېدى دانگلار، — ھېلىقى ئۆلگۈچىنى سۈرگۈندىن قېچىپ كەلگەن جىنايەتچى ئىكەن دېيىشىدىغۇ؟

— شۇنداق، — دېدى گراف، — ئۇ سۈرگۈندىن قېچىپ كەلگەن جىنايەتچى، ئۇنىڭ ئىسمى كادرۇس.



دانگلارنىڭ يۈزى يېنىككىنە تاتاردى. ئاندرېئا ئىككىنچى سارايدىن دەھلىزگە چىقتى.

— ھە، — ئىمزا قويۇشنى داۋاملاشتۇرايلى، — دېدى مونتې - كرىستو، — مېنىڭ گېپىم سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بارون خانىمدىن ۋە دانگلار خانىقىزدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن.

بارون خانىم ئىمزا قويۇپ، قەلەمنى نوتارىئۇسقا بەردى.

— كىنەز كاۋالكانتى، — دېدى نوتارىئۇس، — كىنەز كاۋالكانتى، سىز قېنى؟

— ئاندرېئا، ئاندرېئا! — دەپ توۋلاشتى بىرنەچچە يىگىت. ئۇلار بۇ ئىتالىيىلىك مۆتىۋەر بىلەن شۇ قەدەر يېقىن دوستلىشىپ كەتكەنىدىكى، ئۇنى بىۋاسىتە ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىشاتتى.

— كىنەزنى چاقىرىڭ، ئۇنىڭ ئىمزا قويۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىمىزنى ئېيتىپ قويۇڭ! — دانگلار بىر مالايغا ۋارقىرىدى.

شۇ ئەسنادا گوياكى بىر دەھشەتلىك مەخلۇق «كىمنى يېسەم بولاركىن» دەپ كىرىپ كەلگەندەك، مېھمانلار ۋەھىمە ئىچىدە توپ - توپ بولۇپ چوڭ سارايغا ئۆزىنى ئاتتى. دەرۋەقە، ئۆزىنى چەتكە ئالغۇدەك، قورققۇدەك، چۇقان سېلىشقىدەك ئىش بولغانىدى. بىر ئوفىتسېر ھەربىر سارايىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئىككىدىن ئەسكەرنى كۆزەتكە قويۇپ، ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ھەمراھلىقىدا دانگلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. دانگلار خانىم ۋارقىراپ تاشلىدى - دە، ھوشىدىن كەتتى. دانگلار «مېنى تۇتقىلى كېلىشىپتىمىكىن» دەپ ئويلاپ (بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھامان ۋىجدانى خاتىرجەم بولالمايدۇ)، قورقۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايىنى مېھمانلارغا نامايان قىلدى.

— نېمە ئىش، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئالدىغا قەدەم تاشلاپ.

— جانابلار، ئاندرېئا كاۋالكانتى دېگەن كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ساقچى ئەمەلدارى، گرافنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن.

سارايى ئىچىدە تەئەججۈپلىك غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئىزدەشلەر، سوراشتۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى.

— بۇ ئاندرېئا كاۋالكانتى دېگەن زادى كىم ئۆزى؟ — پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالغان دانگلار سورىدى.

— تۇلون جازا مەيدانىدىن قېچىپ كەتكەن جىنايەتچى.

— ئۇ نېمە جىنايەت قىلغان؟

— شۇ سەۋەبتىن ئەيىبلىنىدۇكى، — دېدى ساقچى ئەمەلدارى ۋەزمىنلىك بىلەن، — ئۇ سۈرگۈندىن ئۆزى بىلەن بىللە قاچقان كادرۇس دېگەن شېرىكىنى ئۆلتۈرگەن. كادرۇس گراف مونتې - كرىستونىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلگەن.

مونتې - كرىستو ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئاندرېئا غايىب بولغانىدى.

## ئون تۆتىنچى باب

## بېلگىيىگە سەپەر

ئۇشتۇمتۇت ئوفىتسېرنىڭ كىرىشى ۋە ئاندرېئانىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلىنىشى بىلەن دانگلارنىڭ ئۆيىدە كېلىپ چىققان مالىمانچىلىقتىن كېيىن مېھمانلار ئارىسىدا ۋابا كېسىلى پەيدا بولغاندەك، ئازادە سارايلار ھەش - پەش دېگۈچە بوشاپ قالدى. مېھمانلار تېزرەك چىقىپ كېتىشكە، توغرىسىنى ئېيتقاندا،



تېزرەك قېچىپ كېتىشكە ئالدىراپ، بارلىق ئىشىك ۋە پەلەمپەيلەرگە ئۆزىنى ئاتتى. شۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدىكى، ئەدەب يۈزىسىدىن بولسىمۇ، تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى، چۈنكى زور پالاكەتچىلىك يۈز بەرگەندە ھەتتا ئەڭ يېقىن دوستلارنىڭمۇ شۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاش كىشىگە ئېغىر تۇيۇلىدۇ.

پۈتۈن بىنادا بىرنەچچە كىشىلا قالدى. دانگلار ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا ھېلىقى ئوفىتسېرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى. قورقۇپ كەتكەن دانگلار خانىم بىزگە تونۇشلۇق بولغان ھېلىقى بۆلمىسىدە ياتاتتى. ئېۋژېنىي ئايرىلماس دوستى لۇيىزا ئارمىلىيىنى باشلاپ، مەغرۇر قىياپەتتە ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە پارى قەھۋەخانىسىنىڭ ئاشپەز ۋە ماروژنىچىلىرى ياللاپ ئېلىنغان بولغاچقا، مالايلار ئادەتتىكىدىن بەك كۆپ ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلىشىپ، بۇفېت ۋە ئاشخانىلاردا توپلىشىپ، خوجايىنلىرىنى قارغىشاتتى. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۆزلۈكىدىن توختىتىلدى.

تۈرلۈك ھېسسىياتلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بىسەرەمجان بولغان بۇ خىلمۇخىل كىشىلەر ئىچىدە پەقەت ئىككىسىلا دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئىككىيلەن ئېۋژېنىي دانگلار ۋە لۇيىزا ئارمىلىيدۇر. سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، كېلىن قىز ئۆزىدىن بەكرەك ھاياجانغا چۈشكەن دوستىنى باشلاپ، بەجايىكى ھاقارەتلەنگەن مەلىكىدەك مەغرۇر قىياپەتتە چىقىپ كەتتى. ئۆز ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئېۋژېنىي ئىشىكنى تاقىدى، لۇيىزا ئۆزىنى كىرېسلوغا تاشلىۋەتتى.

— ئاھ خۇدا، بۇ نېمىدېگەن ئىش! — دېدى ئۇ، — بۇنداق بولۇشى كىمنىڭ خىيالىغا كىرسۇن! ئاندرېئا كاۋالكانتى ئالدامچى... قاتىل... قاچقۇن جىنايەتچى...

— جانابلار، ئاندرېئا كاۋالكانتى دېگەن كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ساقچى ئەمەلدارى، گرافنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن.

سارايدا ئىچىدە تەئەججۈپلىك غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئىزدەشلەر، سوراشتۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى.

— بۇ ئاندرېئا كاۋالكانتى دېگەن زادى كىم ئۆزى؟ — پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالغان دانگلار سورىدى.

— تۇلون جازا مەيدانىدىن قېچىپ كەتكەن جىنايەتچى.

— ئۇ نېمە جىنايەت قىلغان؟

— شۇ سەۋەبتىن ئەيىبلىنىدۇكى، — دېدى ساقچى ئەمەلدارى ۋەزمىنلىك بىلەن، — ئۇ سۈرگۈندىن ئۆزى بىلەن بىللە قاچقان كادرۇس دېگەن شېرىكىنى ئۆلتۈرگەن. كادرۇس گراف مونتې - كرىستونىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلگەن.

مونتې - كرىستو ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئاندرېئا غايىب بولغانىدى.

## ئون تۆتىنچى باب

## بېلگىيىگە سەپەر

ئۇشتۇمتۇت ئوفتېسپرىنىڭ كىرىشى ۋە ئاندرېئانىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلىنىشى بىلەن دانگلارنىڭ ئۆيىدە كېلىپ چىققان مالىمانچىلىقتىن كېيىن مېھمانلار ئارىسىدا ۋابا كېسىلى پەيدا بولغاندەك، ئازادە سارايلار ھەش - پەش دېگۈچە بوشاپ قالدى. مېھمانلار تېزرەك چىقىپ كېتىشكە، توغرىسىنى ئېيتقاندا،



تېزرەك قېچىپ كېتىشكە ئالدىراپ، بارلىق ئىشىك ۋە پەلەمپەيلەرگە ئۆزىنى ئاتتى. شۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدىكى، ئەدەب يۈزىسىدىن بولسىمۇ، تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى، چۈنكى زور پالاكەتچىلىك يۈز بەرگەندە ھەتتا ئەڭ يېقىن دوستلارنىڭمۇ شۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاش كىشىگە ئېغىر تۇيۇلىدۇ.

پۈتۈن بىنادا بىرنەچچە كىشىلا قالدى. دانگلار ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا ھېلىقى ئوفتېسپرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى. قورقۇپ كەتكەن دانگلار خانىم بىزگە تونۇشلۇق بولغان ھېلىقى بۆلمىسىدە ياتاتتى. ئېۋژېنىي ئايرىلماس دوستى لۇيىزا ئارمىلىيىنى باشلاپ، مەغرۇر قىياپەتتە ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە پارى قەھۋەخانىسىنىڭ ئاشپەز ۋە مارۇژنىچىلىرى ياللاپ ئېلىنغان بولغاچقا، مالايلار ئادەتتىكىدىن بەك كۆپ ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلىشىپ، بۇفېت ۋە ئاشخانىلاردا توپلىشىپ، خوجايىنلىرىنى قارغىشاتتى. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۆزلۈكىدىن توختىتىلدى.

تۈرلۈك ھېسسىياتلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بىسەرەمجان بولغان بۇ خىلمۇخىل كىشىلەر ئىچىدە پەقەت ئىككىسىلا دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئىككىيلەن ئېۋژېنىي دانگلار ۋە لۇيىزا ئارمىلىيىدۇر. سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، كېلىن قىز ئۆزىدىن بەكرەك ھاياجانغا چۈشكەن دوستىنى باشلاپ، بەجايىكى ھاقارەتلەنگەن مەلىكىدەك مەغرۇر قىياپەتتە چىقىپ كەتتى. ئۆز ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئېۋژېنىي ئىشىكنى تاقىدى، لۇيىزا ئۆزىنى كرېسلوغا تاشلىۋەتتى.

— ئاھ خۇدا، بۇ نېمىدېگەن ئىش! — دېدى ئۇ، — بۇنداق بولۇشى كىمنىڭ خىيالىغا كىرسۇن! ئاندرېئا كاۋالكانتى ئالدامچى... قاتىل... قاچقۇن جىنايەتچى...

ئېژېننىڭ لەۋلىرى مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش بىلەن قىيشايدى.

— دېمىسىمۇ، مېنى نەس باسقاندەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — مورسېردىن قۇتۇلۇپ، كاۋالكانتىغا تۇتۇلغىنىمنى!

— ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئوخشاتقىلى بولامدۇ، ئېژېنى؟

— گەپ قىلما، ئەرلەرنىڭ ياخشىسى يوق. بۇرۇن ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەن بولسام، ئەمدى يىرگىنىمەن.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى لۇيىزا.

— قانداق قىلىمىز دەمسەن؟

— ھەئە.

— ئۈچ كۈندىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنى قىلىمىز... بۇ يەردىن كېتىمىز.

— توي قىلمايدىغان بولدۇڭغۇ، يەنىلا كېتىشنى ئويلاۋاتامسەن؟

— گېپىمنى ئاڭلا، لۇيىزا. بىزنىڭ نوتا قەغەزلىرىمىزگە ئوخشاش قېلىپقا چۈشۈرۈلگەن، ئۆلچەپ قويۇلغان، سىزىپ قويۇلغان بۇنداق ئاقسۆڭەكلەر ھاياتىنى مەن ياقتۇرمايمەن. مەن ھەمىشە ئارتىس بولۇشقا، ئەركىن، مۇستەقىل ھاياتقا ئىنتىلدىم، شۇنى ئارزۇ قىلدىم. مۇشۇ يەردە قالامدىم؟ نېمە ئۈچۈن؟ بىر ئايدىن كېيىن مېنى يەنە ئەرگە بەرمەكچى بولۇشى ئۈچۈنمۇ؟ مېنى كىمگە بېرىشەر؟ بەلكىم دېبرېگە بېرىمىز دېيىشلىرى مۇمكىن. بىر چاغلاردا شۇنداق گەپلەر بولغانىدى. ياق، لۇيىزا، ياق. بۈگۈن بولغان ۋەقە مېنىڭ ھەقلىقىمنى ئىسپاتلىدى. مەن بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان، تىلىمىگەن. خۇدانىڭ ئۆزى بۇ ئىشنى مۇشۇنداق توغرىلىدى. مەن بۇنى ئالقىشلايمەن.

— سەن نېمىدېگەن جىگەرلىك، قەيسەر! — جۇغى كىچىك



ئاق-سېرىق قىز ئۆزىنىڭ قارا چاچلىق دوستىغا ئەنە شۇنداق دەپ خىتاب قىلدى.

— مېنىڭ قانداقلىقىمنى بىلمىگەنمىدىڭ؟ بولدى، لۇيىزا، ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى. ئۇزۇن يول پەيتۇنى...

— ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا سېتىۋېلىنغان.

— ئۇنى كېلىشىپ قويغان يېرىمىزگە تەق قىلىپ قويۇشنى ئېيتقانمىدىڭ؟

— ھەئە.

— پاسپورتىمىزچۇ؟

— مانا.

ئېژېنى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى سوغۇققانلىقى بىلەن پاسپورتنى ئېچىپ ئوقۇدى: «لېئون ئارمىلىيى ئەپەندى. 20 ياش، رەسسام، قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك، سىڭلىسى بىلەن بىللە ساياھەتكە چىقىدۇ».

— ياخشى! بۇ پاسپورتنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈردۈڭ؟

— مەن گراف مونتې-كرىستودىن رىم ۋە نېئاپولدىكى تىياتىرخانىلارنىڭ مۇدىرلىرىغا مېنى تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرىشىنى سورىغىنىمدا ئۇنىڭغا يەنە ئايالچە كىيىم بىلەن سەپەرگە چىقىشتىن قورقىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. ئۇ ماڭا ئەر كىشىنىڭ پاسپورتىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە قوشۇلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە پاسپورتنى تاپشۇرۇۋالدىم ۋە «سىڭلىسى بىلەن بىللە ساياھەتكە چىقىدۇ» دېگەننى ئۆزۈم قوشۇپ يېزىپ قويدۇم.

— دېمەك، — دېدى ئېژېنى خۇشال بولۇپ، — يۈك-تاقلىرىمىزنى تەييارلىساق بولغۇدەك. توي كېچىسى كېتىشنىڭ ئورنىغا، كېلىشىم ئىمزالانغان كۈنى كەچتە كېتىدىغان بولدۇق، پەرقى شۇ.

— ئۇبدانراق ئويلاپ باق، ئېرېنى.

— ئويلاپ بولغان. ئىسپانىيە فوندىنىڭ ئۆرلىشى ياكى تۆۋەنلىشى، گايىتى پۇلى ھەققىدىكى تۈگىمەس گەپلەردىن بىزار بولدۇم. ئويلاپ باق، لۇيىزا، شۇلارنىڭ ئورنىغا بىزنى كۈتۈپ تۇرغىنى ساپ ھاۋا، ئەركىنلىك، قۇشلارنىڭ سايرىشى، لومباردىيە تۈزلەڭلىكى، ۋېنېتسىيە قانالىرى، رىم سارايلىرى، نېئاپولدىكى دېڭىز قىرغىقى. بىزنىڭ بار پۇلىمىز قانچە؟

لۇيىزا ئىش ئۈستىلىنىڭ قۇلۇپلانغان تارتمىسىدىن ھەميانىنى چىقىرىپ، ئاچتى. ھەمياندا 23 دانە بانكا چېكى بار ئىدى.

— 23 مىڭ فرانك، — دېدى ئۇ.

— مەرۋايىت، ئالماس ۋە ئالتۇن بۇيۇملىرىمىزمۇ تەخمىنەن شۇنچىلىك پۇلغا توختايدۇ، — دېدى ئېرېنى. — ئىككىمىز يەنىلا باي. 45 مىڭ بىلەن بىز ئىككى يىلغىچە مەلىكىلەردەك ياكى تۆت يىلغىچە بەگ قىزلىرىدەك كۈن كۆرەلەيمىز. لېكىن يېرىم يىلغا قالماي بىز سەنئىتىمىز بىلەن بۇ كاپىتالنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرالايمىز. مۇنداق قىلايلى، سەن پۇللارنى ئال، مەن قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئالاي. شۇنداق قىلساق، بىرىمىزنىڭ قولىدىكى نەرسە ئوشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنە بىرىمىزنىڭ قولىدىكىسى قالىدۇ. ئەمدى، نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرايلى!

— توختاپ تۇر، — دېدى لۇيىزا. ئۇ دانگلار خانىمنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىدىغان ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ تىڭشىدى.

— نېمىدىن قورقۇۋاتىسەن؟

— ئۈستىمىزگە كىرىپ قالمىسۇن دەيمەن.

— ئىشىك قۇلۇپلانغان.

— ئىشىكنى ئېچىڭلار دېيىشلىرى مۇمكىن.



— دېسە دەۋەرسۇن، ئاچمايمىز.

— سەن ھەقىقىي ئامازونكا①، ئېرېنى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىككى قىز يولدا كېرەك بولىدۇ دەپ ھېسابلىغان نەرسىلەرنى ئالدىراپ، چامادانغا سېلىشقا باشلىدى.

— ئىش پۈتتى، — دېدى ئېرېنى، — مەن كىيىمىمنى يۆتكىۋالغۇچە چامادانىنىڭ قۇلۇپىنى ئېتىۋەتكىن.

لۇيىزا كىچىككىنە ئاپئاق قوللىرى بىلەن چامادانىنىڭ ئۈستىنى كۈچەپ باسقىنىچە تۇردى.

— ياپالمىدىم، — دېدى ئۇ، — كۈچۈم يەتمىدى، ئۆزۈڭ ياپقىن.

— راست، مەن ئۆزۈمنىڭ گېرگۇلېس ئىكەنلىكىمنى، سېنىڭ ئاجىز ئومفالا ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئېرېنى كۈلۈپ.

ئۇ چامادانىنى تىزى بىلەن نىقتىدى ۋە ئەتلىك ئاق قوللىرى بىلەن بېسىپ، چامادانىنىڭ ئىككى قانىتىنى ھىملىدى. لۇيىزا قۇلۇپىنى ئەتتى. بۇ ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئېرېنى جاۋەننى ئېچىپ، بىر قېلىن يېپىنچىنى ئالدى.

— كۆردۈڭمۇ، — دېدى ئۇ، — ھەممىنى سەرەمجانلاپ قويغانىدىم. بۇ يېپىنچىغا يۆگىنىۋالساڭ توڭلىمايسەن.

— سەنچۇ؟

— بىلىسەنغۇ، مەن ھېچقانداق ۋاقىتتا توڭمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەرەنچە كىيىم...

— كىيىمىڭنى مۇشۇ يەردىلا يۆتكىۋالامسەن؟

— ئەلۋەتتە.

---

① ئامازونكا — قەدىمكى يونان ئەپسانىلىرىدىكى باتۇر ئاياللاردىن تەشكىل تاپقان بىر خەلقنىڭ نامى. ئۇلار ئەرلەرگە يېقىنلاشمايتتى.

— ئۆلگۈرەمسەن؟

— قورقما، تېخى يېرەك. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بايىقى ماجىرانىڭ غېمىدە. ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالغىنىمغا ھېچكىم ھەيران بولمايدۇ. ئويلاپ باققىنا، بۇ ئىش ماڭا بەك ئېغىر كەلگەن بولۇشى كېرەك - تە!

— شۇنداق، ئەنسىرىمىسەم بولغۇدەك.

— ھە، ئەمدى ماڭا ھەمكارلاشقىن.

ئۇ ھېلىقى يېپىنچىنى ئالغان جاۋەندىن بىر يۈرۈش ئەرەنچە كىيىمنى چىقاردى. ئاياغ كىيىمدىن تارتىپ چاپان ۋە ئىچ كىيىملەرگىچە ھەممىسى تەل بولۇپ، ئارتۇق نەرسە يوق، كېرەكلىك نەرسە بار ئىدى. ئاندىن، ئېژېنى ئەرەنچە كىيىملەرنى كۆپ قېتىم كىيىپ مەشىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەپچىللىك بىلەن شىم ۋە ئاياغلارنى كىيدى، گالستۇكنى چىگدى، جىلىتكىسىنى گېلىغىچە تۈگمىلىدى ۋە ئۇنىڭ سۇمباتلىق قەددىگە ياراشقان كالتە چاپاننى كىيدى.

— ياخشى بولدى! ھەقىقەتەن ياخشى بولدى! — دېدى لۇيىزا ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ، — بىراق، ھەممە ئاياللارنىڭ ھەستىنى قوزغايدىغان بۇ ئاجايىپ چاچلىرىڭنى ئەرەنچە شىلەپە بىلەن يوشۇرغىلى بولارمۇ؟

— كۆرۈپ تۇر، — دېدى ئېژېنى.

ئۇ ئۇزۇن بارماقلىرىنىڭ سىقىمى ئاران يەتكەن قويۇق، چاچلىرىنى سول قولى بىلەن بوغۇپ تۇتتى - دە، ئوڭ قولىغا بىر يوغان قايچىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، بوستان چاچلارنىڭ ئارىسىدا پولاتنىڭ غىچىرلىغان ساداسى ئاڭلاندى. قىز چاپىنىغا چاچ يېپىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن بېشىنى ئارقىغا تاشلىدى ۋە كېسىلگەن دولقۇنسىمان ئېغىر چاچلار ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا چۈشتى. ئاندىن، ئېژېنى چېكە چاچلىرىنى كەستى بۇ چاغدا ئۇنىڭ



چىرايىدا قىلچىمۇ ئېچىنىش ئالامىتى ئىپادىلەنمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى بۇرۇنقىدىن بەكرەك نۇرلىنىپ، شوخ چاقناپ تۇراتتى.

— ئاھ سېنىڭ كۆركەم چاچلىرىڭ! — دېدى لۇيىزا ئىچ ئاغرىتىپ.

— مۇشۇنداق بولسام تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، — دېدى ئېژېنى قىرقىلغان بۇدرۇ چاچلىرىنى سىلاپ، — سېنىڭچە چىرايلىق بولماي قالدىمۇ؟

— ياق، چىرايلىق، سەن ھەر دائىم چىرايلىق! — دېدى لۇيىزا، — بىراق، ئەمدى نەگە بارىمىز؟

— خالىساڭ، بىرۇسسېلگە بارساقمۇ بولىدۇ. ئۇ يەرنىڭ چېگرىسى ئەڭ يېقىن. بىز بىرۇسسېل، لىيېژ، ئائاخېنلارنى كېزىپ ئۆتۈپ، رېين دەرياسىنى بويلاپ ستراسبۇرگقا بارىمىز. ئاندىن شۋېيتسارىيىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سېن - گوتار ئارقىلىق ئىتالىيىگە ئۆتۈپ كېتىمىز. بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

— ماڭا نېمە ئانچە قاراپ قالدىڭ؟

— مۇشۇ تۇرقىڭدا كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەللىشىپ كەتتىڭ. كىشىلەر ئىككىمىزنى كۆرسە مېنى بۇلاپ ئېلىپ قېچىپ كېتىۋېتىپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشلىرى مۇمكىن.

— ۋالاقتەككۈر پەسلەر نېمە دېسە دېيىشمەمدۇ!

— تىللىشىشنىمۇ ئۆگىنىۋالغان ئوخشىمامسەن، ئېژېنى؟

ئومۇملاشقان كۆز قاراش بويىچە ئېيتقاندا، مۇنداق شارائىتتا بۇ ئىككى قىز بىرى ئۆزى ئۈچۈن، يەنە بىرى دوستى ئۈچۈن يىغا - زار قىلىشلىرى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى ۋە يولغا تەييارلىق قىلىشتا ئىز قالدۇرغان قالايمىقانچىلىقنى بېسىقتۇرۇشقا كىرىشتى.

ئاندىن قاچقۇن قىزلار شاملارنى ئۆچۈرۈپ، ئەتراپقا دىققەت بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ، پەخەسلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئۇدۇل ھويلىغا چىقىدىغان قاراڭغۇ پەلەمپەينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئېرژېنى بىر قولى بىلەن چامادانىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ ئالدىدا ماڭدى. چامادانىنىڭ يەنە بىر تۇتقۇچىنى لۇيىزا ئىككى قولى بىلەن ئاران كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ھويلىدا ئادەم يوق ئىدى. سائەت 12 گە جاڭ ئۇردى. دەرۋازىۋەن تېخى ياتمىغانىدى. ئېرژېنى پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ، ئاقساقال كۆزەتچىنىڭ كىرىسلودا مۈگدەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ، لۇيىزانىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، يەرگە قويۇپ قويۇلغان چامادانىنى يەنە كۆتۈردى ۋە ئىككىسى تام ياقىلاپ مېڭىپ، دەرۋازا لەمپىسىنىڭ ئاستىغا كېلىشتى. ئېرژېنى لۇيىزانى بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭغا مۆكۈندۈرۈپ قويدى. ئەمدى دەرۋازىۋەن كۆزىنى ئاچسىمۇ يالغۇز بىر ئادەمنى كۆرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېرژېنى ئۆزى پەنەر چىراغنىڭ يورۇقى چۈشىدىغان يەرگە كېلىپ توختىدى.

— ئىشىكنى ئېچىڭ! — ئۇ دېرىزىنى چېكىپ تۇرۇپ، ئاۋازىنى بوم چىقىرىپ توۋلىدى.

ئېرژېنىنىڭ ئويلىغىنىدەك، دەرۋازىۋەن كىرىسلودىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقماقچى بولغان كىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم تاشلىدى. لېكىن تاقەتسىزلىنىپ، ئۆتۈكىنىڭ تۇنجىسىغا ھاسا تايىقى بىلەن ئۇرۇپ تۇرغان يىگىتنى كۆردى - دە، دەرھال دەرۋازا ئارغامچىسىنى تارتتى. لۇيىزا شۇ ھامان ئېچىلغان دەرۋازىغا سىلجىپ كېلىپ، تاشقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئېرژېنىمۇ كوچىغا چىقتى. گەرچە ئۇ قارىماققا خاتىرجەم كۆرۈنسىمۇ، يۈرىكى تېز - تېز سوقۇپ كەتتى.



ئۇلار دەل شۇ چاغدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خەت توشۇغۇچى چاپارمەنگە چامادانىنى كۆتۈرگۈزۈشتى ۋە بۇنى ۋىكتۇئار كوچىسىدىكى 36 - ئۆيگە ئاپىرىپ بېرىشنى ئېيتتى - دە، شۇ كىشىنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. چاپارمەننىڭ ھەمراھلىقىدىن لۇيىزانىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى. ئېرژېنى بولسا، خۇددى يۇدىف ياكى دالىلاغا ئوخشاش قورقۇمسىز ئىدى. ئۇلار بەلگىلەنگەن ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە ئېرژېنى چاپارمەنگە چامادانىنى يەرگە قويۇشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، دېرىزە قاپقىقىنى چەكتى. قاچقۇن قىزلار كەلگەن ئۆيدە ئۇلار ئالدىن كېلىشىپ قويغان بىر نامرات كېيىم تىككۈچى ئايال ياشايتتى. ئۇ تېخى ياتمىغان بولۇپ، دەرھال ئىشىكنى ئاچتى.

— خانىم، — دېدى ئېرژېنى، — دەرۋازىۋەن سارايدىن ھارۋىنى چىقىرىپ قويسۇن ۋە پوچتا بېكىتىگە بېرىپ، ئات ئەكەلسۇن. ئۇنىڭغا مانا ماۋۇ بەش فرانكنى بېرىپ قويۇڭ.

— ساڭا زوققۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى لۇيىزا، — ھەتتا ساڭا بولغان ھۆرمىتىم ئېشىۋاتىدۇ.

تىككۈچى ئايال ئۇلارغا ئەجەبلىنىپ قارىدى، لېكىن ئۇنىڭغا 20 لۇيىدور بېرىش ۋەدە قىلىنغان بولغاچقا، ھېچنېمە دېمىدى.

چارەك سائەت ئۆتكەندە دەرۋازىۋەن ھارۋىكەش ۋە ئاتلارنى ئەكەلدى. ئاتلار شۇ ھامان پەيتونغا قوشۇلدى. چامادانىنى پەيتوننىڭ كەينىگە باغلاشتى.

— مانا يول خېتى، — دېدى ھارۋىكەش، — قايسى يول بىلەن ماڭىمىز، ياش خوجايىن؟

— ۋونتېنپبلو يولى بىلەن، — دېدى ئېژېنى، ئەرلەرگە ئوخشاش ئاۋازىنى بوم چىقىرىپ.

— نېمە؟ نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورىدى لۇيىزا.

— ئىزىمىزنى يوقىتىش كېرەك، — دېدى ئېژېنى، — بۇ ئايالغا بىز 20 لۇيىدور بەردۇق، ئۇ بىزنى 40 لۇيىدورغا سېتىۋېتىشى مۇمكىن. بۇلۋار مەھەللىسىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن يولىمىزنى ئۆزگەرتىمىز.

ئۇ ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ چىقىپ، پەيتۇنغا ئولتۇردى.

— سەن هامان توغرا گەپ قىلىسەن، ئېژېنى، — دېدى لۇيىزا دوستىنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ.

چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن هارۋىكەش ئېژېنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى ۋە قامچىسىنى ئويناتقىنىچە سېن-مارتېن قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئاخىرى پارىژدىن چىقىۋالدۇق، — دېدى لۇيىزا يېنىك تىنىپ.

— شۇنداق، قەدىرلىكىم، سېنى بۇلاپ كېتىشىم مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئەمەلگە ئاشتى، — جاۋاب بەردى ئېژېنى.

— توغرا، يەنە كېلىپ هېچقانداق زورلۇق ئىشلەتمىدىڭ، — دېدى لۇيىزا.

— بۇ هال مېنىڭ گۇناهىمنى يەڭگىللىتىدۇ، — دېدى ئېژېنى.

بۇ سۆزلەر لاۋېيىت تاشيولىدا كېتىۋاتقان پەيتۇن چاقلىرىنىڭ تاراقلاشلىرى ئارىسىدا يوقىلىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، دانگلارنىڭ قىزى يوق بولدى.



# ئون بەشىنچى باب

## «كولدۇرما ۋە شىشە» مېھمانخانىسى

ئەمدى دانگلار خانقىز بىلەن ئۇنىڭ دوستىنى برۇسسېل يولىدا قويۇپ تۇرايلى ۋە بەخت يولىدا ئۇشتۇمتۇت توسۇپ قويۇلغان بىچارە ئاندرېئا كاۋالكانتىغا كېلەيلى.

بۇ ئاندرېئا كاۋالكانتى دېگەن ياشلىقىغا باقماي ناهايىتى ئەپچىل ۋە چېچەن ئەزىمەت ئىدى. شۇڭا، كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، سارايدا غۇلغۇلا باشلىنىشى بىلەنلا ئۇ ئاستا ئىشىك تەرەپكە سىلجىدى ۋە ئىككى بۆلمىدىن ئۆتۈپ، قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى. بىز بىر كىچىككىنە ئىشنى تىلغا ئېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق. بۇنىمۇ سۆزلەپ ئۆتمىسەك بولمايدۇ. كاۋالكانتى مېڭىپ ئۆتكەن بۆلمىلەردىن بىرىدە ئالتۇن، گۆھەرلەر قاچىلانغان قۇتىلار، كەشمىر ياغلىقلىرى، ئەنگلىيە ئەن رەختلىرى، قىسقىسى قىزلارنىڭ قەلبىنى مەھلىيا قىلىدىغان ۋە قىز مېلى دەپ ئاتىلىدىغان ئېسىل ماللار تىزىپ قويۇلغانىدى. ئاندرېئا ئەنە شۇ بۆلمىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تىزىپ قويۇلغان قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ ئەڭ سالماقلىقلىرىنى تاللاپ ئېلىۋالدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ چېچەن ھەم ئەپچىل بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە يىراقنى كۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئاندرېئا ئەنە شۇنداق دەسمايىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇ-

نىڭ ئەپچىللىكى ھەسسىلەپ ئاشتى ۋە ئۇ دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قېچىپ كەتتى.

بەئەينى قەدىمكى باھادىرلاردەك ئېگىز بويلۇق، سپارتالىقلاردەك قابىل كەلگەن ئاندرېئا چارەك سائەتكىچە يۈگۈردى، نەگە بېرىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، پەقەت تۇتۇلۇپ قېلىشقا تاس قالغان يەردىن يىراققا كېتىشىنىلا ئويلايتتى. ئۇ مون - بىلان كوچىسىدىن ئۆتتى ۋە توشقاننى ئۇۋىسىغا، ئوغرىنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېلىپ چىقىدىغان سېزىمنىڭ باشلىشى بىلەن لافايېت كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ قالدى ۋە ھاسىرىغان، قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا توختىدى. ئۇ تامامەن يالغۇز ئىدى. سول تەرەپتە چۆلدەرەپ تۇرغان سېن - لازار دالاسى، ئوڭ تەرەپتە ھەيۋەتلىك پارىژ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— تۈگەشتىممۇ نېمە؟ — ئۇ ئۆزىدىن سورىدى، — ياق، ئەگەر دۈشمەنلىرىمدىن كۆپرەك كۈچ چىقارسام ئۇنداق بولمايدۇ. مېنىڭ قۇتۇلۇشۇم چاققانلىق مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى.

شۇ ئەسنادا ئۇ پۇئاسونىيېر مەھەللىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان كىرا ھارۋىسىنى كۆرۈپ قالدى. غازىرا چىشلەپ ئولتۇرغان تىلەتى سۈرۈن ھارۋىكەش سېن - دېنى مەھەللىسىگە كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ھەي دوستۇم! — دېدى بېنېدېتتو.

— خوش، نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى ھارۋىكەش.

— ئېتىڭىز ھاردىمۇ؟

— ھارامدىغان! شۇمۇ گەپمۇ! پۈتۈن بىر كۈن ھېچقانداق ئۇقەت بولمىدى. ئاران تۆت ئادەمنى توشۇپتىمەن، تاپقىنىم 20 سۇ، جەمئىي يەتتە فرانك. مەن تېخىي خوجايىنغا ئون فرانك تاپشۇرۇشۇم كېرەك.



— شۇ يەتتە، فرانكىڭىزغا يەنە 20 فرانك قوشۇشنى خالامسىز؟

— خالىمامدىغان، 20 فرانكنى كىم خالىمىسۇن. ھە، نېمە قىلاي؟

— ئېتىڭىز ھارمىغانلا بولسا، قىلىدىغان ئىشىڭىز تەس ئەمەس. سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئېتىم شامالدەك ئۇچىدۇ. نەگە مېڭىشنى دەپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

— لۇۋر تەرەپكە.

— ھە، بىلىمەن، ئۇ يەردىن مۇسەللەس كۆپ چىقىدۇ.

— شۇنداق. بىر دوستۇمنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋېلىشىم كېرەك. ئۇنىڭ بىلەن ئەتە شاپېل - سىرۋالدا ئوۋ قىلىشقا كېلىشىپ قويغانىدۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ھارۋىسى بىلەن مۇشۇ يەردە سائەت 11 يېرىمغىچە مېنى كۈتمەكچىدى، ھازىر يېرىم كېچە بولدى. ئۇ مېنى كەلمەيدىغان بولدى دەپ ئۆزى يالغۇز كېتىپ قالغان بولسا كېرەك.

— شۇنداق بولسا كېرەك.

— ئۇنى قوغلاپ باقامسىز؟

— ماقۇل.

— ئەگەر ئۇنى بۇرژىغىچە قوغلاپ يېتەلمىسەك، 20 فرانك ئالىسىز؛ لۇۋرغىچە يېتەلمىسەك 30 فرانك ئالىسىز.

— يېتىشىۋالساقچۇ؟

— 40، — دېدى ئاندرېئا. ئۇ سەل ئارىسالدا بولغان بولسىمۇ، بۇنداق ۋەدە بېرىش بىلەن ھېچقانداق زىيان تارتمايدىغانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— بولىدۇ! — دېدى ھارۋىكەش، — ئولتۇرۇڭ!

ئاندرېئا ئولتۇردى. كىرا ھارۋىسى تېز يۈرۈپ، سېن -

دېنى، سېن ـ مارتېن مەھەللىرىدىن، قاراۋۇلخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ، چەكسىز لاۋىيىتكە يەتتى. بۇ غايىبانە دوستىنى قوغلاپ يېتىش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، كاۋالكانتى كەچ قالغان يولۇچىلارنى توختىتىپ ۋە تېخى تاقالمىغان مەيخانىلارغا كىرىپ، ئالا ئات قوشۇلغان يېشىل پەيتۇننى سۈرۈشتە قىلدى. ھالبۇكى، نېدېرلاندىيە يولىدا قاتنايدىغان پەيتۇنلار ناھايىتى كۆپ ۋە ئۇلارنىڭ ئوندىن توققۇزى يېشىل بولغانلىقتىن، ھەر سورىغاندا بىرمۇنچە ئۇچۇرلارنى ئاڭلايتتى. ئۇ پەيتۇننى ھەممە كىشى كۆرگەنىدى، ئۇنى 500 - 200 ياكى 100 قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتىدۇ دېيىشەتتى، لېكىن ئۇنى قوغلاپ يېتىپ قارىسا، ئۆزلىرى ئىزدەپ يۈرگەن پەيتۇن ئەمەس بولۇپ چىقاتتى. بىر يەرگە كەلگەنىدە ئىككى ئات قوشۇلغان بىر پەيتۇن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

«مانا مۇشۇنداق پەيتۇن بىلەن بىر جۈپ ئات ۋە يول خېتى بولسىچۇ كاشكى!» دەپ ئويلىدى كاۋالكانتى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

بۇ، دانگلار خانىقىز بىلەن ئارمىلىيى خانىقىزنى ئېلىپ كېتىۋاتقان پەيتۇن ئىدى.

— تېز، تېز! — دېدى ئاندرېئا، — يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالدۇق.

شۇنىڭ بىلەن، قاراۋۇلخانىدىن تارتىپ توختىماي چېپىپ كېلىۋاتقان بىچارە ئات قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا لۇۋرغا يېتىپ كەلدى.

— بولدىلا، — دېدى ئاندرېئا، — بۇرادىرىمنى قوغلاپ يېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن. ئېتىڭىز كاردىن چىقىدىغان بولدى. مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي. مانا سىزگە 30 فرانك. مەن «سېرىق ئات» مېھمانخانىسىدا بىر كېچە قونۇپ، ئەتە پاشقا



ھارۋىغا ئولتۇرۇپ ماڭىمەن. كېچىلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، دوستۇم.

ئاندرېئا ھارۋىكەشنىڭ قولىغا بەش فرانكلىق تەڭگىدىن ئالتىنى تۇتقۇزۇپ، تاشيولغا سەكرەپ چۈشتى. ھارۋىكەش خۇشال بولۇپ، پۇلنى يانچۇقىغا سالدى - دە، پارىژغا قاراپ يول ئالدى. ئاندرېئا خۇددى «سېرىق ئات» مېھمانخانىسىغا كىرمەكچى بولغاندەك، شۇ ياققا ماڭدى. مېھمانخانىنىڭ ئىشىك ئالدىدا توختىدى ۋە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ھارۋا چاقلىرىنىڭ تاراقلىشىغا بىر دەم قۇلاق سېلىپ تۇردى - دە، يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭدى ۋە يېنىك قەدەملەر بىلەن ئىككى لېي يول باستى، شۇندىن كېيىن ئۇ توختاپ ھاردۇق ئالدى. قارىغاندا، ئۇ بايا ئۆزى ئېيتقان شاپېل - سېرۋالغا يېقىن بىر جايدا توختىغان بولسا كېرەك.

ئاندرېئا كاۋالكانتىنى ھارغىنلىق توختاتمىدى، بەلكى بىر قارارغا كېلىش ۋە ھەرىكەت پىلانى تۈزۈش زۆرۈرىيىتى توختاتتى. ئۇزۇن يول قاتناش ھارۋىسىغا ئولتۇرۇش ياكى پوچتا ھارۋىسىنى كىرا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن پاسپورت بولۇشى لازىم. ئۇئازا رايونىدا، يەنى فرانسىيىدىكى ئەڭ مەشھۇر ۋە ئەڭ قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان رايونلاردىن بىرىدە تۇرۇپ قېلىش، خۇسۇسەن ئاندرېئاغا ئوخشاش جىنايى ئىشلاردا پىشقان ئادەمگە قارىتا ئېيتقاندا، يەنىلا مۇمكىن ئەمەس.

ئاندرېئا ئۆستەڭ بويىغا ئولتۇردى ۋە بېشىنى چاڭگاللاپ، خىيالغا كەتتى. ئون مىنۇت ئۆتكەندە ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ بىر قارارغا كەلگەنىدى. ئۇ، دەھلىزدىكى كىيىم ئىلگۈچتىن ئېلىۋېلىپ، كالتە چاپىنىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان پەلتوسىنى توپىغا مىلىدى ۋە شاپېل - سېرۋالغا يېتىپ كېلىپ، شۇ يەردىكى بىردىنبىر مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. خوجايىن ئىشىكنى ئاچتى.

— دوستۇم، — دېدى ئاندرېئا، — مەن مورفونتېندىن سانلىسقا ئاتلىق كېتىۋاتاتتىم، بىراق ئېتىم شاش بولغاچقا، چېچاڭشىپ مېنى يىقىتىۋەتتى. بۈگۈن كېچىدىن قالماي كومپىنغا بېرىۋالمىسام ئۆيدىكىلەر ئەنسىرەپ قالىدۇ. سىزدە ئات بارمۇ؟

ھەرقانداق مېھمانخانىدا ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئىشقىلىپ، بىرەر ئات تېپىلماي قالمايدۇ. مېھمانخانا خوجايىنى ئات باقارنى چاقىرىپ، ئاق ئاتنى ئېگەرلەشنى بۇيرۇدى ۋە يەتتە ياشلىق ئوغلىنى ئويغاتتى. ئۇ بالا ئاندرېئاغا مىنگىشىپ بېرىپ، ئاتنى قايتۇرۇپ كېلىشى كېرەك ئىدى.

ئاندرېئا خوجايىنغا 20 فرانك بەردى. ئۇ، يانچۇقىدىن پۇلنى چىقىرىۋاتقاندا نام - ئەمەل كارتوچكىسى چۈشۈپ قالدى. بۇ، ئەسلى ئۇنىڭ كافې - پارىدىكى بۇرادەرلىرىدىن بىرىنىڭ كارتوچكىسى ئىدى. ئاندرېئا كەتكەندىن كېيىن خوجايىن شۇ كارتوچكىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاق ئېتىنى سېن - دومىنىك كوچىسى، 25 - ئۆيدىكى گىراف مولېئونغا بەرگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. بۇ، ئاشۇ كارتوچكىدا يېزىلغان ئىسىم ۋە ئادرېس ئىدى.

ئاق ئات تېز چاپمىسىمۇ، ھەر ھالدا توختاپ قالماي، بىر خىلدا يورغىلاپ ماڭدى. ئاندرېئا ئۈچ يېرىم سائەتتە كومپىنغا بولغان توققۇز لىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ، كىرا ھارۋىلىرى توختايدىغان مەيدانغا كەلگەندە ۋالىي مەھكىمىسى بىناسىنىڭ سائىتى تۆتكە جاڭ ئۇردى.

كومپىندا ناھايىتى ياخشى بىر مېھمانخانا بولۇپ، ئۇ يەردە بىر كېچە قونغان كىشىمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئاندرېئا بىر قېتىم پارىژ ئەترابىدىكى جايلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، شۇ مېھمانخانىدا بىر كېچە قونغانىدى. شۇڭا، ئۇ «كولدۇرما ۋە شىشە»



دەپ ئاتىلىدىغان شۇ مېھمانخانىنى ئېسىگە ئالدى ۋە مەيدانغا كۆز يۈگۈرتۈپ، پەنەر يورۇقىدا شۇ مېھمانخانىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى كۆردى - دە، ئۆزى بىلەن كەلگەن بالىغا يېنىدىكى پارچە تەڭگىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋېتىپ، ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى، ئاندىن مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۇ، تاڭ ئاتقۇچە تۆت سائەت بار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغىچە ئوبدان غىزالىنىپ، ئۇخلىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

بىر مالاي چىقىپ، ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

— مەن سېن - ژانوبۇئادىن كەلدىم، شۇ يەردە غىزالانغانىدىم، — دېدى ئاندرېئا، — يېرىم كېچىدە ئۆتىدىغان كىرا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇۋالارمەن دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ساراڭدەك يولدىن ئېزىپ كېتىپ، تۆت سائەتكىچە ئورمانلىقتا ئادىشىپ يۈردۈم. ماڭا دېرىزىسى ھويلىغا قارايدىغان بىر ئېغىز ئۆي بېرىڭلار، ئاندىن سوۋۇتۇلغان چۈجە گۆشى بىلەن بىر شېشە بوردو شارابى كەلتۈرۈلسۇن.

مالاينىڭ ھېچقانداق گۇمانى كەلمىدى. ئاندرېئا قوللىرىنى پەلتوسىنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىپ، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، تامامەن بەخۇدلۇك سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى رەتلىك، ساقال - بۇرۇتى قىسقا قىرقىلغان، ئاياغ كىيىممۇ ئېسىل بولۇپ، يول ئۈستىدە كەچ قالغان بايۋەتچىگە ئوخشاپ تۇراتتى.

مالاي ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىنى تەييارلاپ تۇرغىچە مېھمانخانىنىڭ ئايال خوجايىنى كىردى. ئاندرېئا ئۇنى يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى ۋە كومپىنغا ئاخىرقى قېتىم كەلگىنىدە ياتقان 3 - نومۇرلۇق ياتاقنى يەنە ئېلىشقا بولامدۇ، دەپ سورىدى. ئەپسۇسكى، 3 - نومۇرلۇق ياتاقنى سىڭلىسى بىلەن ساياھەتكە چىققان بىر ياش يىگىت ئېلىپ بولغانىدى. ئاندرېئا ئىنتايىن ئەپسۇسلاندى، لېكىن ئايال خوجايىن ئۇنىڭغا

بېرىلگەن 7 - نومۇرمۇ خۇددى 3 - نومۇرغا ئوخشاشلا ھويلىغا قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلدى. ئاندرېيا ئوچاقنىڭ ئالدىدا پۇتىنى ئىسسىتىپ ۋە شانتلىيىدىكى ئاخىرقى قېتىملىق ئات بەيگىسى ھەققىدە پاراڭلىشىپ، ياتىقىنىڭ تەييار بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

ئاندرېيانىڭ ھويلىغا قارايدىغان ياتاقنى سورىشى بىكار ئەمەس ئىدى. «كولدۇرما» مېھمانخانىسىنىڭ ھويلىسىدا ئۈچ قاتار ئايۋان بولۇپ، بەئەينى تىياتىرخانا زالىغا ئوخشايتتى. نازۇك تۈۋرۈكلەرگە ھەشقىپىچەك ۋە لومونۇس گۈللىرى چىرمىشىپ، گويا تەبىئىي بېزەكلەرنى ھاسىل قىلاتتى. بۇ ھەرقانداق مېھمانخانىغا سېلىشتۇرغاندىمۇ ئەڭ كۆركەم ھويلىلاردىن بىرى ئىدى.

كەلتۈرۈلگەن چۆجە گۆشى يېگىسى، شاراب كونا بولۇپ، تام مەشتىكى ئوت چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. ئاندرېيا خۇددى ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىگەندەك غىزاغا ئىشتىھا بىلەن تۇتۇش قىلغانلىقىدىن ئۆزىمۇ ھەيران بولدى. ئاندىن ئۇ تۆشەككە يېتىپ، دەرھال قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. 20 ياشلىق ئادەم، ھەتتا ۋىجدانى پاك بولمىغان چاغلاردىمۇ ئاشۇنداق ئۇخلىيالايدۇ. شۇنى ئېيتىشىمىز لازىمكى، گەرچە ئاندرېيا نومۇس قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇ ھەرگىز نومۇسنى بىلمەيتتى.

ئاندرېيانىڭ پىلانى مۇنداق ئىدى: ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ياتاق ھەققىنى تۆلەپ، مېھمانخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئورمانلىققا بېرىپ، رەسساملىق مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىش باھانىسى بىلەن بىرەر دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ؛ ئوتۇنچىنىڭ كىيىملىرى بىلەن بىر پالتا تېپىپ، ئاقسۆڭەك ئارسلاننىڭ قىياپىتىنى ئىشچىنىڭ قىياپىتىگە ئۆزگەرتىدۇ. ئاندىن، قوللىرىغا توپا سۈرتۈپ، قوغۇشۇن تارغاق بىلەن چاچلى-



رىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ ۋە بىر چاغلاردا تۇلوندىكى شېرىكلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان ئۇسۇل بىلەن يۈزىنى قارىدىتىپ ئورمانغا بېرىۋالىدۇ - دە، كېچىلىرى يول يۈرۈپ، كۈندۈزلىرى چاتقاللىق ياكى ئازگاللاردا ئۇخلاپ، نان سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاندا - ساندا يېزا - قىشلاقلارغا كىرىپ، ئەڭ يېقىن جايدىكى چېگرىغا يېتىۋالىدۇ. چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ بارلىق ئالتۇن، گۆھەرلەرنى نەق پۇلغا ئايلاندۇرىدۇ، بۇنىڭغا يەنە يېنىدا ساقلاپ يۈرگەن ئون پارچە بانكا چېكىنى قوشقاندا كەم دېگەندىمۇ 50 مىڭ لىۋر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قانداقلا بولمىسۇن، جان بېقىپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ يەنە دانگلارلار بۇ كېلىشمەسلىك ئۈستىدىكى گەپ - سۆزلەرنى بېسىقتۇرۇۋېتىشكە تىرىشىدۇ دەپ ئۈمىد قىلاتتى.

ھارغىنلىقتىن سىرت يەنە مۇشۇنداق پىلانلار ئاندرېيانىڭ دەرھال ئۇيقۇغا كېتىپ، بەخىرامان ئۇخلىشىغا ئىمكان بەردى.

ئاندرېيا مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق ئويغىنىش ئۈچۈن دېرىزە قاپقاقلىرىنى ياپماي، ئىشىكنى ئېتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى ۋە دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان، سۆپىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ كۆرگەن ئۆتكۈر پىچىقىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

ئەتىگەن سائەت يەتتە بولغاندا ئىللىق ۋە يارقىن قۇياش نۇرى ئاندرېيانىڭ يۈزىگە چۈشۈپ، ئۇنى ئويغاتتى. ھەرقانداق سەگەك مېڭىدىكى ئاساسلىق خىيال ھەممىدىن كېيىن ئۇيقۇغا ياتىدۇ ۋە ئادەم ئويغانغاندا ئۇنىڭ ئېڭىنى ئەڭ ئاۋۋال يورۇتىدۇ. ئاندرېيا تېخى كۆزلىرىنى ئاچماي تۇرۇپلا ئاساسلىق خىيال ئۇنى بەنت قىلدى ۋە ئۇنىڭ بەك ئۇزاق ئۇخلىغانلىقىنى كۆڭلىگە سالدى. ئۇ، كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، دېرىزە يېنىغا كەلدى. ھويلىدا بىر ژاندارما ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئومۇمەن،

ھەتتا ئەڭ گۇناھسىز ئادەملەر ئۈچۈنمۇ ژاندارما دۇنيادىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك شەيئىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، خۇدۇكسىرەيدىغان، خۇدۇكسىرەش سەۋەبى بولغان ۋىجدان ئۈچۈن ژاندارما كىيىمىنىڭ سېرىق، كۆك ۋە ئاق رەڭلىرى دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق رەڭلەر ھېسابلىنىدۇ.

— ژاندارما نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ — ئاندرېئا ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويدى.

شۇندىن كېيىن ئۇ دەرھال ئۆز مەنتىقىسى بويىچە (كىتابخان ئۇنىڭ مۇنداق مەنتىقىسىنى بايقىغان بولۇشى مۇمكىن) يەنە ئۆز-ئۆزىگە جاۋاب بەردى:

— مېھمانخانىغا ژاندارما كەلگەنلىكى ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ھە، ئەمدى كىيىنىش كېرەك.

ئۇ چاققانلىق بىلەن كىيىندى. پارىژدا ئۆتكەن بىرنەچچە ئايلىق ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرمۇش جەريانىدا مالاي ئۇنىڭ بۇنداق چاققانلىقىنى ئۇنتۇلدۇرالمىغانىدى.

— ماقۇل، — دېدى ئاندرېئا كىيىنىۋېتىپ، — ئۇ كەتكۈچە ساقلاپ تۇراي. ئۇ كەتكەندىن كېيىن تىكىۋېتىمەن.

ئۇ كىيىنىپ بولۇپ، ئېھتىيات بىلەن دېرىزە يېنىغا كەلدى ۋە پەردىنى يەنە بىر قېتىم كۆتۈردى. ھالبۇكى، بايىقى ژاندارما كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆك، سېرىق، ئاق رەڭلىك كىيىم كىيگەن يەنە بىر ژاندارما پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ ئاندرېئانىڭ چۈشۈش يولىنى توسۇپ، پەلەمپەينىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئات مىنىپ، مىلتىق تۇتقان ئۈچىنچى ژاندارما ئۇنىڭ كوچىغا چىقىش يولىنى توسۇپ، دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى. بۇ ئۈچىنچى ژاندارما ھەممىدىن بەكرەك دىققەتكە سازاۋەر ئىدى. شۇڭا، بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ، دەرۋازا ئالدىدا توپلىشىپ تۇرۇشاتتى.



«مېنى ئىزدىشىۋاتىدۇ!» — ئاندرېئانىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئويلىغىنى شۇ بولدى.

ئۇ تاتىرىپ كەتتى ۋە خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئۇياق-بۇياققا قارىدى. ئۇنىڭ ياتىقى مۇشۇ قەۋەتتىكى باشقا ياتاقلارغا ئوخشاش، ھەممە يېنى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاشقى ئايۋانغا قارايتتى.

«تۈگەشتىم!» — ئۇنىڭ ئىككىنچى بولۇپ ئويلىغىنى شۇ بولدى.

دېمىسىمۇ، ئاندرېئادەك ئادەم قولغا ئېلىنسا، سوتقا تارتىلىشى، ھۆكۈم چىقىرىلىشى، ئۆلتۈرۈلۈشى، شەپقەتسىزلىك بىلەن دەرھال ئۆلتۈرۈلۈشى تۇرغان گەپ. ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن بېشىنى چاڭگاللىدى. شۇ تاپتا ئۇ قورقۇشتىن ساراڭ بولۇشقا تاس قالدى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ مېڭىسىدە قۇيۇندەك ئۇچۇپ يۈرگەن ھېسابسىز خىياللار ئىچىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى پارلىدى. ئۇنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىگە زەئىپ كۈلۈمسىرەش دارىدى. ئۇ ياتاق ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭغا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شىرە ئۈستىدە تەييار ئىدى: قەلەم، سىيا ۋە قەغەز. ئۇ قەلەمنى سىياغا چىلىدى ۋە قولىنى تىترەتمەسلىككە تىرىشىپ، قەغەزلەرنىڭ بىرىنچى بېتىگە تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازدى:

«يېنىمدا ياتاق ھەققىنى تۆلىگۈدەك پۇلۇم يوق، لېكىن مەن مەرد ئادەم. مۇشۇ بۇلاپكىنى رەنگە قويىمەن. بۇنىڭ باھاسى قەرزىمدىن ئون ھەسسە ئارتۇق. خوشلاشماي كەتكىنىمنى ئەپۇ قىلغايسىلەر. يۈزىڭلارغا قاراشقا پېتىنالمىدىم».

ئۇ گالستۇكىدىن بۇلاپكىسىنى چىقىرىپ، قەغەز ئۈستىگە قويدى. ئاندىن، ئىشىكنى ئېتىپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تاقىنى ئېلىۋەتتى، ھەتتا ئىشىكنى قىيا ئوچۇق قويدى (خۇددى

گېتىشتە ئىشىكنى يېپىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمدەك) ۋە تام مەشىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بۇنداق مەشغۇلاتلارغا كۆنۈپ كەتكەن ئادەمدەك، ئاخىللا بىلەن دېئىدامىيىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇسۇقنى يېقىن سۈرۈپ قويىدى، كۈل ئۈستىدىكى ئىزلارنى پۈتى بىلەن تۈزلەۋەتتى ۋە ئەگرى مورىنىڭ ئىچى بىلەن يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى، بۇ، ئۇنىڭ قۇتۇلۇشقا ئۈمىد باغلىغۇدەك بىردىنبىر يولى ئىدى.

بۇ چاغدا ئاندرېئانىڭ كۆزى چۈشكەن بىرىنچى ژاندارما ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ھەمراھلىقىدا پەلەمپەيدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. پەلەمپەينى كۆزىتىپ تۇرغان ئىككىنچى ژاندارما ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ناۋادا بىرەر ئىش بولسا، دەرۋازا ئالدىدىكى ساقچىمۇ ئۇلگۈرۈپ كېلەلەيتتى.

ئاندرېئانى ساقچىلارنىڭ ئىزدەپ كېلىشى تۆۋەندىكىدەك شارائىت ئاستىدا بولغانىدى.

تاڭ - سەھەردىلا پارىژ تېلېگرافى ھەممە يۆنىلىشلەردە ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. شۇ ھامان ئەتراپتىكى شەھەر ۋە كەنتلەر خەۋەرلەندۈرۈلۈپ، يەرلىك دائىرىلەر ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى ۋە كادرۇسنىڭ قاتىلىنى ئىزدەشكە قۇراللىق كۈچلەر ئەۋەتىلدى.

كومپىيىن پادىشاھ دەم ئېلىشقا كېلىپ تۇرىدىغان، ئوۋ قىلىدىغان جاي بولۇپ، بۇ يەردە شەھەرلىك مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى بار، ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر، ساقچىلار تولۇپ كەتكەن. تېلېگراف ئارقىلىق بېرىلگەن بۇيرۇق تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن دەرھال ئاختۇرۇشقا تۇتۇش قىلىندى. «كولدۇرما ۋە شىشە» مېھمانخانىسى شەھەر بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مېھمانخانا بولغىنى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئىشنى شۇ يەردىن باشلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ كېچىسى ۋالىي مەھكىمىسىدە تۇرغان جېسەكچىلەر (ۋالىي مەھكىمىسى «كولدۇرما» مېھمانخانىسىغا يانداش جايلاشقان)



تۈندە شۇ مېھمانخانىغا بىرنەچچە يولۇچىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئالماشقان جېسەكچى ھەتتا شۇنىمۇ ئەسلىدىكى، ئۇ ئەمدىلا پوسقا تۇرغاندا، يەنى سائەت تۆتتىن سەل ئاشقاندا ئاق ئاتقا مىنگەن بىر ياش يىگىت بىر دېھقان بالىسىنى مىنگەشتۈرۈپ كەلگەن. ئۇ يىگىت مەيدانغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشكەن ۋە ئات بىلەن ھېلىقى بالىنى قايتۇرۇۋېتىپ، «كولدۇرما» مېھمانخانىسىنىڭ ئىشىكىنى چەككەن. مېھمانخانىدىكىلەر ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنى كىرگۈزگەن. ھەممەيلەننىڭ گۇمانى ئەنە شۇ كەچ قالغان يولۇچىغا چۈشتى.

بۇ يولۇچى باشقا كىشى ئەمەس، دەل ئاندرېئا ئىدى. ئەنە شۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارى بىلەن ھېلىقى ژاندارما ئۇنتېر - ئوفىتسېر① ئاندرېئانىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئىشىك ئوچۇق ئىدى.

— ئوھۇ، — دېدى ژاندارما. ئۇ، تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلەرنى تولا كۆرۈپ پىشىپ كەتكەن قېرى تۈلكە ئىدى، — ئىشىكنىڭ ئوچۇق بولۇشى ياخشى ئالامەت ئەمەس! مەن ئىشىكنىڭ چىڭ يېپىقلىق بولۇشىنى خالايتتىم.

دەرۋەقە، ئاندرېئانىڭ شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويغان خېتى ۋە بۇلاپكىسى كۆڭۈلسىز ھەقىقەتنى دەلىللەپ تۇراتتى ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئاندرېئانىڭ قاچقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىز «كۆرسىتىپ تۇراتتى» دېدۇق، چۈنكى بۇ ژاندارما دەسلەپكى ئالامەتكە قاراپلا قانائەت قىلىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆپچۆرىسىگە نەزەر سالدى، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا قارىدى، ئىشكاپلارنى ئېچىپ باقتى ۋە ئاخىرى تام مەشىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاندرېئانىڭ ئېھتىياتچانلىقى تۈپەيلى كۈل ئۈستىدە ھېچقانداق ئىز قالمىغانىدى. لېكىن، قانداقلا بولمى-

① ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر.

سۇن، بۇ بىر چىقىش ئېغىزى ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق چىقىش ئېغىزى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن تەكشۈرۈلۈشى كېرەك. شۇڭا، ساقچى شاخ - شۇمبا ۋە سامان كەلتۈرۈشىنى بۇيرۇدى. ئۇ، خۇددى زەمبىرەككە ئوق سالغاندەك، شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تام مەشىنىڭ مورىسىغا تىقتى - دە، ئوت ياقتى. ئوت گۈرۈلدەپ كۆيدى، تۇرخۇندىن قويۇق ئىس چىقىپ، كۆككە ئۆرلىدى. لېكىن، ئىش ژاندارمىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى، جىنايەتچى تام مەشىنىڭ ئىچىگە يېقىلىپ چۈشمىدى.

كىچىكىدىن تارتىپ جەمئىيەت بىلەن ئېلىشىپ ئۆسكەن ئاندرېئا ھەر قانداق ژاندارمىغا، ھەتتا ئۇنتېر - ئوفىتسېرغىمۇ بوي بەرمەيتتى. ئۇ، ئوت يېقىلىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆگزىگە چىقتى - دە، تۇرخۇنغا يېپىشىپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئۇنتېر - ئوفىتسېر ئىككى ژاندارمىغا قاراپ، ئۈنلۈك توۋلىدى:

— بۇ يەردە يوق ئىكەن!

ئاندرېئانىڭ ئۈمىدى كۈچەيگەندەك بولدى. لېكىن ئۇ ئېھتىيات بىلەن بويىنىنى سوزۇپ قارىغانىدى، ژاندارمىلار كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئاختۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكىنى كۆردى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ ئەتراپىغا سەپسالدى. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ XVI ئەسىردە سېلىنغان ھەيۋەتلىك بىناسى گويا سۈرلۈك قەلئەدەك ئوڭ تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ بىنانىڭ دېرىزىلىرىدىن قارىسا، ئاندرېئا تۇرغان ئۆگزىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى خۇددى تاغدا تۇرۇپ تۈزنى كۆرگەندەك كۆرگىلى بولاتتى. ئاندرېئا ئاشۇ دېرىزىلەرنىڭ بىرىدە ھايال بولماي ساقچىنىڭ بېشى پەيدا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئەگەر ساقچى ئۇنى كۆرۈپ قالسىلا ئىشىنىڭ پۈتكىنى شۇ. ئۆگزە ئارقىلىق قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆگ-



ۋىدىن چۈشمەكچى بولدى، لېكىن ئۆزى چىققان يول بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا يول بىلەن چۈشۈش كېرەك ئىدى. ئۇ، ئىس چىقمىغان بىر تۇرخۇننىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كەلدى - دە، مورا ئىچىگە چۈشتى. دەل شۇ چاغدا ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بىر دېرىزىسى ئېچىلدى ۋە بىر ژاندارمىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ باش خۇددى بىنانىڭ زىننەتلىك ھەيكەللىرىگە ئوخشاش بىر مىنۇتچە قىمىر قىلماي تۇردى - دە، ئەپسۇسلانغان ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، غايىب بولدى.

ئۇنتېر - ئوفىتسېر توپلانغان كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەي، خۇددى ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان قانۇندەك ئۇلۇغۋار قىياپەتتە مېھمانخانىغا قايتىپ كىردى.

— ھە، قانداق؟ — دەپ سوراشتى ھەر ئىككى ژاندارما.

— ھە، يىگىتلەر، — دېدى ئۇنتېر - ئوفىتسېر، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ قاراقچى تاڭ - سەھەردىلا قېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەمدى ۋىللى - كوترې ۋە نۇئايون تەرەپلەرگە ئادەم ئەۋەتسەك بولغۇدەك. ئاندىن ئورماننى ئاختۇرىمىز. ئۇ چوقۇم تېپىلىدۇ.

سالاپەتلىك ئۇنتېر - ئوفىتسېر قانۇننىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا خاس تەلەپپۇز بىلەن بۇ سۆزلەرنى قىلىپ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا، قورقۇپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ۋە قوڭغۇراقنىڭ شىددەتلىك جىرىڭلىشى مېھمانخانا ھويلىسىغا ئاڭلاندى.

— ئوھۇ، بۇ نېمە گەپ؟ — دېدى بىر ژاندارما.

— كىمدۇر بىرى بەكلا قورقۇپ كەتكەندەك قىلىدىغۇ، — دېدى مېھمانخانا خوجايىنى، — قانچىنچى نومۇرلۇق ئۆينىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى.

— 3 - نومۇر.

— تېز بېرىپ قاراپ باققىن، ژان.

بۇ چاغدا ۋارقىراش ۋە جىرىڭلاشلار بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئاڭلاندى. مالاي پەلەمپەي تەرەپكە يۈگۈردى.

— ياق، ياق، — دېدى ژاندارما مالاينى توختىتىپ، — مېنىڭچە، بۇ قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقان كىشىگە سىز ياردەم كۆرسىتەلمەيسىز. بىز بارايلى. 3 - نومۇرلۇق ياتاقتا كىم بار؟

— سىڭلىسى بىلەن كەلگەن بىر يىگىت بار. ئۇ، بۈگۈن كېچىدە كېلىپ، ئىككى كارىۋاتلىق ياتاق سورىغانىدى.

قوڭغۇراقنىڭ تەشۋىشلىك جىرىڭلىشى ئۈچىنچى قېتىم ئاڭلاندى.

— بۇياققا كېلىڭ، ئەپەندى! — دەپ توۋلىدى ئۇنتېر - ئوفىتسېر ساقچى ئەمەلدارىغا، — كەينىمدىن قالماي مېڭىڭ!

— توختاڭلار، — دېدى خوجايىن، — 3 - نومۇرنىڭ ئىككى پەلەمپىيى بار. بىرى تاشقى پەلەمپەي، يەنە بىرى ئىچكى پەلەمپەي.

— ياخشى، — دېدى ئۇنتېر - ئوفىتسېر، — مەن ئىچكى پەلەمپەي بىلەن چىقاي. مىلتىقلار بەتلەگلىكمۇ؟

— شۇنداق.

— سىلەر تاشقى پەلەمپەينى توسۇپ تۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇ قاچسا ئېتىڭلار. تېلېگراممىدىن قارىغاندا، ئۇ چوڭ جىنايەتچى ئوخشايدۇ.

ئۇنتېر - ئوفىتسېر ساقچى ئەمەلدارى بىلەن ئىچكى پەلەمپەيگە چىقىپ كەتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھاياجانغا كەلگەن كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى.

ئەسلىدە مۇنداق ۋەقە بولغانىدى.

ئاندرېئا ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن مورىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغىچە چۈشۈپ بولغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى ۋە قوللىرىنى دىۋارلارغا ھەرقانچە تىرەپ باقسىمۇ، ئۆزى



خالىغاندىكىدىن تېز ۋە بەكرەك گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ كەتتى، ياتاق بوش بولغان بولسىغۇ بۇنىڭ كارى چاغلىق ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بەختىگە قارشى، بۇ ياتاقتا ئادەم بار بولۇپ، ئىككى ئايال بىر كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتاتتى. گۈلدۈرلىگەن سادا ئۇلارنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇلار شەپە چىققان تەرەپكە قاراشتى ۋە تام مەشنىڭ ئېغىزىدىن بىر ياش كىشىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاق - سېرىق كەلگەن بىر ئايال پۈتۈن بىنانى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ كەتتى. يەنە بىرى، بۇغداي ئۆڭلۈك ئايال قوڭغۇراقنى جېنىنىڭ بېرىچە جىرىڭلاتقىلى تۇردى.

ھەقىقەتەن، ئاندرېئانىڭ ئامىتى قاچقانىدى.

خۇددا ھەققى! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ تاتىرىپ كەتكەن، ھودۇققان ھالدا، ھەتتا كىمگە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي، — ۋارقىرىماڭلار، ماڭا ئۇۋال قىلماڭلار! مەن سىلەرگە يامانلىق قىلمايمەن.

— ئاندرېئا، قاتىل! — دەپ ۋارقىرىدى ياش ئاياللاردىن بىرى.

— ئېژېنى! دانگلار خانىقىز! — دەپ پىچىرلىدى ئاندرېئا قورقۇشتىن ئەجەبلىنىشكە ئۆتۈپ.

— قۇتقۇلدۇرۇڭلار! تېز بولۇڭلار! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئارمىلىيى خانقىز ۋە ئېژېنىنىڭ قولىدىن قوڭغۇراقنى تارتىۋېلىپ، تېخىمۇ شىددەت بىلەن جىرىڭلاتقىلى تۇردى.

— مېنى مۆكتۈرۈپ قويۇڭلار، مېنى قوغلاپ كېلىشىۋاتىدۇ، — دەپ يېلىندى ئاندرېئا، — ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، مېنى تۇتۇپ بەرمەڭلار!

— كېچىكتىڭىز، ئۇلار پەلەمپەيدىن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئېژېنى.

— مۆكتۈرۈپ قويۇڭلار. بىكاردىن بىكارغا ۋارقىراپتىمىزۇق

دەپ ۋويۇغلار. ئۇلارنىڭ گۇمانىنى يوقىتا چىقىرىۋەتسەڭلار مەن قۇتۇلۇپ قالىمەن.

ئىككى قىز بىر - بىرىگە چىڭ يېپىشىپ، يوتقانغا يۆگىنىۋېلىپ، بۇ يالۋۇرۇپ ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەرنى سۈكۈت ئىچىدە قورقۇنچ ۋە يىرگىنىش بىلەن تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

— ماقۇل، — دېدى ئېژېنى، — قايسى يول بىلەن كىرگەن بولسىڭىز، شۇ يول بىلەن چىقىپ كېتىڭ. چىقىڭ، بىز گەپ قىلمايمىز.

— ئەنە ئۇ! ئەنە! كۆردۈم! — ئىشىك سىرتىدا ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ ھېلىقى ئۇنتېر - ئوفتسېرنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ، ئىشىكنىڭ قۇلۇپ تۆشۈكچىسىدىن ماراپ، ئاندرېيانىڭ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، يالۋۇرۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدى.

مىلتىق پايىنىكىنىڭ زەربىسى قۇلۇپنى بۇزۇۋەتتى، يەنە ئىككى قېتىملىق زەربە ئىشىكنىڭ گىرەچىلىرىنى ئاجرىتىۋەتتى ۋە ئىشىك ياتاق ئىچىگە ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئاندرېيا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئىچكى ئايۋانغا چىقىدىغان ئىشىكنى ئاچتى. ئايۋاندا تۇرغان ژاندارمىلار ئۇنىڭغا مىلتىقلىرىنى تەڭلىدى. ئاندرېيا توختىدى. ئۇ تاتىرىپ كەتكەن ۋە سەل ئارقىغا داجىغان ھالدا كارغا كەلمەس پىچىقىنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى.

— قاچالمايسىز! — دەپ ۋارقىرىدى ئارمىلىيى خانىقىز. ئۇنىڭ قورقۇنچى ئۆتۈپ كېتىپ، ئۆچ ئاغرىتىشىنى باشلىغانىدى، — قېچىڭ!

— ياكى ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋېلىڭ! — دېدى ئېژېنى بەئەينى بىر گلادىئاتورغا مەغلۇپ بولغان رەقىبىنى ئۆلتۈرۈش ئىشارىسى قىلىۋاتقان ئايال كاھىنىنى ئەسلىتىدىغان قىياپەتتە.

ئاندرېيا چۆچۈپ كەتتى ۋە ئېژېنىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن



قاراپ كۈلدى. بۇ كۈلكىدىن ئۇنىڭ پەس كۆڭلى ۋىجدان تەلەپ قىلىدىغان ئۇلۇغۋار قۇربانلىقنى چۈشەنمەيدىغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئۆزۈمنى ئۆلتۈرەمدىم؟ — دېدى ئۇ، پىچىقىنى يەرگە تاشلاپ، — نېمە ئۈچۈن؟

— ئۆزىڭىز ئېيتتىڭىزغۇ، — دەپ خىتاب قىلدى ئېژېنى دانگلار، — سىزگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئەڭ قەبىھ جىنايەتچىلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلىسىز!

— بىكار گەپ، — دېدى كاۋالكانتى قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، — ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق دوستلىرى بولىدۇ!

ئۇنتېر - ئوفتسېر قىلىچىنى قولىدا تۇتقان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بولدى، بولدى، — دېدى كاۋالكانتى، — قىلىچىڭىزنى قىنىغا سېلىپ قويۇڭ. بۇنچىلىك قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن تەسلىم بولدۇمغۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ تۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭ قوللىرىغا دەرھال كويزا سېلىندى.

قىزلار ۋەھىمىلىك كۆزلىرى بىلەن بۇ يىرگىنىشلىك ئۆزگىرىشكە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ئادەم ئاقسۆڭەكلىك نىقابىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قايتىدىن تۇتقۇن جىنايەتچىگە ئايلانغانىدى. ئاندرېيا ئۇلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ، نومۇسسىزلارچە ھىجايدى.

— ئاتىڭىزغا گەپ - سۆزىڭىز يوقمۇ، ئېژېنى خېنىم؟ — دېدى ئۇ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، پارىژغا قايتىدىغاندەك تۇرىمەن.

ئېرىنى يۈزىنى قوللىرى بىلەن يېپىۋالدى.

— خىجىل بولماڭ، — دېدى ئاندرېئا، — كەينىمدىن قوغلىشىپ كەلگىنىڭىزگە خاپا بولمايمەن ... مەن سىزنىڭ ئېركىمىز بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئەمەسمۇ.

شۇ گەپلەر بىلەن ئاندرېئا چىقىپ كەتتى. قاچقۇن قىزلار ئىزا - نومۇستىن ۋە نەق مەيداندا ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ پىچىر - پىچىر گەپلىرىدىن ئۆلگۈدەك بولۇشۇپ، ياتاقتا قېلىشتى.

ئارىدىن بىر سائەت ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئايالچە كىيىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق پەيتۇنىغا ئولتۇرۇشتى.

ئۇلارنى بىگانە كۆزلەردىن قوغداش ئۈچۈن مېھمانخانا دەرۋازىسى تاقالدى، لېكىن دەرۋازا قايتا ئېچىلغاندا يەنىلا تاماشا كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ سەپلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. كىشىلەر ئۆزئارا كۇسۇلدىشىپ، ئۇلارنى مازاق قىلغان كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قېلىشتى.

ئېرىنى پەيتۇنىڭ ئىشىك پەردىسىنى ياپتى. ھالبۇكى، ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، مازاق قىلغان گەپ - سۆزلەر قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى.

— نېمىشقىمۇ پۈتۈن دۇنيا باياۋان بولۇپ قالمىغاندۇر، — دەپ ئۈن سالدى ئۇ، دوستىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنداق غەزەپ بىلەن چاقناپ كەتتىكى، نېرون «رىم خەلقىنىڭ بىرلا بېشى بولسا، بىر زەربە بىلەنلا بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولاتتىم» دەپ ئارمان قىلغاندا كۆزلىرى ئەنە شۇنداق غەزەپ بىلەن چاقنىغانىدى.

ئەتىسى ئۇلار برييۇسسېلغا يېتىپ بېرىپ، فىلاندىر مېھمانخانىسىغا چۈشتى.

ئاندرېئا ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۈنلا كونسېرژېرى تۈرمىسىگە قامالغانىدى.



# ئون ئالتىنچى باب

## قانۇن

بىز دانگلار خانقىز بىلەن ئارمىلىيى خانقىزنىڭ ئۇستاتلىق بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۆيدىكىلەر ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى.

بانكىر پات ئارىدا ۋەيران بولۇشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىققان ھالدا زىيان - چىقىملىرىنىڭ ھېسابىنى چىقىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، بىز ئەمدى بارون خانىمنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كۆرەيلى. ئۇ، بايىقى پاراكەندىچىلىكتىن ئەس - ھوشىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قەدىناس مەسلىھەتچىسى ليۇسيېن دېبرېنى ئىزدەپ ماڭدى.

بارون خانىم قىزىنىڭ توينى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەندى، چۈنكى ئېرىنىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىچە بولغانلىقتىن، ئۇنى باشقۇرۇشتا تولىمۇ قىينالغانىدى. ئائىلە تۈزۈمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن سۆزسىز ئىناقلىق بولۇشى كېرەك. ئانىسى ئۆز قىزىغا ئەقىل ۋە ئەدەبىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بېرەلىسە، ئاندىن قىزىنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، دانگلار خانىم ئېرىنىنىڭ سەزگۈرلۈكى ۋە ئارمىلىيى خانقىزنىڭ تەسىرىدىن قورقاتتى. ئۇ،

ئېژېنىنىڭ دېبرېگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇشلىرىنى بايقىغانىدى.

بۇنداق قاراشلاردىن دانگلار خانىم ئۆزىنىڭ دېبرې بىلەن بولغان ئىشقىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئېژېنى بىلىدىكەن دېگەن ئويغا كېلەتتى. ناۋادا بارون خانىم پەملىكرەك ئايال بولسا شۇنى چۈشەنگەن بولاتتىكى، ئېژېنىنىڭ بۇنداق ئۆچمەنلىكى ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە دېبرېنىڭ گويا بىر ياۋا تىكەن بولۇپ ئۆنگەنلىكى ۋە گەپ — چۆچەكلەرنىڭ مەنبەسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇ، دېبرېنى پەقەت ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلار تۈرىگىلا كىرگۈزەتتى. دىئوگېن بۇنداق مەخلۇقلارنى ئادەم دەپ ئاتاشقا قارشى تۇرغان، پلاتون بولسا، ئۇلارنى قانات — قۇيرۇقى يوق ئىككى پۇتلۇق ھايۋانلار دەپ ئاتىغان.

بۇ دۇنيادا ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق كۆز قارىشى بولۇپ، باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. دانگلار خانىمنىڭ كۆز قارىشىدا قىزىنىڭ تويى بۇزۇلغانلىقى بەكمۇ ئەلەم قىلغۇدەك ئىش ئىدى، چۈنكى ئېژېنىنى بەختلىك قىلىدىغان ياخشى لايىق بولمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ توي دانگلار خانىمنىڭ تولۇق ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ، بىز بارون خانىمنىڭ دېبرېنى ئىزدەپ ماڭغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ليۇسيېن خۇددى پۈتۈن پارىژغا ئوخشاش، دانگلارلارنىڭ ئۆيىدىكى تەنتەنىلىك مۇراسىمغا قاتناشقان ۋە ھېلىقى كېلىشمەسلىكنى كۆرگەنىدى.

شۇندىن كېيىن ئۇ كۇلۇبقا كەتتى. كۇلۇبقا ئۇنىڭ دوستلىرى جاھاننىڭ پايتەختى دەپ ئاتالغان غەيۋەتچى شەھەرنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىغا شۇ كېچىسى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەك بولۇپ بەرگەن ۋەقە ئۈستىدە سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى.



قارا كۆڭلەك كىيىپ، يۈزىگە قېلىن تور تارتقان دانگلار خانىم دېبرېنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ، دەرۋازىۋەننىڭ دېبرېنى ئۆيدە يوق دەپ ئىشەندۈرۈشىگە قارىماي، پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقتى. بۇ چاغدا ليۇسيېن بىر دوستى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ دوستى نەسىھەت قىلىپ، مۇشۇنداق بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەنىكەن، دېبرې دانگلار ئائىلىسىنىڭ يېقىن ئادىمى بولغىنى ئۈچۈن ئەمدى ئېژېنىگە ۋە ئۇنىڭ 2 مىليونغا ئۆيلىنىشى كېرەك دەپ، ئۇنى قايىل قىلماقچى بولاتتى. دېبرې ئۆزىنىڭ قايىل كەلتۈرۈلۈشىنى خالايدىغان ئادەمگە ئوخشاش، مۇنازىرىدە ئانچە كۆپچەمەيتتى. بۇ پىكىر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىنمۇ بىرنەچچە قېتىم ئۆتكەنىدى. لېكىن ئۇ ئېژېنىنى، ئۇنىڭ ئۆز سۆزلۈك ۋە تەكەببۇرانە خۇلقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ، بۇ پىكىرنى كۆڭلىدىن قوغلايتتى ۋە بۇنداق گۇناھلىق ئويلارغا بېرىلگىنى ئۈچۈن ئىختىيارسىز تۈردە ئۆزىنى ئۆزى كايىيتتى. ئەخلاق تەرغىباتچىلىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇنداق گۇناھلىق ئوي خىياللار خۇددى كىرىستىنىڭ كەينىدە مۆكۈپ تۇرغان شەيتانغا ئوخشاش، ھەتتا ئەڭ ئەخلاقلىق ۋە پاك ئادەملەرنىڭمۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. چاي ئىچىش، قارتا ئويناش ۋە شۇ قەدەر مۇھىم مەسىلە ئۈستىدىكى قىزىقارلىق سۆھبەت يېرىم كېچە سائەت بىرگىچە داۋاملاشتى.

بۇ چاغدا دانگلار خانىم يۈزىدىكى تورنى ئېلىۋەتمەستىن كىچىك يېشىل ھۇجرىدا ليۇسيېننى كۈتۈپ، تەقەززا بولدى. ئۇ ئىككى ۋازا گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. بۇ گۈللەرنى دانگلار خانىم بۈگۈن سەھەردە ئەۋەتىپ بەرگەن بولۇپ، دېبرې ئۇلارنى شۇ قەدەر كۆڭۈل قويۇپ سۇغا چىلاپ، تىزىپ قويغاندەكى، بىچارە ئايال ئۇنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئەپۇ قىلدى.

دانگلار خانىم بىھۇدە كۈتۈپ ھاردى ۋە سائەت 12 گە 20 مىنۇت قالغاندا كىرا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتتى.

مەلۇم دائىرىدىكى خانىملارنىڭ ھالىلىق ئويۇنچى قىزلار بىلەن شۇنداق ئورتاقلىقى باركى، ھېچقانداق ۋاقىتتا يېرىم كېچە قىلماي تۇرۇپ ئۆيىگە قايتمايدۇ. بارون خانىم خۇددى ئېرىنى ئاتا ئۆيىنى تاشلاپ كەتكەندىكىگە ئوخشاش ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كىردى. ئۇ يۈرىكى سوقۇقان ھالدا ئېرىنىڭ ھۇجرىسىغا ياندىش بولغان ئۆز ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا شەپە چىقارماي كېلىۋالدى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ گەپ-چۆچەكلىرىگە قېلىشتىن بەك قورقاتتى. قىزىنىڭ پاكلىقىغا ۋە ئاتا ئۆيىگە سادىقلىقىغا بەك ئىشىنەتتى. ئۇ ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن ھۆرمەتكە لايىق ئىدى.

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېرىنىڭ ئىشىكىنى تىڭشاپ باقتى ۋە ھېچقانداق شەپە چىقمىغاچقا، ئىچكىرى كىرىپ باقماقچى بولدى، لېكىن ئىشىك ئېتىكلىك ئىدى. دانگلار خانىم ئېرىنى بۈگۈنكى پاراكەندىچىلىكتىن ھېرىپ، ئۇخلاپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. ئۇ دېدەكنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن سۈرۈشتە قىلدى.

— ئېرىنى خېنىم ئارمىلىي خېنىم بىلەن ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرگەن، — دەپ جاۋاب بەردى دېدەك، — ئۇلار بىللە چاي ئىچىشتى. ئاندىن، مېنىڭ ئىشىمنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتىپ، چىقىپ كېتىشىمگە رۇخسەت قىلىشتى.

شۇندىن كېيىن ئۇ دېدەك ئۆز ياتىقىدىن چىقمىدى ۋە ئىككى خانقىزنى ئۇخلاپ قالدى بولغاي دەپ ئويلىدى.

شۇنداق قىلىپ، دانگلار خانىم ھېچنېمىدىن گۇمان قىلماستىن ئۇخلاشقا ياتتى. دېدەكنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تارقىتىۋەتكەنىدى.



ئۇ ئويلىغانىرى بۈگۈنكى پاراكەندىچىلىك ئۇنىڭغا يەنىمۇ ئۆلگىلىك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ ئەمدى ئادەتتىكى كېلىشمەسلىك ئەمەس، بەلكى ھالاكەت؛ ئۇيات ئەمەس، بەلكى زور نومۇس بولۇپ تۇيۇلدى. ئەنە شۇ چاغدا دانگلار خانىم ئىختىيارسىز ھالدا مېرسېدېسنى ئەسلىدى. مېرسېدېسمۇ تېخى يېقىندىلا ئېرى ۋە ئوغلى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق زەربىگە دۇچ كەلگەنىدى. ۋەھالەنكى، دانگلار خانىم ئۇنىڭغا بىرئازمۇ ھېسداشلىق قىلمىغانىدى.

«ئېرىنى تۈگەشتى، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — بىزمۇ تۈگەشتۇق. يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە بىزنى نابۇت قىلىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە مەسخىرىلىك كۈلۈشلەر ساقايتقىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك جاراھەتلەرنى قالدۇرىدۇ... ھېلىمۇ ياخشى، خۇدايىم ئېرىنىگە ئاشۇنداق غەلىتە خاراكتېرنى ئاتا قىلغانىكەن!»

ئۇ تەقدىرگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى. تەقدىر كەلگۈسىنى بەلگىلەيدۇ ۋە كەمچىلىكنى، ھەتتا ئەيىبنىمۇ ئادەمنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ.

ئاندىن ئۇنىڭ خىيالى خۇددى قاناتلىرىنى يېيىپ، يار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشقا ئوخشاش بىر بوشلۇقتىن ئۆتۈپ كاۋالكانتىدا توختىدى. بۇ ئاندرېئا دېگەن لۈكچەك، ئوغرى، قاتىل بولۇپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ بەلگىلىك تەربىيە كۆرگەنلىكى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، جەمئىيەتتە كاتتا باي قىياپىتىدە پەيدا بولدى، ئۇنىڭغا ئىناۋەتلىك كىشىلەر يار-يۆلەك بولدى.

بۇ مالىمانچىلىقنىڭ تېگى-تەكتىگە قانداق يەتكىلى بولار؟ بۇ ئازابلىق ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا كىممۇ ياردەم قىلار؟ ئۇ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمدىن مەدەت كۈتكەن ئاياللارغا

خاس ئىنتىلىش بىلەن دېرىزىنى ئىزدەپ بارغانىدى. لېكىن دېرىزە ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىشتىن باشقىسىغا يارىمايتتى. ئۇنىڭدىن قۇدرەتلىكرەك بىر كىشىگە مۇراجىئەت قىلىشى لازىم ئىدى. بارون خانىم شۇ ئەسنادا ۋىلفورنى ئېسىگە ئالدى. ۋىلفور كاۋالكانتىنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ۋىلفور خۇددى يات ئادەمدەك، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھىمسىزلىك بىلەن پاراكەندىچىلىك سالدى.

— ياق، — دېدى بارون خانىم ئۆز - ئۆزىگە، — خانلىق مۇپەتتىش كۆڭلى قارا ئادەم ئەمەس. ئۇ قانۇننىڭ ۋەكىلى، ئۆز خىزمىتىنىڭ قۇلى. ئۇ سادىق ۋە چىن دوست بولغىنى ئۈچۈن رەھىمسىز، ئەمما ئىشەنچلىك قولى بىلەن ئېغىر ئېلىپ قالغان جاراھەتكە تىغ ئۇردى. ئۇ قاتىل ئەمەس، بەلكى دوختۇر. ئۇ دانگلارنىڭ شەنىگە نۇقسان يەتمەسلىكى، جەمئىيەتكە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى كۈيئوغلى، دەپ تونۇشتۇرۇلغان ھېلىقى نائەھلى يىگىتنىڭ قارىسى يۇقماسلىقى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىنى قىلدى.

دېمەك، ۋىلفور دانگلار ئائىلىسىنىڭ دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنە شۇنداق ياخشى ئىشنى قىلغانىكەن، ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن ئالدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرۇقلۇق ئاندرېئانىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە يول قويغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن، ۋىلفورنىڭ قىلغان ئىشى بارون خانىمغا باشقىچە تەرىزدە، كۆڭۈلدىكىدەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ھالبۇكى، خانلىق مۇپەتتىش مۇشۇ ئىشنى بىلەن چەكلىنىشى كېرەك. بارون خانىم ئەتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى بۇرچىغا خىلاپلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقا مۇمكىن بولمىغاندىمۇ، ھەر ھالدا ئىمكان قەدەر كەڭرەك يول قويۇشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بارون خانىم ئۆتمۈشتىن سۆز ئاچىدۇ، ئۇلار ئىككىسىنىڭ ھاياتىدىكى گۇناھلىق، ئەمما بەختلىك ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىتىدۇ.



ۋىلفور بۇ دېلونى باستۇرۇپ قويىدۇ ياكى كاۋالكانتىنىڭ قېچىپ كېتىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دىققەتنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتسىلا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇ جىنايەت ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن پەقەت جىنايەتچىنىڭ كۆلەڭگىسىنىلا جازالايدۇ. شۇ خىيال بىلەن بارون خانىمنىڭ كۆڭلى ئىمىن تېپىپ، ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئونىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، خىزمەتكار ئايالنى چاقىرماستىن، ھېچكىمگە كۆرۈنمەستىن، تونۇگۈنكىدەكلا ئاددىي كىيىنىپ، ئۆيدىن چىقتى - دە، پروۋانس كوچىسىغىچە مېڭىپ كېلىپ، بىر ھارۋىنى كىرا قىلدى ۋە ۋىلفورنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

بىر ئايدىن بۇيان بۇ نەس باسقان ئۆي خۇددى ۋابا كېسەللىرى سولىنىدىغان كەپىگە ئوخشاپ قالغانىدى. بىر قىسىم بۆلمىلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئىچى - تېشىدىن قۇلۇپلانغانىدى. دېرىزە قاپقاقلىرى پەقەت ھاۋا كىرگۈزۈش ئۈچۈنلا قىسقىغىنا ۋاقىتقا ئېچىلاتتى - دە، مالايىنىڭ قورقۇپ كەتكەن چىرايى نامايان بولاتتى. ئاندىن دېرىزە خۇددى گۆر ئۈستىگە يېپىلىدىغان تۆمۈر تاختىدەك ئېتىۋېلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن قوشنىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ:

— خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئۆيىدىن بۈگۈن يەنە بىر جىنازا چىقامدۇ نېمە؟ — دەپ پىچىرلىشاتتى.

دانگلار خانىم بۇ سۈرلۈك ئۆينى كۆرگەندە تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھارۋىدىن چۈشتى ۋە تاقىۋېتىلگەن دەرۋازىنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتقاندا تىزلىرى پۈكۈلۈپ كەتتى. قوڭغۇراق خۇددى بۇ قاباھەتلىك كۆرۈنۈشنىڭ ئەكس ساداسىدەك قايغۇلۇق جىرىڭلىدى. دانگلار خانىم قوڭغۇراقنى ئۇدا ئۈچ قېتىم جىرىڭلاتقاندىن كېيىن دەرۋازىۋەن پەيدا بولدى ۋە دەرۋازا

سەل ـ پەل ئېچىلدى. ئۇ بىر ئايالنى، ياخشى كىيىنگەن باي ئايالنى كۆردىيۇ، دەرۋازا يەنە بۇرۇنقىدەكلا سەل ـ پەل ئوچۇق تۇرۇۋەردى.

— دەرۋازىنى ئاچمامسىز! — دېدى بارون خانىم.

— ئالدى بىلەن سوراپ باقاي، سىز كىم بولىسىز، خانىم؟ — سورىدى دەرۋازىۋەن.

— مېنى كىم دەمسىز؟ كىملىكىمنى بىلىسىزغۇ.

— بىز ھازىر ھېچكىمنى تونۇمايمىز، خانىم.

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە! — دەپ خىتاب قىلدى بارون خانىم.

— نەدىن كەلدىڭىز؟

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز!

— خاپا بولماڭ، خانىم، بىزگە شۇنداق يوليورۇق بېرىلگەن. ئېيتىڭىز نېمە؟

— دانگلار بارون خانىم. سىز مېنى 100 قېتىملارچە كۆرگەنغۇ.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، خانىم. نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟

— بۇ نېمىدېگەن ئۆكتەملىك! مەن بۇ قىلىقىڭىزنى ۋىلفور ئەپەندىگە ئېيتىمەن.

— خانىم ، بۇ ئۆكتەملىك ئەمەس، ئېھتىياتچانلىق. بۇ يەرگە پەقەت ئاۋرىني ئەپەندىنىڭ رۇخسەت خېتى بولغانلارلا كىرەلەيدۇ ياكى جانابىي خانلىق مۇپەتتىشكە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن كىرىشكە بولىدۇ.

— مېنىڭ خانلىق مۇپەتتىشكە ئىشىم بار.

— مۇھىم ئىشمۇ؟

— مۇھىم ئىشىم بولمىسا، تېخىچە كەتمەي تۇرامتىم. بولدى، مانا مېنىڭ كارتوچكام، خوجايىنىڭىزغا ئەكىرىپ بېرىڭ.



— مەن قايتىپ چىققۇچە ساقلاپ تۇرامسىز؟

— ھەئە، مېڭىڭ.

دەرۋازىۋەن دانگلار خانىمنى كوچىدا قالدۇرۇپ، دەرۋازىنى ياپتى. ۋەھالەنكى، بارون خانىم ئانچە ئۇزاق كۈتمىدى. ھايال بولماي دەرۋازا ئۇ ئاران پاتقۇدەك ئېچىلدى. ئۇ ھويلىغا كىرىشى بىلەنلا دەرۋازا يەنە يېپىلدى. دەرۋازىۋەن دەرۋازىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، يانچۇقىدىن پۇشتەكنى چىقىرىپ چالدى. بىنانىڭ ئىشىك ئالدىدا ۋىلفورنىڭ مالىيى پەيدا بولدى.

— خانىم، بۇ سادىق دەرۋازىۋەننى ئەپۇ قىلغايسىز، — دېدى ئۇ بارون خانىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىش بۇيرۇلغان. ۋىلفور ئەپەندى شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى سىزگە ئېيتىپ قويۇشنى ماڭا ھاۋالە قىلدى.

ھويلىدا خۇددى شۇنداقلا ئېھتىيات چارىلىرى بىلەن كىرگۈزۈلگەن بىر سېتىقچى تۇراتتى ۋە خىزمەتكارلاردىن بىرى ئۇنىڭ ماللىرىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى.

بارون خانىم بىنا ئالدىدىكى پەلەمپەيگە چىقتى. ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى بۇنداق نادامەتلىك كەيپىياتنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ ھەسرىتىنىڭ ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە مالاينىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

دانگلار خانىم ئۆزىنى بۇ يەرگە كېلىشكە مەجبۇر قىلغان ئىش بىلەن ھەرقانچە بېشى قاتقان بولسىمۇ، مالايلارنىڭ بۇنداق ھۆرمەتسىزلىكىدىن شۇ قەدەر غەزەپلەنگەنىدىكى، گېپىنى شىكايەتتىن باشلىدى. ھالبۇكى، ۋىلفور بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك غەمكىن كۈلۈمسىرەش بىلەن قارىدىكى، ئۇنىڭ شىكايەتلىرى ئېچىلغان ئاغزىدىن چىقىپ بولماي ئۈزۈلۈپ قالدى.

— مالايىلىرىمنىڭ بۇنداق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئەپۇ قىلىڭ. مەن ئۇلارنى ئەيىبكە بۇيرۇيالمايمەن. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە گۇمان چۈشكەنلىكتىن، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ گۇمانخور بولۇپ كېتىپتۇ.

دانگلار خانىم كىشىلەر ئارىسىدا ۋىلفورنىڭ ئۆيىنى قورقۇنچ باسقانلىقى ھەققىدىكى تۈرلۈك مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى، لېكىن بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسا، بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن بولاتتى.

— قارىغاندا، سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىز پاراكەندە ئىكەن - دە؟ — سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، خانىم، — دەپ جاۋاب بەردى خانىلىق مۇپەتتىش.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمدۇ؟

— بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، خانىم.

— نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى بىلەمسىز؟

— ئۆيىڭىزدە يۈز بەرگەن ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشكىلى كەلگەنسىز؟

— بۇ بەكمۇ چوڭ بەختسىزلىك بولدى، تەقسىر.

— كېلىشمەسلىك بولدى.

— كېلىشمەسلىك! — دەپ خىتاب قىلدى بارون خانىم.

— خانىم، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش خاتىرجەملىك بىلەن، — مەن ئەمدى پەقەت ئورنىغا كەلتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىشنىلا بەختسىزلىك دەپ ئاتايمەن.

— بۇ ئىشنى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلامسىز؟

— ھەر قانداق ئىش ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، خانىم. قىزىڭىز بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەرگە تېگىدۇ. ئېۋژېنى خانقىزنىڭ يىگىتىگە كەلسەك، سىزنى ئۇنىڭغا ئالچە ئېچىنىپ كەتمىدى دەپ ئويلايمەن.



دانگلار خانىم بۇنداق مەسخىرىسىمان خاتىرجەملىكتىن ئەجەبلەنگەن ھالدا ۋىلفورغا قارىدى.

— مەن دوستۇمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتامدىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ غەمكىن. لېكىن ئىززىتىنى ساقلىغان قىياپەتتە.

— شۇنداق، بۇنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، — دېدى ۋىلفور ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە يېنىككىنە قىزىللىق يۈگۈردى.

دەرۋەقە، بۇ كېيىنلىك سۆزى ئۇلارنى شۇ تاپتا بىسەرەمجان قىلىۋاتقان ۋەقەلەردىن باشقىچە ئىشلارنى ئەسلەتتى.

— ئۇنداق بولسا سەمىمىيرەك بولۇڭ، قەدىرلىك ۋىلفور، — دېدى بارون خانىم، — ماڭا سوتچىدەك ئەمەس، دوستۇمدەك گەپ قىلىڭ. بېشىمغا كۈن چۈشكەن شارائىتتا مېنى خۇشال بولۇشقا دەۋەت قىلماڭ.

ۋىلفور تەزىم قىلدى.

— ئاخىرقى ئۈچ ئايدىن بۇيان مىجەزىم ئۆزگىرىپ قاپتۇ، خانىم، — دېدى ئۇ، — بەختسىزلىك ھەققىدە گەپ ئاڭلىسام، ئۆزۈمنىڭ بەختسىزلىكلىرىم دىلىمغا چۈشىدۇ. كۆڭلۈمدە ئىختىيارسىز ھالدا سېلىشتۇرما پەيدا بولىدۇ. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بەختسىزلىكلىرىمگە سېلىشتۇرغاندا سىزنىڭ بەختسىزلىكىڭىز ماڭا ئادەتتىكى بىر كېلىشمەسلىكتەك تۇيۇلىدۇ. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىمغا سېلىشتۇرغاندا سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز بەك ياخشىدەك تۇيۇلىدۇ. بىراق، بىزنىڭ بۇنداق دېيىشىم خاپا بولىدىكەنسىز. شۇڭا، بۇ گەپنى قويايلى. ھە، بايا نېمە دېگەنىدىڭىز، خانىم؟

— دوستۇم، ھېلىقى ئالدامچىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇققىلى كەلدىم، — دېدى بارون خانىم.

— ئالدامچى؟ — دەپ تەكرارلىدى ۋىلفور، — سىز بەزى گەپلەرنى قەستەن مۇبالىغىلاشتۇرۇپ، بەزى گەپلەرنى قەستەن

گېچىكلىتىپ سۆزلەيدىكەنسىز. خاتالاشتىڭىز، خانىم. ئاندرېئا كاۋالكانتى ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، بېنېدېتتو ئالدامچىمۇ؟ ياق، بېنېدېتتو ھەقىقىي قاتىل.

— تەقسىر، سۆزۈمنى بۇنداق تۈزەتكىنىڭىزگە قارشى ئەمەسمەن. لېكىن سىز ئۇ بەدبەختنى قانچىكى قاتتىق جازالىسىڭىز، بۇنىڭ بىزنىڭ ئائىلىمىزگە بولىدىغان يامان تەسىرىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكىچە ئۇنىڭ ئىشىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرۇڭ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشمەڭ، ئۇ قېچىپ كەتسۇن.

— كېچىكىپ قالدىڭىز، خانىم. مەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولدۇم.

— ئەمىسە، ئۇ قولغا ئېلىنسا ... ئۇنى قولغا چۈشىدۇ دەپ ئويلامسىز؟

— شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئەگەر ئۇ تۇتۇلسا (مەن ھازىر تۈرمىلەر توشۇپ كەتتى دەپ ئاڭلىدىم) ئۇنى تۈرمىدە قالدۇرۇپ قويۇڭ.

خانىلىق مۇپەتتىش بېشىنى چايقىدى.

— ھېچبولمىغاندا قىزىم توي قىلىپ بولغۇچە ئۇنى تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇڭ! — دېدى يەنە بارون خانىم.

— مۇمكىن ئەمەس، خانىم، قانۇنىنىڭ ئۆز تۈزۈمى بولىدۇ.

— ھەتتا مەن ئۈچۈنمۇ شۇنداقمۇ؟ — دېدى بارون خانىم چاقچاق ئارىلاش جىددىيلىك بىلەن.

— ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن، — دېدى ۋىلفور، — مەن ئۈچۈنمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ.

— شۇنداق ... — دېدى بارون خانىم، لېكىن بۇ خىتابىنىڭ مەنىسىنى سۆز بىلەن ئىپادىلىمىدى.

ۋىلفور ئۇنىڭغا سىناق نەزىرى بىلەن قارىدى.



نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدى ئۇ، — سىز ھازىر شەھەر ئىچىدە تارقىلىپ يۈرۈۋاتقان قاباھەتلىك گەپ - چۆچەكلەرنى، ئۈچ ئايدىن بېرى ئۆيۈمنى مۇسىبەت ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمنى، ۋالېنتىنانى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا تاس قالغان ئۆلۈمنى تىلغا ئالماقچى بولۇۋاتىسىز. بۇ تاسادىپىي ئۆلۈم ئەمەس دېمەكچى بولۇۋاتىسىز.

— مەن بۇنى ئويلىمىدىم، — دانگلار خانىم ئالدىراپ سۆز قىستۇردى.

— ياق، سىز شۇنى ئويلىدىڭىز، خانىم. شۇنداق ئويلىشىڭىز توغرا، چۈنكى شۇنى ئويلىماسلىقىڭىز مۇمكىن ئەمەس: «ئەي جىنايەتچىلەرنى جازالىغۇچى، ئۆز ئەتراپىڭدا يۈز بېرىۋاتقان جىنايەتلەر نېمە ئۈچۈن سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ؟» دەپ ئويلىماسلىقىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

بارون خانىم تاتىرىپ كەتتى.

— سىز شۇلارنى ئويلىدىڭىزغۇ دەيمەن، خانىم؟

— ھەئە، راست.

— مەن جاۋاب بېرەي.

ۋىلفور كرېسلوسىنى دانگلار خانىمنىڭ ئورۇندۇقىغا يېقىنراق سۈرۈپ كەلدى. ئاندىن، ئىككى قولى بىلەن يېزىق ئۈستىلىگە تايىنىپ ئولتۇرۇپ بوغۇق ئاۋازدا سۆزلىدى:

— ئۇ جىنايەتچىلەر ھازىرچە جازالانمىدى، چۈنكى جىنايەتچىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكى تېخى مەلۇم ئەمەس. بۇ ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىنسا، گۇناھسىز ئادەملەر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ جىنايەتچىلەر ئاشكارىلانغان ھامان (ۋىلفور شىرەنىڭ ئۇدۇلىدا ئېسىقلىق تۇرغان يوغان كرېستقا قولىنى ئۇزاتتى)، ئۇلار ئاشكارىلانغان ھامان، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ، — قادىر خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى

كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۆلىدۇ! بۇ قەسەمگە چوقۇم ئەمەل قىلىمەن. مەن ئالدىڭىزدا مۇشۇنداق قەسەم قىلغاندىن كېيىنمۇ سىز يەنە ھېلىقى مۇناپىقتا رەھىم قىلىشىمىزنى سورامسىز؟

— بىراق، تەقسىر، — دېدى دانگلار خانىم، — خەقنىڭ دېگىنىدەك، ئۇنىڭ جىنايىتى شۇنچە ئېغىرمۇ؟

— ئۇنىڭ دېلوسى مۇنداق: بېنېدېتتو 16 يېشىدا ساختا پۇل ياسىغانلىقى ئۈچۈن بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. كۆردىڭىزمۇ، ئۇ كىچىك بولسىمۇ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان نېمە. كېيىن ئۇ قاچتى، ئاندىن ئادەم ئۆلتۈردى.

— بۇ بەدبەخت ... ئۇ زادى كىم ئۆزى؟

— كىم بىلىدۇ! سەرگەردان، كورسىكالىق.

— ئۇنى تونۇيدىغان ئادەم چىقمىدىمۇ؟

— چىقمىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم.

— ھېلىقى لۇككىدىن كەلگەن كىشىچۇ؟

— ئۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئالدامچى، بەلكىم شېرىكى بولۇشى مۇمكىن.

بارون خانىم يالۋۇرغان سىياقتا قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— ۋىلفور! — دېدى ئۇ يۇمشاق ۋە مەنىلىك ئاھاڭدا.

— خۇدا ھەققى، خانىم، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش قەتئىيلىك بىلەن، — ماڭا ھەرگىزمۇ گۇناھكارغا رەھىم قىلىشنى تەلەپ قىلماڭ! مەن كىم؟ مەن قانۇن. قانۇندا سىزنىڭ ھەسرىتىڭىزنى كۆرىدىغان كۆز بولسۇنمۇ؟ قانۇندا سىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭىزنى ئاڭلايدىغان قۇلاق بولسۇنمۇ؟ قانۇندا سىزنىڭ شېرىن ئەسلىمىلىرىڭىزگە ئىنكاس قايتۇرىدىغان ھېسسىيات



بولسۇنمۇ؟ ياق، خانىم; قانۇن پەقەت بۇيرۇق چۈشۈرۈشنىلا بىلىدۇ. قانۇن بۇيرۇق چۈشۈرگەندە زەربە بېرىلىدۇ. سىز مېنى قانۇن توپلىمى ئەمەس، بەلكى بىر تىرىك جان، كىتاب ئەمەس ئادەم دېيىشىڭىز مۇمكىن. خانىم، سىز ماڭا قاراپ بېقىڭ، مېنىڭ ئەتراپىمدىكىلەرگە قاراپ بېقىڭ. كىشىلەر مېنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆردىمۇ؟ ئۇلار مېنى ياخشى كۆردىمۇ؟ ماڭا ئىچىنى ئاغرىتتىمۇ؟ ۋىلفورغا شاپائەت قىلغان ئادەم بارمۇ؟ يوق، يەنە ئېيتىمەن، يوق! ئۇلار مېنى ئۆچ كۆردى، ئەزەلدىن ئۆچ كۆردى!

سىز بىر ئايال، خۇددى سۇ پەرىسىدەك كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچى كۆزلىرىڭىز بىلەن ماڭا قاراپ ئولتۇرىسىز. بۇ كۆزلىرىڭىز يۈزۈمنى قىزارتىدىغان ئىشلارنى ئېسىمگە سالىدۇ. شۇنداق، سىز بىلىدىغان ئاشۇ ئىشلار ۋە يەنە باشقا ئىشلار يۈزۈمنى قىزارتىدۇ. مېنىڭ گۇناھىم بار، بەلكى گۇناھىم باشقىلارنىڭكىدىن ئېغىرراق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن كىشىلەرنىڭ يىرىڭلىق جاراھىتىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرىمەن، شۇ جاراھەتنى تاپماي قويمايمەن. ئىنسانلار ئاجىزلىقىنىڭ ياكى يامانلىقىنىڭ ئاشۇ بەلگىسىنى تاپقاندا خۇشال بولىمەن، يايراپ كېتىمەن! چۈنكى مېنىڭ قولۇمدىن جازا تارتقان ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر جىنايەتچى مېنىڭ نەزىرىمدە بىر جانلىق دەلىل بولۇپ قالىدۇ، ئۆزۈمنىڭ يىرگىنىشلىكتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىكەنلىكىمنىڭ دەلىلى بولۇپ قالىدۇ! خانىم، ھەممە كىشىلەر ياۋۇز كېلىدۇ. شۇنى ئىسپاتلاپ، ياۋۇزلارنى جازالىشىمىز كېرەك.

ۋىلفور ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا، قەھرى ـ غەزەپ بىلەن ئېيتتى.

— بىراق، سىز ھېلىقى يىگىتنى سەرگەردان، يېتىم، ئىگە-

چاقىسى يوق دېگەنىدىڭىزغۇ؟ — دېدى دانگلار خانىم ئۇنى يۇمشىتىشقا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇپ.

— شۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى. ئۇنىڭ كەينىدىن يىغلاپ قالىدىغان ئادەم بولماسلىقى ئۈچۈن خۇدا ئۇنى شۇنداق ياراتقان.

— ئاجىزغا ھۇجۇم قىلىۋاتىسىز. تەقسىر.

— قاتىل ئاجىزمۇ؟

— ئۇنىڭ شەرمەندە بولۇشى مېنىڭ ئائىلەمگە داغ چۈشۈرىدۇ.

— مېنىڭ ئائىلەمگىمۇ ئۆلۈمنىڭ تامغىسى بېسىلدىغۇ.

— سىز بەك شەپقەتسىز ئىكەنسىز، — دېدى بارون خانىم، — يادىڭىزدا بولسۇن، باشقىلارمۇ سىزگە شەپقەتسىز بولىدۇ.

— مەيلى، — دېدى ۋىلفور تەھدىت سالغان قىياپەتتە قوللىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ.

— ھېچبولمىغاندا، ئۇ بىچارىنىڭ دېلوسىنى كېلەر قېتىملىق سوت يىغىنىغا قالدۇرۇپ قويۇڭ. بەش-ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتسە، بۇ ئىشلارمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

— ياق، — دېدى ۋىلفور، — يەنە بەش كۈن قالدى. تەرگاۋ تاماملاندى. قالغان ئىشلارغا بەش كۈن يېتىدۇ. خانىم، مەنمۇ بىر ئىش بىلەن بەنت بولۇپ، خاپىلىقىمنى ئۇنتۇشۇم كېرەك. مەن بىر ئىشقا تۇتۇش قىلسام، كېچە-كۈندۈز ئىشلەيمەن. شۇنىڭ بىلەن، ھەممە خاپىلىقلىرىم ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمنى خۇددى ئۆلۈكلەردەك بەختلىك ھېس قىلىمەن، قايغۇرۇپ ئولتۇرغاندىن شۇنداق بولغىنى ياخشى.



— ئۇ بوقىلىپ كەتتىغۇ. ئۇنى قېچىپ كېتىشىگە يول قويۇڭ. رەھىملىك بولۇشنىڭ ئەڭ ئوڭاي ئۇسۇلى ھەرىكەت قىلماسلىق.

— سىزگە دېدىمغۇ، ئەمدى بولمايدۇ. بۈگۈن سەھەردىلا تېلېگراف ئارقىلىق بۇيرۇق تارقىتىلدى. ھازىر ...

— تەقسىر، — دېدى مەھرەم ئۆيگە كىرىپ، — ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىدىن خەت كەلدى.

ۋىلفور لېپاپنى قولىغا ئېلىپ، دەرھال ئاچتى. دانگلار خانىم قورقۇپ، تىترەپ كەتتى، ۋىلفور خۇشاللىقىدىن قىسىنقىنىغا پاتماي قالدى.

— قولغا چۈشۈپتۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور، — كومپېيندا تۇتۇلۇپتۇ. ئىش تامام.

دانگلار خانىم ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يۈزى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— خەير-خوش، تەقسىر، — دېدى ئۇ سوغۇق ئاھاڭدا.

— خوش، خانىم، — دېدى خانىلىق مۇپەتتىش ۋە ئۇنى خۇرسەنلىك بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئاندىن ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— ياخشى! — دېدى ئۇ ۋە ئالقىنى بىلەن خەتنى ئۇرۇپ قويدى، — يالغان پۇل ياسىغانلىق، ئۈچ قېتىملىق ئوغرىلىق، ئىككى قېتىم ئوت قويغانلىق ئىشلىرىنىڭ ئىسپاتى مەندە بار. پەقەت قاتىللىق قىلىشلا قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇمۇ بار بولدى. ئوچۇق سوت قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغان بولدى.

# ئون يەتتىنچى باب

## كۆرۈنۈش

خانلىق مۇپەتتىشنىڭ دانگلار خانىمغا ئېيتقىنىدەك، ۋالېنتىنا تېخىچە كېسەلدىن قوپالمىغانىدى. ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئېرىنىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى. ئاندرېئا كاۋالكانتىنىڭ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بېنېدېتتونىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قاتىللىقتا ئەيىبلەنگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئۇ ۋىلفور خانىمدىن ئاڭلىدى. لېكىن، ۋالېنتىنا شۇنچىلىك ئاجىزلاپ كەتكەنىدىكى، بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا ھېچقانچە تەسىر قىلمىدى.

ئۇنىڭ مېڭىسىگە غەلىتە خىياللار كىرەتتى، كۆز ئالدىدىن باش - ئايىغى يوق كۆرۈنۈشلەر ئۆتۈپ تۇراتتى.

كۈندۈزى نوئارتيې بولغانلىقتىن ۋالېنتىنا ئۆزىنى خېلى يېنىك ھېس قىلاتتى. نوئارتيې ئۆزىنىڭ كىرىسلوسىنى نەۋرە قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى ۋە بىماردىن ئاتىلىق نەزەرىنى ئۈزمەي، كۈن بويى شۇ يەردە ئولتۇراتتى. ۋىلفور سوتتىن قايتىپ كېلىپ، بىرەر - ئىككى سائەتكىچە ئاتىسى بىلەن قىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

كەچ سائەت ئالتىدە ۋىلفور ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىپ كېتەتتى. سائەت سەككىزدە ئاۋرىنيى كېلەتتى. ئۇ ۋالېنتىنانىڭ كېچىدە ئىچىدىغان دورىسىنى شەخسەن ئۆزى ئېلىپ كېلەتتى،



**شۇنىڭدىن كېيىن نوئارتيېنى يەنە قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشەتتى.**

ھەممىسىدىن كېيىن، دوختۇر ئۆزى بەلگىلىگەن سېستىرا كېلەتتى ۋە سائەت ئون ياكى ئون بىرلەردە، يەنى ۋالېنتىنا ئۇخلاپ قالغاندا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ قايتىشتا ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئاچقۇچىنى شەخسەن ۋىلفورغا تاپشۇراتتى. شۇڭا، بىمار ياتقان ئۆيگە پەقەت ۋىلفور خانىمنىڭ ياكى كىچىك ئېدۇئارنىڭ ھۇجرىسى ئارقىلىقلا كىرگىلى بولاتتى.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە موررېل نوئارتيې بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋالېنتىنانىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورايتتى. ئەجەبا، ئۇ كۈندىن - كۈنگە خاتىرجەم بولۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ۋالېنتىنا ئۆزىمۇ، گەرچە ئۇ تېخىچىلا ئەسەبىيلىرى نازۇكلاشقان ھالەتتە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئوڭشىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. دەرۋەقە، موررېل ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا مونتې - كرىستونىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۇ ئەگەر ۋالېنتىنا ئىككى سائەتكىچە ئۆلمىسە ساقىيىپ كېتىدۇ دېگەن ئەمەسمىدى؟ مانا، تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ۋالېنتىنا ئۆلمىدى.

بىز تىلغا ئالغاندەك، ئەسەبىيلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋالېنتىناغا ئۇخلىغاندىمۇ ئارام بەرمەيتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ كېچىلىرى چالا ئۇيقۇدا مەستخۇش بولۇپ ياتاتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۈندىكى جىمجىتلىقتا، مەش ئۈستىدىكى گەج قالپاقلىق چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئىستىمنىڭ غايىبانە قاناتلىرى ئۇچۇرۇپ، لەپەڭشىتىپ تۇرىدىغان تۈرلۈك كۆلەڭگىلەر كۆرۈنۈپ ئۆتۈشكە باشلايتتى. تۇرۇپلا، كۆزلىرى ئوچمەنلىك بىلەن چاقناپ تۇرغان ئۆگەي ئانىسى، بىر تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قوللىرىنى ئۇزىتىپ كېلىۋاتقان موررېل، يەنە بىر تۇرۇپ، گراف مونتې - كرىستودەك يات ئادەملەر گويا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا

نامايان بولاتتى. ھەتتا ئۆي ئىچىدىكى نەرسە - كېرەكلەرمۇ جۆيلۈۋاتقاندەك، جانلىنىپ، چايقىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. تۈن سائەت ئۈچلەرگىچە شۇنداق بولاتتى. ئاندىن ئۇ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتەتتى - دە، تاڭ ئاتقۇچە ئويغانمايتتى.

ۋالېنتىنا ئېرىنىڭ قاچقانلىقى ۋە بېنېدېتتونىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان كۈنى كەچتە ۋېلىفور، ئاۋرىنىيى ۋە نۇئارتىيېلار چىقىپ كېتىپ، فىلىپ رول چېركاۋىنىڭ سائىتى 11 گە جاڭ ئۇرغاندىن كېيىن سېسترا مەخسۇس تەييارلانغان ئىچىملىكنى بىمار قىزنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئىشىكنى تاقىدى - دە، ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۇ ئۈچ ئايدىن بۇيان خانىلىق مۇپەتتىشىنىڭ خىزمەتكارلىرىنى ھاياجانغا سېلىۋاتقان قاباھەتلىك ۋەقەلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى تەنلىرى شۈركۈنگەن ھالدا ئاڭلاپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا ۋالېنتىنانىڭ ئىشىكى چىڭ تاقالغان ھۇجرىسىدا كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى.

سېسترا چىقىپ كېتىپ، ئون مىنۇت ئۆتتى. ھەر تۈنىدە قوزغىلىدىغان ئىستىما ۋالېنتىنانى ئاۋارە قىلىۋاتقىنىغا بىر سائەت بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان ھالەتتە ئىدى. كۆز ئالدىدا يەنە ھېلىقىدەك تۈرلۈك خىيالىي كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ئۇشتۇمتۇت، پىلىلداپ تۇرغان چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ۋالېنتىنا مەشنىڭ يېنىدىكى ئويۇق ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئاستا ئېچىلغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. باشقا ۋاقىتتا بولسا، ۋالېنتىنا دەرھال قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ، ئادەم چاقىرغان بولاتتى، لېكىن ئۇ ھازىر مەستخۇش ھالەتتىكى چالا ئۇيقۇدا بولۇپ، ھېچنېمىگە ئەجەبلەنمەيتتى. ئۇ، كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقان ھەممە نەرسىنى قارا باسقانلىق دەپ



چۈشىنەتتى. دېمىسىمۇ، قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى چۈشۈشى بىلەنلا بۇ تۈندىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئىزىمۇ قالمايتتى.

ئىشكاپ ئىچىدىن بىر ئادەم چىقتى. ۋالېنتىنا ئىستىمىسى قوزغالغاندىكى كۆرۈنۈشلەرگە كۆنۈپ كەتكەن بولغاچقا، قورقمىدى. ئۇ پەقەت مورىلىنى كۆرۈش ئۈمىدىدە كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. كۆرۈنگەن گەۋدە كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى ۋە قولاق سالدى. شۇ ئەسنادا چىراغنىڭ نۇرى بۇ تۈندىكى مېھماننىڭ يۈزىنى غىل - پال يورۇتۇپ ئۆتتى.

— ياق، ئۇ ئەمەس ئىكەن، — دەپ پىچىرلىدى قىز.

ئۇ، چۈش كۆرۈۋاتىمەن دەپ ئويلاپ، بۇ ئادەمنىڭ غايىب بولۇشىنى ياكى باشقا ئادەمنىڭ قىياپىتىگە ئۆزگىرىشىنى كۈتۈپ ياتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى ۋە تومۇرىنىڭ تېز - تېز سوقۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دورىلىق ئىچىملىكتىن بىر ئاز ئىچىۋالسا، بۇنداق بىزار قىلغۇچى كۆرۈنۈشلەرنىڭ غايىب بولىدىغانلىقىنى ئەسلىدى. دوختۇر تەييارلاپ بەرگەن بۇ ئىچىملىك ئىستىمىنى پەسلىتىپ، مېڭىنى سەگىتەتتى. ئۇ ھەر قېتىم بۇ ئىچىملىكنى ئىچكەندە مەلۇم ۋاقىتقىچە يېنىكلەپ قالاتتى.

ۋالېنتىنا ئەينەك تەخسىگە قويۇلغان ئىستاكاننى ئېلىش ئۈچۈن ماغدۇرسىزلىقتىن تىترەپ تۇرغان قولىنى ئۇزاتتى. بۇ چاغدا ھېلىقى كۆرۈنگەن گەۋدە ئىتتىك چامداپ، كارىۋاتقا شۇنچە يېقىن كەلدىكى، ۋالېنتىنا ئۇنىڭ تىنىقلىرىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ قولىغا ئۇنىڭ قولىنىڭ تەگكەنلىكىنى سەزدى.

ۋالېنتىناغا كۆرۈنگەن كۆرۈنۈشلەر تېخى ھېچقاچان ئەمەلىيەتكە بۇنداق ئويغۇنلاشقان ئەمەس ئىدى. ئۇ، بۇنىڭ چۈش ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى ۋە تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى. ھېلىقى قول ئۇنىڭ ئۇزىتىلغان قولىنى

تويۇۋالدى. ۋالېنتىنا قولىنى ئاستا تارتىۋالدى. ئۇ، ئاشۇ گەۋدىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ياتاتتى. ھالبۇكى، بۇ كۆرۈنۈش ئۇنى قورقۇتمىدى، ئەكسىچە، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قوزغىدى. ھېلىقى گەۋدە ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ چىراغنىڭ يېنىغا باردى ۋە خۇددى ئىچىملىكنىڭ سۈزۈكلۈكى ۋە تازىلىقىنى تەكشۈرگەندەك، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. لېكىن بۇنداق يۈزەكى تەكشۈرۈش قانائەتلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. ئۇ ئادەم ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ كۆرۈنگەن گەۋدە گىلەم ئۈستىدە ھېچقانداق شەپە چىقارماستىن ھەرىكەت قىلىپ، سۈيۈق دورىنى قوشۇققا ئازراق ئېلىپ، تەمىنى تېتىپ باقتى.

ۋالېنتىنا بۇ ئىشلارغا ئىنتايىن ئەجەبلەنگەن ھالدا قاراپ ياتاتتى. ئۇ يەنىلا بۇ كۆرۈنۈش ھازىر غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. لېكىن سىرلىق مېھمان كۆلەڭگىدەك يوقاپ كېتىش ئورنىغا يەنە تۈرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىستاكاننى ئۇزاتتى ۋە ھاياجانلىق ئاۋازى بىلەن:

— ئەمدى ئىچسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

ۋالېنتىنا چۆچۈپ كەتتى. بۇنداق خىيالىي كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۇنىڭغا تىرىك ئادەمدەك گەپ قىلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ ۋارقىراشقا تەمشەلدى. ھېلىقى ئادەم «جىم بولۇڭ!» دېگەننى ئىپادىلەپ، بىر بارمىقىنى لەۋلىرىگە قويدى.

— گراف مونتې - كرىستو! — دەپ پىچىرلىدى قىز.

قىزنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن قورقۇنچ ئالامىتى، قوللىرىنىڭ تىترىشى ۋە يوتقاننى ئالدىراپ يېپىۋېلىشىدىن ئۇنىڭ ئاخىرقى گۇمانلىرى تارقىلىپ، ئەمەلىيەتكە ئورۇن بەرگەنلىكى روشەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنداق كەچكى مەزگىلدە ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا مونتې - كرىستونىڭ تۇرغانلىقى،



ئۇنىڭ سىرلىق، فانتاستىكىلىق، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھالدا تام ئارقىسىدىن پەيدا بولۇشى قىزنىڭ قىزىپ تۇرغان مېڭىسىنى تېخىمۇ قايمۇقتۇراتتى.

— قورقماڭ، ۋارقىرىماڭ، — دېدى گراف، — قەلبىڭىزدە گۇماننىڭ سايىسىمۇ، ئەندىشىنىڭ ئۇچقۇنىمۇ قالمىسۇن. سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرغان كىشى خىيالىي كۆرۈنۈش ئەمەس، بەلكى ئەڭ مېھرىبان ئاتا، ئەڭ سەمىمىي دوست.

ۋالېنتىنا گەپ قىلمىدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان گەۋدىنىڭ تىرىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. ئۇ شۇنداق قورقۇپ كەتتىكى، بۇ ئاۋازغا ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى قوشۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى گوياكى «ئەگەر نىيىتىڭىز ياخشى بولسا، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كىردىڭىز؟» دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

مونتې - كرىستو ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز سەزگۈرلۈكى بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھال چۈشەندى.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، — دېدى ئۇ، — ماڭا قاراڭ. قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىمگە، ئادەتتىكىدىن بەكرەك ئاقىرىپ كەتكەن يۈزۈمگە قاراڭ. مەن تۆت كېچە ئۇدا كۆز يۇممىدىم. تۆت كېچە بولدى، سىزنى كۆزەت قىلىۋاتىمەن، سىزنىڭ ماكسىمىلىئانىمىز ئۈچۈن سىزنى قوغداۋاتىمەن.

خۇشاللىقتىن بىمار قىزنىڭ مەڭزىلىرىگە قىزىللىق يۈگۈردى. گراف تىلغا ئالغان ئىسىم ئىشەنمەسلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆلەڭگىسىنى يوققا چىقاردى.

— ماكسىمىلىئان ... — دېدى ۋالېنتىنا ۋە خۇددى بۇ ئىسىمنىڭ لەززىتىدىن ھۇزۇرلانغاندەك يەنە تەكرارلىدى، — ماكسىمىلىئان! بۇ گەپچە ئۇ سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ - دە؟

— ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ شۇنداق دېدىكى، — سىزنىڭ ھاياتىڭىز — ئۇنىڭ ھاياتى. مەن سىزنىڭ ھايات بولۇشىڭىزغا كېپىللىك قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋەدە بەردىم.

— مېنىڭ ھايات بولۇشۇمغا كېپىللىك قىلدىڭىز؟

— شۇنداق.

— سىزمېنى قوغدايمەن، ئاسرايمەن دېگەندەك گەپنى قىلدىڭىز. سىز دوختۇرمۇ؟

— شۇنداق، ماگا ئىشىنىڭ. ھازىر تەگرى سىزگە ئەۋەتىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ ياخشى دوختۇر.

— بىرنەچچە كېچە ئۇخلىمىدىم دېدىڭىز، — دېدى ۋالېنتىنا، — سىز قەيەردە ئىدىڭىز؟ مەن سىزنى كۆرمىدىمغۇ.

گراف قولى بىلەن كىتاب ئىشكاپىنى كۆرسەتتى.

— مۇشۇ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا ئىدىم، — دېدى ئۇ، — بۇ ئىشىك يانداش ئۆيگە چىقىدۇ. ئۇ ئۆينى مەن ئىجارىگە ئالغان.

ۋالېنتىنا ئۇيات ۋە نەپرەتتىن قىزىرىپ كېتىپ، تەتۈر قارىۋالدى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ قاتتىق رەنجىگەن ھالدا، — بۇ قىلمىشىڭىز ئەخلاقسىزلىق، ماگا بۇنداق ياخشىلىق قىلىمەن دېيىشىڭىز ئەمەلىيەتتە ھاقارەتكە باراۋەر.

— ۋالېنتىنا، — دېدى گراف، — بۇ ئۇزۇن ئۇيقۇسىز كېچىلەردە مەن پەقەت سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىملەرنىڭ كىرىدىغانلىقىنى ۋە سىزگە قانداق يېمەكلىك، قانداق ئىچىملىكلەرنى بېرىدىغانلىقىنىلا كۆزەتتىم. ئىچىملىكتە چاتاق بارلىقىنى سەزگەندە خۇددى ھازىرقىدەك بۇ يەرگە كىرىپ، ئىستاكانىڭىزدىكى زەھەرنى تۆكىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شىپالىق ئىچىملىكنى قويۇپ قويدۇم. بۇ ئىچىملىكىم ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈلگەن ئۆلۈمنى يوقىتىپ، سىزگە ھاياتلىق بەخش ئەتتى.



— زەھەر! ئۆلۈم! — دەپ خىتاب قىلدى ۋالېنتىنا، ئۆزىنى يەنە جۆيلۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، — نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، تەقسىر؟

— جىم بولۇڭ، بالام، — دېدى مونتې-كرىستو ۋە يەنە بايىقىدەك بىر بارمىقىنى لەۋلىرىگە قويدى، — شۇنداق، زەھەر، ئۆلۈم ۋە يەنە تەكرارلايمەن: ئۆلۈم! سىز مانا بۇنى ئىچىڭ (گراف يانچۇقىدىن قىزىل رەڭلىك سۇيۇقلۇق قۇيۇلغان كىچىك شىشىنى چىقىرىپ، ئىستاكانغا بىرنەچچە تامچا تېمىتتى). مۇشۇنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن تاڭ ئاتقۇچە ھېچنېمە ئىچمەڭ.

ۋالېنتىنا قولىنى ئۇزاتتى، لېكىن ئىستاكاننى تۇتماستىن، دەرھال قولىنى تارتىۋالدى. مونتې-كرىستو ئىستاكاندىكى ئىچىملىكنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئىچىۋېتىپ، ئاندىن يەنە ۋالېنتىناغا بەردى. ۋالېنتىنا كۈلۈپ قويۇپ قالغىنىنى ئىچىۋەتتى.

— ئەمدى بىلدىم، — دېدى ئۇ، — مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى كېچىدە ئىچىۋاتقان ئىچىملىكىمنىڭ تەمى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇنى ئىچسەم كۆڭلۈم يورۇپ، يېنىكلىشىپ قالىمەن. رەھمەت سىزگە، تەقسىر.

— بۇ تۆت كېچىنى سىز مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزدىڭىز، ۋالېنتىنا، — دېدى گراف، — مەنچۇ؟ مەن قانچىلىك قاباھەتلىك مەزگىللەرنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزدۈم! ئىستاكانىڭىزغا زەھەر قۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە قانچىلىك ئازابلاندىم! ئۇ زەھەرنى مەن كىرىپ مەشكە تۆكۈۋەتكىچە سىزنى ئىچىپ قويامدىكىن دەپ قانچىلىك قورقتىم!

— تەقسىر، — دېدى ۋالېنتىنا قورقۇپ تىترەپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئىستاكانىمغا زەھەر قۇيغانلىقىنى كۆرۈپ ئازابلاندىم دەمسىز! ئەمىسە، زەھەرنى كىمنىڭ قۇيغانلىقىنىمۇ كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆردۈم.

ۋالېنتىنا يوتقان ئىچىدە جەينىكىگە تايىنىپ كۆتۈرۈلدى ۋە تەر چىقىپ نەملىشىپ كەتكەن ئىچ كۆڭلىكى بىلەن قاردەك ئاق كۆكسىنى ياپتى-دە، قايتىلاپ سورىدى:

— راست كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆردۈم، دەپ تەكرارلىدى گراف.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلىسىز. تەقسىر. سىز مېنى قانداقتۇر دوزاخنىڭ ئەپسانىلىرىگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋاتىسىز. ئاتامنىڭ ئۆيىدە، مېنىڭ ھۇجرامدا، يوتقىنىم ئىچىدە مېنى بىر كىشى ئۆلتۈرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ قايتىپ كېتىڭ تەقسىر. ۋىجدانىمنى ئازدۇرماڭ. سىز خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتىگە ھاقارەت كەلتۈرۈۋاتىسىز. بۇ، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان گەپ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

— بۇ قولنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان يالغۇز سىزلىمۇ، ۋالېنتىنا؟ ماركىز سېن-مېران، ماركىز خانىم ۋە باررۇئانىڭ ئۆلۈمىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ناۋادا نۇئارتىيې ئەپەندى ئۈچ يىلدىن بېرى زەھەرگە قارشى دورا ئىستېمال قىلىپ، بەدىنىنى زەھەرگە كۆندۈرمىگەن بولسا، بۇ چاققىچە ئۇمۇ ئۆلگەن بولاتتى.

— ۋاي خۇدايىم،— دېدى ۋالېنتىنا، — بوۋامنىڭ ماڭا ئاشۇ دورىنى ئىچكۈزۈپ كېلىۋاتقىنىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن-دە؟

— ئۇ دورىنىڭ تەمى قۇرۇتۇلغان ئاپېلسىن پوستىدەك ئاچچىقمۇ؟

— ھەئە، ھەئە!

— ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى! — دېدى مونتې-كرىستو، — ئۇ قەستەن زەھەرلەش ئىشىنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىدىكەن ۋە ھەتتا بۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشى مۇمكىن. ئۇ سىزنى، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك بالىسىنى زەھەرلىك دورىغا كۆندۈرۈشكە باشلىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دورىنىڭ سىزگە



كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئاجىزلاشقان. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ھېلىغىچە ھايات تۇرۇۋاتىسىز. تۆت كۈننىڭ ئالدىدا سىزگە بېرىلگەن زەھەر ئىنتايىن كۈچلۈك دورا بولۇپ، ئادەتتە ئۇنى ئىچكەن ئادەم ساق قالمايدۇ. شۇڭا، مەن سىزنىڭ ئامان قالغىنىڭىزغا چۈشىنەلمەي يۈرگەنىدىم.

— ئۇ قاتىل كىم؟ ئۇ زەھەرلىگۈچى زادى كىم؟

— ئەمدى مەن سىزدىن سوراپ باقاي. سىز كېچىلىرى ھۇجرىڭىزغا بىر كىمنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟

— ھەئە. مەن بىرنەچچە قېتىم قانداقتۇر بىر كۆلەڭگىلەرنىڭ ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ، يىراقلىشىپ، يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولغانىدىم. لېكىن مەن بۇنى خىيالىي كۆرۈنۈشلەر دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بۈگۈن سىز كىرگەندىمۇ مەن خېلىغىچە جۆيلۈۋاتىمەن ياكى چۈش كۆرۈۋاتىمەن دەپ ئويلىغانىدىم.

— ئەمىسە، سىزگە قەست قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، — دېدى ۋالېنتىنا. — ماڭا كىممۇ قەست قىلىشى مۇمكىن؟

— ھازىر كۆرىسىز، — دېدى مونتې-كرىستو، قۇلاق سېلىپ.

— قانداق قىلىپ؟ — سورىدى ۋالېنتىنا ۋە قورقۇنچ بىلەن ئەتراپىغا كۆز تاشلىدى.

— چۈنكى ھازىر ئىسسىتمىڭىز پەسلىدى، ئەمدى جۆيلۈمەيسىز، مېڭىڭىز سەگەكلەشتى. ھازىر يېرىم كېچە بولدى. بۇ، قاتىللار ياخشى كۆرىدىغان ۋاقىت.

— ئاھ خۇدا! — دېدى ۋالېنتىنا ۋە نەملىشىپ كەتكەن ماڭلىيىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتتى.

يېرىم كېچىگە جاڭ ئۇرغان سائەتنىڭ بوغۇق ساداسى ئاڭلاندى. سائەتنىڭ ھەر بىر ساداسى گويا قىزنىڭ يۈرىكىگە بولقا بىلەن ئۇرغاندەك تۇيۇلاتتى.

— ۋالېنتىنا، — دېدى يەنە گراف، — بىرلىق كۈچ-غەيرىتىڭىزنى يىغىڭ، يۈرىكىڭىزنىڭ سوقۇشىنى بېسىۋېلىڭ، ئاۋازىڭىزنى چىقارماڭ. ئۇنى ھازىر كۆرىسىز.

ۋالېنتىنا گرافنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— بىرى كېلىۋاتامدۇ نېمە، — دېدى ئۇ، — چىقىپ كېتىڭ!

— خوش، بىز يەنە كۆرۈشىمىز، — دېدى گراف ۋە ئاتىلارچە مىسكىن تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلۈمسىرەشتىن قىزنىڭ قەلبى مىننەتدارلىققا تولدى. گراف پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئىشكاپ قويۇلغان ئويۇقنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئىشىكنى يېپىشتىن بۇرۇن ۋالېنتىناغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

— مىدىرلىماڭ، ئۈنىڭىزنى چىقارماڭ، — دېدى ئۇ، — سىزنى ئۇخلاۋېتىپتۇ دەپ قالسۇن. بولمىسا، مەن ئۈلگۈرۈپ كەلگۈچە ئۇ سىزنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

گراف بۇ دەھشەتلىك نەسىھەتنى ئېيتقاندىن كېيىن ئىشىكنىڭ كەينىدە غايىب بولدى. ئىشىك ئاستا، شەپىسىز يېپىلدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## زەھەرلىك يىلان

ۋالېنتىنا يالغۇز قالدى. فىلىپ رۇل چېركاۋىنىڭ كەينىدە قالغان ئىككى سائەتمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېرىم كېچىگە جاڭ ئۇردى. ئاندىن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. پەقەت نەدىندۇر يىراق بىر يەردىن ھارۋا چاقلىرىنىڭ تاراقلىغان ساداسى ئانچە-مۇنچە ئاڭلىنىپ قالاتتى.



ۋالېنتىنا پۈتۈن دىققىتىنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدىكى چېكىلداپ تۇرغان تام سائىتىگە مەركەزلەشتۈردى. ئۇ سېكۇنتلارنى ساناشقا كىرىشتى ۋە ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئادەتتىكىدىن ئىككى باراۋەر تېز سوقۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى. ئۇ تېخىمۇ دەرگۇماندا ئىدى. ئاق كۆڭۈل ۋالېنتىنا بىرەر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىغا ئىشەنمەيتتى. نېمە سەۋەبتىن؟ قانداق مەقسەت بىلەن؟ ئۇ، بۇنداق دۈشمەنلىك بولۇپ قالغۇدەك نېمە قىلغان بولغىيدى؟

ئۇخلاش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى. بىرلا خىيال ئۇنى ئازابلىماقتا ئىدى: بۇ دۇنيادا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقان ئادەم بار ئىكەن، ئۇ ئادەم ھازىر يەنە كېلىپ شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنماقچى. ناۋادا قاتىل زەھەرنىڭ تەسىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، مونتې-كرىستو ئېيتقاندەك، تىغ ئىشلەتسە قانداق قىلىش كېرەك؟ گراف ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمەي قالارمۇ؟ بۇ، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاداققى دەقىقىلىرى بولۇپ قالارمۇ؟ ئۇ ئەمدى موررېلنى كۆرەلمەسمۇ؟

ۋالېنتىنا شۇلارنى ئويلىغاندا قورقۇپ، بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ، ئادەم چاقىرىشقا تەمشەلدى. لېكىن ئۇ مۇشۇ تاپتا كىتاب ئىشكاپىدىن ماراپ تۇرغان مونتې-كرىستونى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ، مونتې-كرىستونىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرالمايتتى ۋە گرافنىڭ تەكەللۇپسىز غەمخورلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىزا-نومۇسنى ئۆز قەلبىدىكى مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۇنتۇپ كېتىشكە بولۇش-بولماسلىقىنى بىلمەيتتى.

شۇ تەرىقىدە 20 مىنۇت، چەكسىز ئۇزاققا سوزۇلغان 20 مىنۇت ئۆتتى. ئاندىن يەنە ئون مىنۇت ئۆتتى. ئاخىرى

تام سائىتى جاراڭلىق سادا چىقىرىپ، بىر قېتىم جاڭ ئۇردى. شۇندىن كېيىن ئىشكاپ ئىشىكىنى تىرناق بىلەن يېنىككىنە تىرىقلاتقان شەپە ۋالېنتىناغا گرافىنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىدىن دېرەك بەردى ۋە ۋالېنتىنانىمۇ ئۇخلىماسلىققا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ ئەسنادا ئۇدۇل تەرەپتىن، يەنى ئېدۇئارنىڭ ھۇجرىسىدىن پولنىڭ غىچىرلىغىنى ئاڭلاندى. ۋالېنتىنا قىمىر قىلماستىن تىنىقىنى بېسىپ، قۇلاق سالدى. ئىشىك تۇتقۇچى شىرىقلىدى ۋە ئىشىك ئېچىلدى. ۋالېنتىنا ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى، يۈزىنى بىلىكى بىلەن ئېتىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. ئۇ دىر - دىر تىترەيتتى، مىسلىسىز قورقۇنچتىن يۈرىكى سىقىلاتتى، ئۇ قانداق ئىش يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ ياتاتتى.

كىمدۇر بىرى كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، چىملىدىقنى قىيا ئاچتى. ۋالېنتىنا پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ، ئۇخلاۋاتقاندەك تەكشى نەپەس ئېلىشقا باشلىدى.

— ۋالېنتىنا! — كىمدۇر بىرى بوش ئاۋازدا چاقىردى.

قىزنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئۈنچىقمىدى.

— ۋالېنتىنا! — چاقىرىش تەكرارلاندى.

جاۋاب بولمىدى. ۋالېنتىنا ئويغانماسلىقنى قارار قىلغانىدى.

ۋالېنتىنا ئۆزىنىڭ ئىستاكانىغا سۇيۇق نەرسىنىڭ قۇيۇلۇۋاتقان ئاران ئاڭلانغۇدەك تاۋۇشىنى ئاڭلىدى. ئۇ غەيرىتىنى يىغىپ، بىلىكىنىڭ ئاستىدىن قارىدى. ئاق كۆڭلەك كىيگەن بىر ئايال ئۇنىڭ ئىستاكانىغا كىچىك شىشىدىن قانداقتۇر سۇيۇقلۇقنى قۇيماقتا ئىدى. شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ۋالېنتىنا تىنىقىنى توختىتىۋالدىمۇ ياكى مىدىرلاپ سالدىمۇ، ئىشقىلىپ، ھېلىقى ئايال چۆچۈپ توختىدى ۋە قىزنىڭ ئۇخلاۋاتقان ياكى ئويغانغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، تۆشەك ئۈستىگە ئېڭىشتى. بۇ ۋىلفور خانىم ئىدى.



ۋالېنتىنا ئۆگەي ئانىسىنى تونۇپ، شۇنداق تىترەپ كەتتىكى، كارىۋات يېنىككىنە سىلكىنىپ قالدى. ۋىلفور خانىم تامغا يېپىشتى ۋە چىملىدىقنىڭ كەينىدىن ۋالېنتىنانىڭ ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى.

قىز مونتې - كرىستونىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئەسلىدى. ئۇ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدا ئۇزۇن، ئۆتكۈر پىچاقنىڭ يالتىراپ تۇرغان بىسىنى كۆرگەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋالېنتىنا ئۆزىگە زور بېرىپ كۆزىنى يۇمدى. ئادەتتە شۇنچە ئوڭاي بولىدىغان بۇ ھەرىكەت شۇ تاپتا ئۇنىڭغا مىسلىسىز قىيىن ئىشتەك تۇيۇلدى. ئەمەلىيەتنى كۆرۈش ئىستىكى كۆزلىرىنىڭ يۇمۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى.

ۋىلفور خانىم جىمجىتلىق ئىچىدە ۋالېنتىنانىڭ تەكشى نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قىزنى ئۇخلاۋېتىپتۇ دېگەن ئوي بىلەن خاتىرجەم بولدى. ئۇ يەنە قولىنى ئۇزارتتى ۋە كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە سۈرۈپ قويۇلغان چىملىدىقتىن چالا كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالەتتە ۋالېنتىنانىڭ ئىستاكانىغا شىشىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ ھەممىسىنى قۇيۇۋەتتى. ئاندىن ئۇ شۇنداق ئېھتىيات بىلەن چىقىپ كەتتىكى، ۋالېنتىنا ئۇنىڭ ھېچقانداق شەپىسىنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇ پەقەت ئاشۇ قولنىڭ، 25 ياشلىق چىرايلىق ئايالنىڭ ئۆلۈمنى قۇيۇپ قويغان ئاشۇ نازۇك قولنىڭ غايىب بولغانلىقىنىلا كۆرەلىدى.

ۋىلفور خانىم كىرىپ چىقىپ كەتكۈچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى بىر يېرىم مىنۇت ئىچىدە ۋالېنتىنانىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس.

ئىشكاپنى بوشقىنا تاتىلاشتۇرغان سادا قىزنى بىھوشلۇق ھالىتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈردى. ئىشىك ئاستا ئېچىلدى ۋە يەنە گراف مونتې - كرىستو پەيدا بولدى.

— ﻗﺎﻧﺪاق، ئەمدى ئىشەنگەنسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— خۇدا! — دەپ پىچىرلىدى ۋالېنتىنا.
— كۆردىڭىزمۇ؟
— ھەئە!
— تونىدىڭىزمۇ؟
ۋالېنتىنا ئىگراپ تاشلىدى.
— ھەئە، — دېدى ئۇ، — لېكىن ئىشەنگىم كەلمەيۋاتىدۇ.
— ئەمىسە، ئۆزىڭىزنىڭمۇ، ماكسىمىلىئانىڭمۇ ئۆلۈشىنى خالامسىز؟
— خۇدايىم، خۇدايىم! — دەيتتى ۋالېنتىنا. ئۇ خۇددى ئۆزىنى ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، — مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم بولمامدۇ؟ قېچىپ كەتسەم بولمامدۇ؟
— ۋالېنتىنا، سىزگە قارشى كۆتۈرۈلگەن بۇ قول نەگە بارسىڭىز سىزنى قوغلاپ يېتەلەيدۇ. ئۇ، خىزمەتكارلارنى ئالتۇنغا سېتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆلۈم تۈرلۈك قىياپەتلەردە سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىدۇ. بۇلاقتىن سۇ ئىچسىڭىزمۇ، دەرەختىن مېۋە ئۈزۈپ يېسىڭىزمۇ زەھەرلىنىپ قالىسىز.
— بىراق، بوۋام مېنى زەھەرگە كۆندۈرۈپتىغۇ، ئۆزىڭىز شۇنداق دېدىڭىزغۇ.
— توغرا، بىر خىل زەھەرگە ۋە ئاز مىقداردا بېرىلگەن زەھەرگە كۆندۈرگەن. بىراق، بۇندىن كېيىن باشقا تۈردىكى زەھەر بېرىلىشى ياكى زەھەرنىڭ مىقدارى كۆپەيتىلىشى مۇمكىن.
ئۇ، ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، لەۋلىرىگە تەككۈزدى.
— دېمىدىممۇ! — دېدى ئۇ، — بۇ قېتىم بىرۇتسىن ئەمەس ناركوتىك قويۇلۇپتۇ. ناركوتىك ئېرىتىلگەن ئىسپىرتىنىڭ تەمىدىن بىلىۋالدىم. مۇبادا، ۋىلفور خانىمنىڭ بۇ قېتىم ئىستاكانىڭىزغا قويۇپ قويغان نەرسىسىنى ئىچكەن بولسىڭىز، ساقىيالمايتتىڭىز، ۋالېنتىنا!



— ئاھ خۇدا! — دەپ خىتاب قىلدى قىز، — ئۇ نېمە ئۈچۈن ماڭا قەست قىلىدۇ؟
— سىز شۇنچە ئاق كۆڭۈل، شۇنچە ساددىمۇ؟ تېخى چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟
— ياق، — دېدى ۋالېنتىنا، — مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان.
— سىز باي ئەمەسمۇ، ۋالېنتىنا. سىز يىلىغا 200 مىڭ لىۋر كىرىم كەلتۈرىدىغان سەرمايىغا ئىگىدارچىلىق قىلىسىز ئەمەسمۇ. شۇ 200 مىڭنى سىز ئۇنىڭ ئوغلىدىن تارتىۋالدىڭىز.
— بۇ نېمىدېگىنىڭىز! بۇ، ۋىلفور خانىمنىڭ پۇلى ئەمەسقۇ. بۇ پۇللار مېنىڭ تۇغقانلىرىمدىن ماڭا مىراس قىلىپ قالدۇرۇلغان ئەمەسمۇ.
— ئەلۋەتتە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن سېن - مېران ماركىز ۋە ماركىز خانىملار ئۆلدى؛ شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن نۇئارتيې ئەپەندى سىزنى ئۆزىنىڭ مىراسخورى قىلىپ بەلگىلىگەندە ئۇمۇ قەست قىلىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان؛ شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ئەمدى سىزنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى، ۋالېنتىنا. سىز ئۆلسىڭىز بايلىقىڭىز ئاتىڭىزغا قالىدۇ. ئىنىڭىز ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى بولغاچقا، ئاتىڭىزدىن كېيىن ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا قالىدۇ.
— ئېدۇئار، بىچارە ئۇكام! بۇ جىنايەتلەر شۇ ئۇكام ئۈچۈن بولۇۋېتىپتۇ - دە!
— ئەمدى چۈشەندىڭىز!
— ۋاي خۇدا، ئۇمۇ بىر بالا - قازاغا يولۇقمىسا بولاتتىغۇ!
— سىز پەرىشتە ئىكەنسىز، ۋالېنتىنا.
— ئەمىسە بوۋامنى قەستلىمەيدىغان بولدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟
— چۈنكى، سىز ئۆلسىڭىز بوۋىڭىزنىڭ بايلىقى بەرىبىر

ئىنىڭىزگە قالىدۇ (ئەگەر ئۇ ئىنىڭىزنى ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلمىسىلا). شۇڭا، ئۇنداق جىنايەتنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بەلكى ئۇنداق قىلىش بەكمۇ خەتەرلىك بولىدۇ.

— ئايال كىشىنىڭ مېڭىسىدە شۇنداق پىلان تۇغۇلۇشى مۇمكىنمۇ! ئاھ خۇدايىم، خۇدايىم!

— پېرۇدژىدىكى پوچتا مېھمانخانىسىنىڭ ئۈزۈم بېدىشىنى ۋە خورما رەڭ يېپىنچىغا يۆگىنىۋالغان كىشىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز. ئۆگەي ئانىڭىز ئۇ كىشىدىن توفان زەھەرشۇناسلىقى ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى سورىغانىدى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مېڭىسىدە مۇشۇنداق زەھەرلەش پىلانى پىشىپ يېتىلگەن.

— ئاھ گراف، — دېدى قىز ۋە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى، — ئۇنداق بولسا، مەن ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەنمەن!

— ياق، ۋالېنتىنا، ياق. مەن ھەممە ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قويدۇم. سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم، چۈنكى ئۇ ئاشكارىلاندى. ياق، سىز ياشايسىز، ۋالېنتىنا، ياشايسىز، ئۆزىڭىزمۇ بەختلىك بولىسىز ۋە يەنە بىر ئالىيجاناب يۈرەكنىمۇ بەختلىك قىلىسىز. لېكىن، شۇنداق بولۇش ئۈچۈن ماڭا تولۇق ئىشىنىشىڭىز كېرەك.

— قانداق گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، گراف، قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— مەن سىزگە بېرىدىغان نەرسىنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك.

— خۇدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، — خىتاب قىلدى ۋالېنتىنا، — ئەگەر مەن يالغۇز بولسام، ئۆلگىنىم ياخشى دېدى.

— ھېچكىمگە ھەتتا ئاتىڭىزغىمۇ بۇ گەپلەرنى ئېيتمايسىز.

— بۇ سۇيىقەستكە ئاتامنىڭ چېتىشلىقى يوقتۇر، گراف؟ — دېدى ۋالېنتىنا يالۋۇرغان سىياقتا قوللىرىنى جۈپلەپ.



— ياق، لېكىن ئاتىڭىز جىنايەتچىلەرنى ئېنىقلاشتا پىشقان ئادەم بولغاچقا، ئۆيۈڭلاردا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئۆلۈملەرنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئىكەنلىكىنى پەملىشى كېرەك ئىدى. ئاتىڭىز شەخسەن ئۆزى سىزنى مۇھاپىزەت قىلىشى، ھازىرقى پەيتتە مېنىڭ ئورنۇمدا بولۇشى كېرەك ئىدى. شەخسەن ئۆزى بۇ ئىستاكاندىكى ئېچىملىكنى تۆكۈۋېتىشى، قاتىلغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك ئىدى. جىنغا قارشى جىن، — ئۇ ئاخىرقى سۆزلەرنى پىچىرلاپ قوشۇپ قويدى.

— ياشاش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىنى قىلىمەن، گراف، — دېدى ۋالېنتىنا، — چۈنكى بۇ دۇنيادا مېنى ياخشى كۆرىدىغان ئىككى ئادەم بار. ئۇلار مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇكى، مەن ئۆلسەم ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ. بۇ ئىككىسى بوۋام بىلەن ماكسىمىلىئان.

— مەن سىزنى قوغدىغاندەك، ئۇلارنىمۇ قوغدايمەن.

— ئېيتىڭا، مەن نېمە قىلاي؟ — سورىدى ۋالېنتىنا، — خۇدا. ئەمدى نېمە بولۇپ كېتەرمەن؟ — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

— قانداق ئىش بولسىمۇ قورقماڭ، ۋالېنتىنا. قىينالسىڭىزمۇ، كۆرمەس، ئاڭلىماس، سەزمەس بولۇپ قالسىڭىزمۇ قورقماڭ. كېيىن ھوشىڭىزغا كېلىپ، نەگە كېلىپ قالغانلىقىڭىزنى ئۇقالمىسىڭىزمۇ، ھەتتا سىز قەبرىستانلىقتا، جەسەت ساندۇقىدا ئويغانسىڭىزمۇ ھەرگىز قورقۇپ كەتمەڭ. شۇ چاغدا ئېسىڭىزنى يىغىۋېلىپ، «دوستۇم، ئاتام، ماكسىمىلىئان بىلەن ئىككىمىزنىڭ بەختلىك بولۇشىمىزنى خالايدىغان بىر ئادەم مېنى قوغداۋاتىدۇ» دەپ ئويلاڭ.

— ۋاي خۇدايىم، شۇنداق قىلىش كېرەكمۇ؟

— ياكى ئۆگەي ئانىڭىزنى پاش قىلاي دەمسىز؟

— ياق، ياق، ئۇنداق قىلغاندىن ئۆلگىنىم ياخشى!

— سىز ئۆلمەيسىز، ۋالېنتىنا. بالادەك ئىش بولۇپ كەتسىمۇ قاقشىماسلىقتا، ئۈمىدۋار بولۇشقا ۋەدە بېرەلەمسىز؟

— ھەر ئىش بولسىمۇ ماكسىمىلىئاننى ئويلايمەن.

— مەن سىزنى ئۆز قىزىمدەك ياخشى كۆرىمەن، ۋالېنتىنا. سىزنى پەقەت مەنلا قۇتۇلدۇرالايمەن ۋە چوقۇم قۇتۇلدۇرىمەن.

ۋالېنتىنا قوللىرىنى دۇئاغا جۈپلىدى. ئۇ بۇنداق قاباھەتلىك پەيتتە پەقەت خۇدادىنلا مەدەت كۈتۈشكە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ، باش ـ ئايىغى باغلانمىغان سۆزلەرنى تەكرار پىچىرلايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاپئاق يەلكىلىرىنى پەقەت ئۇزۇن چاچلىرىلا يېپىپ تۇرغانلىقىنى ۋە نەپىس تور تۇتۇپ ئىشلەنگەن ئىچ كۆڭلىكىنىڭ تېگىدىن يۈرىكىنىڭ سوقۇشى كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقانىدى.

گراف ئۇنىڭ بىلىكىگە قولىنى ئاستا تېگىشتۈرۈپ، مەخمەل يوتقاننى تارتىپ، ئۇنىڭ يەلكىلىرىنى ياپتى ۋە ئاتىلارغا خاس تەبەسسۇم بىلەن شۇنداق دېدى:

— بالام، تەڭرىنىڭ شەپقىتىگە ۋە د'كسىمىلىئاننىڭ مۇھەببىتىگە ئىشەنگەندەك مېنىڭ سادىقلىقىمغىمۇ ئىشىنىڭ.

ۋالېنتىنا خۇددى ياۋاش كۆدەك بالىدەك ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن قارىدى.

شۇندىن كېيىن گراف جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن زۇمرەت قۇتىنى چىقىرىپ، ئالتۇن ئاغزىنى ئاچتى ۋە پۇرچاقچىلىك كۇمىلاچ دورىنى چىقىرىپ، ۋالېنتىنانىڭ ئالقىنىغا قويدى. ۋالېنتىنا ئۇنى قولىغا ئېلىپ، گرافقا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ شىجائەتلىك قوغدىغۇچىسىنىڭ يۈزىدە ئىلاھلارغا خاس قۇدرەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ۋالېنتىنانىڭ كۆزلىرىدىن سوئال ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.



— شۇنداق، دېدى مونتې ـ كرىستو.

ۋالېنتىنا دورىنى ئاغزىغا سېلىپ، يۇتۇۋەتتى.

— خەير ـ خوش، بالام، — دېدى گراف، — مەن ئەمدى چىقىپ ئۇخلىسام بولىدۇ، چۈنكى سىز ئەمدى قۇتۇلدىڭىز.

— چىقىپ كېتىۋېرىڭ، — دېدى ۋالېنتىنا، — ئەمدى نېمە بولسىمۇ قورقمايمەن.

مونتې ـ كرىستو ۋالېنتىناغا خېلى ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. ئۇ قىز ناركوتىكنىڭ تەسىرى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا غەرق بولدى. ئاندىن، گراف ئىستاكاندىكى ئىچىملىكنى تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى مەشكە تۆكۈۋەتتى (باشقىلار بۇنى ۋالېنتىنا ئىچىپتۇ دەپ ئويلاپ قالسۇن دەپ) ۋە ئىستاكاننى يەنە جايىغا قويۇپ قويدى. شۇندىن كېيىن ئۇ كىتاب ئىشكاپنىڭ يېنىغا باردى ۋە ۋالېنتىناغا ئاخىرقى بىر قېتىم قاراپ قويۇپ، غايىب بولدى. ۋالېنتىنا خۇددى تەڭرىنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقان پەرىشتىدەك تىنچ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

## ئون توققۇزىنچى باب

## ۋالېنتىنا

چىراغ سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى ماي تامچىلىرىنى سەرپ قىلىپ، مەش ئۈستىدە تېخىچە كۆيۈۋاتاتتى. قىزىرىشقا باشلىغان يالقۇن گەج قالپاققا رەڭ بەرگەنىدى، چاراسلاشقا باشلىغان ئوت ئەڭ ئاخىرقى ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ يالقۇنجىماقتا ئىدى. چۈنكى جانسىز شەيئىلەرنىڭمۇ خۇددى

ئادەملەرنىڭ سەكراتقا چۈشكىنىدەك، جان تالىشىدىغان پەيتلىرى بولىدۇ. چىراغنىڭ مۇدھىش، تۇتۇق يورۇقلۇقى ۋالېنتىنا ياتقان تۆشەكنىڭ ئاق چىمىلدىقىغا قىزغۇچ شولا تاشلاپ تۇراتتى.

كوچىدىكى تاراق - تۇرۇقلار جىمىقىپ، ئەتراپنى سىرلىق سۈكۈنات باسقانىدى.

شۇ ئەسنادا ئېدۇئارنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى ۋە ئۇدۇلىدىكى تامغا ئېسىلغان ئەينەكتە بىر بايا كۆرگەن چىراي پەيدا بولدى. بۇ ۋىلفور خانىم ئىدى. ئۇ، ھېلىقى دورىنىڭ قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن كىرگەنىدى. ئۇ بۇسۇغىدا تۇختىدى ۋە خۇددى ئادەم ياتمىغاندەك جىملىققا چۆمگەن بۇ ھۇجرىدىكى چىراغنىڭ چاراسلاپ كۆيۈشىگە قۇلاق سالدى. ئاندىن ئاستا شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىستاكانغا قارىدى. سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىستاكاندىكى ئىچىملىكنىڭ يەنە تۆتتىن بىر قىسمى قالغانىدى.

ۋىلفور خانىم ئىستاكاننى ئېلىپ، قالغان ئىچىملىكنى مەشكە تۆكتى ۋە سۇيۇقلۇق تېزرەك سىڭىپ كەتسۇن دەپ، كۈلنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئاندىن ئىستاكاننى ئوبدان چايقاپ، ئۆزىنىڭ قول ياغلىقى بىلەن سۈرتتى - دە، يەنە جايىغا قويۇپ قويدى.

ئۇ خېلى ئۇزاققىچە كارىۋات يېنىغا كېلىپ، ۋالېنتىناغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ غۇۋا يورۇقلۇق، جىمجىتلىق، تۈن قاراڭغۇسى ئۇنىڭ قارا كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولسا كېرەك. زەھەرلىگۈچى ئۆز قىلمىشىدىن قورقۇنچ ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى غەيرىتىنى يىغىپ، چىمىلدىقنى ئاچتى ۋە ۋالېنتىنانىڭ بېشىغا ئېگىشىپ قارىدى.

قىزنىڭ تىنىقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يېرىم ئېچىلىپ، قېتىپ قالغان لەۋلىرىدە ئەڭ يېنىك مامۇقمۇ تەۋرىنىپ قالماس ئىدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى كۆكىرىپ، سەل ئىششىپ قالغانىدى، ئۇزۇن



كىرپىكلىرى، سارغىيىپ كەتكەن تېرىسىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى.

ۋىلفور خانىم بۇ ھەرىكەتسىز چىرايغا ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئاخىرى يەنە غەيرىتىنى يىغىپ، قىزنىڭ كۆكسىگە قولىنى قويدى. كۆكرەكتە يۈرەك سوقۇش ئاڭلانمايتتى. بارماقلىرىدا سېزىلگەن تىترەك ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تومۇرلىرىنىڭ سوقۇشى ئىدى. ئۇ چۆچۈپ، قولىنى تارتىۋالدى.

ۋالېنتىنانىڭ بىر قولى كارىۋاتتىن ساڭگىلاپ قالغانىدى. بۇ قول خۇددى ژېرمېن پىلون ياسىغان ھەيكەللەرنىڭ قولىغا ئوخشايتتى، لېكىن بېغىشى سەل تارتىشىپ قالغان بولۇپ، كىرىشىپ قالغان ئىنچىكە بارماقلىرى كارىۋاتنىڭ قىزىل ياغىچىدا قېتىپ قالغان، تىرناقلىرىنىڭ چۆرىلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

ۋىلفور خانىمنىڭ گۇمانى قالمىدى. ئىش پۈتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئاخىرقى دەھشەتلىك ئىشى ئەمەلگە ئاشقانىدى.

زەھەرلىگۈچىنىڭ بۇ ئۆيدە قىلىدىغان ئىشى قالمىغانىدى. ئۇ، گويا ئۆزىنىڭ قەدەم شەپىسىدىن قورققاندەك، چىمىلدىقنى قويۇۋەتمەي، گىلەم ئۈستىدە ئېھتىيات بىلەن كەينىگە داجىدى. ئۇ، بۇ ئۆلۈم مەنزىرىسىگە بەنت قىلىنغانىدى.

مىنۇتلار ئۆتمەكتە، لېكىن ۋىلفور خانىم ۋالېنتىنانىڭ بېشىدىن خۇددى كېپەندەك كەڭ يېيىپ، تارتىپ تۇرغان چىمىلدىقنى تېخىچە قولىدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتى ۋە خىيالدىن ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى. ۋەھالەنكى، جىنايەتچىنىڭ خىيالى ۋىجدان ئازابىدىن ئىبارەت.

چىراغ ئۆنلۈكرەك چاراسلىدى. ۋىلفور خانىم چۆچۈپ كەتتى ۋە چىمىلدىقنى قولىدىن چىقىرىۋەتتى. دەل شۇ پەيتتە چىراغ ئۆچتى ۋە ھۇجرىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە گويا سائەتكە جان كىرگەندەك، تۆت يېرىمغا جاڭ ئۇردى.

جىنايەتچى ئايال تەنلىرى شۈركۈنگەن ھالدا تىمىسقىلاپ، ئىشىكنى تاپتى. ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن سوغۇق تەر تامچىلىرى ئېقىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ غىپپىدە ئۆز ھوجرىسىغا كىردۋالدى.

يەنە ئىككى سائەتكىچە ھوجرا ئىچىدە قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈردى. ئاندىن، دېرىزە قاپقاقلىرى ئارىسىدىن كۆككە يورۇقلۇق چۈشۈشكە باشلىدى. ھوجرا ئىچى بارغانسېرى يورۇپ، نەرسىلەرنىڭ رەڭگى ۋە شەكلى روشەنلىشىشكە باشلىدى.

كۆپ ئۆتمەي، پەلەمپەيدە يۆتىلىش ئاڭلاندى ۋە قولىدا چىنە تۇتقان سېستىرا ۋالېنتىنانىڭ ھوجرىسىغا كىردى. ناۋادا ئاتىسى ياكى سۆيگەن يىگىتى كىرگەن بولسا، ۋالېنتىنانى ئۆلۈپتۇ دېگەن بولار ئىدى. لېكىن بۇ يالانما ئايالنىڭ قارىشىچە ۋالېنتىنا ئۇخلاۋاتقانىدى.

— ھە، — دېدى ئۇ شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئۇ دورا ئىچىملىكنىڭ بىر قىسمىنى ئىچىپتۇ، ئىستاكاننىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى بوشاپتۇ.

ئاندىن ئۇ مەشكە ئوت قالاپ بولۇپ، كرېسلوغا ئولتۇردى ۋە تېخى ھېلى يوتقاندىن تۇرغىنىغا قارىماي، ۋالېنتىنانىڭ ئۇخلىشىنى يەنە بىر دەم كۆز يۇمۇۋېلىشقا ئوبدان پۇرسەت دەپ بىلدى.

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا سائەت سەككىزگە جاڭ ئۇرۇۋاتاتتى. شۇندىن كېيىن سېستىرا بىمار قىزنىڭ شۇ چاغقىچە ئويغانمىغانلىقىدىن ئەجەبلەندى، ئۇنىڭ ساڭگىلاپ قالغان قولىنىڭ بىر قېتىممۇ مىدىرلاپ قويمىغىنىدىن قورقتى. ئۇ كارىۋات يېنىغا كەلدى ۋە مۇزلاپ كەتكەن لەۋلەر بىلەن قېتىپ قالغان كۆكرەككە كۆزى چۈشتى. ئۇ، ۋالېنتىنانىڭ قولىنى كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، بۇ قولنىڭ قېتىپ قالغانلىقىنى كۆردى-دە، ھەممىنى چۈشەندى،



شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ۋارقىراپ تاشلىدى-دە، ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى.

— كېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — تېز كېلىڭلار!

— نېمە بولدى؟ — تۆۋەندىن ئاۋرېنىينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ، ئۇنىڭ ھەر كۈنى كېلىدىغان ۋاقتى ئىدى.

— نېمە بولدى؟ — ئىشخانىسىدىن ئالدىراپ چىققان ۋىلفورنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — دوختۇر، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ چاقىرىۋاتىدۇ.

— ھەئە، ھەئە، — دېدى ئاۋرېنىي، — يۈرۈڭ، تېز بولۇڭ، ۋالېنتىنانىڭ يېنىغا كىرەيلى.

ئاتىسى بىلەن دوختۇر يېتىپ كەلگۈچە شۇ قەۋەتتىكى بۆلمىلەر ۋە كارىدورلاردا ئىش قىلىۋاتقان خىزمەتكارلار كىرىشتى ۋە ۋالېنتىنانىڭ كارىۋاتتا تاتىرىپ كەتكەن، ھەرىكەتسىز ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئاھ ئۇرۇشماقتا ئىدى.

— ۋىلفور خانىمنى چاقىرىڭلار، ۋىلفور خانىمنى ئويغىتىڭلار، — دەپ ۋارقىرايتتى خانلىق مۇپەتتىش بوسۇغىدا تۇرۇپ ۋە بۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

لېكىن خىزمەتكارلار ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەستىن، ئاۋرېنىيگە قارىشىپ تۇرۇشاتتى. ئاۋرېنىي ھوجرىغا كىرىپلا ۋالېنتىنانىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى يۆلىدى.

— بۇمۇ تۈگەپتۇ!... — دېدى ئۇ ۋە قىزنى قايتىدىن ياتقۇزۇپ قويدى، — خۇدايىم، قاچانمۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى چىقار؟!

ۋىلفور ھوجرىغا يۈگۈرۈپ كىردى.

— ۋاي خۇدا، نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ ئۆزىنى تۇتالماستىن ۋارقىرىدى ئۇ، — دوختۇر!... دوختۇر!...

— ۋالېنتىنا ئۆلۈپتۇ دېدىم. — دەپ جاۋاب بەردى ئاۋرېلىيى جىددىي ۋە سۈرلۈك قىياپەتتە.

ۋىلفور ئۆزىنى تاشلاپ، تىزلەندى ۋە ۋالېنتىنانىڭ يوتقىنىغا بېشىنى قويدى.

دوختۇرنىڭ سۆزىنى، ئاتىسىنىڭ خىتابىنى ئاڭلىغان خىزمەتكارلار ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا چۇقان سېلىشىپ، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى. پەلەمپەيلەردىن ۋە كارىدورلاردىن ئۇلارنىڭ دۈپۈر-دۈپۈرلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاندىن ھويلىدا قاتتىق غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. كۆپ ئۆتمەي ھەممە يەرنى جىمجىتلىق قاپلىدى. خىزمەتكارلاردىن بىرى قالماي ھەممىسى بۇ قارغىش تەگكەن ئۆيدىن قېچىپ كېتىشكەنىدى.

شۇندىن كېيىن ۋىلفور خانىم يەلكىلىرىگە كېچىلىك خالىتىنى يېپىنچاقلاپ، ئىشىك پەردىسىنى قايرىدى. ئۇ ئۆزىنى ئەجەبلەنگەنگە سېلىپ ۋە كۆزلىرىدىن تەسلىكتە بىرنەچچە تامچە ياش چىقىرىپ، بوسۇغىدا تۇختىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇ تاتىرىپ كەتتى ۋە قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، ھاپىلا-شاپىلا شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئۇ، بۈگۈنكى تۈن نىسپىدە ئۆز قولى بىلەن قۇرۇقداپ قويغان ئىستاكانغا ئاۋرېلىيى ئېڭىشىپ، دىققەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ، مەشتىكى كۈلگە قانچىلىك سۈيۇقلۇقنى تۆككۈۋەتكەن بولسا، ئىستاكاندا ھازىر يەنە شۇنچىلىك سۈيۇقلۇق تۇراتتى. مۇبادا ۋالېنتىنانىڭ روھىي باش كۆتۈرۈپ پەيدا بولغان بولسىمۇ، بۇ زەھەرلىگۈچى ئايال بۇنچىلىك تەئەججۈپلەنمىگەن بولار ئىدى. ئىستاكاندىكى سۈيۇقلۇقنىڭ رەڭگى دەل ئۇ ئۆزى قۇيۇپ قويغان ۋە ۋالېنتىنا ئىچىۋەتكەن زەھەرلىك دورىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاشلا ئىدى. بۇ زەھەر ئاۋرېلىيىنىڭ كۆزلىرىنى ئالدىيالمايدۇ. ئاۋرېلىيى ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈۋاتىدۇ.



بۇ — سۆزسىز خۇدانىڭ كارامىتى، چۈنكى جىنايەتچى ئايالنىڭ ھەرقانچە شۇملۇق قىلىشىغا باقماي، جىنايەتنىڭ ئىزى، دەلىلى، يىپ ئۇچى قالغانىدى.

ۋىلفور خانىم گوياكى قورقۇنچنىڭ ئامايەندىسىدەك قىمىر قىلماي تۇرغاندا، ۋىلفور مەرھۇمەنىڭ يوتقىنىغا يۈزىنى قويۇۋېلىپ، ئەتراپتىكى ھېچنېمىنى كۆرمەي ئولتۇرغاندا، ئاۋرېلىيى دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. ئۇ، ئىستاكاندىكى سۈيۇقلۇقتا يەنە بىر قېتىم دىققەت بىلەن قارىغاندىن كېيىن بارمىقىنىڭ ئۇچىنى ئىستاكانغا چىلىدى.

— بۇ قېتىمقىسى بىرۇتسىن ئەمەس، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئۇ، كىچىك ئاپتېكىغا ئايلاندۇرۇلغان بىر ئىشكاپنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە كۈمۈش قۇتىنىڭ ئىچىدىن ئازوت كىسلاتاسى قاچىلانغان شېشىنى چىقاردى-دە، ئىستاكاندىكى سۈيۇقلۇققا بىرنەچچە تامچە تېمىتتى. سۈيۇقلۇق دەرھال قاندەك قىزىل رەڭگە ئۆزگەردى.

— شۇنداق! — دەپ قويدى ئاۋرېلىيى.

ئۇنىڭ چىرايىدا ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلىغان سوتچىغا خاس نەپرەت ۋە قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلغان ئالىمغا خاس خۇشاللىق ئەكس ئەتتى.

ۋىلفور خانىم ئالاقزادە بولۇپ، ئۆپچۆرىسىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئاندىن خۇنۈكلەشتى. ئۇ دەلدەڭشىپ بېرىپ، ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتتى-دە، غايىب بولدى. بىردەمدىن كېيىن يىقىلغان بەدەننىڭ شەپىسى ئاڭلاندى. لېكىن بۇنىڭغا ھېچكىم ئېتىبار قىلمىدى. سېستىرا دوختۇرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۈزىتىپ تۇراتتى، ۋىلفور تېخىچە بايىقىدەك بىھوشلۇق ھالىتىدە ئىدى.

يالغۇز ئاۋرىنيىلا ۋىلفور خانىمنىڭ، كەينىدىن كۆز تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىراپ چىقىپ كەتكىنىگە دىققەت قىلدى. ئۇ، ئىشىك پەردىسىنى قايرىدى ۋە ئىدۇئارنىڭ بۆلمىسى ئارقىلىق نېرىقى ھۇجرىغا نەزەر سالدى. ۋىلفور خانىم پولدا قىمىر قىلماي ياتاتتى.

— ئۇنىڭ يېنىغا چىقىڭ، — دېدى ئۇ سېستىراغا. — ۋىلفور خانىمنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

— ۋالېنتىنا خېنىمچۇ؟ — دېدى سېستىرا دۇدۇقلاپ.

— ۋالېنتىنا خانىقىز ئەمدى ياردەمگە موھتاج ئەمەس، — دېدى ئاۋرىنيى. — ئۇ ئۆلدى.

— ئۆلدى! ئۆلدى! — دەپ ئاھ ئۇراتتى ۋىلفور ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىپ. ئۇنىڭ تۆمۈردەك يۈرىكى بۇنداق ئىچ ئاغرىقىنى ئەسلا تارتىپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ ھەسرەت ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى.

— نېمە گەپ بۇ! ئۆلدى؟ — ئۈچىنچى بىر ئاۋاز خىتاب قىلدى، — كىم ۋالېنتىنانى ئۆلدى دەيدۇ؟

ۋىلفور بىلەن دوختۇر بۇرۇلۇپ قاراشتى. بوسۇغىدا دەھشەتلىك تۈردە تاتىرىپ كەتكەن موررېل تۇراتتى.

ئەسلىدە مۇنداق ئىش بولۇپ ئۆتكەنىدى.

موررېل كۈندە كېلىدىغان ۋاقىتتا نۇئارتىيېنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ بارىدىغان كىچىك ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ئادەتتىكىگە مۇخالىپ ھالدا بۇ ئىشىك تاقالمىغان بولۇپ، قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىش ھاجەتسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىردى. ئۇ، دالاندا توختاپ، نۇئارتىيېنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىدىغان مالاينى تووۋلىدى. لېكىن ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، خىزمەتكارلار بۇ ئۆينى تاشلاپ كېتىشكەنىدى.

موررېلنىڭ تەشۋىشلىنىشىگە تىلغا ئالغۇدەك ئاساس يوق



ئىدى. مونتې-كرىستو ئۇنىڭغا ۋالېنتىنانىڭ ھايات بولۇشىغا كېپىللىك قىلىپ ۋەدە بەرگەنىدى ۋە بۇ ۋەدە ھازىرغىچە بۇزۇلماي كېلىۋاتاتتى. ھەر كۈنى كەچتە گراف ئۇنىڭغا ياخشى خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلەتتى ۋە بۇ خەۋەرلەر ئەتىسى نۇئارتىيې تەرىپىدىن تەستىقلىناتتى.

شۇنداقتىمۇ، بۇنداق جىمجىتلىق ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇ، قوڭغۇراقنى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم جىرىڭلاتتى. بەنىلا جىمجىتلىق. ئاخىرى ئۇ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىۋېرىشنى قارار قىلدى. نۇئارتىيېنىڭ ئىشىكى خۇددى باشقا ئىشىكلەرگە ئوخشاشلا ئوچۇق ئىدى. ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆزى كرېسلودا ئولتۇرغان بوۋايغا چۈشتى. بوۋاي بەكلا تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدە قورقۇنچ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ئەھۋالىڭىز قانداق، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى موررېل سەل يۈرىكى سىقىلغان ھالدا.

— ياخشى دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي، — ياخشى.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بارغانسېرى خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بىر ئىش بولغاندەك تۇرىدىغۇ، — دېدى يەنە موررېل، — مالاينى چاقىرايمۇ؟

— ھەئە، — دېگەننى ئىپادىلىدى نۇئارتىيې.

موررېل قوڭغۇراقنى ئۈزۈلدۈرمەي جىرىڭلىتىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ قوڭغۇراق شوينىسىنى ھەرقانچە كۈچەپ تارتقىنى بىلەنمۇ ھېچكىم كىرمىدى. ئۇ، نۇئارتىيېگە قارىدى. بوۋاينىڭ چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— تۇۋا! — دېدى موررېل، — نېمە ئۈچۈن ھېچكىم كىرمەيدىغاندۇ؟ يەنە بىركىم ئاغرىپ قالدىمۇ؟

— ھەئە، ھەئە! — دېگەننى ئىپادىلىدى نۇئارتىيې.

ماكسىمىلىئان ئاغزىنى ئاچتى، لېكىن ھېچنېمە دېيەلمىدى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ، تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئاندىن ئۇ قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسەتتى.

— ھەئە، ھەئە، ھەئە! — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي.

ماكسىمىلىئان كىچىك پەلەمپەيگە يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئىككى ئاتلاپلا ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشتى. نۇئارتيېنىڭ كۆزلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، گوياكى «تېز، تېز!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

موررېل ھەش - پەش دېگۈچە چۆلدەرەپ قالغان بىرنەچچە بۆلمىدىن ئۆتۈپ، ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسىغا كەلدى. ئۇ، ئىشىكنى ئاچىمەن دەپ ئاۋارە بولمىدى. ئىشىك يوغان ئېچىۋېتىلگەنىدى. ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، تىزلىنىپ تۇرۇپ، يۈزىنى پۈرلەشتۈرۈلگەن ئاق يوتقانغا قويۇۋېلىپ يىغلاۋاتقان قارا گەۋدىنى كۆردى. دەھشەتلىك قورقۇنچ ئۇنى گويا بوسۇغىغا مىخلاپ قويغاندەك بولدى. شۇ ئەسنادا ئۇ «ۋالېنتىنا ئۆلدى» دېگەن بىر ئاۋازنى ۋە خۇددى ئەكس سادادەك «ئۆلدى! ئۆلدى!» دېگەن يەنە بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى.

## يىگىرمىنچى باب

# ماكسىمىلىئان

ۋىلفور ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇنداق ھەسرەتلىنىپ يىغلىغانلىقىنى باشقا كىشىنىڭ كۆرۈپ قالغانلىقىدىن سەل ئوڭايسىزلاندى. 25 يىلغا سوزۇلغان سوراقچىلىق خىزمىتى ئۇنى بىر قىسىم ئىنسان تەبىئىتىدىن مەھرۇم قىلغانىدى.



ئۇنىڭ دەسلەپتە ئالاقزادە بولغان كۆزلىرى كېيىن ماكسىمىلىئانغا قادالدى.

— سىز كىم، تەقسىر؟ — دېدى ئۇ، — نەدىن كەلدىڭىز؟ ئۆلۈملۈك ئۆيگە مۇشۇنداق ئۆز مەيلىچە كىرىۋېرەمسىز؟ چىقىڭ!

موررېل ئورنىدىن قوزغالمىدى. ئۇ، بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىدىن، پۈرلەشتۈرۈلگەن يوتقاندىن، ياستۇقتىكى تاتارغان چىرايدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى.

— چىقىڭ! ئاڭلاۋاتامسىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى ۋىلفور.

ئاۋرىنيمۇ ماكسىمىلىئاننى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن يېقىن كەلدى.

ماكسىمىلىئان ئەس - ھوشىنى يوقاتقان قىياپەتتە ۋالېنتىناغا، بۇ ئىككى ئەر كىشىگە، ئۆي ئىچىگە قاراپ چىقتى ۋە بىر نېمە دېيىشكە تەمشەلدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ مېڭىسىدە ھەسرەتلىك خىياللار قۇيۇندەك ئۇچۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، قىلغۇدەك گەپ تاپالماستىن، بېشىنى چاڭگاللاپ تۇتۇۋېلىپ، يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ۋىلفور بىلەن ئاۋرىنيى بىردەملىككە ئۆز خىياللىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى ۋە ئاندىن «ساراڭ ئوخشايدۇ» دېگەندەك قىلىپ، بىر - بىرىگە قاراشتى.

ۋەھالەنكى، ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتمەيلا پەلەمپەي غىچىرلاشقا باشلىدى ۋە موررېل كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك كۈچ بىلەن نۇئارتيېنى كرېسلوسى بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كەلدى. ئاندىن ئۇ كرېسلونى پولغا قويدى - دە، ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسىغا ئىتتىرىپ ئەكىردى. بۇ ئىشلارنى ئۇ ھەسرەتتىن تەلۋىلەنگەن ھالدا ھەسسىلەپ ئاشقان كۈچ بىلەن بېجىردى. لېكىن شۇ تاپتا ھەممىدىن دەھشەتلىكرەك

كۆرۈنگىنى نۇئارتىينىڭ چىرايى ئىدى. موررېل ئۇنى ۋالىنتىنانىڭ كاردۋىتى يېنىغا ئەكەلگەندە پالەچ بوۋاينىڭ پۈتۈن كۈچى ۋە ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرى كۆزلىرىگە مەركەزلەشكەنىدى.

ۋىلفور بۇ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى ۋە ئوتقاشتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئاتىسى بىلەن توقۇنۇشقاندا جەزمەن بىر قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بېرەتتى، ئۆمۈر بويى شۇنداق بولۇپ كەلدى.

— قاراڭ، بۇلارنىڭ قىلغان ئىشىنى! — دەپ ۋارقىرىدى موررېل. ئۇ، بىر قولى بىلەن كىرېسلونىڭ يۆلەنچۈكىگە تايىنىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ۋالىنتىنانى كۆرسەتتى، — قاراڭ، ئاتا!

ۋىلفور كەينىگە داجىدى ۋە نۇئارتىيېنى ئاتا دەپ ئاتاۋاتقان بۇ يوچۇن يىگىتكە ئەجەبلىنىپ قارىدى.

بۇ چاغدا بوۋاينىڭ پۈتۈن جېنى ئۇنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە تىقىلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ماڭلىيىدىكى تومۇرلىرى كۆپچۈپ كەتتى، خۇددى تۇتقاقلىقى تۇتۇپ قالغان ئادەمدەك بويۇن، يۈز ۋە چېكىلىرى كۆكىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن بۇ ئىچكى پارتلاشقا پەقەت ۋارقىراشلا يېتىشمەي تۇراتتى. بۇ دەھشەتلىك، ئېچىنىشلىق ئۈنسىز ۋارقىراش گوياكى ئۇنىڭ بارلىق تېرە تۆشۈكچىلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئاۋرىنيى بىر شىشە ئىسپىرتنى ئېلىپ، يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، بوۋايغا پۈراتتى.

— تەقسىر، — دەپ ۋارقىرىدى موررېل بوۋاينىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، — بۇلار مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى سورىشىۋاتىدۇ. بۇنى سىز بىلىسىز، بۇلارغا ئېيتىپ بېرىڭ، ئېيتىپ بېرىڭ!

ئېتىلىپ چىققان يىغا ئۇنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى.



بوۋاينىڭ دېمى سىقىلىپ، كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى تۇتقاقلىقى باشلىنىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئاخىرى نۇئارتىينىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. بوۋاي بېشىنى ئېگەلمەيتتى. ئۇ پەقەت كۆزلىرىنى يۇمدى.

— ئۇلارغا ۋالىنتىنا بىلەن ئىككىمىز توي قىلماقچى بولغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپ داۋاملاشتۇردى موررېل، — ۋالىنتىنا مېنىڭ دوستۇم، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر مۇھەببىتىم بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ! ئۇنىڭ نەپسى ئۈزۈلگەن جەستى ماڭا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭ!

شۇ گەپ بىلەن ئۇ كاردۋات يېنىغا تىزلەندى، قوللىرى يوتقاننى سىقىملاپ، كىرىشىپ كەتتى.

بۇ بەستىلىك، كۈچلۈك ئادەمنىڭ ھەسرەت بىلەن تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇش شۇنچىلىك ئازابلىق ئىدىكى، ئاۋرىنيى ھاياجانلىنىشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تەتۈر قارىۋالدى. ۋىلفور بۇنىڭدىن ئارتۇق ئېچىشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلمىدى ۋە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل كۈچنىڭ تارتىشى بىلەن موررېلغا قولىنى ئۇزارتتى، چۈنكى بىزنى مۇسىبەتتە قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەمنى ياخشى كۆرگەن كىشى ھامان قەلبىمىزنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

ھالبۇكى، ماكسىمىلىئان ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى. ئۇ ۋالىنتىنانىڭ مۇزدەك قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى ۋە يىغلاشنى بىلمىگەنلىكتىن، كىرلىكنىڭ چېتىنى چىشلىۋېلىپ، بوغۇق ئاۋازدا ئىڭرىدى.

بىرنەچچە مىنۇتقىچە بۇ ھۇجرا ئىچىدىن پەقەت يىغلاش، قارغاش ۋە ئايەت ئوقۇشلا ئاڭلىنىپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ، بىر ئاۋاز ھەممىسىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۇ بولسىمۇ، نۇئارتىينىڭ دەھشەتلىك خىرقىرىشى ئىدى. ئۇ ھەر بىر خىرقىرىغاندا ئۇنىڭ

باغرىدىن گويا ھاياتلىقنىڭ بىر يىلتىزى ئۈزۈلگەندەك بولاتتى.

ئاخىرى، باشقىلارغا نىسبەتەن ئۆزىنى بىر قەدەر تۇتۇۋالغان ۋىلفور ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلدى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ، — سىز ۋالېنتىنانى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىزنى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز. مەن بۇ مۇھەببەتتىن بىخەۋەر ئىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ ئاتىسى، سىزنى ئەيىپ قىلمەن، چۈنكى سىزنىڭ ھەقىقىي تۈردە ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. مەنمۇ تەڭداشسىز ھەسرەتتە قالدىم ئەمەسمۇ. شۇڭا، كۆڭلۈمدە خاپىلىققا ئورۇن قالمىدى. بىراق، ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، سىزگە بەخت ئاتا قىلىش ئالدىدا تۇرغان پەرىشتە بۇ دۇنيانى تاشلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا پانىي ئالەمدىكى مۇھەببەتنىڭ لازىمى يوق. ئۇ ھازىر ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى بىلەن خوشلىشىۋېلىڭ، ئۇنىڭ سىز ئارمان قىلغان قولىنى ئاخىرقى قېتىم تۇتۇۋېلىڭ. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىڭ. ھازىر ۋالېنتىناغا زۆرۈر بولغىنى پەقەت دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان روھانىي.

— خاتالاشتىڭىز، تەقسىر، — دەپ خىتاب قىلدى موررېل، ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئۇنىڭ يۈرىكى شۇنداق قىسىلىپ ئاغرىدىكى، ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ئاغرىققا گىرىپتار بولمىغانىدى، — خاتالاشتىڭىز. ۋالېنتىنا ئۆلدى، لېكىن ئۇ شۇنداق ئۆلۈم بىلەن كەتتىكى، ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغىنى يالغۇز روھانىيلا ئەمەس. ئۇ يەنە قىساس ئالىدىغان ئادەمگە موھتاج! سىز روھانىينى چاقىرىۋېرىڭ، ۋىلفور ئەپەندى. ئۇنىڭ قىساسىنى مەن ئالىمەن!

— نېمە دېگىنىڭىز، تەقسىر! — دەپ غودۇڭشىدى ۋىلفور. موررېلنىڭ تەلۋىلىنىپ ۋارقىرىشى ئۇنىڭ تەنلىرىنى لەرزىگە سالدى.



— شۇنى دېمەكچىمەنكى، تەقسىر، سىزنىڭ ئىككى كىشىلىك سالاھىيىتىڭىز بار. ئاتىلىق سالاھىيىتىڭىز بىلەن يېتەرلىك يىغلىدىڭىز، ئەمدى مۇپەتتىشلىك سالاھىيىتىڭىز بىلەن مەيدانغا چىقىڭ.

نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئاۋرىنىي يېقىنراق كەلدى.

— مەن نېمە دەۋاتقانلىقىمنى بىلىپ سۆزلەۋاتىمەن، تەقسىر، — دېدى يەنە موررېل، ئۇ نەق مەيداندا ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى، — سىز ئۆزىڭىزمۇ مەندىن ياخشىراق بىلىسىز، ۋالېنتىنا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى!

ۋىلفور بېشىنى ساڭگىلاتتى. ئاۋرىنىي يەنە بىر قەدەم يېقىنلاپ كەلدى. نۇئارتىيې تەستىقلىغان تەرىزدە كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇپ ئاچتى.

— بىزنىڭ دەۋرىمىزدە، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى موررېل، — ۋالېنتىنادەك ياش ۋە گۈزەل بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ، ھەرقانداق تىرىك جان قەستكە ئۇچرىغانىكەن، ئۇنىڭ ئۆلۈمى جەزمەن سۈرۈشتە قىلىنىشى كېرەك. خانلىق مۇپەتتىش ئەپەندى، — موررېل بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان ئاۋازى بىلەن سۆزىنى تاماملىدى، — ئارىسالدا بولۇشقا ئورۇن قالمىدى! مەن سىزگە جىنايەتنى كۆرسىتىپ بەردىم، ئەمدى سىز قاتىلنى ئىزدەپ تېپىڭ!

ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋىلفورغا مىختەك قادالدى. ۋىلفور نېمە دېيىشىنى بىلمەي، بىردەم نۇئارتىيېگە، بىردەم ئاۋرىنىيگە قارىدى. لېكىن ئۇلارمۇ ۋىلفورنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئوخشاشلا ئۇنىڭغا قەتئىيلىك بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى.

— شۇنداق! — دېگەننى ئىپادىلىدى بوۋاي.

— توغرا! — دېدى ئاۋرىنىي.

— خاتالاشتىڭىز، تەقسىر، — دېدى ۋىلفور، بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئۆزىنىڭ دېلىغۇللۇقىنى بېسىشقا تىرىشىپ، — مېنىڭ ئۆيۈمدە جىنايەت ئۆتكۈزۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس. تەقدىر ماڭا زەربە بەرمەكتە، تەڭرى مېنى جازالىماقتا، لېكىن مېنىڭ ئۆيۈمدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش بولمىدى!

نۇئارتيېنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئاۋرېنىيې ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچتى. موررېل «جىم بولۇڭ» دېگەننى بىلدۈرۈپ، قولىنى ئالدىغا سوزدى.

— سىزگە ئېيتىپ قويايكى، بۇ يەردە قاتىللىق قىلىۋاتقان ئادەم بار! — دېدى ئۇ بوش، ئەمما غەزەپلىك ئاۋازدا، — تۆت ئاي ئىچىدە تۆت ئادەم قۇربان قىلىندى! تۆت كۈن ئىلگىرى ۋالېنتىنانى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىنغانىدى، لېكىن نۇئارتيې ئەپەندى قوللانغان تەدبىرنىڭ خاسىيىتى بىلەن شۇ قېتىمقى سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمىغانىدى! سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، كېيىن زەھەرنىڭ مىقدارى كۆپەيتىلدى ياكى باشقا خىل زەھەر ئالماشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قېتىم سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشتى! يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، بۇ ئىشلارنى سىز خۇددى ماڭا ئوخشاشلا ياخشى بىلىسىز، چۈنكى ئاۋرېنىيې ئەپەندى ھەم دوختۇر، ھەم دوست بولۇش سۈپىتى بىلەن سىزنى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرغانىدى.

— جۆيلۈپ قاپسىز، تەقسىر، — دېدى ۋىلفور گويا ئۆزىگە تەگكەن قامچىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ.

— مەن جۆيلۈۋاتامدىم؟ — دەپ خىتاب قىلدى موررېل، — ئۇنداق بولسا، ئاۋرېنىيې ئەپەندىگە مۇراجىئەت قىلايلى. ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭ، تەقسىر، ئۇنىڭ سېن - مېران خانىم قازا تاپقان كۈنى ئاخشىمى سىزنىڭ بېغىڭىزدا، مۇشۇ ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قىلغان گەپلىرى ئېسىدە بارمىكىن. شۇ ئاخشىمى سىلەر ئىككىڭلار



ئۆزۈڭلارنى يالغۇز دەپ ئويلاپ، ئاشۇ پاجىئەلىك ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلەشكەنىدىڭلار. سىز تەقدىرنى تىلغا ئالدىڭىز، خۇدانى ناھەق ئەيىبلىدىڭىز. ھالبۇكى، تەقدىر بىلەن خۇدانىڭ بۇ ئىشتىكى ئىشتىراكى پەقەت ۋالېنتىنانىڭ قاتىلىنى ياراتقانلىقىدىنلا ئىبارەت!

ۋىلفور بىلەن ئاۋرېنىيې بىر - بىرىگە قاراشتى.

— شۇنداق، شۇنداق، ئەسلەپ بېقىڭلار، — دېدى موررېل، — سىلەر ئۇ گەپلەرنى خىلۋەتلىكتە، پىنھانلىقتا ئېيتىلدى دەپ ئويلىغانىدىڭلار، لېكىن ئۇ گەپلىرىڭلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن مېنىڭ قۇلاقلىرىمغا يېتىپ كەلدى. توغرا، شۇ ئاخشامدىن كېيىن مەن ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئۆز يېقىنلىرىغا جىنايەتكارانە چاپان ياپقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ گەپنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىشىم كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلسام، سېنىڭ ئۆلۈمىڭنىڭ سەۋەبكارلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالمىغان بولاتتىم، ۋالېنتىنا، سۆيۈملۈكۈم! لېكىن سەۋەبكار ئەمدى قىساسكارغا ئايلاندى. بۇ تۆتىنچى قاتىللىق ھەرقانداق ئادەمگە ئايان بولۇپ قالدى. ۋالېنتىنا، ناۋادا ئاتاڭ سەندىن يۈز ئۆرۈگەن بولسا، ساڭا قەسەم قىلىمەنكى، قاتىلنى مەن تاپىمەن!

ئاخىرى، تەبىئەت ئىچ - ئىچىدىن قايناپ تۇرغان بۇ كۈچلۈك ئادەمدىن تەسىرلەندى بولغاي، موررېلنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئۇنىڭ تامىقىدا توختاپ قالدى، ئۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. كۆزلىرىدىن توختىتىپ بولمايدىغان ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە يىغلىغان پېتى يەنە ۋالېنتىنانىڭ كارىۋىتى يېنىغا ئۆزىنى تاشلاپ تىزلاندى.

ئەمدى نۆۋەت ئاۋرېنىيېگە كەلدى.

— مەنمۇ موررېل ئەپەندىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، جىنايەتچىنىڭ جازاغا تارتىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى ئۇ

يۇقىرى ئاۋازدا. — بىخەستەلىك بىلەن سوكۇت قىلغانلىقىم قاتىلنى رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىسام، يۈرەك - باغرىم پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!

— ئاھ خۇدا! — ۋىلفور ئاران ئاڭلانغۇدەك پىچىرلىدى.

موررېل بېشىنى كۆتۈردى ۋە بوۋاينىڭ كۆزلىرى گوياكى مىسلى كۆرۈلمىگەن تاماشىدەك چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دېدى:

— قاراڭلار، نۇئارتيې ئەپەندى بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— شۇنداق، — دېگەننى بىلدۈردى نۇئارتيې. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزگىچە دەھشەتلىك تۈس ئالغانىدى، چۈنكى بۇ بەختسىز، ئاجىز بوۋاينىڭ بارلىق ئىقتىدارى ئاشۇ كۆزلەرگە مەركەزلەشكەنىدى.

— سىز قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— ھەئە، — دېگەن جاۋابنى ئىپادىلىدى نۇئارتيې.

— ئۇنى بىزگە ئېيتىپ بېرەمسىز؟ — دەپ خىتاب قىلدى ماكسىمىلىئان، — ئاڭلاڭ، ئاۋرىنيې ئەپەندى، ئاڭلاڭ!

نۇئارتيېنىڭ كۆزلىرى بىچارە موررېلگە كۈلۈمسىرەش ئىپادىسى بىلەن قارىدى. ئۇ، ئىلگىرى مۇشۇنداق غەمكىن ۋە مۇلايىم قارىشى بىلەن ۋالېنتىنانى خۇش قىلاتتى. ئاندىن، ئۇ سۆھبەتدىشىنىڭ كۆزلىرىنى ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە گويا بەنت قىلىۋالغاندىن كېيىن ئىشىككە قارىدى.

— مېنى چىقىپ كەت دەمسىز؟ — دېدى موررېل روھى چۈشكەن ھالدا.

— ھەئە، — دېگەننى بىلدۈردى نۇئارتيې.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن!



بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئىشىكتىن ئۈزۈلمىدى.

— ئەمىسە، بىر دەمدىن كېيىن يەنە كىرسەم بولامدۇ؟ — سورىدى ماكسىمىلىئان.

— ھەئە.

— ئۆزۈم يالغۇز چىقىپ كېتەمدىم؟

— ياق.

— كىم بىلەن چىقىمەن؟ ۋىلفور ئەپەندى بىلەنمۇ؟

— ياق.

— دوختۇر بىلەنمۇ؟

— ھەئە.

— ۋىلفور ئەپەندى بىلەن يالغۇز قالماقچىمۇسىز؟

— ھەئە.

— ئۇ سىزنى چۈشىنەلەمدۇ؟

— ھەئە.

— مالال بولماڭ، — دېدى ۋىلفور، تەكشۈرۈش يەك ئىچىدە بولىدىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، — مەن ئاتام بىلەن ئوبدان سۆزلىشەلەيمەن.

بۇ گەپنى قىلغاندا گەرچە ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامىتى ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا چىشلىرى كاسىلداپ تۇراتتى.

ئاۋرىنيې ماكسىمىلىئاننى قولتۇقلاپ، ياندىكى بۆلۈمگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. پۈتۈن بىنا ئۆلۈمنىڭ جىمجىتلىقىدىن بەكرەك سۈكۈناتقا چۆمدى.

ئارىدىن چارەك سائەت ئۆتكەندە جۇرئەتسىز قەدەم شەپىسى ئاڭلاندى - دە، ئاۋرىنيې بىلەن موررېل تۇرغان بۆلۈمنىڭ بوسۇغىسىدا ۋىلفور پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئاۋرىنيې خىيالغا پاتقان ھالدا، موررېل بولسا، ھەسرەتتىن دېمى سىقىلغان ھالدا كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

— كېلىڭلار، — دېدى ۋىلفور ۋە ئۇلارنى نوئارتيېنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى.

مورربېل ۋىلفورغا سىنچىلاپ قارىدى. خانىلىق مۇپەتتىشنىڭ چىرايى خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەندەك تاتىرىپ كەتكەن، ماڭلىيىدا بېغىرەك داغلار پەيدا بولغانىدى، بارماقلىرى پەي قەلەمنى ئەسەبىيلىك بىلەن سىجىقلاپ، سۇندۇرماقتا ئىدى.

— ئەپەندىلەر، — دېدى ئۇ ئاۋرىنىيى بىلەن مورربېلغا قاراپ بوغۇق ئاۋازدا، — بۇ دەھشەتلىك سىر بىزنىڭ يۈرەكلىرىمىزدە ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەيسىلەر.

ئۇ ئىككىيلەن ئىختىيارسىز تۈردە نارازىلىق ھېسسىياتى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ قالدى.

— سىلەردىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن، — دېدى يەنە ۋىلفور.

— بىراق، جىنايەتچى... — دېدى مورربېل، — قاتىل... زەھەرلىگۈچى...

— خاتىرجەم بولۇڭ، تەقسىر، ئۇ جازاغا تارتىلىدۇ، — دېدى ۋىلفور، — ئاتام ماڭا جىنايەتچىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. ئاتام خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا قىساس ئېلىشقا ئىنتىزار. لېكىن ئۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا سىلەردىن بۇ سىرنى ئاشكارىلىماسلىقنى سورايدۇ. شۇنداقمۇ، ئاتا؟

— شۇنداق، — دېگەننى قەتئىيلىك بىلەن ئىپادىلىدى نوئارتيې.

مورربېل قورقۇنچ ۋە ئىشەنمەسلىك قىياپىتى بىلەن ئىختىيارسىز تۈردە كەينىگە داجىدى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ مورربېلنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، — ئاتامنىڭ ئىرادىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى سىز بىلىسىز. شۇڭا، ئۇ سىزگە مۇشۇنداق تەلەپنى قويغانىكەن، دېمەك ئۇ ۋالىنتىنا ئۈچۈن دەھشەتلىك قىساس ئېلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇنداقمۇ، ئاتا؟



بوۋاي «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلىدى.

ۋىلفور سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاتام مېنى چۈشىنىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بەردىم. مالال بولماڭلار، ئەپەندىلەر. ماڭا ئۈچ كۈن ۋاقىت بېرىشىڭلارنى سورايمەن. بۇنداق ئىشلاردا سوتمۇ ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت بېرىدىغۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن قىزىمنىڭ قاتىلىدىن ئېلىنغان قىساس ھەتتا ئەڭ ھېسسىياتسىز يۈرەكلەرنىمۇ لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. شۇنداقمۇ، ئاتا؟

شۇ گەپ بىلەن ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، بوۋاينىڭ جانسىز قولىنى قىسىپ سىلكىدى.

— بۇ راست گەپمۇ، نوئارتيې ئەپەندى؟ — سورىدى مورربېل. ئاۋرىنىينىڭ كۆزلىرىمۇ شۇ سوئالنى ئىپادىلىدى.

— ھەئە! — دېگەننى ئىپادىلىدى نوئارتيې ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۇلايىم خۇشاللىق ئەكس ئەتتى.

— قېنى، ۋەدە بېرىڭلار، ئەپەندىلەر، — دېدى ۋىلفور ئاۋرىنىيى بىلەن مورربېلنىڭ قوللىرىنى بىر-بىرىگە جۈپلەپ تۇتۇپ، — مېنىڭ ئائىلەمنىڭ شەرىپىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىككە ۋە قىساس ئېلىشنى ماڭا تاپشۇرۇشقا ۋەدە بېرىڭلار.

ئاۋرىنىيى تەتۈر قارىۋالدى ۋە خۇش-ياقمىغان نەزەردە «ماقۇل» دەپ قويدى. لېكىن مورربېل ۋىلفورنىڭ قوللىرىدىن ئۆزىنىڭ قولىنى تارتىۋالدى-دە، تۆشەك يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، لەۋلىرىنى ۋالىنتىنانىڭ سوغۇق لەۋلىرىگە باستى ۋە ئۈن سېلىپ ئاھ ئۇرغان بويىچە ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بارلىق مالايلار قېچىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، بىزنىڭ چوڭ شەھەرلىرىمىزدە ئۆلۈمدىن كېيىن، بولۇپمۇ مۇشۇنداق گۇمانلىق شارائىتتا يۈز بەرگەن ئۆلۈمدىن كېيىن ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان خىلمۇخىل مۇرەككەپ ئىشلارنى

ئادا قىلىشقا ۋىلفور ئاۋرىنىيدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى.

نۇئارتىيېگە كەلسەك، ئۇنىڭ شەپىسىز ھەسرىتى، تاشتەك قېتىپ قالغان ئۈمىدسىزلىكى، ئۈنسىز ياشلىرىنى كۆرسە، كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى.

ۋىلفور ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىۋېلىپ، جىمىپ كەتتى. ئاۋرىنىي ئۆلۈمنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتىدىغان ۋە «ئۆلۈكلەر دوختۇرى» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس دوختۇرنى چاقىرىش ئۈچۈن كەتتى.

نۇئارتىيې نەۋرىسىنىڭ يېنىدىن چىققىلى ئۇنىمىدى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە ئاۋرىنىي ئۆزىنىڭ كەسپدىشىنى باشلاپ قايتىپ كەلدى. كوچىغا چىقىدىغان ئىشىك تاقاقلىق ئىدى. دەرۋازىۋەن باشقا مالايلار بىلەن بىللە كەتكەن بولغاچقا، ۋىلفور ئۆزى چىقىپ، ئىشىكنى ئاچتى. لېكىن، ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلگەندە ئۇ توختىدى. ئۇنىڭ بۇ ھۇجرىغا يەنە كىرگۈدەك مادارى قالمىغانىدى.

ئىككى دوختۇر ھۇجرىغا ئۆزلىرى كىرىشتى. نۇئارتىيې خۇددى مەرھۇمغا ئوخشاشلا تاتىرىپ كەتكەن، ھەرىكەتسىز، ئۈنسىز ھالدا كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۆلۈكلەر دوختۇرى تۆشەك يېنىغا كەلدى ۋە ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى جەسەتلەر بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزگەن ئادەمگە خاس بىپەرۋالىق بىلەن قىزنىڭ يۈزىگە يېپىلغان كىرلىكنى قايرىدى، ئاندىن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى ئېچىپ كۆردى.

— شۇنداق، — دېدى ئاۋرىنىي ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — بىچارە قىز ئۆلدى، بۇنىڭدا شەك يوق.

— شۇنداق، — دەپ قىسقىلا جاۋاب قايتۇردى ئۆلۈكلەر دوختۇرى ۋە كىرلىكنى يەنە ۋالېنتىنانىڭ يۈزىگە يېپىپ قويدى.



نۇئارتىيې بوغۇلۇپ، خىرقىرىدى. ئاۋرىنىي ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئاۋرىنىي ئۇنىڭ نەۋرىسىنى كۆرگۈسى كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئىككىنچى دوختۇر مەرھۇمنىڭ لەۋلىرىگە تەككۈزگەن بارماقلىرىنى خلور سۈيىدە چايقاپ تۇرغىچە، كىرلىكنى كۆتۈرۈپ، قىزنىڭ خۇددى ئۇخلاپ ياتقان پەرىشتىنىڭ يۈزىدەك تىنچ ۋە ئاپئاق يۈزىنى ئاچتى. نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرىدە يالتىرىغان ياشلىرى ئاۋرىنىيغا بولغان مىننەتدارلىقىدىن بېشارەت بەردى.

ئۆلۈكلەر دوختۇرى شۇ يەردىلا گۇۋاھلىق خېتى يېزىپ بەردى ۋە بۇ ئەڭ ئاخىرقى رەسمىيەتنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاۋرىنىينىڭ ھەمراھلىقىدا چىقىپ كەتتى.

ۋىلفور ئۇلارنىڭ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىشخانىسىدىن چىقتى. ئۇ، دوختۇرغا بىرنەچچە ئېغىز مىننەتدارلىق سۆزىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئاۋرىنىيغا مۇراجىئەت قىلدى.

— ئەمدى روھانىي چاقىرىش كېرەك، — دېدى ئۇ.

— ئۆزىڭىز چاقىرىشنى ئويلاۋاتقان روھانىي بارمۇ؟ — سورىدى ئاۋرىنىي.

— يوق، — دېدى ۋىلفور، — بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن بولغىنىنى، — چاقىرىڭ.

— بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن بولغىنى، — دېدى شەھەرلىك دوختۇر، — ئۆيىڭىزگە تام قوشنا بولۇپ كۆچۈپ كەلگەن ئىتالىيىلىك ھەزرەت. ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ ئۇنىڭغا دەپ قويايمۇ؟

— ئاۋرىنىي، — دېدى ۋىلفور، — ئېغىر كۆرمەي دوختۇر ئەپەندى بىلەن بىللە بارسىڭىز. مانا ئاچقۇچ. ئۆزىڭىز

حالغان ۋاقىتتا كېلىۋېرىڭ. روھانىي چاقىرىپ، بىچارە قىزنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇڭ.

— روھانىي بىلەن سۆزلىشەمسىز؟

— بىر دەم يالغۇز ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇم كېلىۋاتىدۇ. مېنى ئەپۇ قىلارسىز؟ روھانىي ھەرقانداق دەردلەرنى، ھەتتا ئاتىلارنىڭ دەردلىرىنى چۈشىنىشى كېرەك.

ۋىلفور ئاۋرىنىيگە ئاچقۇچنى بەردى ۋە شەپقەتلىك دوختۇرغا يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلدى - دە، ئىشخانىسىغا كىرىۋېلىپ، خىزمەتكە تۇتۇش قىلدى. شۇنداق ئادەملەر بولىدۇكى، ئۇلار خىزمەتكە بېرىلىپ كەتسە، ھەممە دەرد - ھەسرەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئىككى دوختۇر كوچىغا چىقتى ۋە قوشنا ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئۇزۇن قارا چاپانلىق ئادەمنى كۆردى.

— مۇشۇ روھانىينى دېگەنىدىم، — دېدى ئۆلۈكلەر دوختۇرى.

ئاۋرىنىي روھانىينىڭ ئالدىغا كەلدى:

— تەقسىر، ھېلىراقتا ئۆز قىزىدىن ئەمدىگىنە ئايرىلغان بەختسىز ئاتىنىڭ، خانلىق مۇپەتتىش ۋىلفورنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى راۋا كۆرەمسىزكىن؟

— شۇنداق، تەقسىر، — دېدى روھانىي ئۆتكۈر ئىتالىيىچە تەلەپپۇز بىلەن، — بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەزرائىل كىرىۋالغان.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ سىزدىن قانداق ياردەم كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى سۆزلىشىم ھاجەتسىز.

— مەنمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن ئۆزۈم چىقىۋاتقانىدىم، — دېدى روھانىي، — بۇنداق خالىس ئىشنى بەجا كەلتۈرۈش بىزنىڭ بۇرچىمىز.



— بۇ بىر ياش قىز ئىدى.

— شۇنداق، بىلىمەن. مالايلاردىن ئاڭلىدىم، مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيدىن قېچىپ چىقىۋاتقىنىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ۋالېنتىنا ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقتۇم، ئۇنىڭغا ئاتاپ دۇئا قىلدىم.

— ھەشقاللا، — دېدى ئاۋرىنىي، — خۇدا يولىدىكى بۇ ئىشنى باشلاپ قويۇپسىز. ئەمدى بۇ ئىشنى ئاخىرىغا چىقىرىۋەتسىڭىز. مەرھۇمەنىڭ يېنىغا كىرگەيسىز. مۇسىبەتلىك ئائىلە سىزگە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

— ماقۇل، تەقسىر، — دېدى روھانىي، — شۇنى ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى، ھېچقانداق كىشى مېنىڭدەك قىزغىن قىرائەت قىلالمايدۇ.

ئاۋرىنىي روھانىي ھەزرەتنى قولتۇقلاپ ماڭدى ۋە ئۇنى مەرھۇمەنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. ۋىلفور ئۆز ئىشخانىسىغا كىرىۋالغان بولغاچقا، ئۇلارنى كۆرمىدى. مەرھۇمە بولسا، كېچ كىرگەندە كېپەنگە ئېلىنىشى كېرەك ئىدى.

ئىككىيلەن كىرىپ كەلگەندە نۇئارتىيېنىڭ كۆزلىرى ھەزرەتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئېھتىمال، نۇئارتىيې ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر ئاجايىپ نەرسىنى سەزگەن بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ بىر قاراش بىلەنلا روھانىينىڭ يۈزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ قالدى.

ئاۋرىنىي ئۆلۈكنىمۇ، تىرىكنىمۇ ھەزرەتنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. روھانىي ئاۋرىنىينى خاتىرجەم قىلىپ، ۋالېنتىناغا دۇئا قىلىش ۋە نۇئارتىيېنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ۋەدە بەردى.

ھەزرەتنىڭ ۋەدىسى تەنتەنىلىك جاراڭلىدى. شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىغا دەخلى يەتمەسمۇن دېدىمۇ ياكى نۇئارتىيېنى قايغۇرۇپ ئولتۇرغاندا ئاۋارە قىلىشمىسۇن دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، دوختۇر چىقىپ كەتكەن ئىشىكنىمۇ، ھەم شۇنداقلا ۋىلفور خانىمنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىدىغان ئىشىكنىمۇ چىڭ تاقىۋەتتى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

## دانگلارنىڭ ئىمزاسى

تاڭ ئاتقاندا ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغانىدى.

تۈندە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىرگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ نادامەتلىك ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلدى. ئۇلار كارىۋاتتا ياتقان مېيىتنى كېپەنگە ئالدى. ئۆلۈم ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن بىلەنمۇ ۋاپات بولغانلارنىڭ كېپەندىن ئىبارەت بۇ ئاخىرەتلىك كىيىمى يەنىلا ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا ياخشى كۆرگەن زىننىتىنىڭ ئاداققى ئەسلىمىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ كېپەن ۋالېنتىنا ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئۆزى سېتىۋالغان سىپتا ئاق شايىدىن تىكىلدى.

نۇئارتىيېنى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسىدىن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا يۆتكەپ قويۇشقانىدى. كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە، بوۋاي نەۋرىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىشكە قارشىلىق قىلمىدى.

بۇزونى ھەزرەت كېچىچە ئولتۇرۇپ، تاڭ يورۇغاندا ھېچ كىمگە گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى.



ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئاۋرىنىي كەلدى. ئۇ، نۇئارتىيېنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان ۋىلفورنى ئۇچراتتى ۋە ئۆزىمۇ بوۋاينىڭ بۇ كېچىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىردى. ئۇلار كىرگەندە بوۋاي ئۆزىگە كارىۋات قىلىنغان يوغان كىرېسلودا تىنچ ۋە خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. ئىككىيلەن ھەيران بولۇپ، بوسۇغىدا توختاشتى.

— قاراڭا، — دېدى ئاۋرىنىي ۋىلفورغا، — تەبىئەت ئەڭ ئېغىر قايغۇنىمۇ پەسكويىغا چۈشۈرەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، نۇئارتىيې ئەپەندى نەۋرە قىزىنى ياخشى كۆرمەيتتى دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇخلاۋاتىدۇ.

— شۇنداق، راست دەيسىز، — دېدى ۋىلفور تەئەججۈپ بىلەن، — ئۇخلاۋاتىدۇ. بۇ بەك غەلىتە ئىش. ئۇ كىچىككىنە كېلىشمەسلىك بولسا تۈن بويى ئۇخلىمايتتى.

— دەرد - ھەسرەتتىن ھالى قالماپتۇ، — دېدى ئاۋرىنىي.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا مۇپەتتىشنىڭ ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرىشتى.

— مەن ئۇخلىمىدىم، — دېدى ۋىلفور سىلىنمىغان تۆشەكنى كۆرسىتىپ، — دەرد - ھەسرەت مېنى يېڭەلمەيدۇ. ئىككى كېچە بولدى، تۆشەككە ياتمىدىم. لېكىن ئىش ئۈستىلىگە قاراپ بېقىڭا. بۇ ئىككى كۈن ۋە ئىككى كېچىدە قانچىلىك يېزىۋەتتىم! مەن بۇ دېلو ئۈستىدە قانچىلىك باش قاتۇردۇم، قاتىل بېنېدېتتونى ئەيىبلەش ماتېرىيالىنى قانچە - قانچە قېتىم تۈزىتىپ يازدىم! ئاھ خىزمەت، سەن مېنىڭ ئىشقىم، بەختىم، پەقەت سەنلا مېنىڭ ئازابلىرىمنى يېڭەلەيسەن!

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئاۋرىنىينىڭ قولىنى چىڭ قىستى.

— ماڭا يەنە ئىشىڭىز بارمۇ؟ — سورىدى دوختۇر.

— يوق، — دېدى ۋىلفور، — بىراق، ئىلتىپات قىلىپ، سائەت 11 گە ئۈلگۈرۈپ كەلسىڭىز، سائەت 12 دە... مېيىتنى ئېلىپ چىقىمىز. ئاھ خۇدا، مېنىڭ قىزىم، بىچارە قىزىم!

خانلىق مۇپەتتىش قايتىدىن ئىنسان تۇسىغا كىرىپ، كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

— پەتىچىلەرنى قارشى ئالغىلى چىقامسىز؟

— ياق، بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى تۇغقانلىرىمىدىن بىرى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مەن خىزمەتكە كىرىشىمەن، دوختۇر. خىزمەت قىلغاندا، ھەممىنى ئۇنتۇيمەن.

دوختۇر ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغۇچە خانلىق مۇپەتتىش يەنە قەغەزلىرىگە تۇتۇش قىلدى.

ئاۋرىنىي ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، ۋىلفورنىڭ بايا ئېيتقان تۇغقىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ كىشى بىزنىڭ قىسسىمىزدىمۇ ۋە ئۆز جەمەتى ئىچىدىمۇ ئورۇن تۇتمىغان شەخسلەردىن بولۇپ، تۇغۇلىشىدىن تارتىپ تۇرمۇشتا پەقەت بىر سانىنى ئىگىلەپ تۇرۇش بىلەنلا چەكلىنەتتى. قارا كىيىم كىيىپ، بىلىكىگە ماتەملىك يەڭ بەلگىسى تاقىغان بۇ كىشى چىرايىنى مۇسىبەتكە ماسلاشتۇرغان ھالدا ۋىلفورنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەنىدى.

سائەت ئون بىردە پەتىچىلەرنىڭ پەيتۇنلىرى ھويلىدا تاراقلاشقا باشلىدى. سىنت ـ ئونورى كوچىسى توپلانغان نامراتلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىغا تولدى. بۇنداق كىشىلەر بايلارنىڭ خۇشاللىقىنىمۇ، قايغۇسىنىمۇ ئوخشاشلا قىزىقىش بىلەن تاماشا قىلىشىدۇ ۋە دەبدەبىلىك مېيىت ئۇزىتىش بولۇپ قالسا، خۇددى گېرتسوگ قىزىنىڭ تويىنى كۆرىدىغاندەك ئالدىراپ يۇگۇرۇشىدۇ.



مېيىت ساندۇقى قويۇلغان ساراي ئۆيگە ئاستا ـ ئاستا پەتىچىلەر تولۇشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن بىزنىڭ بىر قىسىم كونا تونۇشلىرىمىز، يەنى دېبرې، شاتو ـ رېنو، بوشانلار كەلدى. ئاندىن سوت، ئەدەبىيات ۋە ھەربىيلەر ساھەلىرىدىكى بارلىق مەشھۇر زاتلار قەدەم تەشرىپ قىلدى، چۈنكى ۋىلفور ئەپەندى ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ شەخسىي خىسلەتلىرى جەھەتتىمۇ پارىژ جامائەتچىلىكى ئىچىدە تۆتىنىڭ بىرى ئىدى.

ۋىلفورنىڭ ھېلىقى تۇغقىنى كەلگەنلەرنى قارشى ئېلىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. غەمسىز ئادەملەرگە قارىتا شۇنى ئىقرار قىلىشىمىز كېرەككى، ئۇلار قارشى ئالغۇچىنىڭمۇ غەمسىز چىرايىنى كۆرۈپ، يەڭگىللىك ھېس قىلىشتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئورنىدا ئاتىسى، قېرىندىشى ياكى سۆيگۈنى تۇرغان بولسا، يوق قايغۇسىنى ئىپادىلەپ، يالغان كۆز يېشى قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئۆزئارا تونۇش بولغانلار كۆز ئىشارىسى بىلەن بىر-بىرىنى چاقىرىشاتتى ۋە بىر يەرگە توپلىناتتى. ئەنە شۇنداق توپلارنىڭ بىرى دېبرې، شاتو ـ رېنو ۋە بوشاندىن تەركىب تاپتى.

— بىچارە قىز، — دېدى دېبرې ئۆزىنى تۇتالماستىن ۋە ھەممەيلەنگە ئوخشاش بۇ قايغۇلۇق ۋەقەدىن ئېچىنىپ، — شۇنچە باي، شۇنچە گۈزەل قىز ئىدى! شاتو ـ رېنو، ئىككىمىز بۇ يەرگە كەلگەن چېغىمىزدا مۇشۇنداق بولۇشنى ئويلىغانمىدۇق، ھە؟ بىز قاچان كەلگەنىدۇق ـ ھە؟... ئۈچ ھەپتە بولدىمۇ؟... كۆپ بولسا بىر ئاي بولغاندۇر... ئۇنىڭ ھېلىقى ئەمەلگە ئاشمىغان نىكاھ كېلىشىمىنى ئىمزالاشقا كەلگەنىدۇقۇ.

— ياق، بۇنداق بولۇشنى كىم ئويلىسۇن، — دېدى شاتو ـ رېنو.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇشامتىڭىز؟

— مورسېر خانىمنىڭ ئۆيىدىكى بەزمىدە ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم پاراڭلاشقانىدىم. ئۇ ماڭا بەك گۈزەل، ئەمما بىر ئاز مەيۈس كۆرۈنگەنىدى. ھە، ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى نەدە، سىز بىلەمسىز؟

— ئۇ، بىزنى قارشى ئالغان ھېلىقى مۆھتەرەم ئەپەندىنىڭ خوتۇنىنىڭ يېنىدا بىر كۈننى ئۆتكۈزىدىكەن.

— ئۇ كىم بولىدۇ؟

— كىمنى دەيسىز؟

— بىزنى قارشى ئالغان ئەپەندىنى دەيمەن. ئۇ پالاتا ۋەكىلىمۇ؟

— ياق، — دېدى بوشان، — مەن بىزنىڭ سىياسىئونلىرىمىز بىلەن ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرىمەن، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ چىرايى ماڭا تونۇش ئەمەس.

— سىز بۇ ئۆلۈم ھەققىدە گېزىتكە خەۋەر بەردىڭىزمۇ؟

— گېزىتكە خەۋەر بېرىلدى، لېكىن ئۇ خەۋەرنى مەن يازمىغان. مېنىڭچە، ئۇ خەۋەر ۋىلفورنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ. بىلىشىمچە، ئۇ خەۋەردە «بىرىگە بىرى ئۇلىشىپ كەلگەن بۇ تۆت ئۆلۈم خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئۆيىدە ئەمەس، باشقا بىر ئۆيدە يۈز بەرگەن بولسا، خانلىق مۇپەتتىش بۇ ئىشقا خېلى كۆڭۈل بۆلگەن بولاتتى» دېيىلگەن.

— بىراق، مېنىڭ ئانامنى داۋالاۋاتقان دوختۇر ئاۋرىنىي ۋىلفورنى قايغۇدىن تۈگىشىپ كەتتى دەيدۇ، — دېدى شاتورېنو.

— كىمنى ئىزدەۋاتىسىز، دېبرې؟

— گراف مونتې-كرىستونى.

— مەن بۇياققا كېلىۋاتقاندا ئۇنى بولۋار كوچىسىدا



ئۇچراتقانىدىم. قارىغاندا، ئۇ پارىژدىن كېتىشكە تەييارلىنىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ بانكىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقانىكەن، — دېدى بوشان.

— ئۇنىڭ بانكىرى دانگلارمۇ؟ — شاتو-رېنو دېبرېدىن سورىدى.

— شۇنداق بولسا كېرەك، — دېدى كاتىپ سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — لېكىن كەلمىگەنلەر يالغۇز مونتې-كرىستولا ئەمەستەك قىلىدۇ. مورېلمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ.

— مورېل؟ ئۇ بۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن تونۇشمۇ؟ — سورىدى شاتو-رېنو.

— ئۇ يالغۇز ۋىلفور خانىملا تونۇيدىغۇ دەيمەن.

— شۇنداق بولسىمۇ، كەلسە بوپتىكەن، — دېدى دېبرې، — بۈگۈن كەچتە ئۇ نېمە ھەققىدە سۆھبەتلىشىدۇ؟ بۇ ئۆلۈم بۈگۈنكى كۈننىڭ يېڭى خەۋىرى. ھە، جىم بولۇڭلار، ئەدلىيە ۋەزىرى كېلىۋاتىدۇ. ئۇ، ھازىردارلارغا ئاز-تولا نۇتۇق سۆزلىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ بىلەن، يىگىتلەر ئەدلىيە ۋەزىرىنىڭ «نۇتقى»نى ئاڭلاش ئۈچۈن ئىشىك يېنىغا كېلىشتى.

بوشاننىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىدى. ئۇ دەپنە ئىشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېلىۋېتىپ، دانگلارنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان مونتې-كرىستونى ئانتېن كوچىسىدا ئۇچراتقانىدى.

بانكىر دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ، ھويلىغا كىرىۋاتقان گرافنىڭ پەيتۇنىنى كۆردى ۋە غەمكىن، لېكىن دوستانە قىياپەتتە گرافنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ماڭا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئوخشايسىز، گراف، — دېدى ئۇ مونتې-كرىستوغا قولىنى سۇنۇپ، — شۇنداق، — مېنىڭ ئۆيۈمگە شۇنداق بەختسىزلىك چۈشتىكى،

سىز كىرگەن چاغدا مەن غەمگە پېتىپ، ئاشۇ بىچارە مورسېرلارغا يامانلىق تىلىگەن يېرىم بولغانمىدى، دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتىم. ناۋادا راستىنلا شۇنداق ئويۇم بولغان بولسا، «باشقىلارغا ئورا كولىساڭ، ئۆزۈڭ چۈشىسەن» دېگەن ماقالنى ئىسپاتلىغاندەك ئىش بولاتتى. ياق، ئەزبىرايى خۇدا، مەن مورسېرلارغا يامانلىق ئويلىمىغان. توغرا، ئۇ گەرچە ئىشىنى ماڭا ئوخشاش قۇرۇق قول بىلەن باشلاپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بېيىغان بولسىمۇ، بىر ئاز ھاكاۋۇرلۇق قىلاتتى. بىراق، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. پەخەس بولۇڭ، گراف، بىز دېمەتلىك ئادەملەردىن... ياق، ئەپۇ قىلىڭ، سىز بىلەن بىز تەڭتۇش ئەمەس، سىز ياش... مەن بىلەن بىر دېمەتلىك ئادەملەردىن ئامەت قاچتى. مەسىلەن، تېخى يېقىندا قىزىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاشۇ سىپايى خانىلىق مۇپەتتىشنى ئالايلى. ئويلاپ بېقىڭا، نېمە ئۈچۈندۇر ۋىلفورنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى قىرىلىپ كېتىۋاتىدۇ؛ مورسېر شەرمەندە بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، مەن ھېلىقى بېنېدېتتو دېگەن مۇناپىقنىڭ كاساپىتىدىن نومۇسقا قالدىم ۋە يەنە...

— يەنە نېمە بولدى؟ — سورىدى گراف.

— خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟

— يەنە بىر پېشكەللىك يۈز بەرمىگەندۇر؟

— قىزىم...

— دانگلار خانقىز؟

— ئېۋژېنى بىزنى تاشلاپ كەتتى.

— ۋۇي، نېمە دەيسىز!

— شۇنداق، قەدىرلىك گراف. سىز بەختلىك، چۈنكى سىزنىڭ خوتۇنىڭىزمۇ، پەرزەنتلىرىڭىزمۇ يوق.

— سىز شۇنداق ئويلامسىز؟



— ئەلۋەتتە!

— دېمەك، ئېۋژېنى خانقىز...

— ئۇ ھېلىقى مۇناپىقنىڭ ئەلىمىگە چىدىماي، مەندىن ساياھەتكە چىقىپ كېلىشكە رۇخسەت سورىغانىدى.

— شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كەتتىمۇ؟

— ئالدىنقى كۈنى كەچتە كەتكەن.

— دانگلار خانىم بىلەن بىللە ماڭدىمۇ؟

— ياق، بىر تۇغقىنىمىز بىلەن... قانداقلا بولمىسۇن، بىز قەدىرلىك ئېۋژېنىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئۇنىڭ تەرسالىقى بىلەن ئەمدى فرانسىيىگە قايتىپ كېلىشى ناتايىن!

— بۇنىڭغا نېمە ئامال، قەدىرلىك بارون، — دېدى مونتې-كرىستو، — بالىسىدىن باشقا ھېچقانداق بايلىقى بولمىغان كەمبەغەللەرگە قارىتا ئېيتقاندا، بۇنداق ئائىلىۋى پاراكەندىچىلىكلەر زور پاجىئە ھېسابلىنىدۇ، لېكىن مىليونېرلارغا قارىتا ئېيتقاندا، بۇ ئانچە قورقۇپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس. پەيلاسوپلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، پۇلدار كىشىلەر ئۇلارنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلىيالايدۇ. ئۇرغۇن كۆڭۈل ئاغرىقلىرىغا پۇل شىپا بولىدۇ. ئەگەر سىز بۇ شىپالىق دورىنىڭ كۈچىگە ئىشەنسىڭىز، باشقا ھەرقانداق ئادەمگە قارىغاندا، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئاسانراق ئارام تاپىدۇ. سىز مالىيە خاقانى، بارلىق قۇدرەتلىك كۈچلەرنىڭ مەركەزلەشكەن نۇقتىسى.

دانگلار گرافنىڭ ئۇنى مازاق قىلىۋاتقان ياكى چىن گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە تىرىشىپ، يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — ئەگەر بايلىق كۆڭۈلگە ئارام بەرسە، مەن ئارام تاپالىشىم مۇمكىن، چۈنكى مەن باي.

— سىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن باي، قەدىرلىك بارون، سىزنىڭ بايلىقىڭىز خۇددى ئالتۇن مۇنارلارغا ئوخشايدۇ. بۇ مۇنار-

لارنى ھېچقانداق ئادەم بۇزۇشقا پېتىنالمايدۇ، پېتىنالىغان تەقدىردىمۇ چامىسى يەتمەيدۇ.

دانگلار گرافىنىڭ بۇنداق ساددىلىق بىلەن ئىشىنىپ كەتكىنىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— سىز كىرگەن چاغدا مەن بەش پارچە قەغەزنى ئىمزالاش ئۈچۈن كۈرۈۋاتاتتىم. بۇلاردىن ئىككىسىگە ئىمزا قويۇپ بولدۇم. ئەمدى قالغان ئۈچىگىمۇ ئىمزا قويۇۋالسام رۇخسەت قىلامسىز؟

— مەرھەمەت، ھەدىرلىك بارون، مەرھەمەت.

ئۇلار جىم بولۇشتى. بانكىرنىڭ قەلىمىنىڭ شىرىقلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مونتې - كرىستو تورۇستىكى ئالتۇن رەڭلىك نەقىشلەرگە قاراپ ئولتۇردى.

— ئىسپانىيە چەكلىرىمۇ؟ — سورىدى مونتې - كرىستو، — ياكى گايتىنىڭمۇ؟ نېئاپولنىڭمۇ؟

— ياق، — دېدى دانگلار مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — بۇ فرانسىيە بانكىسىنىڭ مەبلەغ قوشۇش چەكلىرى. ھە، گراف، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، — مەن مالىيە خاقانى بولسام، سىز مالىيە ئىمپېراتورى. ھەر بىرى مىليونغا توختايدىغان مۇشۇنداق قەغەزلەرنى سىز كۆپ كۆرگەنمۇ؟

مونتې - كرىستو دانگلارنىڭ گىدەيگەن ھالدا سۇنۇپ بەرگەن بەش پارچە قەغىزىنى قولىغا ئالدى ۋە خۇددى بۇ قەغەزلەرنىڭ سالمىقىنى دەڭسەپ باقماقچى بولغاندەك قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئوقۇدى:

«جانابىي بانكا مۇدىرى، مەزكۇر چەك بويىچە مېنىڭ ھېسابىمغا 1 مىليون فرانك ئاجرىتىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

بارون دانگلار».



— بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش، — دېدى مونتې - كرىستو، — بەش مىليون! پاھ، سىز خۇددى بايلىقتا نام چىقارغان كرېزدەك چوڭ يەرگە تۇتۇش قىلىپسىز!

— مەن تاپاۋەتنى مانا مۇشۇنداق جايلايمەن! — دېدى دانگلار.

— ئەگەر بۇ سومما نەق پۇل بىلەن قولىڭىزغا كېلىدىغان بولسا قالتىس ئىش بولىدىكەن - دە!

— دېمىسىڭىزمۇ شۇنداق بولىدۇ، — دېدى دانگلار.

— بۇنداق چەكلەرنى قولغا كىرگۈزۈش ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى خۇش قىلىدۇ. دەرۋەقە، بۇ خىل ئىشلارنى پەقەت فرانسىيىدىلا كۆرۈشكە بولىدۇ. 5 مىليونغا توختايدىغان بەش پارچە قەغەز - ھە! بۇنى پەقەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىلا ئىشىنىش مۇمكىن.

— يا بۇنىڭدىن شەكلىنىۋاتامسىز؟

— ياق.

— يەنىلا شەكلىنىۋاتقان ئاھاڭدا گەپ قىلىۋاتىسىز. خالىسىڭىز، مېنىڭ ۋەكىلىم بىلەن بانكىغا بىللە بېرىڭ، ئۇنىڭ مۇشۇ قەغەزلەردىكى سوممىغا باراۋەر نەق پۇلنى ئېلىپ چىققانلىقىنى كۆرىسىز.

— ياق، — ئۇنداق قىلىش ھاجەتسىز، — دېدى مونتې - كرىستو، بەش پارچە چەكنى بىر قاتلاپ، — ئۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم قىلاي. مەن سىزنىڭ بانكىڭىزغا 6 مىليون فرانك قويغاندىم. مەن 900 مىڭ فرانكنى ئالدىم، سىزدە يەنە 5 مىليون 100 مىڭ فرانك قالدى. سىزنىڭ ئىمزايىڭىزغا ئىشىنىپ، بۇ بەش پارچە قەغەزنى ئالاي. شۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ ئېلىم - بېرىمىمىز خالاس بولىدۇ. مانا، مېنىڭ 6 مىليونغا يېزىلغان ھۆججىتىم. مەن بۇ ھۆججەتنى ئالدىنئالا يې

زىپ ئەكەلگەنىدىم. چۈنكى بۈگۈن پۇلغا بەك ھاجەتمەن بولۇپ قالدىم.

ئۇ، بىر قولى بىلەن چەكلەرنى يانچۇقىغا سېلىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ھۆججەتنى بانكىرغا ئۇزاتتى. مۇبادا، دانگلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا ئۇشتۇمتۇت چاقماق چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇ بۇنچىلىك قورقۇپ كەتمىگەن بولاتتى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ دۇدۇقلىدى ئۇ، — بۇ پۇللارنى سىز ئالامسىز، گراف؟ ئەپۇ قىلىڭ، مەن بۇ پۇللارنى دارىلئېيتامغا بېرىشىم كېرەك، مەن بۇنى بۈگۈن تۆلەشكە ۋەدە قىلغان.

— ھە، ئەمىسە مەيلى، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ چەكلەرنى ئالمىسامۇ بولىۋېرىدۇ، ماڭا باشقا قىممەتلىك نەرسىلەر بىلەن تۆلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇ پۇللارنى پەقەت ھەۋەس كەلگەنلىكتىنلا ئېلىپ قويدۇم. مەن تېخى دانگلارنىڭ بانكىسى ئالدىن كېلىشىپ قويماي تۇرۇپ ۋە مەندىن بەش مىنۇت ۋاقىتمۇ سورىماي، ھە دېگەندىلا مېنى 5 مىليون فرانك نەق پۇل بىلەن تەمىنلىدى، دەپ كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىشنى ئويلاپتىمەن. ئەگەر شۇنداق بولسا قالتىس ئىش بولاتتى - دە! ھە، مەيلى، مانا، چەكلىرىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، لېكىن ماڭا باشقا نەرسە بېرىڭ.

ئۇ، چەكلەرنى دانگلارغا قايتۇرۇپ بەردى. دانگلار ئۆلگۈدەك تاتىرىپ كەتكەن ھالدا خۇددى قەپەز ئىچىدە تۇرۇپ، سىرتتىكى گۆشكە چاڭ سالغان سارىدەك قولىنى ئۇزاتتى. لېكىن شۇ ھامان ئۆزىگە زور بېرىپ، قولىنى تارتىۋالدى. ئاندىن ھېجايدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايى ئەسلىگە كەلدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ ھۆججىتىڭىزمۇ پۇلغا ئوخشاش.



— ئەلۋەتتە! رىمغا بارىدىغان بولسىڭىز تومسوم بىلەن فرېنچ مېنىڭ ھۆججىتىم بويىچە بۇ پۇللارنى سىزگە ھېچ ئىككىلەنمەستىن قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، گراف، ئەپۇ قىلىڭ.

— ئەمىسە، بۇ پۇللارنى ئېلىۋېرەمدىم؟

— ھەئە، ھەئە، ئېلىڭ، — دېدى دانگلار تەر باسقان ماڭلىيىنى سۈرتۈپ.

مونتې - كرىستو چەكلەرنى يەنە يانچۇقىغا سالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قارىغاندا، خۇددى «ھە، قانداق؟ ئەگەر خالىمىسىڭىز قايتۇرۇپ بېرەي» دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ياق، ياق، — دېدى دانگلار، — بۇ چەكلەرنى سىزگە بەردىم. لېكىن ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، بىز، مالىيىچىلەر بەك رەسمىيەتچىل كېلىمىز. ئەسلىدە بۇ پۇللارنى دارىلئېيتامغا بېرىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭا، خۇددى مەن ئۇلارغا خىيانەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ھە، ھېچقىسى يوق، ئۇلارغا بۇ چەكلەرنى بەرمەي، باشقا پۇل بەرسەممۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ. مېنى ئەپۇ قىلىڭ!

ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن ئۈنلۈك كۈلۈپ كەتتى.

— ئەپۇ قىلىمەن، — مونتې - كرىستو خۇش پېئىللىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى، — ئەمىسە، بۇ پۇللارنى يانچۇقۇمغا سالدىم.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، چەكلەرنى ھەميانىغا سالدى.

— بىراق، ئوتتۇرىمىزدا يەنە 100 مىڭ فرانك قالدى، — دېدى دانگلار.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق! — دېدى مونتې - كرىستو، — ئېشىپ قالغىنى شۇنچىلىك بولسا كېرەك. ئۇ پۇللار سىزگە قالسۇن. شۇنىڭ بىلەن، ھېسابتا خالاس بولايلى.

— راست گەپ قىلىۋاتامسىز، گراف؟

— مەن ھېچقانداق ۋاقىتتا بانكىرلارغا چاقچاق قىلمايمەن، — دېدى مونتې - كرىستو قوپاللىقتا مايىل جىددىيلىك بىلەن.

شۇ گەپ بىلەن، ئۇ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا خىزمەتكار كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— دارىلئېيتام باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باش خەزىنىچىسى بوۋىل ئەپەندى كەلدى.

— كۆردىڭىزمۇ، — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن سىزنىڭ چەكلىرىڭىزنى ئېلىش ئۈچۈن دەل ۋاقىتدا كەلگەنىكەنمەن. بۇ چەكلىرىڭىزنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىكەن ئەمەسمۇ.

دانگلار يەنە تاتىرىپ كەتتى ۋە گراف بىلەن ئالدىراش خوشلاشتى. مونتې - كرىستو چىقىپ كېتىۋېتىپ، قوبۇلخانىدا كۈتۈپ ئولتۇرغان بوۋىل ئەپەندىگە ئەدەب بىلەن تەزىم قىلدى. گراف چىقىپ كەتكەن ھامان خىزمەتكار بوۋىل ئەپەندىنى دانگلارنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

گراف دارىلئېيتام خەزىنىچىسىنىڭ قولىدىكى ھەميانىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئادەتتىكى جىددىي چىرايىدا يېنىككىنە كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. ئۇ، ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان پەيتونغا ئولتۇردى - دە، دەرھال بانكىغا يۈرۈشنى بۇيرۇدى.

دانگلار ھاياجانلىنىشىنى بېسىپ، يېڭى مېھماننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە خۇش تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇسىز، قەدىرلىك قەرز ئىگىسى، — دېدى ئۇ، — كېسىپ ئېيتالايمەنكى، مېنىڭ ئالدىمغا ھەقىقەتەن قەرز ئىگىسى كەلدى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، بارون، — دېدى بوۋىل، — مەن دارىلئېيتاملارغا ۋەكالىتەن كەلدىم. تۇل خوتۇنلار ۋە يېتىم بالىلار مېـ



ـنىڭ قولۇم ئارقىلىق سىزدىن 5 مىليون بېرىشنى سوراۋاتىدۇ.

— شۇنداق تۇرۇپ يەنە يېتىملارغا رەھىم قىلىش كېرەك دېيىشىدۇ! — دېدى دانگلار چاقچاق قىلىپ، — بىچارە بالىلار!

— مەن ئەنە شۇ يېتىم بالىلارنىڭ نامىدىن كەلدىم، — دېدى بوۋىل، — مېنىڭ خېتىمنى تۈنۈگۈن تاپشۇرۇۋالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن...

— شۇنداق.

— مەن شۇ پۇللارنى ئەكىتىش ئۈچۈن ھۆججەت ئېلىپ كەلدىم.

— قەدىرلىك بوۋىل، — دېدى دانگلار، — سىزنىڭ تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللىرىڭىز يەنە 24 سائەت كۈتۈپ تۇرسا بولارمىكىن، چۈنكى گراف مونتې - كرىستو... ئۇ ھازىر چىقىپ كەتتى، ئۇنى كۆرگەنسىز؟

— كۆردۈم. ھە، نېمە بولدى؟

— ئاشۇ مونتې - كرىستو 5 مىليوننى ئېلىپ كەتتى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟

— گراف رىمدىكى تومسون ۋە فرېنچ شىركىتىنىڭ نامىدىن مېنىڭ بانكام بىلەن چەكسىز قەرز ئېلىشقا توختام تۈزگەنىدى. بۈگۈن ئۇ بىراقلا 5 مىليون سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بانكا چەكلىرىنى بەردىم. مېنىڭ پۇللىرىم شۇ بانكىدا. شۇڭا، بىر كۈندىلا 10 مىليون ئالسام، بانكا مۇدىرى ئەجەبلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنى ئىككى كۈنگە بۆلۈپ ئالساق تۈزۈكرەك بولىدۇ، — دانگلار سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈلۈمسىرەش بىلەن تاماملىدى.

— نېمە دەيسىز! — دېدى بوۋىل ئىشەنمىگەن ھالدا، — ھازىر مۇشۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن ۋە خۇددى بىز تونۇشىدىغاندەك ماڭا تەزىم قىلغان ئاشۇ ئەپەندىگە 5 مىليون بەردىڭىزمۇ؟

— سىز ئۇنى تونۇمىغان بىلەن ئۇ سىزنى تونۇشى مۇمكىن. گراف مونتې - كرىستو ھەممە ئادەمنى تونۇيدۇ.

— 5 مىليون!

— مانا ئۇنىڭ ھۆججىتى. ئىشەنمىسىڭىز ئاپوستول فوماغا① ئوخشاش كۆرۈپ بېقىڭ، تۇتۇپ بېقىڭ.

بوۋىل دانگلار سۇنۇپ بەرگەن قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، ئوقۇدى:

«بارون دانگلاردىن 5 مىليون 100 مىڭ فرانكنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ تەلەپ قىلغاندا، بۇ پۇللار رىمدىكى تومسون ۋە فرېنچ بانكا شىركىتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا قايتۇرۇلىدۇ».

— راست ئىكەن! — دېدى ئۇ.

— سىز تومسون ۋە فرېنچ شىركىتىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، — دېدى بوۋىل، — مەن بىر قېتىم ئۇ شىركەتتىن 200 مىڭ فرانك ئالغانىدىم. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شىركەتنىڭ ھېچقانداق گېپىنى ئاڭلىمىدىم.

— بۇ، ياۋروپادىكى بانكا شىركەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى، — دېدى دانگلار ۋە بوۋىلنىڭ قولىدىن ھۆججەتنى ئېلىپ، شىرە ئۈستىگە تاشلاپ قويدى.

— ئۇ يالغۇز سىزدىنلا 5 مىليوننى ئالدىمۇ؟ ئەمىسە، بۇ گراف مونتې - كرىستو دېگەن قالتىس كاتتا باي ئوخشىمامدۇ؟

— راستىنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن ئۇ ئۈچ بانكا بىلەن چەكسىز قەرزگە

① ئاپوستول فوما — دىنىي رىۋايەتلەردىكى 12 ئەۋلىيانىڭ بىرى. ئۇ، ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىگە گۇمان قىلغان. كېيىن كىشىلەر ئۇنى گۇمانخور ئادەملەرنىڭ تەمسىلى قىلغان.



تۇختام تۈزگەن. بۇنىڭ بىرى مېنىڭ بانكام، يەنە بىرى روتېشىلد، ئۈچىنچىسى لاففىت بانكىلىرى. ئۆزىڭىز كۆردىڭىز، — دەپ قوشۇپ قويدى دانگلار پەسەنت قىلمىغان ئاھاڭدا، — ئۇ مېنىڭ بانكامنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرۈپتۇ، شۇڭا 100 مىڭ فرانكنى ماڭا ئۆتكۈزۈۋەتتى.

بوۋىل چەكسىز ئەجەبلەنگەنلىكىنىڭ ھەممە ئالامەتلىرىنى ئىپادىلىدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقسام بولىدىكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭدىن بىرئاز ئىئانە ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىپ باقاي.

— توغرا گەپ. ئۇ ھەر ئايدا 20 مىڭ فرانكتىن كۆپرەك ئىئانە بېرەلەيدۇ.

— ئەمىسە بەك ياخشى بولغىدەك! مەن ئۇنىڭغا مورسېر خانىم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىمەن.

— قايسى جەھەتتىن؟

— ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى دارىلئېتاملارغا ھەدىيە قىلىپ ئۆتكۈزىۋەتتى.

— قانداق مال - مۈلكىنى؟

— ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مۈلكىنى، مەرھۇم گېنېرال مورسېرنىڭ مۈلكىنى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى ئۇلار بۇنداق رەزىللىك بىلەن يىغىلغان بايلىقنى ئىشلىتىشنى خالىمايدىكەن.

— ئەمىسە ئۇلار قانداق كۈن كەچۈرمەكچىكەن؟

— ئانىسى سەھراغا كەتكۈدەك، ئوغلى ھەربىي خىزمەتكە كىرگۈدەك.

— شۇنچىلىكمۇ ئىنچىكىلەپ كەتكەن بارمۇ! — دېدى دانگلار.

— مەن تۈنۈگۈن ئۇلارنىڭ ھەدىيە قىلىنغان ۋەجىنى تىزىمغا ئالدىم.
— ھەممىسى بولۇپ قانچىلىك ئىكەن؟
— ئانچە كۆپ ئەمەس، 1 مىلىيون 200 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە. ھە، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ مىليونلىرىمىزغا كېلەيلى.
— بولىدۇ، — دېدى دانگلار ئىنتايىن تەبىئىي ئاھاڭدا، — بۇ پۇللارغا بەكلا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟
— شۇنداق. ئەتە بىزنىڭ خەزىنىمىز تەكشۈرۈلىدۇ.
— ئەتە؟ باشتىلا شۇنداق دېسىڭىز بولماتتى! ئەتىگىچە يەنە خېلى ۋاقىت بار. سائەت قانچىدە تەكشۈرۈش بولىدۇ؟
— سائەت ئىككىدە.
— ئەمىسە سائەت 12 دە كېلىڭ، — دېدى دانگلار كۈلۈمسىرەپ.
بوۋىل ھەمياننى ئويناپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— ياكى مۇنداق قىلايلى، — دېدى دانگلار، — بۇ تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇل.
— قانداق ئۇسۇل؟
— گراف مونتې - كرىستونىڭ ھۆججىتىمۇ پۇلغا ئوخشاش. بۇ ھۆججەتنى روتشىلد ياكى لافىتتقا بەرسىڭىز، ئۇلار قوبۇل قىلىدۇ.
— رىم بىلەن ھېسابلىشىش ئاۋارىگەرچىلىكىدىن قاچماي قوبۇل قىلامدۇ؟
— ئەلۋەتتە. سىز پەقەت 5000 — 6000 چە زىيان تارتىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتىدۇ.
خەزىنىچى سەكرەپ كەتتى.
— ياق، ياخشىسى، مەن ئەتىگىچە كۈتۈپ تۇراي. مۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ!



— ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى دانگلار ھەيران قالغۇدەك ئۆكتەملىك بىلەن، — مەن تېخى سىزنى ئازراق كەم قالغان يېرى بولسا، تولۇقلىۋالماقچى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىكەنمەن.
— قويۇڭ بۇ گېپىڭىزنى! — دېدى خەزىنىچى.
— ئەگەر شۇنداق بولسا، ئاز - تولا قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.
— خۇداغا شۈكۈر، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى بوۋىل.
— ئۇنداق بولسا ئەتە كۆرۈشەيلى. بولامدۇ، قەدىرلىكىم؟
— ماقۇل، ئەتە كۆرۈشەيلى، بىراق، بۇ گېپىڭىزدە تۇرامسىز؟
— مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىسىز! ئەتە چۈشتە ئادەم ئەۋەتىڭ، مەن بانكىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويىمەن.
— مەن ئۆزۈم كېلىمەن.
— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى. سىز بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىدىكەنمەن.
ئۇلار ئۆزئارا قول قىسىشتى.
— ھە، راست، — دېدى بوۋىل، — سىز بىچارە ۋىلفور خانىقىزنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشمامسىز؟ مەن دەپنە قىلغۇچىلارنى بۇلۋار كوچىسىدا ئۇچراتقانىدىم.
— ياق، — دېدى بانكىر، — مەن ھېلىقى بېنەدېتتونىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن خىجىل بولۇپ، كىشىلەرگە كۆرۈنمەي يۈرۈۋاتىمەن.
— ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. بۇ ئىشتا سىزنىڭ نېمە گۇناھىڭىز بولسۇن؟
— بىلەمسىز، قەدىرلىكىم، مېنىڭدەك نامى پاك ئادەم نازۇك تەبىئەتلىك بولىدىكەن.
— ھەممە ئادەم سىزگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، قىزىڭىزغا ئېچىنىدۇ.

— بىچارە ئېرژىنى! — دېدى دانگلار چوڭقۇر تىنىق ئېلىپ، — ئۇنىڭ موناستىرغا كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— ياق.

— بەختىمىزگە قارشى ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق قىلماقچى. ھېلىقى ۋەقە بولۇپ ئەتىسى ئۇ بىر راھىبە دوستى بىلەن بىللە كەتتى. ئۇ ئىتالىيە ياكى ئىسپانىيىگە بېرىپ، بىرەر خىلۋەت يەردىكى موناستىرغا كىرىپ راھىبە بولماقچى.

— بۇ، ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ئىش بوپتۇ!

شۇنىڭ بىلەن، بوۋىل ئەپەندى بەختسىز ئاتىغا تەسەللى بېرىپ، چىقىپ كەتتى.

ۋەھالەنكى، ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا دانگلار خىتاب قىلدى:

— ئەخمەق!

كىمكى روبېر - ماكېرنىڭ① رولىنى ئوينىغان فىرېدېرىكنى كۆرگەن بولسا، دانگلارنىڭ شۇ سۆزنى ئېيتقاندىكى ھەرىكەت ۋە قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مونتې - كرىستونىڭ ھۆججىتىنى كىچىك ھەميانغا سېلىۋېتىپ، قوشۇپ قويدى:

— سائەت 12 دە كەل! ئۇنىڭغىچە مەن بۇ يەردىن يىراقتا بولىمەن!

ئاندىن، ئۇ، ئىشكىنى ئىچىدىن تاقىدى ۋە خەزىنىسىنىڭ ھەممە تارتمىلىرىنى قۇرۇقداپ، 50 مىڭ فرانكچە قەغەز پۇلنى ئالدى، بىر قىسىم قەغەزلىرىنى كۆيدۈردى، يەنە بىر قىسىم قەغەزلىرىنى كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە قويدى - دە،

① روبېر - ماكېر — ئەينى دەۋردە پارىژدا كەڭ تارقالغان كومېدىيە (1834 - يىلى يېزىلغان).



تولتۇرۇپ، خەت يېزىشقا كىرىشتى. يېزىپ بولغاندىن كېيىن لېپاپىقا سالدى ۋە «بارون خانىم دانگلارغا» دەپ يېزىپ قويدى.

— ئاخشاملىقىدا بۇ خەتنى ئۆزۈم ئۇنىڭ پەرداز ئۈستىلىگە قويۇپ قويىمەن، — دېدى ئۇ.

ئاندىن، ئۇ، شىرەنىڭ تارتمىسىدىن پاسپورتىنى ئالدى.

— ياخشى، — دېدى ئۇ، — بۇ پاسپورت يەنە ئىككى ئايغىچە ئىناۋەتلىك.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## پېر - لاشېز قەبرىستانلىقى

بوۋىل ۋالېنتىنانى ئاخىرەتلىككە ئۇزىتىپ ماڭغان كىشىلەرنى ھەقىقەتەن كۆرگەنىدى.

ھاۋا تۇتۇق ۋە بۇلۇتلۇق ئىدى. سوغۇۋاتقان شامال يەنىلا ئىللىق بولسىمۇ، دەرەخلەرگە ھالاكەت يەتكۈزىدىغاندەك، سېرىق يوپۇرماقلارنى يۇلۇپ ئېلىپ، بۇلۇۋار كوچىسىغا توشۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن چۆگىلىتىپ، ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى.

ۋىلفور چىن پارىژلىق بولغىنى ئۈچۈن پېر - لاشېز قەبرىستانلىقىنى بىر پارىژ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسىنىڭ تېنىنى قوبۇل قىلىشقا مۇناسىپ بولغان بىردىنبىر قەبرىستانلىق دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قەبرىستانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەك چەت ۋە ئادەتتىكى ئۆلۈكخانىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ

ئەزەردە يۇقىرى ئەبەقىدىن چىققان مېيىت پەقەت پىر - لا-
شېز قەبرىستانلىقىدىلا خاتىرجەم ياتالايتتى.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ يەردىن ئۇ باقىۋەندىلىككە ئايرىم جايىنى سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇ جايغا ئۇنىڭ دەسلەپكى ئائىلىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ماكانلىشىپ بولغانىدى. بۇ مازار-نىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە «سىبن - مېران ۋە ۋىلفور ئائىلىسى» دەپ يېزىلغانىدى. ۋالېنتىنانىڭ ئانىسى رېنېنىڭ ئاداققى ئۇيرا-دىسى شۇنداق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، مېيىت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ھەيۋەتلىك سېپى سېنت - ئونورېدىن چىقىپ، پېر - لاشېزغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار پۈتۈن پارىژنى كېسىپ ئۆتۈپ، تامپىل كوچىسىغا يەتتى، ئاندىن بۇلۋار كوچىسى ئارقىلىق قەبرىستانلىققا كەلدى، ھازىدارلارنىڭ 20 پەيتۇنىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە 50 شەخسىي پەيتۇن ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ 500 دىن ئارتۇق ئادەم پىيادە كەلمەكتە ئىدى.

پىيادە ماڭغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياشلار بولۇپ، ۋالېنتىنانىڭ ئۆلۈمى ئۇلارغا خۇددى ئۇچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغانىدەك تەسىر قىلغانىدى. زامانىنىڭ سوغۇق، دەۋرىنىڭ مې-ھىر - شەپقەتسىز بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ قەلبى ئېچىلماي توزۇغان غۇنچىدەك قازا تاپقان بۇ گۈزەل، يېقىملىق قىزغا قارىتا شائىرانە تەلپۈنۈشكە تولغانىدى.

ئۇزاتقۇچىلار شەھەر قاراۋۇلخانىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە تۆت ئات قوشۇلغان بىر پەيتۇن پەيدا بولدى - دە، ئۇيناق ئاتلار دەرھال توختىدى. گراف مونتې - كرىستو كەلگەنىدى. گراف پەيتۇندىن چۈشۈپ، مېيىت سېلىنغان پەيتۇننىڭ كەينىدىكى پىيادىلەر توپىغا قوشۇلدى.

شاتو - رېنو ئۇنى كۆرۈپ، دەرھال پەيتۇندىن چۈشۈپ،



ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. بوشانمۇ ئۆزىنىڭ كىرا ھارۋىسىدىن چۈشتى.

گراف ئادەملەر توپىغا دىققەت بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىق-تى. ئۇ، بىر كىمنى ئىزدەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاخىرى ئۇ تا-قەت قىلالمىدى.

— موررېل قېنى؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ئەپەندىلەر، ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

— بىز مەرھۇمەنىڭ ئۆيىدىن چىقماستىلا مۇشۇ سوئالنى قويغانىدۇق، — دېدى شاتو - رېنو، — بىز ئۇنى كۆرمىدۇق.

گراف جىم بولۇپ، يەنە ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى.

ئاخىرى، قەبرىستانلىققا يېتىپ كېلىشتى.

مونتې - كرىستو ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن دەرەخزارلىق ئىچىگە قاراپ چىققاندىن كېيىن خاتىرجەم بولدى. دەرەخلەر ئارىسىدا بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. مونتې - كرىستو ئېھتىمال، ئۆزى ئىزدىگەن ئادەمنى تونۇغان بولسا كېرەك.

بۇ ھەشەمەتلىك شەھەردە دەپنە ئىشلىرىنىڭ قانداق بو-لىدىغانلىقى ھەممە كىشىگە ئايان: ئاقۇش يوللارغا چېچىلىپ كەتكەن قارا كىيىملىك ئادەملەر؛ دەرەخ شاخلىرىنىڭ ياكى بى-رەر قەبرىنىڭ چۆرىسىدىكى قاشانىڭ سۇنۇشى بىلەن ئاندا - ساندا بۇزۇلۇپ تۇرىدىغان سۈكۈنات؛ ئۇيەر - بۇيەردىكى دەس-تە - دەستە گۈللەرنىڭ ئارقىسىدا ئالقانلىرىنى جۈپلەپ، باشلى-رىنى ئېگىپ تۇرغان ئاياللارنىڭ يىغا ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ئاڭلى-نىۋاتقان روھانىيلارنىڭ قىرائەتلىرى.

مونتې - كرىستونىڭ كۆزى چۈشكەن ھېلىقى ئادەم ئېلو-يېزا ۋە ئابېلىيار مازارىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى دەرەخزارلىقنى كې-زىپ ئۆتۈپ، ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ئالدىدىكى مەشئەلچىلەرگە يېتىش-تى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە دەپنە قىلىش ئورنىغا كەلدى.

باشقا كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ئۈنىڭدىن بۇنىڭغا كۆچۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن مونتې ــ كرىستونىڭ كۆزلىرى ئاشۇ ئادەمگە قادىلىپ قالغانىدى. گراف ئىككى قېتىم كىشىلەر توپى ئىچىدىن ئالدىغا چىقىپ، ئاشۇ ئادەمنىڭ قولى كىيىمى ئىچىگە يوشۇرۇلغان بىرەر قورالنى چىقىرىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ قارىدى.

دەپنىچىلەر توختىغاندا كىشىلەر ھېلىقى ئادەمنىڭ موررېلنى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ، تاتىرىپ، جۈدەپ كەتكەن، كالتە چاپىنىنىڭ ھەممە تۈگمىلىرى ئېتىلگەن ھالدا شىلەپىسىنى ئەسەبىيلىك بىلەن مىجىقلاپ، مازار يېنىدىكى دۆڭدە دەرەخقە يۆلىنىپ تۇراتتى. شۇ يەردىن ئۇ دەپنە ئىشىنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىنى كۆرەلەيتتى.

ئىشلار قائىدە ــ يوسۇن بويىچە ئادا قىلىندى. ھەر دائىم بولىدىغاندەك، قايغۇغا ئانچە بېرىلىپ كەتمىگەن بىرنەچچە ئادەم نۇتۇق سۆزلىدى. بەزىلەر بۇ بىمەزگىل ئۆلۈمگە ئېچىندى. يەنە بەزىلەر قىزنىڭ ئاتىسىغا ئىچىنى ئاغرىتىشتى. يەنە شۇنداق ئادەملەرمۇ چىقتىكى، ئۇلار «ۋىلفور سوتلانغۇچىلارنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە قانۇننىڭ شەمشىرىنى كۆتۈرگەندە، ۋالېنتىنا ئاتىسىدىن ئۇلارغا كەچۈرلۈك قىلىشىنى يالۋۇرۇپ سورىغان» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتى. قىسقىسى كىشىلەر مالېرنىڭ دۇپېرىيىگە بېغىشلىغان شېئىرىي تەرىپلىرىنى ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئۆزگەرتىپ، پاساھەتلىك سۆزلەر ۋە تەسىرلىك ئىبارىلەرنى كەڭ ــ كۇشادە بايان قىلىشتى.

بۇ گەپلەر مونتې ــ كرىستونىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى پەقەت موررېلنىلا كۆرەتتى. موررېلنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خاتىرجەملىكى ۋە قىممىر قىلماي تۇرۇشى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلاتتى.



— قاراڭ! — دېدى بوشان ئۇشتۇمتۇت دېبرېگە بۇرۇلۇپ، — ئەنە موررېل! چىقىۋالغان يېرىنى قاراڭلار!

ئۇلار ئىككىسى موررېلنى شاتو ــ رېنوغا كۆرسەتتى.

— ئۇ نېمە ئانچە تاتىرىپ كەتكەندۇ؟ — دېدى شاتو ــ رېنو.

— توڭۇپ كەتكەندۇر، — دېدى دېبرې.

— ياق، — دېدى شاتو ــ رېنو ئاۋازىنى سوزۇپ، — مېنىڭچە، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. ماكسىمىلىئان بەك ھېسسىياتچان ئادەم.

— ياق، — دېدى دېبرې، — ئۇ ۋىلفور خانقىز بىلەن تونۇشمايدۇ ئەمەسمۇ. ئۆزىڭىز شۇنداق دېگەنىدىڭىزغۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن مورسېر خانىمنىڭ ئۆيىدىكى بەزمىدە ئۇنىڭ ۋالېنتىنا بىلەن ئۈچ قېتىم تانسا ئوينىغانلىقى يادىمدا تۇرىدۇ. يادىڭىزدا بارمۇ، گراف؟ شۇ قېتىمقى بەزمىدە سىز ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدىڭىزغۇ.

— يادىمدا يوق، — دېدى مونتې ــ كرىستو كىمنىڭ نېمە سوئالىغا جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەستىن. ئۇنىڭ پۈتۈن دىققەت ــ ئېتىبارى موررېلغا قارىتىلغانىدى. موررېل خۇددى نەپەسى ئۈزۈلۈپ قالغاندەك ھېچبىر ئىپادىسىز ھالەتتە تۇراتتى. سەزمەي تۇراتتى.

— نۇتۇقلارمۇ تۈگىدى. خەير ــ خوش، ئەپەندىلەر، — دېدى مونتې ــ كرىستو.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ غايىب بولدى، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم كۆرمىدى.

ماتەم مۇراسىمى تامام بولدى. ئىشتىراك قىلغۇچىلار كەلگەن يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. يالغۇز شاتو ــ رېنولا كۆزلىرى بىلەن موررېلنى ئىزدىدى. ئۇ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان

گرافنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغىنچە، موررېل بايىقى تۇرغان يېرىدىن كېتىپ قالغانىدى. شاتو - رېنو ئۇنى تاپالمىدى ۋە دېبرې بىلەن بوشاننىڭ كەينىدىن ماڭدى.

مونتې - كرىستو كوكاتلار ئىچىگە كىردى ۋە بىر يوغان قەبرىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، موررېلنى كۆزىتىشكە باشلىدى. موررېل ھەممە كىشىلەر كېتىپ، چۆلدەرەپ قالغان مازارغا كەلدى ۋە ئالدىرىماي ئۆپچۆرىسىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قارشى تەرەپكە قارىتىلغاندا مونتې - كرىستو تۇيدۇرماستىن يەنە ئون قەدەم يېقىنلاپ كېلىۋالدى. ماكسىمىلىئان تىزلاندى. گراف بىر ئىش بولۇپ قالسا، ئېتىلىپ بېرىشقا تەييارلىنىپ كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان ھالدا ئېگىشىپ يېقىن كېلىۋەردى.

موررېل پېشانىسىنى تاش توسۇققا تىرەپ ئىككى قولى بىلەن رېشاتكىنى چىڭ تۇتۇپ، پىچىرلىدى:

— ۋالېنتىنا!

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، گرافنىڭ يۈرىكى چىدىيالمىدى. ئۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ كېلىپ، موررېلنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ، دوستۇم، — دېدى ئۇ، — مەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم.

مونتې - كرىستو ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە جاۋابەن زارلىنىش ۋە ئەيىبلەشلەرنى ئاڭلايمەن دەپ ئويلىدى، لېكىن ئۇ خاتالاشقانىدى. موررېل ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ۋە ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشىپ جاۋاب بەردى:

— مەن ئايەت ئوقۇۋاتىمەن.

مونتې - كرىستو ماكسىمىلىئاننىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە زەن قويۇپ قارىدى. بۇ قاراشتىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

— مەن سىزنى شەھەرگىچە ئۇزىتىپ قويسام بولامدۇ؟ — دەپ تەكلىپ قىلدى ئۇ موررېلغا.



— ياق رەھمەت.

— سىزگە بىر نەرسە لازىممۇ؟

— مېنىڭ ئايەت ئوقۇشۇمغا ئىمكانىيەت بېرىڭ.

گراف گەپ قىلماي چەتكە ئۆتتى ۋە باشقا بىر جايغا مۆكۈندى - دە، يەنە موررېلنى كۆزىتىشكە باشلىدى. موررېل ئاخىرى ئورنىدىن تۇردى، تىزلىرىدىكى توپىنى قاقتى ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىماستىن، پارىژ يولىغا چۈشۈپ ماڭدى.

ئۇ لاراكېت كوچىسىدىن ئالدىرىماي مېڭىپ ئۆتتى. گراف قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان پەيتونىنى كەتكۈزۈۋېتىپ، ماكسىمىلىئاندىن 100 قەدەمچە ئارقىدا ماڭدى.

ماكسىمىلىئان قانالدىن ئۆتتى ۋە بۇلۋار كوچىسىدىن ئۆتۈپ، مېلې كوچىسىغا كىردى.

دەرۋازىنىڭ كىچىك قاپقىقى موررېلنىڭ كەينىدىن يېپىلغاندىن كېيىن بەش مىنۇت ئۆتۈپ، مونتې - كرىستونىڭ كىرىشى ئۈچۈن يەنە ئېچىلدى.

ژيۇلى باغدا ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ باغۋەنلىك كەسپىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەيدىغان پېنىلوننىڭ بېنگال ئەتىرگۈللىرىنى قىرقىشقا قاراپ تۇراتتى.

— گراف مونتې - كرىستو! — دېدى ئۇ چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولۇپ، مونتې - كرىستو مېلې كوچىسىغا كەلسە، بۇ ئائىلىدىكى ھەر بىر ئادەم ئەنە شۇنداق خۇشال بولاتتى.

— ماكسىمىلىئان ھېلى قايتىپ كەلدىغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى گراف.

— ھەئە، كەلگەندەك قىلىۋاتاتتى، — دېدى ژيۇلى، — بىراق، ئېمانۇئېلنى چاقىرىسىڭىزمىكىن.

— ئەپۇ قىلىڭ، خانىم، مەن ھازىرلا ماكسىمىلىئاننىڭ يېنىغا كىرمىسەم بولمايدۇ، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئۇنىڭغا بەك مۇھىم ئىشىم بار.

— ماقۇل، ئەمسە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىڭ، — دېدى ژىۋىلى ۋە گراف پەلەمپەيدە غايىب بولغۇچە يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى.

مونتې - كرىستو ماكسىمىلىئاننىڭ ئۆيلىرى جايلاشقان ئۈچىنچى قەۋەتكە ئالدىراپ چىقتى - دە، ئەتراپقا قۇلاق سېلىپ توختىدى. جىمجىتچىلىق. ئۆي ئىگىسى ئۆزى ئىشلىتىدىغان كونىچە ئىمارەتلەرنىڭ تولىسىدا بولىدىغاندەك پەلەمپەيگە يەقەت بىرلا ئەينەكلىك ئىشىك قارايتتى. بىراق، بۇ ئەينەكلىك ئىشىكتە ئاچقۇچ يوق ئىدى. ماكسىمىلىئان ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالغانىدى. ئىشىك ئەينىكىگە قىزىل شايى پەردە تارتىلغان بولغاچقا، ئۆي ئىچىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

گرافنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنىڭ قىزىرىپ كېتىشىدە ئىپادىلەندى. بۇ يۈرىكى قېتىپ كەتكەن ئادەمنىڭ شۇ قەدەر ھاياجانلىنىشى ئاسان گەپ ئەمەس ئىدى.

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

ئۇ بىردەم ئويلىنىپ قالدى.

— قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتايمىسۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە، — ياق! قىسمەن ھاللاردا قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشى، بىر كىمنىڭ كېلىشى ماكسىمىلىئاندەك ھالى خاراب بولغان ئادەمنىڭ بىر قارارغا كېلىشىنى تېزلىتىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشىغا جاۋابەن باشقا بىر ئاۋازنى ئاڭلايدىغان ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مونتې - كرىستونىڭ بېشىدىن تاپىنىغىچە تىترەك ئۆلىشىپ كەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ چاقماق تېزلىكىدە بىر قارارغا كېلەلەيدىغان بولغاچقا، جەينىكى بىلەن ئىشىك ئەينىكىگە بىرنى ئۇردى. ئەينەك پاچاقلىنىپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ پەردىنى قايرىدى ۋە موررېلنى كۆردى.



موررېل ئۈستىلىنىڭ يېنىدا قەلەم تۇتۇپ ئولتۇراتتى. سۇنغان ئەينەكنىڭ جاراڭلىشىنى ئاڭلاپ، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ئارقىغا بۇرۇلدى.

— خۇدا ھەققى، ئەپۇ قىلىڭ، قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى گراف، — تېيىلىپ كېتىپ، جەينىكىم ئەينەككە تېگىپ كەتتى. ئەينەك سۇنۇپ بولدى، مەن ئەمدى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېنىڭىزغا كىرىۋالاي. ئاۋارە بولماڭ، ئاۋارە بولماڭ.

گراف ئەينەك سۇنغان جايدىن قولىنى تىقىپ، ئىشىكنى ئاچتى. موررېل ئەپسۇسلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى ھەمدە ئۇنى قارشى ئېلىشتىن تولاراق، ئۇنىڭ يولىنى توسىۋېلىش ئۈچۈن مونتې - كرىستونىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھەق گەپنى قىلغاندا، بۇ، مالايلىرىڭىزنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولدى، — دېدى مونتې - كرىستو جەينىكىنى ئۇۋۇۋلاپ، — ئۇلار پولنى خۇددى ئەينەكتەك سىلىق قىلىپ سۈرتىۋېتىپتۇ.

— بىر يېرىڭىز جاراھەتلەنمىگەندۇ؟ — سوغۇق تەلەپپۇزدا سورىدى موررېل.

— بىلمەيمەن. ھە، سىز نېمە قىلىۋاتقانىدىڭىز؟ خەت يېزىۋاتامتىڭىز؟

— مەنمۇ؟

— بارماقلىرىڭىزغا سىيا تېگىپ قاپتۇ.

— ھەئە، يېزىۋاتاتتىم، — دېدى موررېل، — ئۆزۈم ھەربىي بولساممۇ بەزىدە بىرنېمىلەرنى يېزىپ قويىمەن.

مونتې - كرىستو بۆلمىگە بىرنەچچە قەدەم ئىچكىرىلەپ كىردى. ماكسىمىلىئان ئۇنى كىرگۈزمەسلىككە ئامالسىز ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي ماڭدى.

— يېزىۋاتامسىز؟ — دېدى يەنە مونتې ـ كرىستو ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ.

— بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىش شەرىپىنى ئادا قىلىپ بولغانىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى موررېل.

گراف ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتتى.

— سىيادانىڭ يېنىدا تاپانچا تۇرىدىغۇ؟ — دېدى ئۇ شىرە ئۈستىدىكى قورالنى موررېلغا كۆرسىتىپ.

— ساياھەتكە چىقماقچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى ماكسىمىلىئان.

— دوستۇم! — دېدى مونتې ـ كرىستو چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن.

— تەقسىر!

— قەدىرلىك ماكسىمىلىئان، ئۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئويلارغا بېرىلىپ كەتمەڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ سوراپ قالاي!

— چېكىدىن ئاشقان ئوي دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى موررېل مۈرىلىرىنى قىسىپ، — ساياھەتكە چىقماقچى بولۇش چېكىدىن ئاشقان ئوي بولامدۇ؟

— نىقابلىرىمىزنى تاشلىۋېتەيلى، ماكسىمىلىئان، — دېدى مونتې ـ كرىستو، — سىز مېنى ياسالما خاتىرجەملىكىڭىز بىلەن ئالدىيالمايسىز. مەنمۇ سىزنى يۈزەكى ھېسداشلىق قىلىش بىلەن ئالدىيالمايمەن. مەن ھازىرقىدەك تەدبىر قوللىنىپ، ئەينەكنى چېقىپ، تاقاقلىق ئىشىكنى ئېچىپ، دوستۇمنىڭ ئالدىغا كىرگەن ئىكەنمەن، دېمەك، بۇنداق قىلىشىمدا سەۋەب بار، ئۇچۇقراق ئېيتقاندا، سىزدىن ئەنسىرىدىم. موررېل، سىز ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇۋاتىسىز.

— قويۇڭا! — دېدى موررېل چۆچۈپ كېتىپ، — بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭىز؟



— بۇ چوقۇم شۇنداق، ئۆلۈۋالماقچى بولۇۋاتىسىز، — دېدى يەنە گراف، — مانا، بۇنىڭ ئىسپاتى.

شۇ گەپ بىلەن، ئۇ شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە موررېلنىڭ باشلاپ قويغان خېتىنى، يېپىپ قويغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىۋېتىپ، خەتنى قولىغا ئالدى. موررېل خەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئېتىلىپ كەلدى. مونتې ـ كرىستو ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئالدىن پەملىگەنىدى. ئۇ ماكسىمىلىئاننىڭ قولىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى توختىتىۋالدى.

— سىز ئۆلۈۋالماقچى بولىدىكەنسىز، موررېل، — دېدى ئۇ، — مانا بۇ ئاق قەغەزگە قارا سىيا بىلەن شۇنداق دەپ يېزىلغان!

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ! — دەپ خىتاب قىلدى موررېل ياسالما خاتىرجەملىكىنى بىراقلا چۆرۈپ تاشلاپ، — سىز ئېيتقاندەك، مەن بۇ تاپانچىنى ئۆزۈمگە قاراتماقچى بولسام كىم مېنى توسۇۋالالايدىكەن؟ مېنى توسۇۋېلىشقا كىمنىڭ قۇربى يېتىدىكەن؟ مېنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرىم يوققا چىقتى، يۈرىكىم زەرداب بولدى، ھاياتىمنىڭ چىرىغى ئۆچتى، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالدىم، يەر يۈزى ماڭا دوزاخ بولدى، ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسام ئازابلىنىدىغان بولدۇم. ئۆلۈشۈمگە يول قويۇش — ماڭا رەھىم قىلغانلىق بولىدۇ، چۈنكى ئۆلۈشۈمگە يول قويمىساڭلار ئەقلىمدىن ئازىمەن، ساراڭ بولۇپ قالىمەن. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يۈرىكىمگە قان تولغان ھالدا مۇشۇ گەپلەرنى قىلسام، قانداق ئادەم مېنى «خاتا قىلدىڭ» دەپ ئەيىبلىيەلەيدۇ؟ مېنىڭ بەختسىزلەر ئىچىدىكى ئەڭ بەختسىز بولماسلىقىمغا كىم توسقۇنلۇق قىلالايدۇ؟ ئېيتىڭا، گراف، سىز شۇنداق قىلماقچىمۇ يا؟

— شۇنداق، موررېل، — دېدى مونتې ـ كرىستو قەت-

ئېلىك بىلەن. ئۇنىڭ ۋەزمىنلىكى ماكسىمىلىئاننىڭ ئەسەبىيلىكىگە كەسكىن سېلىشتۇرما بولغانىدى. — شۇنداق، مەن توسقۇنلۇق قىلمەن.

— سىز! — دەپ خىتاب قىلدى موررېل بارغانسېرى غەزەپلىنىپ، — سىز ئەخمىقانە ئۈمىد بىلەن ئالداپ قويدىڭىز، يالغان ۋەدىڭىز بىلەن مېنى تىزگىنلەپ، پەپىلەپ، ئۇخلىتىپ قويدىڭىز. شۇنداق بولمىسا، مەن جىددىي تۇتۇش قىلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالاتتىم ياكى ھېچبولمىغاندا، ئۇنى ئۆلۈش ئالدىدا باغرىمغا بېسىۋالاتتىم. سىز ئەقىل-پاراسەتنىڭ ھەممە ئىمكانىيەتلىرىنى، تەبىئەتنىڭ بارلىق كۈچ-قۇدرىتىنى ئۆز ئىلكىڭىزدە تۇتۇپ تۇرغاندەك ماختانغانىدىڭىز، سىز تەقدىرنى ئىدارە قىلالايدىغاندەك گەپلەرنى قىلغانىدىڭىز، ئۆزىڭىزنى تەقدىرنىڭ رولىنى ئويناۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسەتكەنىدىڭىز. شۇنداق تۇرۇپ، زەھەرلەنگەن قىزغا ھەتتا زەھەرنى ياندۇرۇش دورىسىنىمۇ بېرەلمىدىڭىز! ياق، تەقسىر، ئەگەر سىز مېنىڭ نەپرىتىمنى قوزغىمىغان بولسىڭىز، كۆڭلۈمنى يۇمشىتالىغان بولاتتىڭىز!

— موررېل!

— ھە، سىز مېنىڭ نىقابىنى چۆرۈپ تاشلاشقا دەۋەت قىلدىڭىز. مانا، مەن نىقابنى چۆرۈپ تاشلىدىم. رازى بولغانسىز. ھە، سىز قەبرىستانلىقتا كەينىمدىن كەلگىنىڭىزدە كۆڭلۈمنىڭ ياخشىلىقىدىن گېپىڭىزگە جاۋاب قايتۇرغانىدىم. بۇ يەرگە كىرگىنىڭىزدىمۇ كىرىشىڭىزگە يول قويدۇم... لېكىن سىز مېنىڭ يول قويۇشۇمنى سۇيىئىستېمال قىلىۋاتىسىز، مەن خۇددى گۆرنى ماكان قىلغاندەك بۇ ئۆيگە كىرىۋالسام، ئارقامدىن قوغلاپ كىردىڭىز؛ مەن بۇ دۇنيادىكى ئازابلارنىڭ ھەممىسىنى تارتىپ تۈگىتىپ بولدۇم دېسەم، سىز ماڭا يەنە يېڭى ئازابلارنى ئېلىپ



كەلدىڭىز... گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، گراف مونتې-كرىستو، مېنىڭ يالغان پاسىبانىم، ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى، ئەمدى قانائەت ھاسىل قىلىڭ، دوستىڭىز سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا ئۆلدى!

موررېل تەلۋىلەرچە قاقاقلاپ كۈلۈپ، تاپانچىغا ئېتىلدى. خۇددى ئەرۋاھتەك تاتىرىپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان مونتې-كرىستو قولىنى تاپانچىنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە خۇدىنى يوقاتقان يىگىتكە خىتاب قىلدى:

— تەكرار ئېيتىپ قويايكى، سىز ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرمەيسىز!

— مېنى توسۇپ بېقىڭا قېنى! — دەپ ۋارقىرىدى موررېل ۋە بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تاپانچىغا ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشىمۇ گرافنىڭ پولات قولى بىلەن قايتۇرۇۋېتىلدى.

— بۇنداق قىلىشىڭىزغا يول قويمايمەن!

— سىز زادى نېمە ئادەم؟ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئەركىن ئادەمنى زالىملارچە باشقۇرىمەن دېيىشكە نېمە ھەققىڭىز بار؟ — ۋارقىرىدى ماكسىمىلىئان.

— مېنى نېمە ئادەم دەمسىز؟ — دېدى مونتې-كرىستو، — قۇلاق سېلىڭ. مەن «موررېل، ئاتاڭنىڭ ئوغلىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆلۈشىنى خالىمايمەن» دېيىشكە ھەقلىق بولغان بىردىنبىر ئادەم.

مونتې-كرىستو باشقىچە، ئۆزگەرگەن ئۇلۇغۋار، دەخلىسىز قىياپەتتە قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ، ماكسىمىلىئاننىڭ ئالدىغا كەلدى. تىترەپ تۇرغان ماكسىمىلىئان گوياكى ئىلاھىيەت قۇدرىتىگە ئىگە بولغان بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىختىيارسىز پەسكويغا چۈشۈپ، بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى.

— نېمە ئۈچۈن ئاتامنى تىلغا ئالىسىز؟ — دېدى ئۇ

پىچىرلاپ، — ئاتامنى ئەسلەش بىلەن بوگۈنكى ئىشنى نېمە ئۈچۈن بىرلەشتۈرۈۋالدىڭىز؟

— چۈنكى ئاتاممۇ ساڭا ئوخشاش ئۇلۇۋالماقچى بولغاندا، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالغان كىشى مەن؛ سىنىڭ سىڭلىڭغا ھېلىقى ھەمىيانىنى ۋە موررېل بوۋايغا «فىرئاۋون»نى تەقدىم قىلغان كىشى مەن بولىمەن. سەن كىچىك بالا ۋاقتىڭدا مەن سېنى قۇچىقىمغا ئېلىپ ئوينىتاتتىم، مەن ئېدمون دانتېس!

ھاڭ - تاڭ بولغان موررېل سەنتۈرۈلۈپ، ئېغىر تىنىق ئېلىپ، يەنە بىر قەدەم كەينىگە داجىدى. ئاندىن ئۇ مادارىدىن كېتىپ، قاتتىق ۋارقىراپ تاشلىدى - دە، مونتې - كرىستونىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا يىقىلدى. ئاندىن، ئۇ، ئۇشتۇمتۇت ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، بۆلمە ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە پەلەمپەي تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىپ، بارلىق ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— ژيۇلى! ئېممانۇئېل!

مونتې - كرىستو ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەنىدى، لېكىن ماكسىمىلىئان ئىشىكنى يېپىۋېلىپ، گرافنى چىقارمىدى ۋە خۇددى بۇ ئىشىك ئېچىلىپ كەتسە جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك، تۇتقۇچىنى كۈچىنىڭ بارىچە تارتىپ تۇرۇۋالدى. ماكسىمىلىئاننىڭ ۋارقىرىشىنى ئاڭلاپ، ژيۇلى، ئېممانۇئېل ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پېنېلون بىلەن خىزمەتكارلار قورقۇپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

موررېل ئىشىكنى ئاچتى ۋە ژيۇلى بىلەن ئېممانۇئېلنىڭ قوللىرىدىن تۇتتى.

— تىزلىنىڭلار! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ يىغا ئارىلاش بوغۇلۇپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن، — مانا بىزنىڭ شەپقەتچىمىز، ئاتىمىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى مانا...



ئۇ «مانا ئېدمون دانتېس!» دېمەكچى بولغانىدى، لېكىن گراف ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تېزختىتىۋالدى.

ژيۇلى گرافنىڭ بىلىكىگە يېپىشتى، ئېممانۇئېل خۇددى قادىر ئاللاھنى كۆرگەندەك ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيدى. موررېل يەنە تىزلاندى ۋە بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

ئەنە شۇ چاغدا بۇ تۆمۈر ئادەم يۈرىكىنىڭ پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، گويا كى ئۇنىڭ كۆكسىدىن كۆيدۈرۈپ چىقىۋاتقان يالقۇن كۆزلىرىگە تىقىلغاندەك بولدى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ، يىغلاپ تاشلىدى. بۆلمە ئىچىدە بىر ھازاغىچە يىغا ئاۋازى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلاردىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمىدى.

ژيۇلى ھاياجاندىن ئېسىگە كېلىش بىلەن تەڭ بۆلمىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشتى ۋە بالىلارچە خۇشاللىق بىلەن ساراي ئۆيگە كىردى - دە، ئەينەك قاپچىنى ئېچىپ، بىر چاغلاردا مېلي كوچىسىدىكى يوچۇن كىشى تەقدىم قىلغان ھەمىيانىنى ئالدى.

بۇ چاغدا ئېممانۇئېل ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن مونتې - كرىستوغا سۆزلەۋاتاتتى:

— ئاھ، گراف، بىزنىڭ غايىبانە شەپقەتچىمىز توغرۇلۇق قانچىلىك تولا سۆزلىشىدىغانلىقىمىزنى، ئۇنى قانچىلىك مىننەتدارلىق ۋە مۇھەببەت بىلەن ئەسلەيدىغانلىقىمىزنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ. نېمە ئۈچۈن مۇشۇ چاغقىچە ئۆزىڭىزنى ئاشكارىلىمىدىڭىز؟ بۇنداق قىلىشىڭىز بىزنىمۇ ھەم ئۆزىڭىزنىمۇ ئايىمىغانلىق!

— كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ، دوستۇم، — دېدى گراف، — مەن سىزنى شۇنداق دەپ ئاتايمەن، چۈنكى سىز ئۆزىڭىز بىلمىگەن بىلەن 11 يىلدىن بېرى ماڭا دوست بولۇپ كېلىۋاتىسىز. ھېر جىددىي ۋەقە يۈز بەرگەنلىكتىن سىلەرگە بۇ سىرنى ئېچىش

قا مەجبۇر بولدۇم. لېكىن نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى سىزگە
ئېيتالمايمەن. خۇدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، مەن بۇ سىرنى يۈرىكىم-
نىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆمۈر بويى ساقلاشنى ئويلىغانىدىم. ماك-
سىمىلىئان مېنى تەھلىكىدە قويۇپ، بۇ سىرنى قەلبىمدىن
يۇلۇپ چىقىرىۋالدى. ئىشىنىمەنكى، ئۇ مېنى شۇنداق تەھلىكىگە
سالغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ.

ماكسىمىلىئان سەل نېرىدا تېخىچە تىزلىنىپ، يۈزىنى
كرېسلوغا قويۇۋېلىپ تۇراتتى.

— ئۇنى ئوبدان كۆزىتىڭ، — دەپ پىچىرلىدى ئاۋازدا قوشۇپ
قويدى مونتې - كرىستو ۋە ئېممانۇئېلنىڭ قولىنى مەنىلىك
قىسىپ قويدى.

— نېمىشقا؟ — سورىدى ئېممانۇئېل ھەيران بولۇپ.

— بۇنى سىزگە ئېيتالمايمەن، لېكىن سىز ئۇنى
كۆزىتىڭ.

ئېممانۇئېل ئۆيچۆرىسىگە كۆز تاشلىدى ۋە موررېلنىڭ
تاپانچىسىنى كۆردى. ئۇ قورقۇپ كەتتى ۋە قولىنى ئاستا كۆتۈ-
رۈپ شىرە ئۈستىدىكى قورالنى مونتې - كرىستوغا كۆرسەتتى.
مونتې - كرىستو يەرگە قارىدى. ئېممانۇئېل قولىنى تاپانچىغا
ئۇزاتقانىدى، لېكىن گراف ئۇنى توختىتىۋالدى. ئاندىن ئۇ
موررېلنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. ھېلى تېخى
ماكسىمىلىئاننىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن تاشقىنلىق ھې-
سسىياتلار ئەمدى جىمجىت خامۇشلۇققا ئورۇن بەرگەنىدى.

ژيۇلى يىپەك ھەميانىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى. خۇشال-
لىقتىن ئاققان ئىككى تامچە ياش خۇددى سەھەردىكى شەبنەم-
دەك يالتىراپ، ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى.

— مانا بىزنىڭ تەۋەررۇكىمىز، — دېدى ئۇ، — شەپ-
قەتچىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ تەۋەررۇك-
نىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ قالدى دەپ ئويلىماڭ.



— بالام، — دېدى مونتې - كرىستو ۋە قىزىرىپ
كەتتى. — بۇ ھەميانىنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەيسىز. ئەمدى
مېنى بىلىپ بولدۇڭلار، بۇندىن كېيىن ئۇنتۇرمىسىزدىكى دوست-
لۇقنى قەدىرلەپ، مېنى ئەسلەپ تۇرساڭلارلا بولىدۇ.

— ياق، ياق، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — دەپ خىتاب
قىلدى ژيۇلى، ھەميانىنى كۆكسىگە بېسىپ، سىز ئاخىرى بىر
كۈنى بىزنى تاشلاپ كېتىسىز ئەمەسمۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى مونتې - كرىستو كۈلۈمسىرەپ، —
مەن يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندە بۇ مەملىكەتتىن كېتىمەن، چۈنكى
بۇ مەملىكەتتە تەڭرىنىڭ جازاسىغا لايىق بولغان نۇرغۇن ئادەم-
لەر بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدى، لېكىن مېنىڭ ئاتام
ئاچلىق ۋە ھەسرەتتىن ئۆلۈپ كەتتى.

مونتې - كرىستو ئۆزىنىڭ كېتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندا
موررېلغا قارىدى ۋە «بۇ مەملىكەتتىن كېتىمەن» دېگەن سۆزلەر
ئۇنىڭ تېگىرقىشىنى يوقىتالمىغانلىقىنى بايقىدى. گراف دوست-
نىڭ قايغۇسى بىلەن ئاداققى جەڭگە كىرىش لازىملىقىنى
ھېس قىلدى. ئۇ، ژيۇلى بىلەن ئېممانۇئېلنىڭ قوللىرىنى
تۇتۇپ، ئاتىلارچە مېھرى بىلەن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى:

— قەدىرلىك دوستلىرىم، مېنى ماكسىمىلىئان بىلەن
يالغۇز قويۇشۇڭلارنى سورايمەن.

بۇ، ژيۇلىگە ھېلىقى قىممەتلىك تەۋەررۇكنى ئېلىپ كېتىش-
كە پۇرسەت بولدى. شۇڭا، ئۇ، ئېرىنى ئالدىراتتى.

— چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئۇ.

گراف خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان موررېل بىلەن
يالغۇز قالدى.

— ماڭا قارىغىن، ماكسىمىلىئان، — دېدى گراف، ئۇنىڭ
مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — سەن قايتىدىن ئادەم بولالامسەن؟

— ھەئە، چۈنكى مەن قايتىدىن ئازابلىنىشقا باشلىدىم.

گراف قاپىقىنى تۈردى. ئۇنىڭ قاتتىق دىلغول بولۇپ تۇرغانلىقى روشەندى.

— ماكسىمىلىئان! — دېدى ئۇ، — بۇنداق خىياللار خرىستىئانغا مۇناسىپ ئەمەس.

— خاتىرجەم بولۇڭ، دوستۇم، — دېدى ماكسىمىلىئان بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋە گرافقا چەكسىز غەمكىن تەبەسسۇم بىلەن قاراپ، — مەن ئۆلۈۋالمايمەن.

— دېمەك، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئەمدى تاپانچىنى، ئۈمىدسىزلىكنى چۆرۈپ تاشلامدۇق؟

— شۇنداق، مېنى ئازابتىن پىچاق بىلەن تاپانچىدىنمۇ ئوڭايلا قۇتۇلدۇرىدىغان نەرسەم بار ئەمەسمۇ.

— ھەي بىچارە! قانداق نەرسە ئۇ؟

— مېنىڭ دەردىم. شۇ دەردىم مېنى ئۆلتۈرىدۇ.

— دوستۇم، گېپىمنى ئاڭلا، — دېدى مونتې - كرىستومۇ خۇددى شۇنداقلا غەمكىنلىك بىلەن، — مەنمۇ بىر قېتىم ساڭا ئوخشاش مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلىغانىدىم. ئاتاڭمۇ بىر قېتىم خۇددى مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانىدى. ئاۋادا ئاتاڭ ئۆزىنىڭ ماڭلىيىغا تاپانچا تەڭلىگەن چاغدا ياكى مەن ئۈچ كۈنگىچە تۈرمە نېنىنى يېمىگەن چاغدا بىر ئادەم كېلىپ «ياشاڭلار! سىلەر بەختلىك بولىدىغان كۈن يېتىپ كېلىدۇ، ھاياتنى قەدىرلەڭلار» دېگەن بولسا، بۇ گەپنى كىم قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن ھالدا غەمكىن كۈلۈمسىرەپ قويغان بولاتتۇق. ھالبۇكى ئاتاڭ قانچە - قانچە قېتىملار سېنى سۆيۈپ، ھاياتىنىڭ قەدرىگە يەتكەندۇر، مەن ئۆزۈممۇ قانچە - قانچە قېتىملار...



— بىراق، سىز پەقەت ئەركىنلىكتىنلا مەھرۇم بولغان، — ماكسىمىلىئان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئاتام پەقەت مال - دۇنيادىنلا ئايرىلغان، مەن بولسام ۋالېنتىنادىن ئايرىلىپ قالدىم!

— ماڭا قارا، ماكسىمىلىئان، — مونتې - كرىستو شۇنداق تەنتەنىلىك قىياپەتتە سۆزلىدىكى، بۇنداق قىياپەت ئۇنى ھەمىشە ئۇلۇغۋار قىلىپ كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇراتتى، — مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ياش ئاقمىدى، قېنىم قىزىمىدى، يۈرىكىم ھەسرەتلىك سوقمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، سېنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەنغۇ، ماكسىمىلىئان. مەن سېنى ئۆز ئوغلۇمدەك ياخشى كۆرىمەن. بىلىشىڭ كېرەككى، ئازابمۇ خۇددى ھاياتقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كەلگۈسى قانداق بولۇشىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەن سېنىڭ ياشىشىڭنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن، سېنى ياشاشقا بۇيرۇيمەن، چۈنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاياتىڭنى ساقلاپ قالغىنىم ئۈچۈن ماڭا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.

— ئاھ خۇدايىم، — دەپ خىتاب قىلدى يىگىت، — ماڭا نېمە ئۈچۈن بۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز، گراف؟ ياكى سىز ئۆمرىڭىزدە مۇھەببەت باغلاپ باقمىغانمۇ؟

— گۆدەك! — دېدى گراف.

— مەندەك مۇھەببەت باغلاپ باقمىغانسىز دېمەكچىدىم. — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى موررېل، — بىلەمسىز، مەن چوڭ بولغاندىن تارتىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ كېلىۋاتىمەن. 29 ياشقا كىرگۈچە مۇھەببەتنى بىلمىگەنىدىم، چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھېسسىياتلىرىمنى مۇھەببەت دېگىلى بولمايدۇ. 29 يېشىمدا ۋالېنتىنانى ئۇچراتتىم. مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈۋاتقىلى ئىككى يىل بولۇپ قالدى؛ ئىككى يىلدىن بېرى مەن

ئۈچۈن خۇددى خۇدانىڭ ئۆز قولى بىلەن پۈتۈلگەن كىتابتەك ئېچىپ قويۇلغان يۈرەكتە قىزلار ۋە ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئالىي پەزىلەتلەرنى كۆرۈپ كەلگەنىدىم. گراف، ۋالېنتىنا مەن ئۈچۈن چەكسىز بەخت ئىدى، مىسلى كۆرۈلمىگەن بەخت ئىدى، بۇ دۇنيادىن تاپقىلى بولمايدىغان غايەت زور بەخت ئىدى. مەن بۇ دۇنيادا شۇ بەختكە ئېرىشەلمىدىم. ئەمدى، ۋالېنتىنا سىز ياشىسام، ھەسرەت-نادامەتتىن باشقا نەرسىنى كۆرەلمەيمەن.

— مەن سىزگە ئۈمىدۋار بولۇڭ دېدىمغۇ، — دېدى گراف.

— ئېھتىيات قىلىپ سۆزلەڭ، گراف، — دېدى موررېل. — سىز مېنى قايىل قىلماقچى بولۇۋاتىسىز. ئەگەر قايىل قىلالىسىڭىز مەن ئەقلىمدىن ئېزىپ قالىمەن، چۈنكى ۋالېنتىنا بىلەن يەنە كۆرۈشىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ قالىمەن.

گراف كۈلۈپ قويدى.

— دوستۇم، ئاتام! — دەپ خىتاب قىلدى موررېل خۇدىنى يوقاتقان ھالدا، — يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، ئېھتىيات قىلىڭ! بۇنداق ئىشەنچلىك گەپ قىلىشىڭىزدىن قورققۇم كېلىۋاتىدۇ. ئويلاپ سۆزلەڭ. كۆزلىرىم روشەنلىشىۋاتىدۇ، يۈرىكىمگە قايتىدىن جان كىرىۋاتىدۇ. ئېھتىيات قىلىڭ، بولمىسا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ئىشىنىپ قالىمەن! شۇ تاپتا ئەگەر سىز ئىئايىرنىڭ① قىزىنىڭ قەبرىسىنى بېسىپ تۇرغان تاشنى يۆتكىۋېتىشنى بۇيرۇسىڭىزمۇ دېگىنىڭىزدەك قىلىشقا تەييارمەن؛ ماڭا ئىشارەت قىلىپ قويسىڭىزلا خۇددى ئاپوستولدەك ئۇپقۇنلارنى يېرىپ ماڭىمەن. ئېھتىيات قىلىڭ، مەن ئىتائەت قىلىشقا تەييار بولۇپ قالدىم.

— ئۈمىدۋار بولغىن، دوستۇم، — دېدى گراف تەكرارلاپ.

— ياق، — دەپ خىتاب قىلدى موررېل،

① رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئەيسا ئۇنىڭ قىزىنى تىرىلدۈرگەنىكەن.



گويا شادلىقنىڭ يۈكسەك پەللىسىدىن يەنە ئۈمىدسىزلىك ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ، — سىز مېنى ئويناتىۋاتىسىز، سىز خۇددى ئاق كۆڭۈل ئانىدەك، توغرىسىنى ئېيتقاندا، خۇددى ئاغرىپ قالغان بالىسىنىڭ يىغىسىدىن بىزار بولغان ئانىدەك مېنى تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئالداۋاتىسىز. ياق، بايا سىزنى ئېھتىيات قىلىڭ دېگىنىم توغرا بولمىدى. قورقماڭ، مەن ھەسرىتىمنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە سېلىپ، ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي، مەخپىي ساقلايمەن، سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن. خەير-خوش، دوستۇم، خەير-خوش.

— ئەكسىچە، ماكسىمىلىئان، — دېدى گراف، — بۈگۈندىن باشلاپ سەن مېنىڭ يېنىمدا تۇرىسەن، بىز ئەمدى ئايرىلمايمىز ۋە بىر ھەپتىدىن كېيىن فرانسىيىدىن كېتىمىز.

— يەنىلا مېنى ئۈمىدۋار بولۇشقا دەۋەت قىلامسىز؟

— ئۈمىدۋار بول دېدىم، چۈنكى سېنىڭ دەردىڭگە داۋا بولىدىغان ئۇسۇلنى بىلىمەن.

— گراف، سىز مېنى بارغانسېرى خاپا قىلىۋاتىسىز، مېنىڭ بەختسىزلىكىمنى سىز ئادەتتىكى ھەسرەت دەپ چۈشىنىپ قاپسىز ۋە مېنى ساياھەتتىن ئىبارەت ئادەتتىكى ئۇسۇل بىلەن تىنچلاندۇرماقچى بولۇۋاتىسىز.

شۇ گەپ بىلەن، موررېل رەنجىگەن ۋە ئىشەنمىگەن تەرىزدە بېشىنى چايقىدى.

— ئەمىسە نېمە دېسەم بولاتتى؟ — دېدى مونتې-كرىستو، — ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىشەنچىم بار. ئالدى بىلەن مېنىڭ نېمە قىلىشىمنى كۆرۈپ باقمامسەن.

— ئازابلىنىش ۋاقتىمنى تېخىمۇ ئۇزارتىسىز.

— ھەي چىدىماس، — دېدى گراف، — دوستۇڭنىڭ قىلىمەن دېگەن ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈن-

لۆك ۋاقىت بېرىشكىمۇ قۇربىڭىز يەتمەمدۇ؟ گراف مونتې - كرىستونىڭ قانداق ئىشلارغا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بۇ جاھاندىكى قانداق كۈچلەرنى ئۆز ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلەمسەن؟ تەڭرىنىڭ كالامىدا «كىمنىڭ ئېتىقادى بولسا، شۇ تاغلارنى يۆتكىيەلەيدۇ» دېيىلگەن. مەن تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىمەن ۋە شۇ ئېتىقادىم بىلەن مۆجىزە يارىتالايمەن! مەن ئىشەنگەن شۇ مۆجىزىنى كۈتكىن، ئۇنداق بولمىسا...

— ئۇنداق بولمىسا... — دەپ تەكرارلىدى موررېل.

— ئۇنداق بولمىسا، ئاگاھ بولغىنكى، موررېل، مەن سېنى ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەم دەپ ئاتايمەن.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن!

— ماكسىمىلىئان، ساڭا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ. شۇنچىلىك ئىچىم ئاغرىيدۇكى، بۇ سۆزلىرىمنى يادىڭدىن چىقارما، بىر كۈن، بىر سائەت ئېرى - بېرى بولماي توپتوغرا بىر ئايدىن كېيىن ساقايتالمايدىغان بولسام، مەن ئۆزۈم ساڭا بەتلەنگەن تاپانچىنى تۇتقۇزىمەن ياكى ئىتالىيىنىڭ ئەڭ داڭلىق زەھىرىدىن بىر چىنە قۇيۇپ بېرىمەن. ئۇ شۇنداق زەھەركى، ۋالېنتىنانى ھالاك قىلغان زەھەردىنمۇ تېز تەسىر قىلىدۇ.

— شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بېرەمسىز؟

— ۋەدە بېرىمەن، چۈنكى مەنمۇ ئادەم، مەنمۇ بىر چاغلاردا ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان، ھەتتا بەختسىزلىكىم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇنىڭ لەززىتىنى ئارزۇ قىلغان.

— بۇ راست گەپمۇ؟ راستىنلا شۇنداق ۋەدە بېرەمسىز، گراف؟ — دەپ خىتاب قىلدى ماكسىمىلىئان لەززەتلەنگەن ھالدا.

— ۋەدە بېرىش ئەمەس، قەسەم قىلىپ بېرىمەن، — دېدى مونتې - كرىستو ۋە بىر قولىنى كۆتۈردى.



— ئەگەر بىر ئايدىن كېيىن ھەسرىتىم تۈگىمىسە ھاياتىمنى ئۆزۈمنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا يول قويامسىز؟ شۇ چاغدا مەن نېمە قىلساممۇ، مېنى ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەم دەپ ئاتىمايدىغان بولامسىز؟

— توپتوغرا بىر ئايدىن كېيىن. سەن بۈگۈنى ئويلىغىنكىن، بۇ كۈننىڭ خاتىرىسى مۇقەددەس. بۈگۈن 5 - سېنتەبىر. ئون يىل ئىلگىرى بۈگۈنكى كۈندە مەن ئۆلۈۋالماقچى بولغان ئاتاڭنى قۇتقۇزۇۋېلىپ قالغانىدىم.

موررېل گرافنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيدى. گراف گويا ئۆزىنى بۇنداق تېۋىنىشقا مۇناسىپ دەپ ھېسابلىدى بولغاي، قارشىلىق قىلمىدى.

— بىر ئايدىن كېيىن، — دېدى يەنە مونتې - كرىستو، — ئىككىمىز بىر شىرەگە كېلىپ ئولتۇرىمىز، سەن شۇ شىرە ئۈستىدە سۇپەتلىك قورال ۋە يەڭگىل ئۆلۈمنى كۆرىسەن. لېكىن ئۇنىڭغىچە ياشاشقا ۋەدە بېرەمسەن؟

— مەنمۇ قەسەم قىلىمەن! — دېدى موررېل.

مونتې - كرىستو ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، چىڭ قۇچاقلىدى.

— بۈگۈندىن باشلاپ سەن مېنىڭ يېنىمدا تۇرىسەن، — دېدى ئۇ، — گايدەنىڭ ئۆيلىرىنى ساڭا بېرىمەن. ئەمدى قىزىمنىڭ ئورنىغا ئوغلۇم ئالمىشىدۇ.

— گايدەچۇ؟ — سورىدى موررېل.

— ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام كەتكەن.

— سىزنى تاشلاپ كەتتىمۇ؟

— ياق، ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ... تەييارلىقىڭنى پۈتتۈرۈپ، مېنىڭ يېلىسەي كوچىسىدىكى ئۆيۈمگە كۆچۈپ بارغىن. ئەمدى مېنى بۇ يەردىن ھېچكىمگە كۆرسەتمەي چىقىرىپ قوي.

ماكسىمىلىئان خۇددى ياۋاش بالىدەك ياكى ئىتائەتمەن تالىپتەك بېشىنى ئەگدى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## بۆلۈشمەك

ئالبېر مورسېر ئانىسى ۋە ئۆزى ئۈچۈن سېن - ژېرمېن - پېرې كوچىسىدىن بىر ئۆي تاپتى. بۇ ئۆينىڭ ئىككىنچى قەۋىتى بىر ئېغىزلىق ياتاقتىن ئىبارەت بولۇپ، بىر سىرلىق كىشىگە ئىجارىگە بېرىلگەنىدى، بۇ بىر ئەر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىنى ھەتتا دەرۋازىۋەنمۇ شۇ كەمگىچە ئېنىق كۆرەلمىگەنىدى. قىش كۈنلىرى بولسا، ئۇ كىشى بەئەينى تىياتىرخانا ئالدىدا ئۆز خوجايىنلىرىنى ساقلاپ تۇرغان ھارۋىكەشلەردەك يۈزىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى قىزىل شارپا بىلەن يۆگىۋالاتتى؛ ياز كۈنلىرى بولسا، دەل دەرۋازىۋەن ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مىشقىرغان بولۇپ يەرگە قارىۋالاتتى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ كىشىنى ھېچكىم ئوغرىلىقچە كۆزەتمەيتتى. بۇ شەخسنى چوڭ يەرلەر بىلەن ئالاقىسى بولغان بەك يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئادەم ئىكەن دېگەن گەپ - چۆچەكلەر پەيدا بولدى ۋە شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىشقا ھېچكىم پېتىنالمىدى.

ئۇ ئادەتتە ھەمىشە بىرلا ۋاقىتتا كېلەتتى. كېلىش ۋاقتى ئاندا - ساندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قالسىمۇ، قىشتىمۇ، يازدىمۇ سائەت تۆتلەر ئۆپچۆرىسىدە كېلەتتى ۋە قونماي كېتەتتى. قىش كۈنلىرى ئۇنىڭ ياتىقىغا قارايدىغان جىمغۇر دېدەك سائەت ئۈچ يېرىم بولغاندا مەشكە ئوت قالاپ قوياتتى. ياز كۈنلىرى يەنە شۇ دېدەك ئۇنىڭ شىرەسى ئۈستىگە بىر پارچە مۇزنى



ئەكىرىپ قويۇپ قوياتتى. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سائەت تۆت بولغاندا سىرلىق كىشى پەيدا بولاتتى.

ئارىدىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە بۇ ئۆينىڭ ئالدىغا بىر پەيتون كېلەتتى. بۇ پەيتوندىن ئۈچىسىغا قارا ياكى قارا - كۆك كىيىم كىيىپ، يۈزىگە قويۇق تور تارتىۋالغان بىر ئايال چۈشەتتى - دە، دەرۋازىۋەن ئۆينىڭ ئالدىدىن خۇددى كۆلەڭگىدەك غىپپىدە ئۆتۈپ كېتەتتى ۋە شەپە چىقارماستىن، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كېتەتتى. بۇ ئايالنىڭمۇ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم سورىمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ھەر ئىككى دەرۋازىۋەن بۇ ئايالنىڭمۇ چىرايىنى كۆرۈپ بېقىشقا ھەرىكەت قىلمىدى. ئېھتىمال، پايتەخت دەرۋازىۋەنلىرى ئىچىدە بۇنداق كەمتەرلەرنى يەنە تاپقىلى بولمىسا كېرەك.

ھېلىقى ئايال ئىككىنچى قەۋەتكە چىقاتتى - دە، ئىشىكنى شەرتلىك ئۇسۇل بىلەن چېكەتتى. ئىشىك ئېچىلاتتى، ئاندىن يەنە ھەم يېپىلاتتى.

ئۆيدىن چىقىشتىمۇ، خۇددى كىرگەندىكىگە ئوخشاشلا ئېھتىيات چارىلىرى كۆرۈلەتتى. ناتونۇش ئايال يەنە شۇنداقلا يۈزىگە تور تارتىپ، ئۆيدىن ئاۋۋال چىقاتتى - دە، پەيتونغا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پەيتونى بەزىدە كوچىنىڭ ئۇ چېتىگە، بەزىدە بۇ چېتىگە قاراپ يۈرەتتى. ئارىدىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە ھېلىقى سىرلىق كىشى شارپىغا يۆگىنىۋېلىپ ياكى يۈزىنى قولياغلىقى بىلەن ئېتىۋېلىپ چىقاتتى - دە، غايىب بولاتتى.

مونتې - كرىستو بىلەن دانگلار كۆرۈشكەن ۋە ۋالېنتىنا دەپنە قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى سىرلىق كىشى ئادەتتىكىدەك سائەت تۆتتە ئەمەس، ئەتىگەن سائەت ئونلار ئەتراپىدا كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا (ئادەتتىكىدەك ئارىلىق قويماي) كىرا

ھارۋىسى كەلدى ۋە يۈزىگە تور يېپىۋالغان ئايال پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئىشىك ئېچىلدى ۋە يەنە يېپىلدى. ھالبۇكى، ئىشىك تېخى تولۇق يېپىلىپ بولماي تۇرۇپلا ئايال خىتاب قىلدى:

— ليۇسيېن، دوستۇم!

شۇنداق قىلىپ، دەرۋازىۋەن بۇ خىتابنى تاسادىپىي ھالدا تۇنجى قېتىم ئاڭلاپ قالدى ۋە بۇ ئۆيدىكى كىشىنىڭ ئىسمى ليۇسيېن ئىكەنلىكىنى بىلدى. ۋەھالەنكى، ئۇ ئەدەبلىك دەرۋازىۋەن بولغاچقا، بۇنى ھەتتا خوتۇنىغىمۇ ئېيتماسلىقنى نىيەت قىلدى.

— نېمە بولدى، قەدىرلىكىم؟ — يۈزىگە تور تارتقان ئايالنىڭ ھودۇقۇشى ۋە ئالدىراپ كەتكەنلىكىدىن ئىسمى ئاشكارىلانغان كىشى سورىدى، — گەپ قىلىسىڭىزچۇ.

— سىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ. ھە نېمە ئىش بولدى؟ خېتىڭىزنى ئوقۇپ، ھەيران قالدىم. خېتىڭىز شۇنچە ئالدىراش، قالايمىقان يېزىلىپتۇ... مېنى يا خاتىرجەم قىلىڭ، يا بىراقلا قورقۇتۇڭ!

— مۇنداق ئىش بولدى! — دېدى ھېلىقى ئايال ليۇسيېنگە تىكىلىپ قاراپ، — دانگلار تۈنۈگۈن ئاخشام كېتىپ قالدى.

— كەتتى؟ دانگلار كەتتى؟ نەگە كېتىپتۇ؟

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ كەلمەسكە كەتتىمۇ؟

— شۇنداق بولسا كېرەك. ئۇ، كەچ سائەت ئوندا ئۆزىنىڭ پەيتونى بىلەن شارانتون قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە ئۇنى كىرا ھارۋىسى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتكارى بىلەن ئاشۇ كىرا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپتۇ ۋە بىزنىڭ ھار-



ۋىكىشىمىزگە فونتېنبلوغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپتۇ.

— بۇ ھېچقانچە ھەيران بولغۇدەك گەپ ئەمەس ئىكەنغۇ، سىزنىڭ گېپىڭىزچە...

— توختاپ تۇرۇڭ، دوستۇم. ئۇ ماڭا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپتۇ.

— خەت؟

— ھەئە. ئوقۇپ بېقىڭ.

بارون خانىم دېبرېيگە خەتنى ئۇزىتىپ بەردى. دېبرېي بۇ خەتتە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى ئالدىن پەملىمەكچى بولغاندەك ياكى نېمە دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئالدىن بىر قارارغا كېلىپ قويماقچى بولغاندەك، خەتنى قولىغا ئېلىپ سەل ئويلىنىۋالدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ قانداقتۇر بىر قارارغا كەلگەن بولسا كېرەك، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

دانگلار خانىمنى شۇنچە تەمتىرىتىپ قويغان بۇ خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

— «خانىم، مېنىڭ ئەڭ سادىق رەپىقەم.»

دېبرېي ئىختىيارسىز ھالدا ئوقۇشنى توختىتىپ، بارون خانىمغا قارىدى. بارون خانىمنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

— ئوقۇڭ! — دېدى ئۇ.

دېبرېي ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— «بۇ خەت قولىڭىزغا تەگكەن چاغدا سىزنىڭ ئېرىڭىز يوق بولىدۇ! بەك تەشۋىشلىنىپ كەتمەڭ: ئېرىڭىزنىڭ يوق بولۇشى قىزىڭىزنىڭ يوق بولغىنىغا ئوخشاش؛ باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ خەت سىزنىڭ قولىڭىزغا تەگكەن چاغدا مەن فرانسىيىدىن ماڭىدىغان 40 - 30 يولنىڭ بىرىدە كېتىۋاتقان بولىمەن.

سىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشنى خالىشىڭىز مۇمكىن. سىز غەرەز ئۇقىدىغان ئايال. شۇڭا، كېتىشىمدىكى سەۋەبلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ئاڭلاڭ: بۈگۈن بىراۋ مەندىن 5 مىليون فرانك بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەن بەردىم. ئارقىدىنلا يەنە بىراۋ مەندىن شۇ مىقداردا پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەن پۇل بېرىش ۋاقتىنى ئەتىگە سۇردۇم. مەن ئاشۇ ئەتىكى كۆڭۈلسىز كۈندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۈگۈن يولغا چىقتىم.

خانىم ۋە ئەڭ قەدىرلىك رەپىقەم، سىز بۇنى چۈشىنەسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ «چۈشىنىسىز» دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، مېنىڭ ئىشلىرىمنى سىز مەندىن ياخشىراق بىلىسىز، چۈنكى تېخى يېقىندىلا خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلغان بايلىقىمنىڭ نەق يېرىمى نەگە كەتكەنلىكىنى سوراشقا توغرا كەلسە، مەن بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىگەن بولاتتىم، لېكىن، ئىشىنىمەنكى، سىز بۇ سوئالغا ناھايىتى توغرا جاۋاب بېرەلەيسىز.

ئاياللار بەكمۇ سەزگۈر كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان ئالگېبراسى بولۇپ، ھەرقانداق مۆجىزىلىك مەسىلىنىمۇ يېشىپ چىقالايدىكەن. مەن بولسام، پەقەت ئۆزۈمنىڭ رەقەملىرىمنىلا بىلەتتىم. شۇڭا، بۇ رەقەملىرىم خاتا بولۇپ چىققاندا، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدىم.

خانىم، مېنىڭ شۇنچە شىددەت بىلەن يىقىلىپ چۈشۈۋاتقىنىمنى كۆرۈپ زوقلاندىڭىزمۇ؟ ئالتۇنلىرىمنىڭ كۆزنى چاقنىتىپ ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئەجەبلەندىڭىزمۇ؟

راستىنى ئېيتسام، مەن بېشىمغا چۈشكەن بۇ چاقماقتىن ھېچنېمىنى كۆرمەس بولۇپ قالدىم. ۋەھالەنكى، سىز كۈل تېگىدىن بىر ئاز ئالتۇن تاپقانسىز.

خانىم ۋە بەك ئەقىللىق رەپىقەم، مەن ئەنە شۇنداق



ئارامبەخش ئۈمىد بىلەن يولغا چىقتىم. سىزنى تاشلاپ كەتكىنىم ئۈچۈن ۋىجدانىم ھەرگىز ئازابلانمايدۇ. سىزنىڭ دوستلىرىڭىز بار، ھېلىقى كۆلمۇ سىزگە قالدى. ھۆزۈر-ھالاۋىتىڭىزنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەمدى ئەركىنلىكىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بەردىم.

خانىم، شۇنداقتىمۇ، بىرنەچچە ئېغىز ھەق گەپنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن باشتا سىزنى ئائىلىمىزنىڭ، قىزىمىزنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ھەممە ئىشلىرىڭىزغا پەيلاسوپلارچە كۆز يۇمۇۋالغانىدىم. ھالبۇكى، ئاقىۋەتتە سىز بۇ ئائىلىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلدىڭىز. شۇڭا، مەن باشقىلارنىڭ راھەت-پاراغىتى ئاستىدا كۆمۈلۈپ يېتىشنى خالىمايمەن.

ئىككىمىز توي قىلغاندا سىزنىڭ بايلىقىڭىز كۆپ، لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا ھۆرمىتىڭىز ئاز ئىدى. گەپنى بۇنداق يالىڭاچ قويغىنىمنى ئەپۇ قىلغايسىز. ۋەھالەنكى، بۇ گەپلەر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا قالىدىغان بولغاچقا، چىرايلىق سۆزلەرنى ياساپ چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ھېسابلايمەن.

مەن 15 يىلدىن بېرى بايلىقىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ كەلگەنىدىم. كېيىن كۈتۈلمىگەن، چۈشىنىپ بولمايدىغان پالاكەتلەر بېشىمغا چۈشۈپ، مېنى ۋەيران قىلدى. لېكىن شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇنداق ۋەيرانچىلىق مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولمىدى.

خانىم سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي بايلىقىڭىزنىلا كۆپەيتىشكە تىرىشتىڭىز ۋە بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتىڭىز. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل.

شۇنداق قىلىپ، سىز ماڭا تەگكەن چاغدا قانداق

بولغان بولسىڭىز، هازىرمۇ شۇ بويىچە قالدىڭىز. يەنى مەن سىزنى بايىلىقىڭىز كۆپ، ھۆرمىتىڭىز ئاز بولغان ھالىڭىزچە قالدۇرۇپ كەتتىم.

خەير - خوش.

بۈگۈندىن باشلاپ، مەنمۇ ئۆزۈم ئۈچۈنلا باش قاتۇرىدىغان بولىمەن.

سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، ماڭا ئۆلگە تىكلەپ بەرگىنىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن مىننەتدارمەن. بۇندىن كېيىن سىزنىڭ ئۆلگىڭىز بويىچە ئىش قىلىمەن.

سىزنىڭ سادىق ئېرىڭىز

ھارون دانگلار».

بۇ ئۇزۇن ۋە كۆڭۈلسىز خەتنىڭ ئوقۇلۇشى داۋامىدا بارون خانىم دېبرېنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ ھەر-قانچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشسىمۇ، ئىككى قېتىم رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. دېبرې ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خەتنى ئاستا قاتلىدى ۋە يەنە خىيالغا كەتتى.

— ھە، قانداق؟ — دەپ سورىدى دانگلار خانىم تەشۋىش بىلەن.

— قانداق، خانىم؟ — دېبرې ئۈندەرىسگەندەك قايتۇرۇپ سورىدى.

— بۇنى نېمە دەپ ئويلايسىز؟

— دانگلار گۇمانلىنىپ يۈرۈپتىكەن دەپ ئويلاۋاتىمەن،خانىم.

— ھەئە، شۇنداق. ئەمدى ماڭا دەيدىغان باشقا گېپىڭىز يوقمۇ؟

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم، — دېدى دېبرې تولۇق تېگىپ.

— ئۇ كەتتى! كەلمەسكە كەتتى! ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ!



— ئۇنداق گەپكە ئىشەنمەڭ، بارون خانىم، — دېدى دېبرې.

— ياق، ئەمدى كەلمەيدۇ. مەن ئۇنى بىلىمەن، ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە تاقىلىدىغان ئىشلاردا گېپىدىن يانمايدۇ. ئەگەر ئۇ مەندىن پايدا تېگىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا، مېنى بىللە ئېلىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ مېنى پارىژدا قالدۇرۇپ كەتتى. دېمەك، ئۇ ئايرىلىشنى پىلانلىغان. شۇنداق ئىكەن، بىز ئايرىلىپ بولدۇق، مەن مەڭگۈگە ئەركىن بولدۇم، — دانگلار خانىم ئاخىرقى سۆزلەرنى يالۋۇرغان ئاھاڭدا ئېيتتى.

دېبرې جاۋاب قايتۇرمىدى. دانگلار خانىمنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىش كۆزلىرىگە چىقتى.

— جىم تۇرىسىزغۇ، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — گەپ قىلمامسىز.

— مەن سىزگە پەقەت بىرلا سوئال قويالايمەن: سىز قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— مەنمۇ سىزدىن شۇنى سورىماقچىدىم، — دېدى دانگلار خانىم ۋە ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

— مەندىن مەسلىھەت سورىماقچىمۇسىز؟

— ھەئە، مەسلىھەت سورىماقچى، — دېدى دانگلار خانىم چۈشكۈنلەشكەن ئاۋازدا.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى دېبرې چىرايىنى ئاچماي، — ساياھەتكە چىقىپ كېلىشىڭىزنى مەسلىھەت قىلىمەن.

— ساياھەت! — دەپ پىچىرلىدى دانگلار خانىم.

— ئەلۋەتتە، دانگلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، سىز باي ۋە تامامەن ئەركىن. مېنىڭچە، ئېۋېنىي خانىقىزنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغان تويى ۋە دانگلارنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت قوش پالاكەتتىن كېيىن پارىژدىن كەتكىنىڭىز تۈزۈك. كىشىلەر سىزنى غېرىب

بولدى، نامراتلاشتى دەپ ئويلىسۇن. ۋەيران بولغان كىشىنىڭ خوتۇنى باياشادچىلىقتا ئەيشى - ئىشرەت بىلەن ياشىسا، ئەپۇ قىلىشقا ئېرىشەلمەيدۇ. سىز پارىژدا يەنە ئىككى ھەپتە تۇرۇپ، يېقىن دوستلىرىڭىزغا دانگلارنىڭ سىزنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىڭ. ئۇلار بۇ گەپنى ھەممە يەرگە تارقىتىشىدۇ. ئاندىن، گۆھەرلىرىڭىزنى قالدۇرۇپ، ئۆي ئىچىدىكى ئۆزىڭىزگە تېگىشلىك مۈلۈكتىن ۋاز كېچىپ، چىقىپ كېتىسىز. شۇنىڭ بىلەن، ھەممە ئادەم سىزنىڭ ياخشى كېپىڭىزنى قىلىپ، سىزگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ، شۇندىن كېيىن كىشىلەر سىزنى تاشلىۋېتىلگەن، غېرىب بولغان دەپ ھېسابلايدۇ. سىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىزنى يالغۇز مەنلا بىلىمەن ۋە ئادىل شېرىك بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھازىر سىزگە ھېساباتىمىزنى كۆرسىتىمەن.

بارون خانىم قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تاتىرىپ كەتكەن ھالدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. لېكىن دېبرې تامامەن خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى.

— تاشلىۋېتىلدىم! — دېدى بارون خانىم، — راست دەيسىز، تاشلىۋېتىلدىم... مېنىڭ تەنھالىقىمدىن ھېچكىممۇ گۇمانلانمايدۇ!

شۇنچە مەغرۇر، شۇنچە مۇھەببەتلىك بولغان بۇ ئايال دېبرېگە پەقەت شۇ سۆزلەر بىلەنلا جاۋاب قايتۇرالىدى.

— لېكىن سىز باي، ناھايىتى باي، — دېدى دېبرې ھەميانىدىن قانداقتۇر قەغەزلەرنى چىقىرىپ ۋە ئۇلارنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ.

دانگلار خانىم قاتتىق سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى بېسىۋېلىشقا ۋە كۆزلىرىگە كەلگەن ياشنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، ئۈنچىقماي قاراپ ئولتۇراتتى.



— خانىم، — دېدى دېبرې، — بىز شېرىك بولغانغا يېرىم يىل بولۇپ قالدى. سىز 100 مىڭ فرانك قوشتىڭىز. بۇ، مۇشۇ يىلنىڭ ئاپرېل ئېيىدا بولغان ئىش. مايدا بىزنىڭ پائالىيەتلىرىمىز باشلاندى. شۇ ئايدا بىز 450 مىڭ فرانك جۇغلىدۇق. ئىيۇندا كىرىمىمىز 900 مىڭ فرانكقا يەتتى. ئىيۇلدا بۇنىڭغا يەنە 1 مىليون 700 مىڭ فرانك قوشتۇق. يادىڭىزدا بار، بۇ ئىسپانىيە پۇلىنىڭ قىممىتى ئۆرلىگەن ئاي ئىدى. ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بېشىدا 300 مىڭ فرانك زىيان تارتتۇق. لېكىن، 15 - چېسلاغا كەلگەندە چىقىمنى تىزگىنلىدۇق ۋە ئاي ئاخىرىدا زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدۇق. مەن پائالىيەتلىرىمىزنىڭ ماي ئېيىدىن تۈنۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان ھېسابىنى چىقىرىپ قويدۇم. ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا 2 مىليون 400 مىڭ فرانك بار، يەنى ھەر بىرىمىزگە 1 مىليون 200 مىڭ فرانكتىن توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دېبرې سودىگەرلەرگە خاس رەسمىيەتچىلىك ۋە خاتىرجەملىك بىلەن، — مېنىڭ قولۇمدا يەنە بۇ سوممىنىڭ 800 مىڭ فرانك پىرسەنتى بار.

— بۇ نەدىن كەلگەن پىرسەنت؟ — بارون خانىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى، — سىز بۇ پۇللارنى ئوبوروتقا قويمىغان ئىدىڭىزغۇ.

— ئەپۇ قىلىڭ، خانىم، — دېدى دېبرې، — بۇ پۇللارنى ئوبوروتقا قويۇشقا سىزدىن ئىجازەت ئالغانىدىمغۇ. شۇ بويىچە ئىش قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، پىرسەنتتىن سىزگە 40 مىڭ فرانك كېلىدۇ. يەنە سىزنىڭ دەسلەپتە قوشقان 100 مىڭ فرانكىڭىز بار. باشقىچە ئېيتقاندا، سىزگە تېگىدىغىنى جەمئىي بىر مىليون 340 مىڭ فرانك. سىزگە تېگىشلىك ئۈلۈشنى ئۈچ كۈن ئىلگىرى نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدىم.

كۆردىڭىزمۇ، سىز بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھېساب قىلىشىدىغانلىقىمىزنى ئالدىن مۆلچەرلىگەنىدىم. پۇللىرىڭىز مۇشۇ يەردە، بىر سىمى قەغەز پۇل، بىر سىمى چەك. پۇللىرىڭىزنى مۇشۇ يەردە ساقلىدىم، چۈنكى ئۆيۈم ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس، نوتارىئۇسلار سىر ساقلاشنى بىلمەيدۇ. بۇنى كۆچمەس مۈلۈككە ئايلاندۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى سىزنىڭ ئېرىڭىزنىڭ ھېسابىدىن سىرت مۈلۈككە ئىگە بولۇش ھوقۇقىڭىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ پۇلنى مۇنۇ ئىشكاپنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇلغان مەخپىي ساندۇقچىدا ساقلىدىم. تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولسۇن دەپ، بۇ ساندۇقچىنى ئىشكاپنىڭ ئىچىگە ئۆزۈم جايلىدىم. شۇنداق قىلىپ، خانىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دېبرې ۋە ئالدى بىلەن ئىشكاپنى، ئاندىن ئاشۇ ساندۇقچىنى ئاچتى، — مانا، 800 مىڭ فرانك قەغەز پۇل. قاراپ بېقىڭا، خۇددى تۇپلەپ قويۇلغان قىلىن ئالبومدەك تۇرىدۇ. مانا يەنە 25 مىڭ فرانكلىق پاي چېكى، مانا بۇ مېنىڭ بانكىرىمنىڭ 100 مىڭ فرانكلىق چېكى. مېنىڭ بانكىرىم دانگلار ئەمەس. شۇڭا بۇ پۇلنى بىمالال ئالالايسىز.

دانگلار خانىم چەك ۋە پۇللارنى گاراڭ بولغان ھالدا يىغىشتۇرۇۋالدى. شىرە ئۈستىدىكى بۇ زور بايلىق ئۇنىڭغا گوياكى بىر دۆۋە كېرەكسىز قەغەزدەك كۆرۈنەتتى. دانگلار خانىم يىغىسىنى زورغا بېسىپ، پۇللارنى سومكىسىغا، چەكلەرنى ھەميانىغا سالدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك باي ئىكەنلىكىگە تەسەللى بولغۇدەك ياخشى گەپلەرنى كۈتۈپ، تاتىرىپ كەتكەن ھالدا زۇۋان سۈرمەي تۇردى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ كۈتۈشى بىھۇدە ئىدى.

— خانىم، — دېدى دېبرې، — ئەمدى تۇرمۇشىڭىز كاپالەتكە ئىگە بولدى، يىلىغا 60 مىڭ لىۋر كىرىم قىلىدىغان دەسمايىگە



ئىگە بولدىڭىز. بۇ، كەم دېگەندىمۇ بىر يىلغىچە خۇپىيانە كۈن ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئايال ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ سومما. سىز خالىغانچە ھەشەمەتچىلىك قىلالايسىز. ناۋادا بۇ ئۇلۇشىڭىزنى ئۆزىڭىز مەھرۇم بولغان بايلىققا سېلىشتۇرغاندا كەم بولۇپ قالدى دەپ ھېسابلىسىڭىز، ماڭا مۇراجىئەت قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، خانىم. مەن ئۆز ئۇلۇشۇمنى، يەنى 1 مىليون 60 مىڭ فرانكنى سىزگە ھەدىيە قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار.

— رەھمەت سىزگە، تەقسىر، — دېدى بارون خانىم، — ئۆزىڭىز بىلىسىز، ماڭا تەگكەن بۇ پۇللار بۈندىن كېيىن ئۇزاققىچە جەمئىيەتكە ئارىلاشمايدىغان بەختسىز ئايال ئۈچۈن ناھايىتى كۆپلۈك قىلىدۇ.

دېبرې ئەجەبلەندى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە «قانداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىڭىز» دېگەن مەنىسىنى ئەدەب بىلەن ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەت قىلىپ، ئېگىلىپ قويدى.

دانگلار خانىم، ئېھتىمال، تېخىچە بىرەر ئۈمىد كۈتكەن بولغىيدى، ئەمما دېبرېنىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن تازىم قىلىپ، جىم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى كۆتۈردى، ئاندىن ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ، دېبرېگە ھەتتا بېشىنى لىڭشىتىپمۇ قويمىدى ۋە غەزەپلەنمەستىن، زارلانماستىن، ئىككىلەنمەستىن چىقتى ـ دە، پەلەمپەيگە ئۆزىنى ئاتتى.

— قۇرۇق گەپ! — دېدى دېبرې بارون خانىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولمايدۇ. ئۇ ئۆز ئۆيىدىن كەتمەيدۇ، رومان ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ، سودا ئويۇنلىرىغا قاتنىشالمىسىمۇ، قارتا ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

ئۇ، خاتىرە دەپتىرىنى قايتا قولىغا ئېلىپ، ھېلى تۆلىگەن سوممىنىڭ رەقەملىرىنى ئۆچۈرۈشكە باشلىدى.

— ماڭا 1 مىليون 60 مىڭ فرانك قاپتۇ، — دېدى

ئۇ — ئېسىت، ۋىلفور خانقىز ئۆلۈپ كەتتى – دە! ھەر جەھەتتىن قارىغاندىمۇ ئۇ ماڭا تازا باب كېلىدىغان ئايال بولالايتتى.

ئۇ، دانگلار خانىم كەتكەندىن كېيىن ئۆزىمۇ كېتىش ئۈچۈن 20 مىنۇت ئۆتۈشىنى تەمكىنلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. شۇ 20 مىنۇت جەريانىدا دېبرې سائەتنى ئالدىغا قويۇپ قويۇپ، يەنە ھېساباتقا كىرىشىپ كەتتى.

لېساژنىڭ نادىر ئەسىرىدىكى ئۆگزىلەرنى ئېچىپ، ئۆي ئىچىنى كۆرۈشكە ھەۋەس قىلىدىغان ئاسمودېي ئىسىملىك جىن (ئەگەر ئۇنىڭ ئوبرازىنى لېساژ بىرىنچى بولۇپ يارىتىۋالمىغان بولسا، تەسەۋۋۇر كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان باشقا يازغۇچىمۇ ئۇنداق ئوبرازنى يارىتالمىغان بولاتتى) شۇتاپتا سېن – ژېرمېن – پىرې كوچىسىدىكى بۇ ئاددىي ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىپ باققان بولسا، دېبرېنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق ھالدا ھېساباتقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتى.

دېبرې بىلەن دانگلار خانىم 2 يېرىم مىليون فرانكنى بۆلۈشكەن شۇ بۆلمىنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر بۆلمە بار ئىدى. بۇ بۆلمىدە تۇرغان كىشىلەرمۇ بىزگە تونۇش بولۇپ، ئەمدى دىققىتىمىزنى شۇلارغا قارىتىمىز.

بۇ بۆلمىدە مېرسېدېس بىلەن ئالبېر جايلاشقانىدى. ئاخىرقى كۈنلەردىن بۇيان مېرسېدېس بەك ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى قىممەتلىك زىبۇ زىننەتلەردىن خالىي بولغانلىقىدىن بولمىدى، چۈنكى ئۇ باياشاتچىلىقتا ياشىغان چاغلىرىدىمۇ ھەشەمەتچىلىككە بېرىلمەيتتى؛ ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى نامراتلارچە كىيىنگەنلىكىدىنمۇ بولمىدى، چۈنكى ئۇ بۇنچىلىك گادايلىققا چۈشۈپ قالمىغانىدى. ياق، مېرسېدېسنىڭ ئۆزگىرىشى شۇنىڭدىن بولدىكى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قاراشلىرى خۇنۈكلەشتى،



لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم يوقالدى، ئۇنىڭ بىر چاغلاردا شۇنچە ئۆتكۈر بولغان مېڭىسىنى ئازابلىق خىياللار چۇلغىۋالدى. ئاۋازىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى قالمىدى.

مېرسېدېسنىڭ مېڭىسىنى قاتۇرغان نەرسە نامراتلىق ئەمەس. ئۇنىڭ بۇ نامراتلىقتا مىسكىن بولۇپ قېلىشى چىدامسىزلىقتىن بولمىدى. مېرسېدېس ئۆزى ئادەتلەنگەن تۇرمۇشنى تاشلاپ، ئۆزىگە يات بولغان تۇرمۇشقا چۆكتى. بۇنداق تۇرمۇشنى ئۇ ئۆزى تاللىۋالدى. ئۇ بەجايىكى، يوپيورۇق زالدىن چىقىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ قالغان ئادەمگە ئوخشايتتى. ئۇ، بەجايىكى، سارايدىن چىقىپ، كەپىگە كۆچۈپ كىرگەن خانىشقا ئوخشايتتى ۋە بۇرۇنقى پەر تۆشەكنىڭ ئورنىدا ئاددىي ياغاچ كارىۋاتنى كۆرۈپ، ئۆز قولى بىلەن شىرە ئۈستىگە قويۇشقا مەجبۇر بولغان ساپال كوزىغا قاراپ، ئۆز – ئۆزىنى تونۇيالمايتتى.

گۈزەل كاتالانلىق ئايال، ئېسىلزادە گراف خانىم ئۆزىنىڭ مەغرۇر قاراشلىرىنى، يېقىملىق تەبەسسۇمىنى يوقاتقانىدى. چۈنكى ئۆز ئەتراپىدا كۆرۈمسىز نەرسىلەرنىلا كۆرەتتى: تاملارغا كۈلرەڭ زەدىۋال چاپلانغان؛ ئادەتتە تولىمۇ ئىقتىسادچىل كىشىلەر كىر كۆتۈرۈشلۈك دەپ، مۇشۇنداق زەدىۋاللارنى ئىشلىتىدۇ؛ تاقىر تاش پول؛ قوپال ئىشلەنگەن ئىسكەتسىز قاچا – قۇچىلار. مانا مۇشۇ نەرسىلەر نەپىس ۋە رەڭدار بۇيۇملارنى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۆزلەرگە گويا ھاقارەتلىك نەرسىلەردەك كۆرۈنىدۇ.

مورسېر خانىم ئۆيىنى تاشلاپ چىققاندىن بۇيان مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتى. خۇددى يار لېۋىگە كېلىپ قالغان يولۇچىدەك، بۇ دائىمىي جىمجىتلىق ئىچىدە بېشى قايىتتى. ئۇ، ئالبېرنىڭ ئۆزىگە ئاستىرتتىن قاراپ، ئۇنىڭ نىيەتلىرىنى

ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى ۋە لەۋلىرىگە تەبەسسۇم يۈزگۈزۈشكە تىرىشاتتى. بۇ قېتىپ قالغان تەبەسسۇم كۆزلىرىنىڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرەش ئىپادىسىدىن خالىي بولۇپ، ھاياتبەخش ھارارىتى بولمىغان يورۇقلۇقنىڭ ئەكسى ئەسۋىرىگە ئوخشايتتى.

ئالبېرمۇ روھى چۈشۈپ، غەمگە پاتقانىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەشەمەتتىنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرقى شارائىتتا ماسلىشىشقا توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇ، سىرتقا چىققاندا پەلەي كىيمەي دېسە، قوللىرى بەك ئاق ئىدى؛ پىيادە ماڭاي دېسە، ئاياغ كىيىمى بەك پارقىراپ تۇراتتى.

شۇنداقتىمۇ، ئائىلىق ۋە پەرزەنتلىك رىشتىسى بىلەن باغلانغان بۇ ئىككى نەپەر پەزىلەتلىك ۋە ئەقىللىق جان تۇرمۇشنىڭ ماددىي ئاساسى ئۈستىدە گەپ بولغاندا بىر - بىرىنى گەپ - سۆزسىز چۈشىنەلەيتتى. قىسقىسى، ئالبېر: «ئاپا، پۇلىمىز قالمىدى» دېسە، ئانىسى ھېچقانچە تەشۋىشلەنمەيتتى.

مېرسېدېس ئۆز ئۆمرىدە ھەقىقىي گادايلىقنى كۆرمىگەنىدى. ياشلىقىدا ئۇ ئۆزىنى كەمبەغەل دەپ ھېسابلايتتى. لېكىن بۇ باشقا گەپ. موھتاجلىق ۋە گادايلىق مەنىداش سۆزلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار.

مېرسېدېس كاتالاندىكى چېغىدا نۇرغۇن نەرسىلەرگە موھتاج بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن نەرسىلىرى بار ئىدى؛ تورلار ساق بولۇپ، بېلىق تۇتۇلۇپ تۇراتتى: بېلىق تۇتۇلغانىكەن، تورلارنى ياماشقا كېرەكلىك يىپلارمۇ بولاتتى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولمىسىمۇ، مۇھەببىتى بار ئىدى. مۇھەببەت دېگەن تۇرمۇشنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكلىرىگە مۇناسىۋەتسىز. ئۇ چاغلاردا ئۇ يالغۇز ئۆزىنىلا ئويلايتتى، ئۆزىنىڭلا غېمىنى قىلاتتى. قول - ئىلكىدە بولغان ئاشۇ ئازغىنا نەرسىنىمۇ



مېرسېدېس باشقىلار بىلەن تەڭ تارتىشاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا ھېچنەرسە يوق، لېكىن ئىككى ئادەمنىڭ غېمىنى يېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

قىش يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇرۇنقى كۈنلەردە بولسا، مورىسېر خانىمنىڭ دەھلىزدىن ھۇجرىغىچە ھەممە خانىلىرىدىكى مەشلەردە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان بولاتتى؛ ئەمدى بۇ سوغۇق يېقىمسىز ئۆيدە قالغۇدەك ئوتۇنمۇ يوق ئىدى. بۇرۇن ئۇنىڭ ئۆيلىرىدە ئالتۇن قىممىتىگە باراۋەر كېلىدىغان كەم ئۇچرايدىغان گۈللەر تولۇپ تۇراتتى؛ ئەمدى بولسا، ئادەتتىكى بىر تال گۈلمۇ يوق ئىدى.

لېكىن ئۇنىڭ ئوغلى بار...

ئۇلارنىڭ غەيرەتكە كېلىپ بايلىقتىن ۋاز كەچكەنلىكى بەلكىم چېكىدىن ئېشىپ كەتكەندۇر، لېكىن بۇ ئىش ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتتى ۋە بۇنداق روھلىنىش ئۇلارنى ئادەتتىكى كىشىلىك تۇرمۇشتىن يۈكسەك پەللىگە كۆتۈردى. روھلىنىش دېگەنلىك شادلىق دېگەنگە ئوخشاش. شادلىق بولسا، ئىنسان قەلبىنى پانىي ئالەمدىكى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئۇلار مەنىۋى جەھەتلەردىن ئۇزاق سۆزلەشكەندىن كېيىن ماددىي تۇرمۇشتىن سۆز ئېچىشتى.

— ئاپا، — ئالبېر دەل دانگلار خانىم پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان چاغدا سۆز باشلىدى، — يېنىمىزدا بار پۇلنى ساناپ كۆرەيلى. كېيىنكى ئىشلىرىمىزنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن بىزدە قانچىلىك دەسمايە قالغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

— دەسمايىمىز نۆلگە باراۋەر، — دېدى مېرسېدېس ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ.

— ياق، ئاپا. دەسمايىمىز 3000 فرانكقا يېتىدۇ. شۇ 3000 فرانك بىلەن يامان ئەمەس كۈن ئۆتكۈزەلەيمىز.

— گۆدەك! — دېدى مېرسېدېس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— ئاپا، — دېدى ئالبېر، — مەن سىزنىڭ پۇلىڭىزنى كۆپ ئىشلىتىپ كەتتىم، ئەمما پۇلنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەنىكەنـ مەن. 3000 فرانك دېگەن ناھايىتى زور سومما. مەن شۇ 3000 فرانك بىلەن ئۆمۈرلۈك راھەت - پاراغەتنىڭ ھېكـ مەتلىك بىناسىنى تۇرغۇزۇپ چىقتىم.

— چاقچاق قىلما، ئوغلۇم. بىز ئاشۇ 3000 فرانكنى قوبۇل قىلامدۇق؟ — دەپ سورىدى مېرسېدېس ۋە قىزىرىپ كەتتى.

— مېنىڭچە، قوبۇل قىلىش كېرەك، — دېدى ئالبېر قەتئىيلىك بىلەن، — قوبۇل قىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ پۇل تېخى بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۇ پۇللار مارسېلدا، مېلىيان كوچىسىدىكى بىر كىچىك ئۆينىڭ بېغىدا كۆمۈلۈپ قويۇلغان، 200 فرانك خەجلىسەك ئىككىمىز مارسېلغا بېرىۋالالايمىز.

— 200 فرانك نېمىگە يېتىدۇ! — دېدى مېرسېدېس، — بۇ نېمىدېگىنىڭ، ئالبېر؟

— يېتىدۇ. مەن پوچتا ئىستانسىسىغا ۋە پاراخوت باشقارـ مىسىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم. سىز شالونغىچە پوچتا پەيتۇنى بىلەن بارىسىز. كۆردىڭىزمۇ، ئاپا، سىز خۇددى خانىشتەك سەپەر قىلىسىز.

ئالبېر قولىغا قەلەم ئېلىپ، يازدى:

پەيتۇن ........................ 35 فرانك

شالوندىن لىئونغا، پاراخوت ...... 6 فرانك

لىئوندىن ئاۋىئونغا، پاراخوت ... 16 فرانك



ئاۋىئوندىن مارسېلغىچە ......... 7 فرانك

يول خىراجىتى ............... 50 فرانك

جەمئىي ..................... 114 فرانك.

— 120 فرانكنى ئايرىپ قويايلى، — دېدى ئالبېر كۈلۈمسىرەپ، — قاراڭا، ئاپا، مەن نېمىدېگەن سېخى - ھە؟

— سەنچۇ؟ سەن قانداق قىلىسەن، بىچارە ئوغلۇم؟

— مەن؟ مانا، ئۆزۈمگە 80 فرانك ئايرىپ قويدۇمغۇ. ياش ئادەمگە ئانچە ھەشەم قىلىشمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ سەپەردە تەجرىبەم بار.

— ئۆزۈڭنىڭ پەيتۇنىڭدا خىزمەتكار بىلەن بىللە سەپەرگە چىققاندا شۇنداق بولغىيدى.

— قانداق ئۇسۇلدا سەپەر قىلسامۇ ئوخشاش، ئاپا.

— ماقۇل، — دېدى مېرسېدېس، — لېكىن 200 فرانكنى نەدىن تاپىمىز؟

— مانا ئەمەسمۇ، مانا يەنە 200 فرانك. مەن سائىتىمنى 100 فرانكقا، سائەت زەنجىرىنى 300 فرانكقا ساتتىم. قاراڭا بۇ ئىشنى! سائەت زەنجىرى سائەتتىن ئۈچ ھەسسە قىممەت ئىكەن. بۇرۇندىنلا شۇنداق، ئارتۇقچە نەرسىلەر ھەممىـ دىن قىممەت بولىدۇ. ئەمدى بىز باي بولدۇق. بىزگە لازىم بولغان 114 فرانكنىڭ ئورنىغا 250 فرانكىمىز بار بولدى.

— بۇ ئۆينىڭ ئىجارىسى قانچە بولىدىكەن؟

— 30 فرانك. بۇنى مەن ئۆزۈمنىڭ 150 فرانكىمدىن تۆلىۋېتىمەن. مېنىڭ يول خىراجىتىمگە ئاران 80 فرانك لازىم بولىدۇ. شۇڭا، مەندە يەنە نۇرغۇن پۇل ئېشىپ قالىدۇ. بۇ تېخى ھەممىسى ئەمەس. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز، ئاپا؟

شۇ گەپ بىلەن ئالبېر ئالتۇن تۈگمىلىك خاتىرە دەپتىرىنى قولىغا ئالدى. بۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى ياخشى كۆرىدىغان بۇيۇملىرىـ

دىن بىرى ياكى ئېھتىمال، يۈزىگە تور تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھوجرىسىنىڭ ئارقا ئىشىكىنى چېكىشكەن خۇپىيانە ئايال دوستلىرىدىن بىرىنىڭ شېرىن يالدامىسى بولسا كېرەك. ئالبېر شۇ خاتىرە دەپتىرىدىن 1000 فرانكلىق قەغەز پۇلدىن بىرنى چىقاردى.

— بۇ نېمە؟ — سورىدى مېرسېدېس.

— 1000 فرانك، ئاپا، نەق پۇل.

— بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟

— ھازىر ئېيتىپ بېرىمەن، ئاپا خاتىرجەم بولۇڭ.

ئالبېر ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھەر ئىككى مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى. ئاندىن بىر چەتكە ئۆتۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئاپا، سىز گۈزەللىكىڭىزنى ئۆزىڭىز ھېس قىلمايسىز! — دېدى ئۇ چوڭقۇر پەرزەنتلىك مېھرى بىلەن، — سىز بۇ دۇنيادا ئەڭ گۈزەل، ئەڭ پەزىلەتلىك ئايال!

— قەدىرلىك ئوغلۇم! — دېدى مېرسېدېس، كىرپىكلىرىدە ئېسىلىپ قالغان ياش تامچىلىرىنى تۇتۇپ قېلىشقا بىھۇدە ئۇرۇنۇپ.

— ئەزبىرايى خۇدا، سىز بەختسىز بولۇپ قالغاندىن كېيىن سىزگە بولغان مۇھەببىتىم چېكىدىن ئېشىپ كەتتى.

— مەن بەختسىز ئەمەس، مېنىڭ ئوغلۇم بار، — دېدى مېرسېدېس، — ئوغلۇم يېنىمدا بولىدىكەن، مەن ھەرگىز بەختسىز بولمايمەن.

— شۇنداق، — دېدى ئالبېر، — گەپ شۇنىڭدا، بىزنىڭ قارارىمىز ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— قايسى قارارنى دەيسەن؟ — سورىدى مېرسېدېس.

— سىز مارسېلغا، مەن ئافرىقىغا كېتىدىغان بولۇپ كېلىش



كەنىدۇققۇ. مەن ئافرىقىغا بارغاندىن كېيىن ئۆزۈم رەت قىلغان فامىلىنىڭ ئورنىغا يېڭى فامىلە قوبۇل قىلىمەن.

مېرسېدېس ئېغىر تىنىۋالدى.

— مەن تۈنۈگۈن ئالجىرىيىدىكى ئىشغالىيەتچى ئاتلىق قىسىمغا يېزىلىپ قويدۇم، — دېدى ئالبېر ۋە ئۇيىلىپ كۆزلىرىنى پەسكە قاراتتى، چۈنكى ئۇ بۇنداق تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتنىڭ قانچىلىك شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، — مېنىڭ بەدىنىم ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولغاچقا، بەدىنىمنى ساتالايمەن دەپ ھېسابلىدىم. مەن تۈنۈگۈن باشقا بىرىنىڭ ئورنىغا ئالماشتىم. شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈمنى ساتتىم. يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ كۈلۈمسىرەشكە ئۇرۇنۇپ، — مېنىڭچە، ئۆز نەرقىمدىن ئۈستۈنرەك باھادا 2000 فرانكقا سېتىلدىم.

— بۇ 1000 فرانك... — دېدى مېرسېدېس چۆچۈپ كېتىپ.

— بۇ ماڭا بېرىلىدىغان پۇلنىڭ يېرىمى. قالغان يېرىمىنى بىر يىلدىن كېيىن ئالىمەن.

مېرسېدېس كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەنىنى ھېچقانداق سۆز بىلەن تەرىپلەش مۇمكىن ئەمەس. ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى.

— ئۇنىڭ قېنىنىڭ باھاسى! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

— ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئالبېر، كۈلۈپ تۇرۇپ، — لېكىن، سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، ئاپا، مەن ھاياتىمنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوغدايمەن. مەن ھېچقاچان ھاياتقا ھازىرقىدەك تەلپۈنگەن ئەمەس.

— ئاھ خۇدا! — دېدى مېرسېدېس، نەپەسى بوغۇلۇپ.

— سىز نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلايسىز؟

لاموروسىيېر① ئۆلدىمۇ؟ شانگارنىي② ئۆلدىمۇ؟ بېدو③ ئۆلدىمۇ؟ بىز تونۇيدىغان موررېل ئۆلدىمۇ؟ ئويلاپ بېقىڭا، ئاپا، مەن كۆركەم ھەربىيچە كىيىم كىيىپ ئالدىڭىزغا كىرگەندە سىز قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەرسىز! شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، شۇ كىيىمگە ھەۋىسىم كەلگەنلىكتىن، ئاشۇ ئاتلىق پولكنى تاللىۋالدىم.

مېرسېدېس ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ۋە ئۆزىنى كۈلۈمسىرەشكە زورلىدى. ئۇ، ئوغلىنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئويلاپ، دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئۆرتىنەتتى.

— مانا، ئاپا، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئالبېر، — سىزنىڭ 4000 فرانكتىن ئارتۇق پۇلىڭىز بار بولدى. شۇ 4000 فرانك بىلەن ئىككى يىلغىچە بەھۇزۇر ياشايسىز.

— شۇنداق دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى مېرسېدېس.

ئۇ، شۇنداق ئازابلىق ئاھاڭدا سۆزلىدىكى، بۇ سۆزلەرنىڭ چىن مەنىسى ئالبېرنىڭ دىققىتىدىن ساقىت بولمىدى. ئالبېرنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن ئانىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

— شۇنداق، سىز ياشايسىز! — دېدى ئۇ.

— مەن ياشايمەن، — دەپ خىتاب قىلدى مېرسېدېس، — لېكىن سەن كەتمىگىن، ئالبېر.

— كېتىمەن، ئاپا، — دېدى ئالبېر تەمكىن ۋە قەتئىي ئاۋازدا، — سىز مېنى بەك ياخشى كۆرىسىز. شۇڭا، مېنىڭ يېنىڭىزدا بىكار ئولتۇرۇپ، ئۆمرۈمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈشۈمنى خالىمايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن توختامغا قول قويۇپ بولدۇم.

— ماقۇل، سەن ئۆز ئىرادەڭ بويىچە ئىش قىل، مەن خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلاي.

---

① ② ③ ئەينى دەۋردە ئالجىرىيە قاتارلىق ئافرىقا ئەللىرىنى ئىستىلا قىلغان فرانسىيە گېنېراللىرى.



— ياق، ئاپا، ئىرادەم بويىچە ئەمەس، ئەقىل ۋە زۆرۈرچەت بويىچە ئىش قىلىمەن. بىز ھەر ئىككىمىز ئۈمىدسىزلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. ئەمدى ھايات سىز ئۈچۈن نېمە؟ ھېچنېمە ئەمەس. ھايات مەن ئۈچۈن نېمە؟ سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، ئاپا، سىزنى دېمىسەم، مەن ئۈچۈن ھاياتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى. ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز، مەن ئاتامنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ فامىلىسىدىن ۋاز كەچكەن كۈنۈملا ھاياتىمدىنمۇ ۋاز كەچكەن بولاتتىم! ئەگەر سىز ماڭا ئۈمىدۋار بولۇشقا ۋەدە بەرسىڭىز، مەن داۋاملىق ياشايمەن؛ ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسى بەختىڭىزنىڭ غېمىنى قىلىشنى ماڭا تاپشۇرسىڭىز شىجائىتىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئالجىرىيە ۋالىيسىنىڭ ئالدىغا بارىمەن. ئۇ، ۋىجدانلىق ئادەم، ھەقىقىي ھەربىي. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ قايغۇلۇق كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئۇنىڭدىن ماڭا ئانچە - مۇنچە قاراپ قويۇشنى سورايمەن. ئەگەر ئۇ ماقۇل بولسا، مېنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىمنى كۆرسە، ئۇ چاغدا مەن بىر بولسا، يېرىم يىلدىن كېيىن ئوفىتسېر بولۇپ قايتىمەن ياكى بولمىسا، پۈتۈنلەي قايتىپ كەلمەيمەن. ئەگەر مەن ئوفىتسېر بولالىسام، سىزنىڭ ئىستىقباللىڭىز كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، چۈنكى مېنىڭ پۇلۇم ئىككىمىزگە يېتىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز مېنىڭ يېڭى فامىلەم بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولىمىز، چۈنكى بۇ سىزنىڭ ھەقىقىي فامىلىڭىز بولىدۇ. ئەگەر مەن قايتىپ كەلمىسەم ... ئۇ چاغدا، ئەگەر ياشاشنى خالىمىسىڭىز، ھاياتىڭىزدىن ئايرىلىسىز بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ بەختسىزلىكلىرىمىزمۇ ئۆزلۈكىدىن تامام بولىدۇ.

— ماقۇل، — دېدى مېرسېدېس، — ياخشى گەپ قىلدىڭ ئوغلۇم. بىزگە كۆز تىكىپ، كەينىمىزدىن گەپ تېپىپ

بۇرگەن كىشىلەرگە ئۆزىمىزنىڭ ھېسداشلىق قىلىشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ قويايلى.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئاپا، — دېدى ئالبېر، — ئىشىنىڭ، بىز بەختلىك. ھەر ھالدا بۇندىن كېيىن بەختلىك بولالايمىز. سىز ئەقىللىق ۋە مۇلايىم. مەن قانائەتچان بولۇپ قالدىم، ئەقىل - ھوشۇممۇ يېتەرلىك دەپ ئويلايمەن. مەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم، دېمەك، باي بولدۇم دېگەن سۆز. سىز دانتېس ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تۇرىسىز. دېمەك، سىزمۇ خاتىرجەم بولدىڭىز. ھەرىكەت قىلىپ باقايلى، ئاپا.

— توغرا، ھەرىكەت قىلىپ باقايلى، چۈنكى سېنىڭ بەختلىك بولۇشۇڭ كېرەك، ياشىشىڭ كېرەك، ئوغلۇم، — دېدى مېرسېدېس.

— شۇنداق قىلىپ، ئەقسىماتىمىز پۈتتى، ئاپا، — دېدى ئالبېر، ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىپ، — ئەمدى بۈگۈنلا يولغا چىقساق بولىدۇ. مەن سىزنى يولغا سېلىپ قوياي.

— ئۆزۈڭچۇ؟

— مەن يەنە ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە تۇرۇپ تۇراي. بۇ، جۇدالىقنىڭ مۇقەددىمىسى. شۇڭا، ئايرىلىشقا ئۆزىمىزنى كۆندۈرۈشىمىز كېرەك. مېنىڭ رەسمىيەت ئۆتەيدىغان، ئالجىرىيە ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئىشلىرىم بار. كەينىڭىزدىنلا مارسېلغا يېتىپ بارىمەن.

— ماقۇل، ماڭايلى، — دېدى مېرسېدېس رومىلىنى يەلكىلىرىگە ئارتىپ، ئۇ ئۆيدىن كېتىشتە يالغۇز شۇ رومالنىلا ئېلىۋالغانىدى. ئەمدى قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئىنتايىن قىممەت باھالىق قارا كەشمىر رومىلى ئىدى.

— ئالبېر ھەش - پەش دېگۈچە قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خوجايىننى چاقىردى - دە، ئۇنىڭغا 30 فرانكنى تۆلە-



ۋەتتى ۋە ئانىسىغا قولىنى بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەلەمپەيگە چىقتى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر كىشى چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كىشى يىپەك كۆڭلەكنىڭ پەلەمپەي سالاسۇنىغا ئۇرۇلغان شەپىسىنى ئاڭلاپ، ئارقىغا قارىدى.

— دېبرې! — دېدى ئالبېر بوش ئاۋازدا.

— مورسېر، سىزمۇ؟ — دېدى ۋەزىرنىڭ كاتىپى ۋە توختىدى.

دېبرې ھەيران بولغانلىقتىن، ئۆزىنى يوشۇرۇشنى ئۇنۇتقانىدى. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، مېرسېدېس بىلەن ئالبېر بەربىر ئۇنى كۆرۈپ بولغانىدى. دەرۋەقە، ئۇشتۇمتۇت بەختسىزلىككە يولۇقۇش بىلەن پۈتۈن پارىژدا غۇلغۇلا پەيدا قىلغان كىشىلەرنى ھېچكىم كىرىپ باقمىغان بۇ ئۆيدە ئۇچرىتىش ئەجەبلىنەرلىك ئىدى.

— مورسېر! — دەپ تەكرارلىدى دېبرې.

ھالبۇكى، ئۇ پەلەمپەيدىكى گۇڭگا يورۇقلۇقتا رومالغا ئورىنىۋالغان مورسېر خانىمنىڭ سۇمباتلىق قەددىنى كۆرۈپ، تەبەسسۇم بىلەن قوشۇپ قويدى:

— ھە، ئەپۇ قىلىڭ، ئالبېر! سىلەرگە دەخلى قىلمايمەن.

ئالبېر دېبرېنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى.

— ئاپا، — دېدى ئۇ مېرسېدېسكە قاراپ، — بۇ دېبرې ئەپەندى بولىدۇ، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ كاتىپى، مېنىڭ سابىق دوستۇم.

— سابىق دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى دېبرې دۇدۇقلاپ، — نېمە دېمەكچىسىز؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، دېبرې ئەپەندى، — دېدى ئالبېر، — مېنىڭ ئەمدى دوستۇم يوق، ئەمدى دوست تۇتمالىقىم كېرەك. ئىلتىپات قىلىپ، مېنى تونۇغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن مىننەتدارمەن.

دېرى پەلەمپەيدىن ئىككى باسقۇچ ئۆرلەپ، ئالبېرنىڭ قولىنى چىڭ قىستى.

— دوستۇم، — دېدى ئۇ، ئىمكان قەدەر ئىللىق مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىپ، — بېشىڭىزغا چوڭ دەرد - ئەلەم چۈشتى، مەن سىزگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىمەن، خىزمىتىڭىزگە ھەر دائىم تەييارمەن.

— رەھمەت سىزگە، تەقسىر، — دېدى ئالبېر كۈلۈمسىرەپ، — بىز غېرىب بولساقمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىدۇق. بىز پارىژدىن كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز. بارلىق يول خىراجىتىنى چىقىرىۋەتكەندە بىزدە يەنە 5000 فرانك قالىدۇ.

دېرى قىزىرىپ كەتتى، چۈنكى شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھەميانىدا 1 مىلىيون فرانك بار ئىدى. ئۇنىڭ سەگەك مېڭىسى شائىرانە تەسەۋۋۇرغا ھەرقانچە يات بولسىمۇ، ئىختىيارسىز ھالدا شۇنى ئويلىدىكى، تېخى بايىلا بۇ بىنادا ئىككى ئايال بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھەقلىق ھالدا شەرمەندە قىلىندى ۋە يېپىنچىسىنىڭ ئاستىدا بىر يېرىم مىليوننى كۆتۈرۈپ، گادايلىق ئەپتى بىلەن چىقىپ كەتتى؛ يەنە بىر ئايال ئەكسىچە، ناھەق زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بەختسىزلىككە باش ئەگمەي، ئىززىتىنى ساقلاپ تۇراتتى ۋە قولىدىكى ئازغىنا پۇل بىلەن ئۆزىنى بايدەك ھېس قىلاتتى. بۇ سېلىشتۇرما ئۇنىڭ نوچىلارچە كىبىرىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۇ قائىدە - يوسۇن تەلىپى بويىچە بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى دۇدۇقلاپ ئېيتتى - دە، پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى ۋازارەتتىكى خىزمەتچىلەر ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىپ، تېرىكىپ يۈرۈشىدىن ئارام تاپالمىدى. لېكىن شۇ كۈنى كەچتە ئۇ مادلېن كوچىسىدىكى يىلىغا 50 مىڭ لىۋىر كىرىم كىرگۈزىدىغان بىر كاتتا بىنانىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى.



ئەتىسى كەچ سائەت بەشتە، دېرى ئۆي سېتىۋېلىش ھۆججىتىگە قول قويۇۋاتقان مەزگىلدە، مورسېر خانىم ئوغلىنى مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويۇپ، ئۇزۇن يوللۇق كىرا ھارۋىسىغا ئولتۇردى.

بۇ چاغدا لاففىت بېكىتىنىڭ ھويلىسىدىكى كۈتۈش ئۆيىنىڭ كىمىرلەنگەن دېرىزىلىرىنىڭ بىرىدىن بىر كىشى قاراپ تۇراتتى. ئۇ مېرسېدېسنىڭ ھارۋىغا ئولتۇرغىنىنى، ھارۋىنىڭ يۈرۈپ كەتكىنىنى ۋە ئاندىن ئالبېرنىڭ قايتىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇردى. شۇندىن كېيىن ئۇ چوڭقۇر خىيال بىلەن ئېغىرلاشقان ماڭلىيىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتتى ۋە مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ ئىككى گۇناھسىزنىڭ بەختىنى تارتىۋالدىم. ئەمدى ئۇلارنىڭ شۇ بەختىنى قانداق قىلىپ قايتۇرۇپ بەرسەم بولار؟ خۇدا، ماڭا ياردەم قىلغىن!

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

## شىر ئۇۋىسى

لافورس تۈرمىسىنىڭ ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ خەتەرلىك جىنايەتچىلەر قامىلىدىغان بۆلۈمى بېرنار بۆلۈمى دەپ ئاتىلىدۇ. تۈرمە ئەھلى بۇ بۆلۈمنى ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازلىق تىلىدا «شىر ئۇۋىسى» دەپ ئاتىشىۋالغان. ئېھتىمال، بۇ يەردىكى مەھبۇسلار چىشلىرى بىلەن رېشاتكىلارنى غاجىلايدىغان ۋە بەزىدە ھەتتا جىسەكچىلەرنى چىشلەيدىغان بولغاچقا، شۇ نام كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

بۇ — تۈرمە ئىچىدىكى تۈرمە، بۇ يەرنىڭ تاملىرى باشقا

يەرلەرنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە قېلىن. ھەر كۈنى گۈندىپاي كىرىپ، يوغان رېشاتكىلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. جىبسەكچىلەرنىڭ بوي - بەستى قابىل، قاراشلىرى سوغۇق ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ قولىدىكىلەرنى قورقۇتۇپ، بويسۇندۇرالايدىغان ۋە باشقۇرالايدىغان ئادەملەرنىڭ تاللاپ ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

مەزكۇر بۆلۈمنىڭ ھويلىسى ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان. بۇ مەنىۋى ھەم جىسمانىي ئېزىلىشنىڭ كانىغا قۇياش نائىلاج قاراپ قويغان مەزگىلدە سېپىللارغا قىسىپاش كۈن نۇرى ئاران چۈشىدۇ. بۇ يەردە قانۇنىڭ شەمشىرى ئاستىغا قويۇلغان خاپىغان، تەلەتى سۈرۈن، ياداڭغۇ كىشىلەر خۇددى قارا كۆلەڭگىلەردەك ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار ئىككى - ئۈچتىن ۋە تولىسى بىر-بىردىن بولۇپ، ئاپتاپ كۆپرەك چۈشكەن تامنىڭ تۈۋىدە تۇرۇشىدۇ. ياكى ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلار ھەدەپ دەرۋازىغا تەلمۈرۈپ قارىشىدۇ. ئاندا - ساندا دەرۋازا ئېچىلغۇدەك بولسا، بۇ كۆلپەتلىك ماكاندا ياشىغۇچىلاردىن بىرى چاقىرىلىپ چىقىپ كېتىدۇ ياكى جەمئىيەت دەپ ئاتىلىدىغان ئوتخانا ئىچىدىن چىقىرىپ تاشلانغان يېڭى بىر پارچە داشقال بۇ چوڭ ئورىغا چۆرۈپ تاشلىنىدۇ.

بىرنار بۆلۈمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم قوبۇلخانىسى بار. بۇ بىر سوزۇنچاق ئۆي بولۇپ، ئىككى قاتار رېشاتكا ئارقىلىق ئوتتۇرىدىن بۆلۈنگەن. يوقلاپ كەلگەن كىشى مەھبۇسنىڭ قولىنى تۇتالماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا چەكلەنگەن نەرسىلەرنى بېرەلمەسلىكى ئۈچۈن رېشاتكىلار بىر - بىرىدىن ئۈچ فۇت ئارىلىق قالدۇرۇپ ئايرىلغان. بۇ قوبۇلخانىغا كۈن چۈشمەيدىغان بولغاچقا، زەي تارتىپ كەتكەن. بولۇپمۇ، بۇ رېشاتكىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ دەھشەتلىك جىنايى قىلمىشلار ئۈستى-



دە سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، بۇ ئورۇن ھەر جەھەتتىن يىرگىنىشلىك تۇيۇلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەر ساناقلىق كۈنلىرى قالغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۆز يېقىنلىرىنىڭ ئىنتىزارلىق ۋىسالىغا مۇيەسسەر قىلغۇچى جەننەتكە ئوخشايدۇ؛ چۈنكى «شىر ئۇۋىسى»دىن پەقەت سىن - ژاك قاراۋۇلخانىسىغا① ئېلىپ بېرىلىدىغانلار ياكى سۈرگۈنگە ماڭىدىغانلار ۋە ياكى يالغۇز كىشىلىك كامېرغا سولىنىدىغانلارلا چىقالايدۇ.

بىز يۇقىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەن زەي ۋە سوغۇق ھويلىدا بىر ياش يىگىت قوللىرىنى يانچۇقىغا تىقىۋېلىپ، ئايلىنىپ يۈرەتتى. شىر ئۇۋىسىدا ياشىغۇچىلار ئۇنىڭغا زور قىزىقىش بىلەن قارىشاتتى. ئۇ يىگىتنىڭ ئۈستىبېشى يىرتىلىپ كەتكىنى بولمىسا، ئۆزى گويا بىر بايۋەتچىگە ئوخشاپ تۇراتتى. بۇ ياش مەھبۇس نېپىز يىپەك كۆڭلىكىنى سىلاپ، تارتىشتۇرۇپ، بۇرۇنقى پاراغەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاندىن، تۈرمىدە ئۆتكەن كۈنلەر ئىچىدە خېلىلا ئۆڭۈپ قالغان چاپىنىنى كۆڭۈل قويۇپ تۈگمىلىدى؛ تاج سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ، كەشتىلەنگەن قول ياغلىقىنىڭ بىر چېتى بىلەن لاكلانغان ئاياغ كىيىملىرىنى سۈرتتى.

شىر ئۇۋىسىدىكى بىر نەچچە كىشى بۇ مەھبۇسنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈشكە قىزىقسىنىپ قارىشىپ تۇراتتى.

— قارىغىنا، بەگزادە ياسانغىلى تۇردى، — دېدى ئوغرىلاردىن بىرى.

— ياسانمىسىمۇ ناھايىتى كېلىشكەن نېمە ئىكەن، — دېدى يەنە بىرى، — ئەگەر ئۇنىڭ تارغاق ۋە چاچ مېيى بولغان بولسا، ئاق پەلەيلىك ئېسىلزادىلەرنى بېسىپ چۈشەتتىكەن.

— چاپىنى يېپيېڭى ئىكەن، ئاياغلىرىمۇ پارقىراپ تۇرىدۇ. ئارىمىزغا بۇنداق بىر قۇشنىڭ ئۇچۇپ كىرگەنلىكى ماختانغۇدەك

① پارىژدىكى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان جاي.

ئىش - تە! بۇ ژاندارما دېگەنلەرنىڭ قاراقچىلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن. قاراڭلار، شۇنداق ئېسىل كىيىملەرنى يىرتىۋەتكىنىنى!

— ئۇنى قالتىس يامان نېمە دېيىشىدۇ، — دېدى ئۈچىنچىسى، — پارچە - پۇرات ئىشلارغا قول تىقماپتىكەن ... شۇنچە ياش تۇرۇپ تۈلۈندىن كەلگىنىنى كۆرمەمسىلەر!

بۇ ئاجايىپ زوقلىنىشنىڭ ئوبيېكتى بولسا، بۇنداق ماختاشلاردىن ھۇزۇرلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ياسىنىشنى تاماملاپ، يان ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، پەنجىرىدىن قارىدى. جېسەكچى تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى.

— ماڭا قاراڭا، تەقسىر، — دېدى ئۇ، — ماڭا 20 فرانك بېرىپ تۇرسىڭىز. كېچىكتۇرمەي قايتۇرۇپ بېرىمەن. زىيان تارتمايسىز. سىز تىيىنلەپ سانىسىڭىز، مېنىڭ تۇغقانلىرىم مىليونلاپ سانايدۇ ئەمەسمۇ... قېنى، ئىلتىپات قىلىڭ. 20 فرانكقا بىر خالات سېتىۋالاي دەيمەن. كېچە - كۈندۈز چاپان كىيىپ يۈرۈش بەك ئەپسىز بولىدىكەن. ئۇنى دېمىگەندىمۇ، كىنەز كاۋالكانتى مۇشۇنداق چاپان كىيىپ يۈرسە بولامدۇ!

جېسەكچى مۈرىلىرىنى قىسىپ قويۇپ، تەتۈر قارىۋالدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇ ھەتتا ھېجىيىپمۇ قويمىدى. ھالبۇكى، بىرمۇنچە جېسەكچىلەر بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا كۈلۈپ كەتكەن بولاتتى. بۇ كىشى ھەر خىل گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغان، توغرىسى، ھەمىشە مۇشۇ خىلدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

— باغرى تاش ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى ئاندرېئا، — كۆرۈپ تۇرۇڭ، سىزنى بۇ يەردىن قوغلاپ كەتكۈزۈۋېتىمەن.

جېسەكچى ئەمدى ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى - دە، قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەھبۇسلار يېقىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ چۆرىسىگە توپلىنىشتى.

— سىزگە ئېيتىپ قوياي، — دېدى يەنە ئاندرېئا، —



ئاشۇ ئازغىنا پۇلنى بېرىپ تۇرسىڭىز، مەن تۈزۈكرەك كىيىنىپ، ئايرىم ئۆيگە چىقىۋالالايمەن. پات ئارىدا مېنى مۇھىم بىر ئادەم يوقلاپ كېلىدۇ. شۇ كىشىنى مۇناسىپ ھالدا كۈتۈۋېلىشىم كېرەك.

— توغرا، توغرا! — دېيىشتى مەھبۇسلار، — ئۇنىڭ ئېسىل زاتلاردىن ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ.

— ئەمىسە ئۇنىڭغا 20 فرانكنى سىلەر بېرىڭلار، — دېدى جېسەكچى يەنە بىر مۈرىسى بىلەن تامغا يۆلىنىپ، — ئۇ سىلەرنىڭ بۇرادەرلىرىڭلار بولغاندىن كېيىن شۇنداق قىلساڭلار بولىدۇ.

— مەن ئۇلارنىڭ بۇرادىرى ئەمەس، — دېدى ئاندرېئا يوغانچىلىق قىلىپ، — مېنى ھاقارەتلەشكە ھەققىڭىز يوق.

مەھبۇسلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، غۇلغۇلا كۆتۈرۈشتى. ئاندرېئانىڭ سۆزلىرى بىلەن ئەمەس، تولاراق جېسەكچىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن كۆتۈرۈلگەن بوران بۇ ئاقسۆڭەكنىڭ بېشى ئۈستىگە كېلىپ قالغانىدى. جېسەكچى بۇ بوران چېكىدىن ئېشىپ كەتكۈدەك بولسا، ئۇنى ۋاقتىدا توختىتىۋېلىشقا ئىشەنچى بولغاچقا، بۇ رودىپايىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن چەتكە چىقىپ تاماشا كۆرۈپ تۇردى. مەھبۇسلار ئاندرېئاغا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى.

— كىپىش بىلەن ساۋايلى! — دېيىشتى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى.

بۇ دېگەنلىك، بالاغا قالغان مەھبۇسنى كىپىش بىلەن ئەمەس، ناھايىتى قېيىقلىغان ئۆتۈك بىلەن ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. يەنە بەزىلەر «يىلانسېلىق» نى ئىشقا سېلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ يەنە بىر خىل رەزىل ئويۇن بولۇپ، بىر ياغلىقتا قۇم، شېغىل ۋە تېپىلسا يارماقلارنى تولدۇرۇۋېلىشاتتى. ئاندىن ياغلىقنى تۈگۈنچە قىلىپ چىگىپ، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىغا ئېلىنغان ئادەمنىڭ باش ۋە يەلكىلىرىگە ئۇرۇپ، دۇمباللىشاتتى.

— ئۇرايلى بۇ ياسانچۇقنى! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، — ئۇرايلى بۇ ئىبلىس زاتنى!

بۇ چاغدا ئاندرېئا ئۇلارغا بۇرۇلۇپ، كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە بىر مەڭزىنى كۆپتۈرۈپ تۇرۇپ، تىلىنى چاكىلدىتىپ قويدى. بۇ، ئاشكارا سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان قاراقچىلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇش بەلگىسى ئىدى. بۇنى ئۇنىڭغا كادرۇس ئۆگىتىپ قويغانىدى. مەھبۇسلار ئۇنىڭ ئۆز ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ياغلىقلار پەسكە چۈشۈرۈلدى؛ ناھال قىيقىلغان ئۆتۈك ئۆز ئىگىسىنىڭ پۇتىغا كىيىلدى. بەزىلەر ئۈن سېلىپ، بۇ جانابنىڭ دېگىنى توغرا، ئۇ قانداق كىيىنمەن دېسە، ئۆزىنىڭ مەيلى ئەمەسمۇ، باشقىلارنىڭ ۋىجدان ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزمەيمىز، دېيىشتى. غۇلغۇلا بېسىقتى. جېسەكچى شۇنچىلىك ھەيران بولدىكى، دەرھال ئاندرېئانىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى ۋە «شىر ئۇۋىسى»دا ياشىغۇچىلارنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ يېنىدا كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالغۇدەك بىر نەرسە بارمىكىن دەپ، ئۇنى ئاختۇرغىلى تۇردى. ئاندرېئا غودۇڭشۇپ قويدىيۇ، قارشىلىق قىلمىدى.

شۇ ئەسنادا رىشاتكىلىق ئىشىكنىڭ سىرتىدىن تۈرمە نازارەتچىسىنىڭ قىچقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بېنېدېتتو!

جېسەكچى قولىنى تارتتى.

— مېنى چاقىرىۋاتىدۇ! — دېدى ئاندرېئا.

— قوبۇلخانىغا! — دەپ ۋارقىرىدى نازارەتچى.

— كۆردىڭىزمۇ، مېنىڭ ئىز - دېرىكىمنى قىلىدىغان كىشى كەپتۇ. كاۋالكانتىغا ئادەتتىكى ئادەملەرنى كۆرگەندەك مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ قويۇڭ!

ئاندرېئا تۈرمىداشلىرىنى ۋە جېسەكچىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، قىيا



ئوچۇق ئىشىكتىن خۇددى قارا كۆلەڭگىدەك غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

دەرۋەقە، ئۇ قوبۇلخانىغا چاقىرىلغانىدى. بۇنداق بولغانلىقىدىن باشقىلارمۇ، ئاندرېئا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى، چۈنكى ئۇ لافورس تۈرمىسىگە قامالغاندىن بېرى باشقىلاردەك خەت يېزىپ ياردەم سوراشنىڭ ئورنىغا، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئىزچىل تۈردە ئېغىز ئاچماي كەلگەنىدى.

«شۈبھىسىزكى، مېنى ھىمايە قىلىدىغان بىر قۇدرەتلىك ئادەم بار، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ھەممە ئالامەتلەر شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇشتۇمتۇت بېشىمغا بەخت قۇشى قوندى، بارلىق توسقۇنلۇقلارنى ئوڭايلا يېڭىپ چىقتىم، ئويلىمىغان يەردىن ماڭا ئاتا بولىدىغان ئادەم چىقىپ قالدى، ھۆرمەتلىك زات بولۇپ قالدىم، ئۈستۈمگە ئالتۇن يامغۇرى ياغدى، بىر كاتتا ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلماقچى بولدۇم. تاسادىپىي كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەنلىكى، مېنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىنىڭ يوق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلۇپ قالدىم، لېكىن يەنە ئۈمىد بار. ساخاۋەتلىك قول بىر دەملىككە غايىب بولدى. ئۇ قول يەنە پەيدا بولىدۇ ۋە مېنى يار لېۋىدىن تارتىۋالىدۇ. قارىملىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنداق قىلىپ، ئىشنى بۇزۇپ قويسام ھىمايىچىم مەندىن يۈز ئۆرۈۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ مېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئىشلىتەلەيدۇ، يەنى ئالتۇن بېرىپ، مېنى مەخپىي قاچۇرۇۋېتىش ۋە سوتچىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، مېنى ئاقلاپ چىقىش. سۆزلەشكە، ھەرىكەت قىلىشقا ئالدىرىماي تۇراي. ناۋادا مېنى قوللايدىغان ئادەم ئىكەنلىكى ئەمەلدە ئىسپاتلانسا، ئۇ چاغدا...»

ئاندرېئا كۆڭلىدە ئاللاقاچان پىلان تۈزۈپ قويغانىدى. بۇ بەتبەخت قارىملىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش ۋە جان - جەھلى بىلەن ئۆزىنى قوغداشنى بىلەتتى. تۈرمىنىڭ جەبىر - جاپالىرى

ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. لېكىن ئىنسان تەبىئىتى ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئادەت كۈچى ئاستا - ئاستا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئاندرېئا ئاچ - يالىڭاچلىق ۋە پاسكىنىچىلىقتىن ئازابلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولدى.

تۈرمە نازارەتچىسى ئۇنى قوبۇلخانىغا چاقىرغان چاغدا ئۇنىڭ كەيپىياتى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئاندرېئانىڭ يۈرىكى خۇشال سوقۇپ كەتتى. ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن كىشىنى تەرگەۋچىمىكىن دېسە، تېخى ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى توشمىغان، تۈرمە باشلىقى ياكى دوختۇرمىكىن دېسە، ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنىدى. دېمەك، بۇ ئاندرېئا كۈتكەن ھېلىقى ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

ئاندرېئا قوبۇلخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەقەززالىق بىلەن يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىگە رېشاتكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان بېرتۇچچونىڭ ئەقىللىق ۋە سۇرلۇك چىرايى نامايان بولدى. ئۇ غەمكىنلىك بىلەن ۋە قىزىقسىنغان ھالدا رېشاتكىلارغا، ئىشىكلەردىكى قۇلۇپلارغا ۋە رېشاتكىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئادەمگە قارىماقتا ئىدى.

— كىم بۇ؟ — ئاندرېئا قورقۇپ كېتىپ خىتاب قىلدى.

— ياخشىمۇ سەن، بېنېدېتتو، — دېدى بېرتۇچچو ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن.

— سىز، سىز! — دېدى يىگىت، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ.

— مېنى تونۇمايۋاتامسەن، بەدبەخت؟ — دەپ سورىدى بېرتۇچچو.

— ئاستا! ئاستىراق! — دېدى ئاندرېئا. ئۇ، بۇ يەردىكى تاملارنىڭمۇ ئۆتكۈر قۇلاقلىرى بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، — خۇدا ھەققى بۇنداق ئۈنلۈك سۆزلىمەڭ!



— مېنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشنى خالامسەن؟ — سورىدى بېرتۇچچو.

— ھەئە، ھەئە! — دېدى ئاندرېئا.

— ماقۇل.

بېرتۇچچو قولىنى يانچۇقىغا سالدى ۋە ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرغان جېسەكچىنى ئىما قىلىپ چاقىردى.

— ئوقۇپ بېقىڭ! — دېدى ئۇ.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئاندرېئا.

— ساڭا ئايرىم ئۆي بېرىش ۋە مەن بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇق.

ئاندرېئا خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ تاشلاشقا تاس قالدى، لېكىن دەرھال ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ ئويلىدى: «يەنە ھېلىقى سىرلىق ھىمايىچى! ئۇ مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ! مەن بىلەن ئايرىم ئۆيدە سۆزلەشمەكچى بولۇشقانىكەن، دېمەك بۇ يەردە قانداقتۇر بىر سىر بار. ئۇلار مېنىڭ قولۇمدا... بېرتۇچچونى ئاشۇ ھىمايىچىم ئەۋەتىپتۇ!»

جېسەكچى ئۆزىنىڭ باشلىقى بىلەن سۆزلىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن رېشاتكىلىق ئىشىكنى ئاچتى ۋە خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي تۇرغان ئاندرېئانى ئىككىنچى قەۋەتتىكى دېرىزىلىرى ھويلىغا قارايدىغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. بۇ ئۆي تۈرمىلەردىكى ئادەت بويىچە ئاقارتىلغان بولۇپ، خېلى كۆرۈملۈك ئىدى. بۇ يەردىكى مەش، كارىۋات، ئورۇندۇق شىرەگە قاراپ، ئاندرېئانىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك بولدى. بېرتۇچچو ئورۇندۇققا ئولتۇردى، ئاندرېئا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى. جېسەكچى چىقىپ كەتتى.

— ماڭا دەيدىغان نېمە گېپىڭ بار؟ — سورىدى گراف مونتې - كرىستونىڭ غوجىدارى.

— سىزنىڭ نېمە گېپىڭىز بار؟ — سورىدى ئاندرېئا.

— ئاۋۋال سەن سۆزلە.

— ياق، سىز مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولغاچقا، گەپنى سىز باشلاڭ.

— ماقۇل، سەن تېخىچە جىنايەت يولىدىن قايتماپسەن. يەنە ئوغرىلىق قىلدىڭ، ئادەم ئۆلتۈردۈڭ.

— مۇشۇ گەپنى قىلىش ئۈچۈن مېنى ئايرىم ئۆيگە باشلاپ كىرگەن بولسىڭىز ئارتۇقچە ئاۋارە بولۇپسىز. بۇ گەپنى مەن بىلمەن، لېكىن بەزى ئىشلارنى بىلمەيمەن. شۇ توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى. سىزنى بۇ يەرگە كىم ئەۋەتتى؟

— ئالدىراپ كەتتىڭىز، بېنېدېتتو ئەپەندى!

— شۇنداق، مەن ئۇششاق گەپنى ياخشى كۆرمەيمەن. نېمە بولسا شۇنى دەڭ. سىزنى كىم ئەۋەتتى؟

— ھېچكىم.

— مېنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىمنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— مەن سېنىڭ بايۋەچچىدەك ياسىنىۋېلىپ، يېلىسەي كوچىسىدا ئىككى چاقلىق ھارۋىدا ئولتۇرۇپ يۈرگىنىڭنى ئاللىقاچان كۆرگەن.

— يېلىسەي كوچىسىدا!... توغرا، بۇ، ئادەمنىڭ ئىچىنى قىزىتىدىغان گەپ بولدى! يېلىسەي كوچىسىدا! شۇنداق، شۇنداق... مېنىڭ ئاتام توغرۇلۇق سۆزلەشەيلى قانداق.

— مەن سېنىڭ نېمەڭ؟

— سىزمۇ؟ سىز مېنى بېقىۋالغان ئاتام... بىراق، مەن بەش ئايدا خەجلەپ تۈگىتىۋەتكەن ھېلىقى 100 مىڭ فرانكنى ماڭا سىز بەرمىگەنسىز؛ ھېلىقى ئىتالىيىلىك باينى ماڭا ئاتا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان سىز ئەمەسقۇ دەيمەن؛ مېنى جەمئىيەتكە باشلاپ كىرىپ، ھېلىقى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغان كىشىمۇ سىز



ئەمەسقۇ دەيمەن. شۇ زىياپەتنى ئەسلىسەم ھازىرمۇ شۆلگەيلىرىم ئېقىپ كېتىدۇ. يادىڭىزدىمۇ، ھېلىقى ئوتېيلدىكى زىياپەتنى دەۋاتىمەن. ئۇ يەرگە پارىژنىڭ ئاتاقلىق ئادەملىرى يىغىلغانىدى، ھەتتا خانلىق مۇپەتتىشمۇ كەلگەن. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالالماي قالدىم. تونۇشۇپ قالغان بولسام ھازىر ماڭا تازا ئەسقاتاتتى ـ دە. مەن تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى ماڭا 2 مىليون فرانك بەرمەكچى بولغان كىشىمۇ سىز ئەمەسقۇ دەيمەن... گەپ قىلىڭ، ھۆرمەتلىك كورسىكانلىق، گەپ قىلىڭ...

— نېمە توغرۇلۇق گەپ قىلىشىمنى خالايسەن؟

— نېمە توغرۇلۇق گەپ قىلىشىڭىزنى مەن ئېيتىپ بېرەي. سىز ھېلى تېخى يېلىسەي كوچىسىنى تىلغا ئالدىڭىزغۇ، ھۆرمەتلىك ئاتام.

— تىلغا ئالسام نېمە بوپتۇ؟

— يېلىسەي كوچىسىدا ئىنتايىن، ئىنتايىن بىر باي جاناب ياشايدۇ.

— سەن شۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئوغرىلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈردىڭغۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بولسا كېرەك.

— گراف مونتې ـ كرىستونى دەمسەن؟

— شۇنداق... ئەمدى مەن ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، ئۇنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ، خۇددى پېكسىرېكۇرغا ئوخشاش «ئاتا! ئاتا!» دەپ خىتاب قىلىشىم كېرەكمۇ؟

— چاقچاق قىلما، — دېدى بېرتۇچچو جىددىيلىك بىلەن، — ئۇنىڭ ئىسمىنى بۇ يەردە بۇنداق قالايمىقان تىلغا ئالغۇچى بولما.

— پاھ، شۇنداقمۇ تېخى! — دېدى ئاندرېئا، بېرتۇچچو-

نىڭ بۇنداق تەنتەنىلىك تەلەپپۇزدا سۆزلىشىدىن ھەيران بولۇپ، — ئۇنى تىلغا ئالسام نېمە بولىدىكەن؟

— چۈنكى ئۇ تەڭرىنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئىگە بولغان ئادەم، ئۇ سېنىڭدەك پەس مۇناپىقنىڭ ئاتىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك سۆزلەر...

— ئۆزۈڭگە ئاگاھ بولمايدىغان بولساڭ كۆرگىلىكىڭنى كۆرۈسەن.

— مېنى قورقۇتماقچىمۇ سىز؟ قورقمايمەن...

— ئۇنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش چوپرەندە دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ — دېدى بېرتۇچچو. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق تەمكىنلىك ۋە ئىشەنچ بىلەن چىقتىكى، ئاندرېئانىڭ تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى، — ئۇنى سۈرگۈندىن قېچىپ كەلگەن گۇناھكار ياكى ئادەتتىكى بىر ھاماقەت دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ بىلىپ قويغىن دېيىتتو، سەن بىر قۇدرەتلىك ئادەمنىڭ قولىغا چۈشتۈڭ. بۇ قول سېنى قوغداشقا رازى بولدى. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمە. بۇ قول سېنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان چاقماقنى بىردەملىككە چەتكە قايرىپ قويدى. ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىپ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ مۇددىئاسىغا دەخلى يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنساڭ شۇ ھامان بالاغا قالىسەن.

— مېنىڭ ئاتام كىم؟ ئاتامنىڭ كىملىكىنى بىلىشنى خالايمەن! — دېدى ئاندرېئا تەرسالىق قىلىپ، — جېنىم چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇنى بىلىشىم كېرەك. نومۇس دېگەن مەن ئۈچۈن نېمە ئىدى؟ بۇنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچقانداق زىيىنى يوق... مۇخبىر بوشانىڭ ئېيتقىنىدەك، ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىشى خۇددى ئېلان چىقارغانغا ئوخشاش. سىلەر، باي غوجاملار، قولۇڭلاردا پۇل ۋە ھوقۇق بولسىمۇ، جېدەل چىقىشىدىن قورقىسىلەر... ھە، مېنىڭ ئاتام كىم؟



— مەلىمۇ ئاتاڭنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدىم

— يا ئاللا! — دەپ خىتاب قىلدى بېنېدېتتو ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقىدىن چاقناپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ، گۇندىپاي كىردى.

— ئەپۇ قىلىڭ، تەقسىر، — دېدى ئۇ بېرتۇچچوغا قاراپ، — تەرگەۋچى جاۋابكارنى چاقىرىۋاتىدۇ.

— بۈگۈن ئاخىرقى سوراق بولماقچى، — دېدى ئاندرېئا غوجىدارغا، — گېپىمىز تۈگىمەي قالدى - دە!

— ئەتە يەنە كېلىمەن، — دېدى بېرتۇچچو.

— ياخشى، — دېدى ئاندرېئا، — جانابىي ژاندارمىلار، مەن تەييار... تەقسىر، ئىلتىپات قىلىپ ماڭا ئون ئېكيۇ قالدۇرۇپ كەتسىڭىز. لازىمەتلىك نەرسىلىرىمنى ئالماقچىدىم.

— بولىدۇ، — دېدى بېرتۇچچو.

ئاندرېئا ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى، لېكىن بېرتۇچچو قولىنى يانچۇقىدىن چىقارماي تۇرۇپ، تەڭگىلەرنى جىرىڭلىتىپ قويدى.

— سورىغىنىم شۇ ئىدى، — دېدى ئاندرېئا، ئاغزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە كۈلۈمسىرەپ ۋە بېرتۇچچونىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغان خاتىرجەملىكىنى كۆرۈپ، روھى چۈشۈپ كەتتى.

«ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولۇپ چىقمامدۇ نېمە؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، گۆكتات سېۋىتى، دېگەن نام بىلەن ئاتالغان رېشاتكىلىق يوغان پەيتۇنغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — قېنى، كېيىنچە كۆرۈپ باقارمىز!»

— خەير - خوش، تەقسىر، — دېدى ئۇ بېرتۇچچوغا قاراپ.

— ئەتە كۆرۈشەيلى! — دەپ جاۋاب بەردى غوجىدار.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

### سوتچى

كىتابخانىلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، بۇزونى ھەزرەت بىلەن نوئارتىيې ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسىدا قېلىشقانىدى. بوۋاي بىلەن روھانىي ئىككىسى مەرھۇمەنىڭ يېنىدا كېچىچە ئۇخلىماي ئولتۇرۇشتى.

ئېھتىمال ھەزرەتنىڭ خىرىستىئانچە پەند - نەسىھەتلىرى، كۆڭۈلچەكلىكى ۋە قايىل قىلارلىق سۆزلىرى بوۋايغا غەيرەت ئاتا قىلدى بولغاي، روھانىي ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن نوئارتىيېنىڭ بۇرۇنقى قايغۇسىنىڭ ئورنىغا قانداقتۇر چەكسىز مۇلايىملىق ۋە غەلىتە خاتىرجەملىك پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ۋالېنتىنانى پۈتۈن قەلبى بىلەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار بۇنى كۆرۈپ تولىمۇ ئەجەبلىنىشتى.

ۋىلفور قىزى ئۆلگەن كۈندىن تارتىپ بوۋاينى كۆرمىگەنىدى. ئۆي ئىچى شارائىتى پۈتۈنلەي يېڭىلانغانىدى. خانلىق مۇپەتتىشكە باشقا مالاي، نوئارتىيېگە باشقا خىزمەتكار ياللىۋېلىشتى.

ۋىلفور خانىمنىڭ خىزمىتىگە يېڭىدىن ئىككى مەھرەم ئايال تېپىشتى. ئومۇمەن، دەرۋازىۋەندىن تارتىپ ھارۋىكەشكىچە ھەممىسى يېڭى كەلگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلار گويا بۇ قارغىش تەگكەن ئۆينىڭ خوجايىنلىرىنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنىڭسىزمۇ سوۋۇپ كەتكەن مۇناسىۋەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىغاندەك تۇيۇلاتتى.



سوت يىغىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېچىلماقچىدى. ۋىلفور ئىشخانىسىغا كىرىۋېلىپ، كادرۇسنىڭ قاتىلى ئۈستىدىن ئوقۇلىدىغان ئەيىبنامىنى يېزىشقا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. بۇ دېلو مونتې - كرىستوغا ئالاقىسى بولغان ھەرقانداق ئىشقا ئوخشاشلا پارىژدا نۇرغۇن غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. پاكىتلارنى تېخى تولۇق دېگىلى بولمايتتى. ئاساسلىق پاكىت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا يېزىپ قالدۇرغان بىرنەچچە ئېغىز سۆزىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۆلگۈچى جازا مەيدانىدىن قېچىپ كەتكەن جىنايەتچى بولۇپ، قاتىلنىڭ دوستى ئىدى. پاش قىلىش خېتىنى ئۇ ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن ياكى ئۆچ ئېلىش مەقسىتى بىلەن يازغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ۋەھالەنكى، خانلىق مۇپەتتىش قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قويغانىدى. ئۇ، ئۆز كۆڭلىدە بېنېدېتتونىڭ ئەيىبلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ تۇراتتى ۋە بۇ مۇشەققەتلىك غەلىبە بىلەن ئۆز غۇرۇرىنىڭ تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈشكە ئىنتىلەتتى. ئەنە شۇ ئىنتىلىشلار ئۇنىڭ مۇزدەك سوۋۇپ كەتكەن قەلبىنى ئاز - تولا جانلاندۇرۇپ تۇراتتى.

ۋىلفورنىڭ ھارماي - تالماي ئىشلىشى نەتىجىسىدە بۇ دېلونى تەكشۈرۈش ئىشى ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. ئۇ، ئېچىلغۇسى سوت يىغىنىنى مۇشۇ دېلو بىلەن باشلىماقچىدى. شۇڭا، يىغىن بېلىتىنى سوراپ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ھەمىشە تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋالېنتىنا تېخى يېقىندىلا دەپنە قىلىنغان بولغاچقا، ئائىلە ئىچى تېخىچە ماتەم قايغۇسىدا ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۆز قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ، ھېچكىم ئەجەبلەنمىدى.

بېرتۇچچو بېنېدېتتونىڭ يېنىغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ،

ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن كۈننىڭ ئەتىسى، يەنى يەكشەنبە كۈنى ۋىلفور نوئارتىيې بوۋاينى بىر قېتىم كۆردى. تولا ئىشلەپ چارچاپ كەتكەن ۋىلفور باغقا چىققانىدى. ئۇ چوڭقۇر خىياللار بىلەن بېشى ساڭگىلىغان ھالدا خۇددى تاركۋىنىيە① ئېگىز ئۆسكەن لەيلى گۈللەرنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ، ئۈزۈپ ئوينىغاندەك يول بويىدىكى سولىشىشقا باشلىغان ئەتىرگۈللەرنى ھاسا تايىقى بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. ئۇ، كىتابخانىلىرىمىزغا تونۇشلۇق بولغان، باغنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قاغجىراپ قالغان كۆكتاتلىقتا ئېچىلىدىغان دەرۋازىچىگە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ، يەنە شۇ يول بىلەن قايتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوغلى ۋارقىراپ ئويناۋاتقان ئۆيگە قارىتىلدى. شۇ ئۆينىڭ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىلىرىدىن بىرىدە ئۇ نوئارتىيېنى كۆردى. بوۋاي ئاپتاپقا قاقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى دېرىزىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قويۇشنى بۇيرۇغانىدى. پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى سولاشقان ھەشقىپېچەكلەرنى ۋە بالكونغا چىرمىشىپ چىققان ياۋا ئۈزۈمنىڭ قىزغۇچ يوپۇرماقلىرىنى گويا نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى.

بوۋاينىڭ كۆزلىرى قانداقتۇر بىر نەرسىگە تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نېمىگە قاراۋاتقانلىقىنى ۋىلفور پەرق ئېتەلمىدى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى چەكسىز غەزەپ ۋە نەپرەتكە تولۇپ، چاقناپ تۇراتتى. خانلىق مۇپەتتىش ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، كۆڭلىدىكىنى تاپالايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ غەزەپ كۆزلىرى كىمگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن سەل چەتكىرەك ئۆتۈپ قارىدى ۋە شاخلىرى يالىڭاچلىنىپ قالغان لىپا دەرىخىنىڭ ئاستىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان ۋىلفور خانىمنى كۆردى. ۋىلفور خانىم ئارىلاپ-ئارىلاپ بېشىنى كىتابتىن كۆتۈرەتتى ۋە ئوغلى ساراي

---

① تاركۋىنىيە — رىم پادىشاھى.



ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن تاشلىغان پومزەكنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ تاشلاپ بېرەتتى ياكى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قوياتتى.

ۋىلفور ئاتىرىپ كەتتى. ئۇ، بوۋاينىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى. تۈگىمەس نوئارتىيېنىڭ كۆزلىرى ئوغلىغا قارىتىلدى. ۋىلفور ئۆزىگە زور بېرىپ، بۇ ئوتلۇق قاراشقا بەرداشلىق بەردى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى قارىشىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن باشقا مەنىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق سۈرلۈك ئىدى.

ۋىلفور خانىم ئۆز بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈشۈۋاتقان غەزەپلىك قاراشلاردىن بىخەۋەر پېشگەمدىن تاشلانغان پومزەكنى تۇتۇۋالدى ۋە ئىما-ئىشارەت بىلەن ئوغلىنى چاقىردى. لېكىن ئېدۇئار ئۇزاققىچە ئۇنىمىدى، چۈنكى ئۇ ئانىسىنىڭ ئەركىلىتىشلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئاۋارە بولغانغا ئەرزىگۈدەك ئىش ئەمەس دەپ ھېسابلايتتى. ئاخىرى، ئۇ ماقۇل بولدى. ئۇ، دېرىزىسىدىن سەكرەپ، گېلىئوتروپ ۋە ئاستىرا گۈللىرى تېرىلغان گۈلزارلىققا چۈشتى-دە، ۋىلفور خانىمنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ۋىلفور خانىم ئۇنىڭ ماڭلىيىغا سۆيدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېدۇئار بىر قولىدا پومزەكنى، يەنە بىر قولىدا بىر سىقىم كەمپۈتنى كۆتۈرۈپ يەنە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

ۋىلفور خۇددى يىلاننىڭ دىم تارتىشى بىلەن ئايلىنىپ كەتكەن قۇشتەك ئىختىيارسىز ھالدا ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئۇ، ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى نوئارتىيېنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، پەسكە قارىتىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان ئوت گويا ۋىلفورنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ كۆزلەردىن قاتتىق نارازىلىق ۋە رەھىمسىز ئەيىبلەشنى سېزىپ تۇراتتى. نوئارتىيې ئوغلىغا ئۇنتۇلغان قەسەمنى ئەسلەتكەندەك كۆزلىرىنى ئاستا يۇقىرىغا قاراتتى.

— بىلمەن، تەقسىر، — دېدى ۋىلفور، — چىداپ تۇرۇڭ. يەنە بىر كۈن چىداپ تۇرۇڭ. مەن ۋەدەمنى ئۇنۇتۇپ قالمىدىم.

نۇئارتىيې بۇ سۆزلەردىن قانائەت ھاسىل قىلدى بولغاي، كۆزلىرىنى چەتكە ئالدى. ۋىلفور دېمى سىقىلىپ، ياقىسىنى يەشتى، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ماڭلىيىنى سۈرتتى ۋە ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرىپ كەتتى.

تۈن ئادەتتىكىچە ئۆتتى. ئۆي ئىچىدە ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتتى. يالغۇز ۋىلفورلا، ھەر دائىمقىدەك، ئۇخلىمىدى ۋە ئەتىگەن سائەت بەشكىچە ئىشلىدى. ئۇ، تۈنۈگۈن تەرگەۋچىلەردىن ئالغان ئاخىرقى سوراق خاتىرىلىرىنى كۆرۈپ چىقتى، گۇۋاھچىلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ ئەيىبنامىسىنى يەنىمۇ ئىشەنچلىك دەلىللەر بىلەن تولۇقلىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئەيىبنامە ئۇ يازغان ھەرقانداق ئەيىبنامىلەردىن قايىل قىلارلىق ۋە پاساھەتلىك بولۇپ چىقتى.

ئەتىسى، دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە بىرىنچى قارارلىق سوت يىغىنى ئېچىلماقچىدى. ۋىلفور بۇلۇتلۇق، سۈرلۈك تاڭنىڭ يورۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. كۆكۈش كۈن نۇرى قەغەز ئۈستىگە چۈشۈپ، قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان قۇرلارنى تېخىمۇ قىزارتىۋەتتى. خانلىق مۇپەتتىش بىرنەچچە مىنۇت يانپاشلىۋالدى. چىراغ كۆيۈپ بولاي دەپ قالغانىدى. ئۇ، چىراغنىڭ چاراسلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە بارماقلىرىنىڭ خۇددى قانغا بويالغاندەك نەم ۋە قىزىل ئىكەنلىكىنى كۆردى.

ئۇ، دېرىزىنى ئاچتى. ئاسماننىڭ كۈنچىقىش قىسمى قېنىق قىزىل رەڭ ئالغان بولۇپ، ئۇپۇقتا قارىيىپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ سۇمباتلىق شەكىللىرىنى گويا كېسىپ ئۆتكەندەك كۆرۈنەتتى. دەرۋازىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چۆلدەرەپ ياتقان كۆكتاتلىق ئۈستىدە بىر تورغاي پەرۋاز قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەتىگەنلىك



ناخشىسىنى ياڭراتتى. ۋىلفور سەھەرنىڭ سالقىن ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ، خېلىلا يېنىكلەپ قالدى.

— سوت قىلىش كۈنى يېتىپ كەلدى، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن قانۇننىڭ شەمشىرى بارلىق گۇناھكارلارنى ھالاك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز تۈردە نۇئارتىيېنىڭ دېرىزىسىگە، تۈنۈگۈن بوۋايىنى كۆرگەن ھېلىقى دېرىزىگە قارىدى. دېرىزە پەردىلىرى تېخى ئېچىلمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئاتىسىنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، بەجايىكى بۇ قاراڭغۇ دېرىزە ئېچىلىپ، بوۋاي ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغاندەك، شۇ دېرىزىگە قاراپ، بوش ئاۋاز بىلەن دېدى:

— شۇنداق، خاتىرجەم بولغىن!

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىشخانا ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم ئۇياق - بۇياققا ماڭدى، ئاندىن يېشىنمەيلا سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ، ئۇخلاش ئۈچۈن ئەمەس، كېچىچە كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ، ھېرىشتىن كۆيۈشۈپ كەتكەن بەدىنىگە بىرئاز ئارام بېرىش ئۈچۈن يېتىۋالدى.

ئۆي ئىچىدىكىلەر بىر - بىرلەپ ئويغىنىشقا باشلىدى. ۋىلفور كۈندىلىك تۇرمۇشنى تەشكىل قىلىدىغان ئۆزىگە تونۇش سادالارنىڭ بارغانچە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى تىڭشاپ ياتتى. ئىشىكلەر كەينى - كەينىدىن ئېچىلىپ - يېپىلغىلى تۇردى. مەھرەم ئايالنى چاقىرغان ۋىلفور خانىمنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى، ئېدۇئارنىڭ دەسلەپكى شوخ ۋە خۇشال ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى. ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ يېشىدىكى چېغىدا ئاشۇنداق كەيپىياتتا ئويغىنىدۇ.

ۋىلفورمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى. يېڭى مەھرەم گېزىتلەرنى ئېلىپ كىردى. ئۇ، گېزىت بىلەن بىرگە بىر چىنە شاكىلاتمۇ ئېلىپ كىرگەنىدى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور.
— شاكىلات.
— مەن شاكىلات سورىمىدىمغۇ. ماڭا بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەن كىم ئۇ؟
— ۋىلفور خانىم. ئۇ، بۈگۈن قاتىل بىنېدىيتتونىڭ دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، سىزنى كۆپ سۆز قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇۋالسۇن دېدى.
مەھرەم ئالتۇن رەڭلىك چىنىنى سافانىڭ يېنىدىكى قەغەزلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن شىرەگە قويىدى - دە، چىقىپ كەتتى.
ۋىلفور قاپقىقىنى تۇرۇپ چىنىگە قاراپ قويىدى. ئاندىن چىنىنى ئەسەبىيلىك بىلەن يۇلۇپ ئالدى - دە، بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. قارىماققا ئۇ، بۇ شاكىلاتنىڭ زەھەرلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلغاندەك ۋە ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر بولغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلۈمنى راۋا كۆرگەندەك كۆرۈنەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئىشخانا ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا بىر كىم ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىنى كۆرگەن بولسا قورقۇپ كەتكەن بولاتتى.
- شاكىلات زەھەرسىز بولۇپ چىقتى.
ناشتا ۋاقتى توشقاندا ۋىلفور تاماقخانىغا چىقمىدى. مەھرەم يەنە ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.
— ۋىلفور خانىم سائەت 11 بولغانلىقىنى، سوت يىغىنى سائەت 12 دە ئېچىلىدىغانلىقىنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويۇش ئۈچۈن مېنى كىرگۈزدى...
— يىغىننىڭ قاچان ئېچىلىشى بىلەن ئۇنىڭ چاتىقى نېمىكەن؟ — دېدى ۋىلفور.
— ئۇ، سىز بىلەن بىللە بارامدىم دەپ سوراۋاتىدۇ.
— نەگە؟



— سوتقا.
— نېمە قىلغىلى بارىدىكەن؟
— خانىمىڭىز بۇ قېتىمقى سوت يىغىنىغا بېرىشقا بەك قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
— ھە، قىزىقامدىكەن تېخى! — دېدى ۋىلفور دەرغەزەپ بولۇپ.
مەھرەم ھەيران بولۇپ بىر قەدەم كەينىگە داجىدى.
— سىز يالغۇز بېرىشنى خالىسىڭىز، مەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياي، — دېدى مەھرەم.
ۋىلفور ئۈنچىقماستىن، تاتىرىپ كەتكەن يۈزىنى ئەسەبىيلىك بىلەن تاتىلاشقا باشلىدى.
— ۋىلفور خانىمغا ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى ۋىلفور، — ئۇنىڭغا گېپىم بار، مېنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ساقلاپ تۇرسۇن.
— خوپ، تەقسىر.
— ئاندىن، كىرىپ، ساقىلىمنى قىرىپ قويۇڭ.
— ھازىرلا قايتىپ كىرىمەن.
مەھرەم چىقىپ كەتتى ۋە ھايال بولماي قايتىپ كىرىپ، ۋىلفورنىڭ ساقىلىنى قىردى ۋە باشتىن - ئاياغ قارا كىيىم كىيگۈزدى. شۇندىن كېيىن ئۇ:
— ۋىلفور خانىم سىزنى ساقلاپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان — دېدى.
— ھازىر چىقىمەن.
ۋىلفور سومكىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، شلەپىسىنى قولىدا تۇتۇپ، خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىغا ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە توختاپ، ماڭلىيىدىكى تەرنى سۈرتتى ۋە ئاندىن ئىشىكنى ئاچتى.
ۋىلفور خانىم كەڭرى سافادا ئولتۇرۇپ، ژۇرنال ۋە رەسىم-

لىك كىتابچىلارنى تاقەتسىزلىك بىلەن ۋاراقلىماقتا ئىدى. ئېدۋئار كىتابچىلارنى ئانىسى كۆرۈپ بولماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ يىرتماقتا ئىدى. ۋىلفور خانىم سىرتقا چىقىشقا تەييارلىنىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ قوللىرىغا پەلەي كىيىلگەن بولۇپ، شلەپىسى كىرىپسلوغا ئېلىپ قويۇلغانىدى.

— ھە كىرىپسىزغۇ، — دېدى ئۇ تەبىئىي ۋە خاتىرجەم ئاۋازدا، — ۋاي خۇدا، نېمە ئانچە تاتىرىپ كەتتىڭىز! يەنە كېچىچە ئۇخلىماي ئىشلىگەن ئوخشىمامسىز؟ نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە ناشتا قىلىشقا چىقمىدىڭىز؟ ھە، قانداق، مېنى ئېلىپ بارامسىز ياكى مەن ئېدۋئارنى ئېلىپ، ئايرىم بارامدىم؟

كۆرگىنىمىزدەك، ۋىلفور خانىم بىر مۇنچە سوئاللارنى قويدى، لېكىن ۋىلفور ئۇنىڭ ئورنىدا خۇددى ھەيكەلدەك گەپ قىلماي ۋە قىمىر قىلماي تۇراتتى.

— ئېدۋئار، — دېدى ئۇ ئاخىرى بالىسىغا قاراپ، — سارايغا چىقىپ ئويناپ تۇر، ئاپاڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىشىم بار.

ۋىلفور خانىم چۆچۈپ كەتتى. ئېرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ۋە قوپال ئاۋازى ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى. ئېدۋئار بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاپىسىغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ بۇنداق بۇيرۇقنى ماقۇللايدىغان ئىپادىسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قەلەيدىن ياسالغان ئويۇنچۇق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىرىنى كەسكىلى تۇردى.

— ئېدۋئار، — ۋىلفور شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىدىكى، ئوغلى سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، — ئاڭلىدىڭمۇ؟ چىق بۇ يەردىن!

بۇنداق مۇئامىلىگە كۆنمىگەن بالا تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكى ئاچچىقى كەلگەنلىكىدىنمۇ ياكى قورققانلىقىدىنمۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش قىيىن ئىدى. ئاتىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بىلىكىدىن تۇتۇپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.



— چىقىپ تۇرغىن، بالام، چىقىپ تۇرغىن! — دېدى ئۇ. ئېدۋئار چىقىپ كەتتى. ۋىلفور ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئىشىكنى تاقىۋالدى.

— خۇدايىم، — دېدى ۋىلفور خانىم، ئېرىنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە تىرىشىپ. ئۇنىڭ لەۋلىرى كۈلۈمسىرەشكە تەمشەلدىيۇ، ۋىلفورنىڭ مېھىرسىز كۆزلىرى ئالدىدا كۈلۈمسىرەلمىدى، — ۋاي خۇدايىم، نېمە بولدى؟

— خانىم، سىز ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان زەھەرنى قەيەردە ساقلايسىز؟ — خانلىق مۇپەتتىش ئېنىق قىلىپ، گەپنىڭ توپ-توغرىسىنى ئېيتتى.

ۋىلفور خانىم خۇددى قارچىغىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان تورغايدەك تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆكىرىپ كەتتى. كۆكرىكىدىن يا ئاھ ئۇرغانغا، يا ئۇلۇغ-كىچىك تىنغانغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل بوغۇق سادا ئېتىلىپ چىقتى.

— مەن... مەن... گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم، — دېدى ئۇ، ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ.

ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، لېكىن ماغدۇرى يەتمەستىن، قايتا ساغاغا ئولتۇرۇپ قالدى.

— مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن، — دېدى يەنە ۋىلفور خاتىرجەملىك بىلەن، — سىز مېنىڭ قېيىن ئاتام ماركىز سېن - مېراننى، قېيىن ئانامنى، بارروئانى ۋە قىزىم ۋالېنتىنانى ئۆلتۈرۈشكە ئىشلەتكەن زەھەرنى نەگە تىقىپ قويدىڭىز؟

— نېمە دەۋاتىسىز، تەقسىر؟ — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور خانىم، نېمە قىلىشنى بىلمەي، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ.

— ماڭا سوئال قويماستىن، جاۋاب بېرىڭ.

— ئېرىمگە جاۋاب بېرەمدىم ياكى سوتچىغىمۇ؟ — سورىدى ۋىلفور خانىم دۇدۇقلاپ.

— سوتچىغا، خانىم!

شۇ تاپتا ئۆلگۈدەك تاتىرىپ، تىترەپ تۇرغان، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن بۇ ئايالغا قارىغان ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى.

— ئاھ تەقسىر... — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە دېيەلمىدى.

— ماڭا جاۋاب بەرمەيۋاتىسىز، خانىم! — دەپ ھەيۋە بىلەن خىتاب قىلدى پاش قىلغۇچى. ئاندىن، ئۇ غەزىپىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك بولغان كۈلۈمسىرەش بىلەن قوشۇپ قويدى: — توغرا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، سىز تېنىۋالمىدىڭىز!

ۋىلفور خانىم ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى.

— گۇناھىڭىزدىن تېنىۋېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى يەنە ۋىلفور، ئۇنىڭغا قولىنى شىلتىپ، — سىز مىسلىسىز رەزىللىك بىلەن شۇ جىنايەتلەرنى قىلدىڭىز. سىزنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىڭىز پەقەت ئىشقىۋاز ئادەملەرنىلا ئالدىيالايدۇ. ماركىز خانىم سېن - مېران ئۆلگەندىن كېيىن مەن ئۆيۈمدە زەھەرلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەمنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. مېنى بۇ ھەقتە ئاۋرىنيى ئاگاھلاندۇرغانىدى. باررۇئا ئۆلگەندىن كېيىن مەن بىر پەرىشتىدىن گۇمانلىنىپ يۈرۈپتىمەن. خۇدا بۇ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغاي. ھەتتا نەق جىنايەت سادىر بولمىغان شارائىتتىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ھامان گۇماندىن خالى ئەمەس ئىدى؛ لېكىن ۋالېنتىنانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ماڭا ھەممە ئىش بەش قولدەك ئايان بولدى. مەنلا ئەمەس، باشقىلارمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتتى. شۇنداق قىلىپ، سىزنىڭ ھازىر ئىككى ئادەمگە ئايان بولغان ۋە بىرمۇنچە كىشىنىڭ گۇمانىنى قوزغىغان جىنايىتىڭىز ئەمدى خەلقى - ئالەمگە ئاشكارىلىنىدۇ. خانىم، بايا ئېيتقىنىمدەك، مەن ئەمدى سىزنىڭ ئېرىڭىز ئەمەس، بەلكى سوتچى!



ۋىلفور خانىم يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن ئېتىۋالدى.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ئالامەتلەرگە ئىشىنىپ كەتمەڭ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ.

— سىز شۇنچىلىك قورقۇنچاقمۇ؟ — ۋىلفور يىرگىنىش بىلەن خىتاب قىلدى، — توغرا، مەن زەھەرلىگۈچىلەرنىڭ قورقۇنچاق بولىدىغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن. ۋەھالەنكى، سىزنىڭ قولىڭىز بىلەن زەھەرلەنگەن ئىككى مويسىپىت ۋە بىر گۇناھسىز قىزنىڭ ئۆلۈشىنى كۆرگەندە قورقمىغانىدىڭىزغۇ؟

— تەقسىر!

— سىز شۇنچىلىك قورقۇنچاقمۇ؟ — ۋىلفور بارغانسېرى غەزىپى ئۆرلەپ سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى، — سىز تۆت ئادەمنىڭ ئاداققى دەقىقىلىرىنى سانىغانىدىڭىزغۇ، ۋەھشىيانە مۇددىئايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇردىڭىزغۇ، سىز قىلچە ئىككىلەنمەستىن، شۇنچە ئۇستاتلىق بىلەن زەھەرلىك دورىڭىزنى تەييارلىغانىدىڭىزغۇ! ئىشلىرىڭىزنى شۇنچە قاملاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردىڭىز، بىراق، جىنايەتلىرىڭىز پاش بولسا قانداق قىلىشنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. سىز قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە ئەڭ شېرىن، ئەڭ تېز تەسىر قىلىدىغان ۋە ئەڭ كۈچلۈك زەھەرنى ساقلاپ ئېلىپ قويغانسىز... شۇنداق قىلغانسىز، ھە؟

ۋىلفور خانىم ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، تىزلەندى.

— قارىغاندا، گۇناھىڭىزنى ئىقرار قىلىۋاتىسىز، — دېدى ۋىلفور، — بىراق، سوتچىنىڭ ئالدىدا ئىقرار قىلىش، تېنىۋېلىشقا بولمايدىغان ئەڭ ئاخىرقى پەيتكە كەلگەندە ئىقرار قىلىش بىلەن جازانى ھەرگىزمۇ يېنىكلىتىشكە بولمايدۇ.

— جازا؟ — دەپ ۋايىسىدى ۋىلفور خانىم، — بۇ سۆزنى ئىككى قېتىم تىلغا ئالدىڭىزغۇ!

— ئەلۋەتتە. تۆت قېتىم گۇناھ قىلىپ، يەنە جازادىن قۇتۇلىمەن دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ سىز جازا ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ خوتۇنى بولغىنىڭىز ئۈچۈن جازادىن قۇتۇلۇپ قالىمەن دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ ياق، خانىم! زەھەرلىگۈچى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مويتۇڭزىغا چىقىشى كېرەك. لېكىن، يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قويايكى، ئەگەر زەھەرلىگۈچى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك زەھەردىن بىرئاز ئېلىپ قويغان بولسىلا مويتۇڭزىغا چىقماسلىقى مۇمكىن.

ۋىلفور خانىم ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ۋارقىراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ چىرايى قورقۇشتىن پۈرۈشۈپ، سەتلىشىپ كەتتى.

— قورقماڭ، مەن سىزنىڭ مويتۇڭزىغا چىقىشىڭىزنى تەلەپ قىلمايمەن، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش، — مەن سىزنىڭ شەرمەندە بولۇشىڭىزنى خالىمايمەن، چۈنكى ئۇنداق بولغاندا مەنمۇ شەرمەندە بولىمەن. ئەكسىچە، مېنىڭ سۆزلىرىمنى چۈشەنگەنسىز، سىز مويتۇڭزىغا چىقماي تۇرۇپ ئۆلۈشىڭىز كېرەك.

— ياق، چۈشەنمىدىم، نېمە دەۋاتىسىز؟ — ۋىلفور خانىم ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ دۇدۇقلىدى.

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئايالى پەسكەشلىك قىلىپ، ئۆز نامىغا داغ چۈشۈرۈشنى خالىمايدۇ، ئېرى بىلەن ئوغلىنى شەرمەندە قىلمايدۇ.

— ھەئە، شۇنداق!

— شۇنداق قىلسىڭىز ياخشى ئىش قىلغان بولىسىز، خانىم. مەن سىزدىن مىننەتدار.

— مىننەتدار؟ نېمە ئۈچۈن؟

— ھازىر ئېيتقان سۆزىڭىز ئۈچۈن.



— مەن نېمە دېدىم؟ بىلمەيمەن، يادىمدا يوق، ۋاي خۇدايىم!

ئۇ، چىرايى دەھشەتلىك تۈردە ئۆزگىرىپ كەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئاغزىدىن كۆپۈك چىققان ھالدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— مەن بۇ يەرگە كىرىشىم بىلەنلا سىز ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن زەھەرنى نەگە قويدىڭىز دەپ سورىغانىدىم. بۇ سوئالىمغا جاۋاب بەردىڭىز.

ۋىلفور خانىم ئۆزىنىڭ قولىنى ئەسەبىيلىك بىلەن قىستى.

— ياق، ياق، سىز ئۇنداق بولۇشىنى خالىمايسىز! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ.

— مېنىڭ خالىمايدىغىنىم بىرلا ئىش، خانىم. سىزنىڭ مويتۇڭزىدا ئۆلۈشىڭىزنى خالىمايمەن، ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دېدى ۋىلفور.

— رەھىم قىلىڭ!

— مەن سىزنىڭ ھەققانىي رەۋىشتە جازالىنىشىڭىزنى خالايمەن. مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپەم جازالاش، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، — سىزنىڭ ئورنىڭىزدا باشقا بىر ئايال بولغان بولسا، ھەتتا خانىش بولغان بولسىمۇ، ئۇنى جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرغان بولاتتىم، لېكىن سىزگە بىرئاز كەڭچىلىك قىلىمەن. سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتاي: خانىم، ئەڭ شېرىن، ئەڭ تېز تەسىر قىلىدىغان، ئەڭ كۈچلۈك زەھەردىن ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىرئاز ئېلىپ قويغانسىز؟

— رەھىم قىلىڭ، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن!

— ئۇ راستىنلا قورقۇنچاق ئىكەن - دە! — دەپ قويدى ۋىلفور.

— مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىزغۇ.
— سىز زەھەرلىگۈچى قاتىل!
— خۇدا ھەققى ئۆتۈنۈپ قالاي!
— ياق.
— مۇھەببىتىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىڭ!
— ياق، ياق!
— بالىمىزنى ئويلاڭ! بالىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ رەھىم قىلىڭ!
— ياق، ياق، ياق. ئەگەر سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قالسام، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويىسىز!
— مەن؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ئوغلۇمنى ئۆلتۈرەمدىم؟ — ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان ئانا ۋىلفورنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ۋارقىراپ كەتتى، — ئۆزۈمنىڭ ئېدۇئارىمنى ئۆلتۈرەمدىم! ھا - ھا - ھا!
جىن - شەيتانلارغا خاس ياۋايىلارچە قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋاز ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى ۋە ئاندىن خىرقىرىغان ئىڭراش بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. ۋىلفور خانىم يەرگە تاشلىنىپ، تىزلەندى.
— ئۇنتۇپ قالماڭ، خانىم، — دېدى ۋىلفور، — مەن قايتىپ كەلگۈچە ئۆلمىسىڭىز سىزنى ئۆزۈم پاش قىلىپ، ئۆزۈم قولغا ئالىمەن.
ۋىلفور خانىم پۈتۈنلەي تۈگەشكەن ھالدا ئىگىز - پەس تىنىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. گويىكى ئۇنىڭ بارلىق ھاياتى مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە مەركەزلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.
— چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دېدى ۋىلفور، — مەن ھازىر سوتقا بارىمەن، بىر قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ



قىلىمەن... ئەگەر مەن قايتىپ كەلگەندە سىزنىڭ ئۆلمىگەنلىكىڭىزنى كۆرسەم، سىز بۈگۈنكى كېچىنى كونسېرژېرى تۈرمىسىدە ئۆتكۈزىسىز.
ۋىلفور خانىم مادارىدىن كېتىپ، گىلەمگە ئولتۇرۇپ قالدى.
شۇ ئەسنادا خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي، ئۇنىڭ كۆزلىرى سەل مۇلايىملاشتى، ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بوش ئاۋازدا دېدى:
— ئەلۋىدا، خانىم!
بۇ سۆز ۋىلفور خانىمغا خۇددى جاللاتنىڭ قولىدىكى پىچاقتەك تەگدى. ئۇ ھوشىدىن كەتتى.
خانلىق مۇپەتتىش ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىكنى ھەم يېپىپ ۋە ئىشىك قۇلۇپىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىككى تولغىدى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

### سوت يىغىنى

سوتچىلار ئىچىدە ۋە كىشىلەر ئاغزىدا «بېنېدېتتو دېلوسى» دەپ ئاتالغان دېلو پارىژدا زور غۇلغۇلا قوزغىدى. ئاتالمىش كاۋالكانتى ھەمىشە پارى قەھۋەخانىسىدا، گېنت كوچىسىدا ۋە بۇلون ئورمانلىقىدا تاماشا قىلىپ ھەم ئاقسۆڭەكلەرچە سۆلەتۋازلىق قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ كەتكەنىدى.
گېزىتلەردە ئۇنىڭ پارىژدىكى ۋە جازا مەيدانىدىكى ھاياتى ھەققىدە بىرمۇنچە تەپسىلىي خەۋەر بېرىلدى. شۇنىڭ

بىلەن، كىشىلەردە، بولۇپمۇ گىنەز ئاندرېئا كاۋالكانتى بىلەن شەخسەن تونۇشلۇقى بولغان كىشىلەردە زور قىزىقىش پەيدا بولدى. ھەممە ئادەم بېنېدېتتو ئەپەندىنىڭ، ئۆز شېرىكىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ جاۋابكارلار ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمايتتى.

بىر مۇنچە كىشىلەر بېنېدېتتونى ھەققانىي جازاغا تارتىلغۇچى دەپ قارىماستىن، ئەكسىچە، سوتچىلارنىڭ خاتالىقى بىلەن تۇتۇلغان دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى كاۋالكانتى ئەپەندى پارىژدا تونۇشلۇق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇ ھايال بولماستىن، ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇشقا كېلىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. قېرى كاۋالكانتىنىڭ گراف مونتې - كرىستونىڭ ئالدىغا ئادەتتىكى ئەسكەرلەر كىيىدىغان كونا كالتە چاپان بىلەن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ سۆلەتلىك تەقى - تۇرقى مەردانە چىرايى ۋە پېشقەدەم ئاقسۆڭەكلەرگە خاس مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ قايىل بولۇشقانىدى. دەرۋەقە، ئۇ ئارتۇق سۆزلىمىگەن ۋە ھېسابات ئىشلىرىدىن ئېغىز ئاچمىغان شارائىتتا راستىنلا ھەققىي مۆتىۋەردەك كۆرۈنەتتى.

جاۋابكارنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى كۆڭۈلچەك، چىرايلىق، مەرد يىگىت دەپ بىلگەچكە، بۇ ئىشتا قانداقتۇر بىر دۈشمەنىنىڭ سۇيىقەستى بار دېگەن قاراشقا مايىل بولاتتى. دېمىسىمۇ، بايلىق بىلەن ھەم ياخشىلىق، ھەم يامانلىق قىلىشقا بولىدىغان، پۇلدارلار مىسلىسىز قۇدرەتكە ئىگە بولىدىغان بۇ دۇنيادا سۇيىقەستلىك ئىشلار پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

قىسقىسى، كىشىلەر سوت يىغىنىغا كىرىشكە ئالدىرايتتى. بەزىلەر تاماشا كۆرۈشكە، يەنە بەزىلەر جاۋابكار ئۈستىدە بولىدىغان گەپلەرگە قىزىقاتتى. ئەتىگەن سائەت يەتتە بولماي



تۇرۇپلا ئىشىك ئالدىدا ئادەم توپلىنىشقا باشلىدى ۋە يىغىن باشلىنىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى سوت زالىغا جامائەت جەم بولدى.

كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان سوت يىغىنلىرى بولىدىغان كۈنلەردە سوتچىلار كىرىشتىن ئىلگىرى ۋە ھەتتا ئۇلار كىرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ سوت زالى بەئەينى بىر مېھمانخانىغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ يەردە تونۇشلار جەم بولىدۇ ۋە ئورۇنلىرىنى تارتقۇزۇپ قويۇشتىن قورقمىسا، بىر - بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىشىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئارىلىقلىرى يىراق بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى تاماشىبىنلار، ئادۋوكاتلار ۋە ژاندارمىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈشكە بولمىسا، ئۆزئارا ئىما - ئىشارەت قىلىشىدۇ.

يامغۇرلۇق ۋە تولىمۇ قىسقا ياز پەسلىدىن كېيىن كېلىدىغان گۈزەل كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. سەھەردە قۇياشنى توسۇپ تۇرغان بۇلۇتلار تارقىلىپ، ئىللىق كۈن نۇرى سېنتەبىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئوچۇق كۈنلىرىدىن بىرىنى يورۇتتى.

بوشان قەرەللىك مەتبۇئاتنىڭ خاقانى بولغانلىقتىن، نەگە بارمىسۇن، ئۇنىڭ ئولتۇرىدىغان تەختى تەييار ئىدى. ئۇ ھەدەپ، ئۆپچۆرىسىگە نەزەر سېلىپ، كىشىلەرنى كۆزىتەتتى. ئۇنىڭ كۆزى شاتو - رېنو بىلەن دېبرېيگە چۈشتى. ئۇلار ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغان بىر ساقچىنى ئالداپ، شىلاپ يۆرۈپ، ئۇنى ئارقىغا ئۆتۈپ تۇرۇشقا ماقۇل كەلتۈرۈشتى. بۇ تەرتىپ قوغدىغۇچى ساقچى ۋەزىرنىڭ كاتىپى بىلەن مىليونېرنى تونۇدى، شۇڭا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، بوشان بىلەن سۆزلىشىپ كېلىشىگە رۇخسەت بەردى ۋە ھەتتا ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرىنى ساقلاپ تۇرۇشقا ۋەدە قىلدى.

— ھە، سىلەرمۇ ئاغىنىمىزنى كۆرگىلى كەپسىلەر - دە، — دېدى بوشان.

— ئەلۋەتتە! — دېدى دېبرې، — ئۇ بىر ھۆرمەتلىك كىنەز تۇرسا! كۆردىڭلارمۇ، بۇ ئىتالىيىلىك كىنەزلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى!

— يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ نەسەبنامىسىنى دانتې ئۆز قولى بىلەن يازغانمىش، ئۇنىڭ ئۇرۇقى «ئىلاھىي كومېدىيە»گە باغلىنارمىش!

— ساختا ئاقسۆڭەك، — دەپ قويدى شاتو - رېنو مەنسىتمىگەن ھالدا.

— سىز ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ — سورىدى دېبرې بوشاندىن.

— مېنىڭچە، بۇنى سىزدىن سورىساق بولىدۇ، — دېدى مەتبۇئاتچى، — سوتچىلارنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقىنىنى باشقىلارغا قارىغاندا سىز ياخشىراق بىلىسىز. تۈنۈگۈن ۋەزىرنىڭ ئىشخانىسىدا سوت رەئىسىنى كۆرگەنسىز؟

— كۆردۈم.

— ئۇ نېمە دېدى؟

— دېسەم ھەيران قالىسىز.

— ئۇنداق بولسا تېزرەك سۆزلەڭ. مەن ھەيران بولۇپ باقمىغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى.

— ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بېنېدېتتو بەزىلەرنىڭ داۋراڭ قىلىپ يۈرگىنىدەك ئاجايىپ قابىل ۋە ھىيلە ئىشلىتىشتە كامالەتكە يەتكەن بولماستىن، ئەكسىچە، ئادەتتىكى بىر لۈكچەك ئىكەن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مېڭە تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىكەن.

— شۇنداقتىمۇ، ئۇ كىنەزنىڭ رولىنى بەك قاملاشتۇرۇپ ئوينىدى، — دېدى بوشان.



— سىزنىڭ قارىشىڭىز بويىچە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، بوشان. چۈنكى سىز بىچارە كىنەزلەرنى ئۆچ كۆرىسىز ۋە ئۇلارنىڭ نۇقسانلىرىنى تاپسىڭىز خۇشال بولىسىز. مەن خۇددى نەسەب بەلگىلىرىنىڭ تەتقىقاتچىسىدەك ھەقىقىي ئاقسۆڭەكنى بىر كۆرۈشتىلا تونۇۋالالايمەن.

— بۇ گەپچە سىز ئۇنىڭ كىنەزلىك ئۇنۋانىغا ئىشەنمىگەنمىكەنسىز - دە؟

— كىنەزلىك ئۇنۋانىغا دەمسىز؟ ئىشەنگەن... ئەمما، ئۇنىڭ كىنەزلىك سالاھىيىتىگە ھەرگىز ئىشەنمىگەن.

— بۇمۇ قاملاشقان گەپ بولدى، — دېدى دېبرې، — لېكىن، سىزدىن باشقا ھەممە ئادەم ئۇنى ھەقىقىي كىنەز دەپ ئويلىغان... مەن ئۇنى ۋەزىرلەرنىڭ سارايلىرىدىمۇ ئۇچراتقان.

— سىزنىڭ ۋەزىرلىرىڭىز كىنەزلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن! — دېدى شاتو - رېنو.

— دەل جايىدا ئېيتىلغان گەپ بولدى، — دەپ كۈلۈپ كەتتى بوشان، — بۇ سۆزىڭىزنى گېزىت ماقالىسىگە خاتىرىلەۋالسام بولامدۇ؟

— مەرھەمەت، قەدىرلىك بوشان، — دېدى شاتو - رېنو، — مېنىڭ سۆزۈمنى شۇنچىلىك يۇقىرى باھالىغان بولسىڭىز خاتىرىلەۋېرىڭ.

— مەنمۇ سوت رەئىسى بىلەن سۆزلىشىپتىمەن، — دېدى دېبرې بوشانغا، — سىزمۇ خانىلىق مۇپەتتىش بىلەن سۆزلەشكەنسىز؟

— سۆزلىشەلمىدىم. ۋىلفورنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈرۈۋاتقىنىغا بىر ھەپتە بولۇپ قالدى. ئۇنداق بولۇشى چۈشىنىشلىكقۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بىر قاتار غەلىتە بەختسىزلىكلەر يۈز بەردى، قىزىمۇ شۇنداقلا غەلىتە ئۆلۈم بىلەن تۈگەپ كەتتى.

— غەلىتە ئۆلۈم؟ بۇ نېمىدېگىنىڭىز، بوشان؟

— سىز بۇ ئىشلار سوتچىلارغا تەئەللۇق دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆزىڭىزنى ئۇقماسقا سېلىۋالدىڭىز، — دېدى بوشان، يەككە كۆزلۈك ئەينىكىنى كۆزىگە قىستۇرۇپ ۋە ئۇنى چۈشۈرۈۋەتمەسلىككە تىرىشىپ.

— قەدىرلىك بوشان، — دېدى شاتو - رېنو، — يەككە كۆزلۈك ئەينەكنى دېبرىدەك ئەپچىل تاقىيالمايدىكەنسىز. دېبرې، بۇنى قانداق تاقاشنى بوشانغا كۆرسىتىپ قويۇڭا.

— كۆردۈڭلارمۇ، مەن خاتالاشماپتىمەن، — دېدى بوشان.

— نېمە؟

— شۇنىڭ ئۆزى.

— كىمنى دەيسىز؟

— ئۇنى كېتىپ قالدى دەپ ئاڭلىغانىدىم.

— ئېۋژېنى خانىقىزنى دەمسىز؟ — دەپ سورىدى شاتو - رېنو، — ئۇ قايتىپ كەپتىمۇ؟

— ياق، ئۇ ئەمەس، ئانىسى.

— دانگلار خانىم؟

— مۇمكىن ئەمەس، — دېدى شاتو - رېنو، — قىزى قېچىپ كېتىپ ئون كۈن بولغاندا، ئېرى خانىۋەيران بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟

دېبرىنىڭ يۈزى سەل قىزاردى ۋە ئۇ بوشان كۆز تىككەن تەرەپكە قارىدى.

— ياق، ئۇ ئەمەس، — دېدى ئۇ، — يۈزىگە قېلىن تور تارتىۋالغان بۇ ئايال قانداقتۇر بىر باي چەت ئەللىك ئايالدەك قىلىدۇ، كىنەز كاۋالكانتىنىڭ ئانىسى بولۇشى مۇمكىن. ھە، بوشان، سىز بايا بىر گەپ قىلماقچى بولغانىدىڭىزغۇ.

— مەن؟



— ھەئە. ۋالېنتىنانىڭ غەلىتە ئۆلۈمىنى تىلغا ئالغانىدىڭىز.

— ھە، راست. بىراق، ۋىلفور خانىم كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— بىچارە ئايال! — دېدى دېبرې، — ئۇ، شىپاخانىلار ئۈچۈن دورا ياساپ بېرىۋاتقاندۇر ياكى ئۆزى ۋە دوستلىرى ئۈچۈن ئەتىلىك ياساۋاتقاندۇر. ئاڭلىشىمچە، ئۇ مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ھەر يىلى 3000 ئېكيۇ چامىسىدا پۇل سەرپ قىلىدىكەن. راست، ئۇ نېمە ئۈچۈن كەلمىگەندۇر؟ ئۇنى كۆرسەم خۇش بولۇپ قالاتتىم، مەن ئۇنى بەك ياقتۇرىمەن.

— مەن ئۇنى زادىلا ياقتۇرمايمەن، — دېدى شاتو - رېنو.

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن. بىز نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن يامان كۆرىمىز؟ ئۇ ماڭا يېقىملىق كۆرۈنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياقتۇرمايمەن.

— سىزدە شۇنداق بىر تەبىئىي تۇيغۇ بار ئىكەن - دە.

— ئېھتىمال... ھە، قېنى، سىزنىڭ سۆزىڭىزگە كېلەيلى. بوشان.

— جانابلار، — دېدى بوشان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىلەر ۋىلفورنىڭ ئائىلىسىدە نېمە ئۈچۈن كەينى - كەينىدىن شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ باقمىدىڭلارمۇ؟

— كۆپ دەمسىز؟ بۇمۇ جايىدا ئېيتىلغان سۆز بولدى، — دېدى شاتو - رېنو.

— بۇنداق ئىبارىلەر سېن - سىمونىنىڭ ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ.

— ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى ۋىلفورنىڭ ئۆيىدە كۆرۈلدى. ۋىلفور توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى.

— مەن بۇ ئائىلىگە راستىنلا ھەيران بولۇۋاتىمەن، —

دېدى دېبرى، — ئۇلار ئۈچ ئايدىن بېرى ھازىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. ئالدىنقى كۈنى «ئومۇ» ماڭا ۋالېنتىنانىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە توختىلىپ، ھەيران بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

— «ئومۇ» دېگىنىڭىز كىم؟ — سورىدى شاتو - رېنو.

— كىم بولماقچىدى؟ ۋەزىرنىڭ ئايالى.

— ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى شاتو - رېنو، — مەن ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقمىغان. ئۇنداق ئىشلار بىلەن كىنەزلەر شۇغۇللانسۇن.

— بارون، سىز بۇرۇن ئۇچقۇن چاچراتقان بولسىڭىز، ئەمدى چاقماق چېقىۋاتىسىز. بىزلەرگىمۇ ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، بولمىسا، خۇددى يۇپىتېردەك بىزنى كۆيدۈرۈپ، كۈل قىلىۋېتىسىز.

— ماقۇل، گەپ قىلماي، — دېدى شاتو - رېنو، — لېكىن سىزنىڭمۇ ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، مېنى مازاق قىلماڭ.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى. بوشان، ھېلى ئېيتقىنىمدەك، ئالدىنقى كۈنى «ئۇ» مەندىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلغانىدى. بىلىدىغىنىڭىزنى ئېيتسىڭىز، مەن ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرەي.

— ئەپەندىلەر، — دېدى بوشان، — بىر ئۆيدە كۆپ ئادەم ئۆلگەنىكەن (مەن بۇ ئىبارىنى ياقتۇرۇپ قالدىم)، دېمەك، شۇ ئۆيدە قاتىل بار دېگەن سۆز.

ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى چۆچۈپ كېتىشتى. بۇ پىكىر ئۇلارنىڭ مېڭىسىگىمۇ بىرنەچچە قېتىم كىرگەنىدى.

— ئەمىسە قاتىل كىم؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار.

— كىچىككىنە ئېدۇئار.

شاتو - رېنو بىلەن دېبرى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. بوشان قىلچە تەمتىرىمەي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق، ئەپەندىلەر، كىچىككىنە ئېدۇئار، گۆدەك بالا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە كەلگەندە چوڭ ئادەمدىن قېلىشمايدىكەن.



— چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. مەن تۈنۈگۈن ۋىلفورلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن بىر خىزمەتكارنى يالىلىۋالغانىدىم. بۇنى بىلىدىغانسىلەر؟

— بىلىمىز.

— ئۇنى ئەتە ئىشتىن بوشىتىۋېتىمەن، چۈنكى ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تاماق يېيىشتىن قورقۇپ، ئېچىرقاپ كەتكەن بولغاچقا، زادى قورسىقى تويمايدىكەن. ئەنە شۇ خىزمەتكارنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، ئاشۇ ئوماق بالا قانداقتۇر بىر خىل دورا قاچىلانغان بىر قۇتىنى تېپىۋالغانمىش. ئۇ كىمگە خاپا بولۇپ قالسا، شۇنىڭ ئېشىغا شۇ دورىنى قۇيۇپ قويارمىش. ئەڭ باشتا بوۋىسى بىلەن موممىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالغان بولغاچقا، ئۇلارغا ئۈچ تامچىدىن دورا قۇيۇپتۇ. ئاندىن، بوۋىسى نۇئارتىيېنىڭ قېرى خىزمەتكارى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقتىن، بۇ ئوماق چاتاقچى ئۇنىڭغىمۇ ئۈچ تامچە دورا قۇيۇپ بېرىپتۇ. شۇندىن كېيىن بىچارە ۋالېنتىنامۇ خۇددى شۇ قىسمەتكە دۇچار بولۇپتۇ. توغرا، ۋالېنتىنا ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەيدىكەن، لېكىن ئېدۇئار ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ دورىدىن ئۈچ تامچە قۇيۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قىزمۇ ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.

— چۆچەك ئېيتىۋاتامسىز نېمە؟ — دېدى شاتو - رېنو.

— قورقۇنۇچلۇق چۆچەكمىكەن؟ — دېدى بوشان.

— قۇرۇق گەپ، — دېدى دېبرى.

— سىز ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن قورقىدىكەنسىز، — دېدى بوشان ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — ئىشەنمىسىڭىز، مېنىڭ خىزمەتكارىمدىن ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئەتىدىن باشلاپ مېنىڭ خىزمەتكارىم بولمايدىغان شۇ كىشىدىن سوراپ بېقىڭ.

ۋىلفورنىڭ ئۆيىدىكىلەر ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدىكەن.

— ئەمىسە، ئۇ قانداق دورا ئىكەن؟ ئۇ دورا قەيەردە ئىكەن؟

— ئېدۇئار ئۇ دورىنى تىقىپ قويۇپتۇ.

— ئۇنى نەدىن تېپىپتۇ؟

— ئانىسىنىڭ تەجرىبىخانىسىدىن.

— ئانىسىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا ئۇغا بارمىكەن؟

— مەن نەدىن بىلەي؟ سىز مېنى خۇددى خانلىق مۇپەتتىشتەك سوراق قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ. مەن خەقتىن ئاڭلىغان گەپنى ئېيتىپ بەردىم، كىمدىن ئاڭلىغانلىقىمنى دەپ بەردىم. ئۇنىڭدىن باشقىسىنى بىلمەيمەن. ئۇ بىچارە قورقۇپ كەتكەنلىكتىن گېلىدىن غىزا ئۆتمەس بولۇپ قالغانىكەن.

— ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ!

— ئۇنداق ئەمەس، قەدىرلىكىم، بۇ ئىشەنگىلى بولمىغۇدەك گەپ ئەمەس. بۇلتۇر رىشىلىيې كوچىسىدا ۋەقە پەيدا قىلغان ھېلىقى بالا يادىڭىزدا يوقمۇ؟ ئۇ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى ئۇخلاپ ياتقاندا ھەممىسىنىڭ قۇلاقلىرىغا يىڭنە سانجىۋەتكەن ئەمەسمىدى. ھازىرقى ئۆسمۈرلەر ئۆز يېشىدىن بالدۇر چوڭ بولىدىغان بولۇپ كەتتى.

— ئۆزىڭىزنىڭ گېپىڭىزگە ئۆزىڭىزمۇ ئىشەنمەيۋاتقانسىز، — دېدى شاتو - رېنو، — ھە، گراف مونتې - كرىستو كۆرۈنمەيدىغۇ. ئۇ كەلمىگەن ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇ تاماشىغا ھەۋەس قىلمايدىغان ئادەم، — دېدى دېبرې، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتىن خىجىل بولىدۇ. بۇ كاۋالكانتى دېگەنلەر ئۇنى ئوڭدا قويدى ئەمەسمۇ. ئاڭلىشىمچە، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا يالغان تونۇشتۇرۇش بىلەن كەلگەنىكەن. ئۇلار كىنەزلىك مەرتىۋىسىنى پەش قىلىپ، ئۇنىڭ 100 مىڭ فرانكىنى ئالداپ ئېلىۋاپتۇ.



— ھە، راست، شاتو - رېنو، موررېلنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — سورىدى بوشان.

— ئۇنى ئىزدەپ ئۈچ قېتىم بېرىپ تاپالمىدىم، — دېدى شاتو - رېنو، — سىڭلىسى ئۇنىڭدىن غەم قىلمايدىكەن. ئۇمۇ ئاكىسىنى ئۈچ كۈندىن بېرى كۆرمەپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىكەن.

— ھە، راست، گراف مونتې - كرىستو بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى بوشان.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ بۇ درامىدىكى بىر شەخس.

— ئۇمۇ ئادەم ئۆلتۈرگەنمىكەن؟ — سورىدى دېبرې.

— ياق، ئەكسىچە، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشقان. ھېلىقى كادرۇس دېگەن گراف مونتې - كرىستونىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ شېرىكى بېنېدېتتو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. گرافنىڭ ئۆيىدە كادرۇسنىڭ چاپىنى بىلەن بىر پارچە خېتى تېپىلغان ۋە شۇ خەتنىڭ كاساپىتىدىن نىكاھ كېلىشىمى ئىمزالانمىغان. سىلەر ئۇ چاپاننى كۆرگەنمۇ؟ ئۇ ئەنە، شىرە ئۈستىدە تۇرىدۇ، پۈتۈنلەي قانغا مىلەنگەن. بۇ، ماددىي ئىسپات.

— كۆردۈم، كۆردۈم!

— جىم بولايلى، ئەپەندىلەر، سوت باشلاندى. ئۆز جايىمىزغا كېتەيلى.

زال ئىچىدىكىلەر ئوپۇر - توپۇر بولۇشتى. ھېلىقى ساقچى كۈچىنىپ «ھىم!» دېيىش بىلەن ئۇلارنى ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا چاقىردى. ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغان ساقچى باشلىقى خۇددى بومارشې زامانىسىدىكى ساقچىلاردەك چىرقىراق ئاۋاز بىلەن جاكا قىلدى:

— سوت باشلاندى؛

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

### ئەيىبنامە

سوتچىلار چوڭقۇر سۈكۈنات ئىچىدە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. سوت مەسلىھەتچىلىرىمۇ ئۆز جايلىرىنى ئىگىلەشتى. كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان ۋىلفور ئۆز كرېسلوسىغا ئولتۇرۇپ، زال ئىچىگە خاتىرجەملىك بىلەن كۆز يۈگۈرتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ سۇرلۇك، ھېسسىياتسىز چىرايىغا ئەجەبلىنىپ قارىشاتتى. بۇ چىرايدا ئاتىلىق قايغۇسىنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇلاردىن خالىي بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ قورقۇسى كېلەتتى.

— جاۋابكارنى ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى رەئىس.

بارلىق كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى بېنېدىيتتو كىرىدىغان ئىشىككە قارىتىلدى. ھايال بولماي ئىشىك ئېچىلدى ۋە جاۋابكار كىردى. ئۇنىڭدىن ھەممە كىشى ئوخشاش تەسىراتقا ئىگە بولدى، ھەممە كىشى ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىلەنگەن ئالامەتنى ئېنىق كۆردى. ئۇنىڭ چىرايىدا يۈرىكىنى تىترىتىپ، يۈزىنى ئاقارتىۋېتىدىغان قورقۇنچ ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن شلەپىسىنى تۇتقان، يەنە بىر قولىنى ئاق جىلىتكىسىنىڭ تۆش كەسمىسىگە تىققان بولۇپ، بارماقلىرى بىرئازمۇ تىترىمەيتتى؛ كۆزلىرى كىشىلەرگە تىك بېقىپ، چاقناپ تۇراتتى. ئۇ، زالغا كىرىش بىلەنلا سوتچىلارغا ۋە تاماشىبىنلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ۋە رەئىسكە، بولۇپمۇ خانلىق مۇپەتتىشكە ئالاھىدە دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى.



ئاندرېئانىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ئادۋوكاتى كېلىپ ئولتۇردى. بۇ مەڭىزلىرى قىزىرىپ تۇرغان ئاق - سېرىق يىگىت سوت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئاقلىغۇچى بولۇپ (ئاندرېئا ئۆزى ئاقلىغۇچى تاللاشنى رەت قىلغان ۋە بۇنداق ئەرزىمەس ئىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنىدى)، سوتلانغۇچىغا قارىغاندا بەكلا ھاياجانلانغانىدى.

رەئىس ئەيىبنامىنى ئوقۇشنى تەكلىپ قىلدى. بىزگە مەلۇمكى، بۇ ئەيىبنامە ۋىلفورنىڭ ئۆتكۈر ۋە شەپقەتسىز قەلىمى بىلەن يېزىلغانىدى. بۇ ئۇزۇن ئەيىبنامىنىڭ ئوقۇلۇشى جەريانىدا خالايىقنىڭ دىققىتى ئاندرېئاغا مەركەزلەشتى. ئاندرېئا بولسا، قىلچە پەسەنت قىلماي، سپارتالىقلارغا خاس روھلۇق كەيپىياتتا تۇراتتى.

ۋىلفور ھېچقاچان بۇنداق سالماقلىق، پاساھەتلىك نۇتۇق سۆزلىمىگەن بولغىيدى. ئۇ، جىنايەتنى ئەڭ قايىل قىلارلىق ئىبارىلەر بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى: جاۋابكارنىڭ ئۆتمۈشى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى، بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ قىلمىشلىرىنىڭ ئىزچىل تۈردە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى خانلىق مۇپەتتىشنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىنسان قەلبى ھەققىدىكى بارلىق بىلىملىرىدىن ھاسىل قىلىنغان يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى بىلەن بايان قىلىندى. تېخى قانۇنىي جازا ھۆكۈم قىلىنماي تۇرۇپ، مۇشۇ نۇتۇقنىڭ ئۆزىلا جامائەتنىڭ نەزەرىدە بېنېدىيتتونى ھالاك قىلىپ بولغانىدى.

ئاندرېئا كەينى - كەينىدىن مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان دەھشەتلىك ئەيىبلەشلەرگە پەرۋا قىلمايتتى. ۋىلفور ئۇنىڭغا پات - پات قاراپ قوياتتى. ئۇ، ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسى بويىچە بۇ جىنايەتچىنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزەتمەكچى ئىدى. لېكىن ئۇ ھەرقانچە دىققەت قىلىپ، تىكىلىپ قارىسىمۇ، ئاندرېئا زادىلا پەسكە قارىمىدى.

ئاخىرى ئەيىبنامە ئوقۇلۇپ بولدى.

— جاۋابكار، — دېدى رەئىس، — ئىسىم - فامىلىڭىز نېمە؟

ئاندرېئا ئورنىدىن تۇردى.

— ئەپۇ قىلىڭ، رەئىس ئەپەندى، — دېدى ئۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن، — سوئاللىرىڭىزنى بىر تەرتىپ بىلەن باشلىسىڭىز مەن جاۋاب بېرىشتە قىينىلىپ قالىمەن. مەن ئادەتتىكى سوتلانغۇچىلاردىن مۇستەسنا بولىدىغانلىقىمنى بىردەمدىن كېيىن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىمەن. شۇڭا، سوئاللىرىڭىزنى باشقىچە تەرتىپ بويىچە قويۇشىڭىزنى سورايمەن. شۇنداق قىلسىڭىز ھەممە سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىمەن.

رەئىس ھەيران بولۇپ، مەسلىھەتچىلەرگە قارىدى. مەسلىھەتچىلەر خانىلىق مۇپەتتىشكە قاراشتى. بارچە ئادەم ھاڭ - تاڭ بولدى. ئاندرېئا خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك قاراپ تۇراتتى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — سورىدى رەئىس، — بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەمسىز؟

— بۇ سوئالغىمۇ، باشقا سوئاللارغىمۇ ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە جاۋاب بېرىمەن، رەئىس ئەپەندى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ قايتىلاپ سورىدى سوت رەئىسى.

— 21 ياش. توغرىسىنى ئېيتقاندا، يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن 21 ياشقا كىرىمەن. مەن 1817 - يىلى 27 - سېنتەبىردىن 28 - سېنتەبىرگە ئۆتەر كېچىسى تۇغۇلغان.

نېمىدۇر بىر نەرسىنى يېزىپ ئولتۇرغان ۋىلفور بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى.

— سىز قەيەردە تۇغۇلغان؟ — رەئىس داۋاملاشتۇرۇپ سورىدى.

— پارىژغا يېقىن جايدا، ئوتېيلدا، — دەپ جاۋاب بەردى بېنېدېتتو.



ۋىلفور بېنېدېتتوغا ئىككىنچى قېتىم قارىدى ۋە خۇددى مېدۇزانىڭ بېشىنى كۆرۈپ قالغاندەك تاتىرىپ كەتتى. بېنېدېتتو بولسا، چىرايلىق ھەرىكەت قىلىپ، كەشتىلەنگەن ئاق قول ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن لەۋلىرىنى سۈرتتى.

— كەسپىڭىز نېمە؟ — سورىدى رەئىس.

— دەسلەپتە يالغان پۇل ياسىغان، — ئاندرېئا خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك جاۋاب بەردى، — كېيىن ئوغرىلىق قىلدىم، ئەڭ ئاخىرى قاتىل بولدۇم.

زال ئىچىدە ئەجەبلىنىش سادالىرى ۋە غەزەپلىك غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ھەتتا سوتچىلارمۇ ھەيران بولۇپ، بىر - بىرىگە قاراشتى. مەسلىھەتچىلەر بولسا، ئەدەبلىك ئادەملەرگە يات بولغان بۇنداق ھاياسىزلىقتىن غەزەبلىنىشتى.

ۋىلفور ئالقىنى بىلەن ماڭلىيىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ بايا تاتىرىپ كەتكەن يۈزى ئەمدى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ھودۇققان ھالدا ئۇياق - بۇياققا قارىدى. ئۇنىڭ نەپىسى بوغۇلدى.

— بىرنېمىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىزمۇ، خانىلىق مۇپەتتىش ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى بېنېدېتتو ئىنتايىن ئەدەبلىك تەبەسسۇم بىلەن.

ۋىلفور زۇۋان سۈرمىدى ۋە يەنە كىرېسلوغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

— جاۋابكار، ئەمدى ئىسىم - فامىلىڭىزنى ئېيتىپ بېرەرسىز؟ — سورىدى رەئىس، — سىز جىنايەتچى بولغىنىڭىزدىن پەخىرلەنگەندەك، جىنايەتلىرىڭىزنى نومۇسسىزلىق بىلەن كەسىپ دەپ ئاتىغانلىقىڭىزنىلا كۆزدە تۇتقاندىمۇ، ئەدەب - ئەخلاق ۋە ئىنسانىيەتچىلىك تەلىپى بويىچە سوت سىزگە ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىق. قارىغاندا، سىز غەرەزلىك ھالدا ئىسمىڭىزنى

ئېيتقىلى ئۇنىمايىۋاتىسىز، سىز ئىسمىڭىزنى ئۆزىڭىز ھېلى ئېيتقان ئاشۇنداق «ئۇلۇغلىرىڭىز» بىلەن تەرىپلەپ، ئالاھىدە ھەيۋەتلىك قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولسىڭىز كېرەك.

— توغرا ئېيتتىڭىز، رەئىس ئەپەندى، — بىنەدىبىتتو ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىپ، سىپايىلىق بىلەن جاۋاب بەردى، — دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز. شۇنداق، مەن شۇ مەقسەت بىلەن سوئاللىرىڭىزنىڭ تەرتىپىنى ئۆزگەرتىشنى سورىغانىدىم.

جامائەتچىلىكنىڭ ئەجەبلىنىشى چېكىگە يەتتى. سوتلانغۇچىنىڭ سۆزلىرىدە ئەمدى ماختانچاقلىقمۇ، ئەدەبسىزلىكمۇ سېزىلمەيتتى. ھاياجانلانغان كىشىلەر ئەمدى بۇ قارا بۇلۇتلار ئىچىدىن چاقماق چېقىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

— شۇنداق قىلىپ، ئىسمىڭىز نېمە؟ — رەئىس يەنە سورىدى.

— ئىسمىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى ئىسمىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. لېكىن مەن ئاتامنىڭ ئىسمىنى بىلىمەن. ئەگەر خالىسىڭىز، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

ۋىلفورنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى بويلاپ تەر ئاقتى، ئۇنىڭ قوللىرى ئەسەبىيلىك بىلەن قەغەزلەرنى پۇرلىدى.

— ئەمىسە، ئاتىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىڭ، — دېدى رەئىس.

زال ئىچىدە گۆرىستان جىملىقى ھۆكۈم سۈردى. بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ، گويا قېتىپ قېلىشتى.

— مېنىڭ ئاتام خانلىق مۇپەتتىش، — دېدى ئاندرېئا خاتىرجەملىك بىلەن.

— خانلىق مۇپەتتىش! — رەئىس تەئەججۈبلىنىپ تەكرارلىدى ۋە ۋىلفورنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.



— شۇنداق. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلىشنى خالىسىڭىز، ئېيتىپ بېرەي. ئۇنىڭ ئىسمى ۋىلفور!

شۇ چاغقىچە كىشىلەر سوتنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرغان بولسا، ئەمدى ھەممە ئېغىزلاردىن غەزەپ - نەپرەت ساداسى بوراندەك ئېتىلىپ چىقتى. ھەتتا سوتچىلارمۇ غەزەپلەنگەن ئاممىنى تىنچلاندۇرۇشنى بىر ئەسناغىچە ئۇنتۇپ قېلىشتى. تەپسە تەۋرىمەس بىنەدىبىتتوغا قارىتىلغان خىتابلار، تىل - ھاقارەتلەر، ژاندارمىلارنىڭ پوپوزا قىلىشلىرى، ۋارقىراشلىرى، مالىمانچىلىق ۋە ماجىرا ئىچىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان جېدەلخورلارنىڭ ئاغزىنى بۇزۇشلىرى،... ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى بەش مىنۇتچە داۋاملاشتى. ئاخىرى سوتچى ۋە ساقچىلار ئاران دېگەندە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

توختاۋسىز چۇقان ئىچىدىن رەئىسنىڭ ئۈنلۈك خىتابلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— جاۋابكار، سىز سوتنى مازاق قىلىۋاتامسىز؟ سىز ۋەتەنداشلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىقىڭىزنى قەستەن كۆز - كۆز قىلىۋاتىسىز!

بىرنەچچە ئادەم ئۆز كرېسلوسىدا ھالىدىن كېتىپ ئولتۇرغان خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى، ئۆزلىرىنىڭ ساداقەتلىكى ۋە ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرەتتى.

زال ئىچىدىكى تىنچلىق ئورنىتىلدى. پەقەت چەتتىكى بىر بۇلۇڭدىلا كىشىلەر بىسەرەمجان بولۇپ شىۋىرلىشاتتى. كىشىلەر قانداقتۇر بىر ئايالنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشتى. ئۇ ئايالغا تۇز پۇرىتىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈشتى.

بۇ مالىمانچىلىق بېسىققىچە ئاندرېئا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا جامائەتكە كۆز تىكىپ تۇردى. ئاندىن، ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ

يۈلەنچۈككە بىر قولى بىلەن تايىنىپ تۇرۇپ، سۆزلىدى:

— جانابلار خۇدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، مەن سوتقا ھاقارەت كەلتۈرۈشنى ۋە ئىززەتلىك يىغىن ئەھلىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلىشنى خالىمايمەن. مېنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىم سورالدى، مەن جاۋاب بەردىم؛ قەيەردە تۇغۇلغانلىقىم سورالدى. بۇنىڭغىمۇ جاۋاب بەردىم. ئىسمىم فامىلەم سورالغاندا جاۋاب بېرەلمىدىم؛ مەن فامىلەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، چۈنكى ئاتا - ئانام مېنى تاشلىۋەتكەن. شۇنداقتىمۇ، ئاتامنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردىم. يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، ئۇنىڭ ئىسمى ۋىلفور. مەن بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.

سوتلانغۇچىنىڭ ئاۋازىدىن شۇ قەدەر ئىشەنچ ۋە راستچىللىق چىقىپ تۇراتتىكى، غۇلغۇلا بېسىقىپ، ھەممە ئادەم شۈك بولدى. بارلىق كۆزلەر خانلىق مۇپەتتىشكە قارىتىلدى. ۋىلفور خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەندەك قىمىر قىلماي، ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى.

— جانابلار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئاندرېئا، — مەن بۇ مەسىلىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشۈم ۋە دەلىل كەلتۈرۈشۈم كېرەك.

— سىز سوراقتا ئىسمىڭىزنى بېنېدېتتو دېگەنىغۇ، — دېدى رەئىس غەزەپلىنىپ، — سىز ئۆزىڭىزنى كورسىكادا تۇغۇلغان پاناھسىز يېتىم دەپ تونۇشتۇرغانىغۇ.

— مەن سوراق ئۈستىدە قىلىشقا تېگىشلىك دەپ ھېسابلىغان گەپلەرنى قىلدىم. بۇ سىرىمنى جامائەت ئالدىدا تەنتەنە بىلەن جاكالىشىمغا يول قويماسلىقىڭلاردىن قورقتۇم. شۇنداق قىلىپ، تەكرارلايمەن: مەن 1817 - يىلى 27 - سېنتەبىردىن 28 - سېنتەبىرگە ئۆتەر كېچىسى ئوتېيلدا تۇغۇلدۇم، مەن خانلىق مۇپەتتىش ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئوغلى. تەپسىلاتىنى ئۇقۇشنى



خالامسىلەر؟ بۇنىمۇ سۆزلەپ بېرەي. مەن ئوتېيلنىڭ فونتېين دېگەن يېرىدە، 28 - ئۆينىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە، قىزىل پەردە تارتىلغان ھۇجرىدا تۇغۇلغان. ئاتام مېنى قولىغا ئېلىپ، ئانامغا مېنى ئۆلۈك ئىكەن دەپ قويۇپ، مېنى «ئې» ۋە «ن» ھەرپلىرى چۈشۈرۈلگەن لاتىغا يۆگىدى ۋە ئاندىن باغقا ئېلىپ چىقىپ، مېنى تىرىك كۆمۈۋەتتى.

كىشىلەر سوتلانغۇچىنىڭ ئىشەنچىسى ئۆرلىگەنسېرى ۋىلفورنىڭ روھىي چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنىمۇ غۇلغۇلا قىلىشتى.

— سىز بۇ تەپسىلاتلارنى نەدىن ئۇقتىڭىز؟ — دەپ سورىدى رەئىس.

— ھازىر ئېيتىپ بېرىمەن، رەئىس ئەپەندى. شۇ كۈنى كەچتە ئاتام مېنى كۆمگەن باغقا بىر كورسىكانلىق ئوغرىلىقچە كىرىۋالغانىدى. ئۇ كىشىنىڭ ئاتامغا ھايات - ماماتلىق ئۆچ - ئەنلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىساس ئالماقچىدى. ئۇ، كوكاتلار ئارىسىدا موكىنىپ يېتىپ، ئاتامنىڭ بىر ساندۇقچىنى يەرگە كۆمگەنلىكىنى كۆرىدۇ ۋە دەرھال ئاتامغا پىچاق ئۇرىدۇ؛ ئاندىن، بۇ ساندۇقچىدا قىممەتلىك نەرسە بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، كۆمۈلگەن ساندۇقچىنى كولاپ چىقىرىۋالىدۇ ۋە مېنى تاپىدۇ. مەن تېخى ئۆلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇ مېنى دارىلئېيتامغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. دارىلئېيتامدا مېنى 57 - نومۇر دەپ تىزىملىشىدۇ. ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە ئۇ كىشىنىڭ يەڭگىسى روليانودىن پارىژغا كېلىپ، مېنى ئوغلۇم دەپ، ئېلىپ كېتىدۇ. مەن ئوتېيلدا تۇغۇلۇپ، كورسىكادا چوڭ بولغانلىقىمدىكى سەۋەب شۇ.

زال ئىچىنى شۇ قەدەر جىمجىتلىق باستىكى، كىشىلەرنىڭ

ھاياجان ئىچىدە ئىگىز - پەس تىنىشلىرى ئاڭلانمىغان بولسا، بۇ يەردە بىرمۇ ئادەم يوق دەپ ئويلاش مۇمكىن ئىدى.
— سۆزلەۋېرىڭ دېدى رەئىس.
— ئەلۋەتتە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بېنېدىيتتو، — ئۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشۈم تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۇلار مېنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرەتتى. بېقىۋالغان ئانام مېنى ياخشى تەربىيىلەشكە ھەرقانچە كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، يەنىلا يامان ئادەتلىرىم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئاخىر جىنايەتچى بولۇپ قالدىم. بىر كۈنى مەن خۇدانىڭ مېنى مۇشۇنداق شور پېشانە قىلىپ ياراتقانلىقىغا لەنەت ئوقۇپ ئولتۇرسام، بېقىۋالغان ئانام ماڭا مۇنداق دېدى: «خۇداغا تىل تەگكۈزگۈچى بولما، بەدبەخت! خۇدا سېنى يارىتىپ يامان قىلمىدى. گۇناھ سەندە ئەمەس، ئاتاڭدا، ئاتاڭ سېنى ئۆلسەڭ ئۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك ئازاب چېكىدىغان، ئۆلمىسەڭ بۇ دۇنيادا گادايلىقتا ياشايدىغان قىلىپ قويدى». شۇنىڭدىن كېيىن مەن خۇدانى قارغىماستىن، ئاتامنى قارغايدىغان بولدۇم. رەئىس ئەپەندى، مەن ئەنە شۇ سەۋەبتىن سىزنىڭ ۋە بۇ يىغىن ئەھلىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان گەپلەرنى قىلدىم. ئەگەر بۇنداق گەپلەرنى قىلغانلىقىم جىنايەت ھېسابلانسا، مېنى جازالاڭ؛ ئەگەر مەن ئازابلىق، كۈلپەتلىك، ئېچىنىشلىق تەقدىر ئۈستىگە تۆرەلگەنلىكىم بىلەن سىزنى قايىل قىلالىغان بولسام، ماڭا كەڭچىلىك قىلىڭ!
— ئەمسە، ئاتىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدى رەئىس.
— ئانام مېنى ئۆلۈك دەپ ئويلىغان. ئۇنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا گۇناھى يوق. مەن ئانامنىڭ ئىسمىنى بىلىشنى خالىمىدىم، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.
تېخى بايىلا ھوشىغا كەلگەن ناتونۇش ئايال ئولتۇرغان



بۇلۇڭدىن قاتتىق ۋارقىرىغان ۋە ئالدىدىن ئۈن سېلىپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئايال ئەسەبىيلىشىپ، يەنە ھوشىدىن كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى سوت زالىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. كىشىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىشقاندا، ئۇنىڭ يۈزىگە يېپىلغان قېلىن تور ئېچىلىپ كەتتى ۋە ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ بارون خانىم دانگلار ئىكەنلىكىنى تونۇشتى.
مادارىدىن كەتكەن، قۇلاقلىرى زىڭىلداپ تۇرغان، مېڭىسى گاراڭ بولۇپ كەتكەن ۋىلفورمۇ ئۇنى تونۇدى ۋە ئورنىدىن تۇردى.
— قانداق ئىسپاتىڭىز بار؟ — دېدى رەئىس، — جاۋابكار، ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇنداق گەپلەرنى قىلغاندا رەت قىلغىلى بولمايدىغان دەلىل - ئىسپات بولۇشى كېرەك.
— ئىسپات كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى بېنېدىيتتو مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش بىلەن.
— شۇنداق.
— ئەمسە، ۋىلفور ئەپەندىگە قاراپ بېقىڭ. سىزگە بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئىسپات بولسا بولىدۇ؟
زالدىكى ھەممە ئادەم بۇرۇلۇپ، ۋىلفورغا قارىدى. خانلىق مۇپەتتىش ئۆزىگە تىكىلگەن 1000 ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغانىدى؟ يۈزىنى ئۆزى تاتىلاپ، تىرناق يارىسى قىلىۋەتكەنىدى، كىشىلەر يەنە غۇلغۇلا قىلىشتى.
— ئاتا، ئىسپات كەلتۈرۈشىمنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ، — دېدى بېنېدىيتتو، — ئىسپات كەلتۈرەيمۇ؟
— ياق، — دېدى ۋىلفور خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن، — ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.
— ھاجىتى يوق؟ — دەپ خىتاب قىلدى رەئىس، — سىز نېمە دېمەكچى بولىۋاتىسىز؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، — دېدى خانلىق مۇپەتتىش، — بوينۇمنى سىقىۋاتقان ئەجەل سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇشنىڭ پايدىسى يوق. شۇنداق، مەن خۇدانىڭ جازاسىغا تارتىلدىم! ئىسپات كەلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق! بۇ كىشى ئېيتقان گەپلەرنىڭ ھەممىسى توغرا.

سۈرلۈك جىمجىتلىق، گوياكى زور ئاپەتنىڭ ئالدىدىكى جىمجىتلىق بارلىق يىغىن قاتناشچىلىرىنى خۇددى قوغۇشۇن يوپۇقتەك بېسىۋالدى.

— سىز نېمە بولدىڭىز، ۋىلفور ئەپەندى، — دەپ خىتاب قىلدى رەئىس، — ئەقلىڭىز جايىدىمۇ؟ بۇنداق كۈتۈلمىگەن، مىسلىسىز ئەيىبلەشتىن گاڭگىراپ قالغان بولۇشىڭىز چۈشىنىشلىك. ئېسىڭىزنى يىغىۋېلىڭ!

خانلىق مۇپەتتىش بېشىنى چايقىدى. ئۇ، خۇددى بەزگەك بولغاندەك، چىشلىرى كاسىلدايتتى، يۈزىدە قان دىدارى قالمىغانىدى.

— ئەقلى - ھوشۇم جايىدا، رەئىس ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — مەن روھىي جەھەتتىن ئەمەس، جىسمانىي جەھەتتىن ئازابلىنىۋاتىمەن. بۇ كىشىنىڭ ماڭا قويغان گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى بويىنۇمغا ئالىمەن. مەن ھازىر قايتىپ كېتىپ، مېنىڭ ئورنۇمغا تەيىنلىنىدىغان خانلىق مۇپەتتىشنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتىمەن.

ۋىلفور بۇ سۆزلەرنى ئاران ئاڭلانغۇدەك بوغۇق ئاۋازدا سۆزلىدى ۋە سەنتۈرۈلۈپ، دەلدەڭشىپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. نۆۋەتچى ساقچى دەرھال ئۇنىڭغا ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ بەردى.

زال ئىچىدىكىلەر بۇ دەھشەتلىك پاش قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭدىن بەتتەر دەھشەتلىك ئىقرار قىلىشتىن ھاڭ - تاڭ



بولۇپ زۇۋان سۈرۈشمىدى. ئىككى ھەپتىدىن بېرى پارىژنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىنى ھەيرەتكە سېلىپ كېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ سىرى ئاخىرى ئەنە شۇنداق تراگېدىيىلىك تۈردە ئايان بولدى.

— تۇرمۇش دراماغا ئوخشايدۇ دېگۈچىلەر ئەمدى نېمە دەيدىكىن، — دېدى بوشان.

— بۇنداق بولغاندىن، گېنېرال مورسېردەك تۈگەشكەن ياخشى ئەمەسمۇ، — دېدى شاتو - رېنو، — بۇنداق شەرمەندە بولغانغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزىنى ئېتىۋالغان مىڭ ئەۋزەل.

— بۇنداق شەرمەندىچىلىكمۇ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. — دېدى بوشان.

— مەن تېخى ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشنى ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن، — دېدى دېبرى، — بىچارە قىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى ياخشى بوپتۇ.

— سوت يىغىنى ئاياغلاشتى، — دېدى رەئىس، — مەزكۇر دېلو كېلەركى يىغىنغا قالدۇرۇلىدۇ، تەرگەۋ قىلىش ئۈچۈن باشقا كىشى تەيىنلىنىدۇ.

يەنە شۇنداقلا تەمتىرىمەي تۇرغان ئاندرېئا كۆپچىلىكنىڭ نەزەرىدە يەنە بىر بالداق ئۆرلىگەنىدى. ئۇ، ژاندارمىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا زالدىن چىقتى. ژاندارمىلار ئىختىيارسىز تۈردە ئۇنىڭغا ھۆرمەت ئىپادىسىنى كۆرسەتتى.

— ھە بۇ ئىشقا سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىز قانداق؟ — دېدى دېبرى ھېلىقى ساقچىغا ۋە ئۇنىڭ قولىغا بىر تىللانى تۇتقۇزۇپ قويدى.

— جازانى يېنىكلىتىشى مۇمكىن. — دەپ جاۋاب بەردى ساقچى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# گۇناھىنى يۇماق

ۋىلفور سىرتقا قاراپ ماڭدى. كىشىلەر چەتكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا يول بېرىشتى. ئادەمنىڭ بېشىغا چۈشكەن ھەرقانداق زور بالايىئاپەت باشقىلارنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. ھەتتا ئەڭ قاباھەتلىك زامانلاردىمۇ ئۇچىشىۋالغىلى بولمايدىغان بەختسىزلىككە يولۇققان ئادەمگە دەسلەپكى پەيتتە كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىق قىلمىغانلىقى كۆرۈلۈپ باقمىغاندۇر، غەزىپى چېكىدىن ئاشقان ئادەملەر ئەشەددىي رەقىبىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. لېكىن ئۆلۈم جازاسى ئىلان قىلىنغاندا نەق مەيداندا بولغان كىشىلەر ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان جىنايەتچىنى ھاقارەتلەيدىغان ئىش ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

ۋىلفور خالايىق، جېسەكچىلەر ۋە سوت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزى چىقاردى، لېكىن قايغۇ - ھەسرىتى گويا ئۇنىڭغا قالقان بولدى.

شۇنداق تراگېدىيلەرمۇ بولىدۇكى. كىشىلەر ئۇنى ھېس قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئەقلى يەتمەيدۇ. ئەنە شۇنداق چاغلاردا كىمنىڭ ئاغزىدىن ئەڭ چىن سادا چىقسا، شۇ كىشى بۈيۈك «شائىر» بولۇپ قالىدۇ. بۇ سادا كىشىلەر



نەزەرىدە پۈتۈن بىر داستانىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. كىشىلەر شۇ سادادىن قانائەت ھاسىل قىلسا توغرا قىلغان بولىدۇ؛ ئەگەر بۇ ھەقىقەت ساداسى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى كامالەتكە يەتكەن داستان دەپ ئېتىراپ قىلسا، يەنىمۇ توغرا قىلغان بولىدۇ.

ۋەھالەنكى، ۋىلفورنىڭ سوتتىن چىقىپ كېتىۋاتقان ۋاقتىدىكى ھالىتىنى تەسۋىرلەش قىيىن. ئۇنىڭ تومۇرلىرى تېز سوقۇپ، قىزىتمىسىنى ئۆرلىتەتتى، ئەسەبىيلىرى جىددىيلىشىپ، بەدىنىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا چىرماشقان ئازابلارنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى. ۋىلفور پەقەت ئادەت كۈچىگە تايىنىپلا سىرتقا چىقىۋالالىدى. ئۇ، سوتچىلار تونىنى ئەدەب - قائىدە يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ تون خۇددى نېسوسنىڭ① جازا كىيىمىدەك ئۇنىڭ يەلكىلىرىنى بېسىپ، كۆيدۈرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن سېلىۋەتتى. ئۇ دەلدەڭشىپ مېڭىپ، دوقمۇشقا كەلدى ۋە ئۇ يەردە تۇرغان ئۆزىنىڭ پەيتۇنىنى تېپىپ، ھارۋىكەشنى ئويغاتتى، پەيتۇن ئىشىكىنى ئۆزى ئېچىپ، پەيتۇنغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇردى - دە، قولى بىلەن «سىنت - ئونورې» تەرەپنى كۆرسەتتى. ئاتلار يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىققان ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ئىمارىتى ئەمدى دەھشەت بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى، ئۇ ئاشۇ ئىمارەتنىڭ خارابىلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمىدى، دەڭ سېلىپ باقمىدى. پەقەت ئاقىۋەتنىڭ سالمىقىنى ھېس قىلدى ۋە سوغۇق قانلىق قاتىل ئۆزى ئۈستىدە چىقىرىلىدىغان ھۆكۈمنى ئويلىغاندەك،

---

① نېسوس — يونان ئەپسانىلىرىدىكى ئات قىياپەتلىك ئادەم بولۇپ، ھېراكلېسىنىڭ خوتۇنىنى ئازدۇرغانلىقتىن، ھېراكلېس تەرىپىدىن زەھەرلىك ئوق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ھېراكلېسىنىڭ خوتۇنى نېسوسنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ھېراكلېسىنىڭ كىيىمىنى بۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ قېنىغا مىلاپ، ھېراكلېسقا كىيدۈرگەندىن كېيىن، ھېراكلېس زەھەرلىنىپ، قاتتىق پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆلۈۋالغان.

قانۇننى ئويلىمىدى. ئۇ چىن قەلبىدىن خۇدانى ئويلاپ قالدى.

— خۇدا! — ئۇ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇقمىغان ھالدا پىچىرلايتتى، — خۇدا!

ئۇ، ئۆز بېشىغا كەلگەن بالانى پەقەت خۇدادىنلا كۆرەتتى.

پەيتۇن تېز كېتىۋاتماقتا. ۋىلفور ئۆزىنى ئارقىسىغا تاشلىغانىدى، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ تاقاشقانلىقىنى سەزدى. ئۇ، قولىنى سۇندى. بۇ، ۋىلفور خانىم ئۇنتۇپ قالغان يەلپۈگۈچ بولۇپ، يۆلەنچۈك بىلەن ياستۇقنىڭ ئارىلىقىدا قىسىلىپ قالغانىدى. بۇ يەلپۈگۈچ ئۇنىڭ خاتىرىسىنى ئويغاتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسى خۇددى قاراڭغۇ تۈندە چېقىلغان چاقماقتەك يورۇدى. ۋىلفور ئايالىنى ئەسلىدى....

ئۇ، خۇددى يۈرىكىگە قىزىتىلغان تۆمۈر سانجىلغاندەك، ئىڭراپ تاشلىدى. ئۇ، پەقەت بىرلا بەختسىزلىكنى ئويلاپ ئولتۇرغانىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىكرەك بولغان ئىككىنچى بەختسىزلىك گەۋدىلىنىپ چىقتى.

ئۇنىڭ ئايالى! ئۇ تېخى بايىلا ئايالىنىڭ ئالدىدا شەپقەتسىز سوتچىنىڭ قىياپىتىدە تۇرغانىدى. ئۇ، ئايالىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانىدى. ئۇ ئايال، قورقۇپ ھالىدىن كەتكەن، ئۇيات - نومۇسقا كۆمۈلۈپ تۇنجۇققان، پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي ئۆرتەنگەن شۇ بەختسىز، ئاجىز ئايال بۇ چەكسىز، يۇقىرى ھاكىمىيەت كۈچىگە تاقابىل تۇرالمىغانلىقتىن ئۆلۈشكە ھازىرلىنىۋاتقاندۇر! ئۇ، ئايالىغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ بىر سائەت ئۆتكەنىدى. ھازىر ئۇ ئايال ئۆز جىنايەتلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، خۇدانىڭ كەچۈرۈشىنى تىلەۋاتقاندۇر، ئۆزىنىڭ ئادىل سوتچىسىنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى سوراپ خەت يېزىۋاتقاندۇر، ئۆز گۇناھىنى ئۆلۈم بىلەن يۇماقچى بولۇۋاتقاندۇر.

ۋىلفور تەلۋىلىنىپ، يۈرىكى ئېچىشىپ، بوغۇق ئاۋازدا ئىڭرىدى



ۋە پەيتۇننىڭ تاۋار ياستۇقلىرى ئۈستىدە ئۆزىنى ئۇيان - بۇيان تاشلىدى.

— بۇ ئايال ماڭا چېتىلغانلىقى ئۈچۈنلا جىنايەتچى بولۇپ قالدى! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — مەن ئۆزۈم جىنايەتچى! مېنىڭ جىنايىتىم خۇددى كېزىكتەك، ۋابادەك ئۇنىڭغا يۇقتى. مەن ئۇنىڭغا زامىن بولدۇم! مەن ئۇنىڭغا توۋا قىلىپ ئۆلۈشنى بۇيرۇدۇم... مەن... ياق، ياق، ئۇ ئۆلمەيدۇ، ئۇ مەن بىلەن بىللە بولىدۇ... بىز قېچىپ كېتىمىز، فرانسىيەدىن كېتىمىز، بىز سەرگەردان بولۇپ كۆچۈپ يۈرىمىز. مەن ئۇنىڭغا مويتۇكىزنىڭ گېپىنى قىلغانىدىم... ئۇلۇغ خۇدا! ئۇ سۆز ئاغزىمدىن قانداقمۇ چىققاندۇر! ئەمدى مېنىمۇ مويتۇكىزا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدىغۇ!... قېچىپ كېتىمىز... شۇنداق، ئۇنىڭغا ناماقۇل بولىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا جىنايەتچى ئىكەنلىكىمنى ياۋاشلىق بىلەن بوينۇمغا ئالىمەن... يولۋاس بىلەن يىلاننىڭ ئىتتىپاقى! ئاھ، ئېرىگە مۇناسىپ خوتۇن!... ئۇ ياشىشى كېرەك، ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقى مېنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىمنىڭ ئالدىدا ھېچقانچە گەپ ئەمەس!

ۋىلفور پەيتۇننىڭ ئالدىنقى ئەينىكىنى شىددەت بىلەن تارتىپ ئېچىۋەتتى.

— تېز، تېز! دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق دەھشەتلىك ئاڭلانىدىكى، ھارۋىكەش ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن ئاتلار قۇيۇندەك ئۇچۇپ كەتتى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ تەكىتلەيتتى ۋىلفور، — ئۇ ياشىشى كېرەك، ئۇ توۋا قىلىپ، مېنىڭ ئوغلۇمنى، ئاشۇ بىچارە ئوغلۇمنى بېقىشى كېرەك. يالغۇز شۇ ئوغلۇم بىلەن ھېلىقى تۆمۈر بوۋايلا ئائىلەمگە چۈشكەن ئۆلۈمدىن چەتتە قالدى. ئايالىم ئوغلىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ، ئاشۇ ئوغلىنى دەپ جىنايەت ئۆتكۈزدى. ئۆز بالىسىنى ياخشى كۆرىدىغان ئايالىنىڭ قەلبىگە ئىشىنىش

كېرەك. ئايالىم توۋا قىلىدۇ، ئۇنىڭ جىنايىتىنى ھېچكىم بىلمەي قالىدۇ. مېنىڭ ئۆيۈمدە بولغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان پاجىئەلىك ئىشلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنتۇلماي قالغۇدەك بولسا، مەن گۇناھنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن. يەنە ئىككى، ئۈچ گۇناھنى قوشۇپ ئۈستۈمگە ئارتىۋالساممۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ. ئايالىم ئالتۇنلىرىمىزنى ئېلىپ، مۇھىمى، ئوغلىمىزنى ئېلىپ، مېنى يۇتۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ تۈۋى يوق ھاڭدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئۇ ياشايدۇ، بەختلىك بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ سۆيگۈسى ئوغلىغا تەئەللۇق، ئوغلى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، مەن بىر ياخشى ئىش قىلغان بولىمەن. شۇنداق بولغاندىلا كۆڭلۈم يەڭگىللەپ قالىدۇ.

خانلىق مۇپەتتىش يېنىكلەشكەن ھالدا تىنىۋالدى.

پەيتۇن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ توختىدى. ۋىلفور پەيتۇندىن پەلەمپەيگە سەكرەپ چۈشتى. خىزمەتكارلار ئۇنىڭ بالدۇر قايتىپ كەلگىنىدىن ھەيران بولۇشۇپ، ئۇنىڭغا قاراشتى. ۋىلفور ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن شۇ ھەيرانلىقتىن باشقا ئالامەتنى سەزمىدى. ھەممىسى زوۋان سۈرمەستىن، ئۇنىڭغا يول بوشىتىپ بېرىشتى.

ئۇ، نۇئارتىيىنىڭ ھۇجرىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى، لېكىن ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ كىملىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ تۇرمىدى. تەشۋىش ئۇنى قامچىلاپ، ئالدىرىتىپ تۇراتتى.

«بۇ يەردە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق»، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئايالى بىلەن ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىلىرىغا ئېلىپ بارىدىغان پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئۇ، پەلەمپەي مەيدانچىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقىدى.



— بۇ يەرگە ھېچكىم كىرمىسۇن، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ بىلەن پىنھانلىقتا سۆزلىشىشىم كېرەك، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىشىم، ئۇنىڭغا ھەممىنى دەپ بېرىشىم كېرەك...

ئۇ، ئىشىكنىڭ ئەينەك تۇتقۇچىدىن تارتتى. ئىشىك ئېچىلدى.

— ئىشىك ئوچۇق ئىكەن، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — بۇ ياخشى ئالامەت!

ئۇ، كېچىسى ئېدۇئار ئۇخلايدىغان كىچىك ھۇجرىغا كىردى. بۇ بالا گەرچە ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، ھەر كۈنى كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى، چۈنكى ئانىسى ئۇنىڭدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىشقا چىدىيالمايتتى. ۋىلفور خانا ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى.

— ھېچكىم يوق، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بولسا كېرەك.

ئۇ ئېتىلىپ، ئىشىك ئالدىغا باردى. لېكىن ئىشىك تاقىۋېلىنغانىدى. ئۇ غال - غال تىترەپ توختىدى.

— ئېلويىزا! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

كىمدۇر بىرىنىڭ ئورۇندۇقنى يۆتكىگەنلىكى ئاڭلاندى.

— ئېلويىزا! — ئۇ يەنە ۋارقىرىدى.

— كىم؟ — ئايالىنىڭ سورىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدىن جانسىزراق چىققاندەك تۇيۇلدى.

— ئىشىكنى ئېچىڭ، ئېچىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى ۋىلفور، — بۇ مەن!

ھالبۇكى، ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ۋە تەشۋىشلىك ئاھاڭدا ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئىشىك ئېچىلمىدى. ۋىلفور ئىشىكنى تېپىپ ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ۋىلفور خانىم تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى

تاتىرىپ، ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەمنى قورقۇتقۇدەك قېتىپ قالغان كۆزلىرى ئېرىگە مىختەك قادالغانىدى.

— ئېلويىزا! — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور، — نېمە بولدىڭىز؟ گەپ قىلسىڭىزچۇ!

ۋىلفور خانىم كۆيۈشۈپ قالغان قانسىز قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— ئېيتقىنىڭىزدەك قىلدىم، تەقسىر، — دېدى ئۇ، خۇددى كانىيىنى يىرتىپ چىقىۋاتقاندەك خىرقىرىغان بوغۇق ئاۋازدا، — سىزگە يەنە نېمە كېرەك؟

شۇ گەپ بىلەن، ۋىلفور خانىم گىلەم ئۈستىگە يىقىلدى. ۋىلفور يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. ئالتۇن قاپقاقلىق كىچىككىنە شىشە قۇتىنى قولىدا چىڭ سىقىۋالغان ۋىلفور خانىم جان ئۈزگەنىدى.

ۋىلفور قورقۇپ جىنى چىققۇدەك بولۇپ، جەسەتتىن كۆزىنى ئالماي ئىشىك تەرەپكە داجىدى.

— ئېدۇئار! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ تۇيۇقسىزدىن، — ئوغلۇم قېنى؟ — ئۇ جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، ھۇجرىدىن يۈگۈرۈپ قېچىپ چىقتى، — ئېدۇئار! ئېدۇئار!

ئۇ، شۇنداق دەھشەتلىك ۋارقىراپ كەتتىكى، خىزمەتكارلار تەرەپ - تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— ئوغلۇم! ئوغلۇم قېنى؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور، — ئۇنى ئەچىقىپ كېتىڭلار، ئۇ كۆرۈپ قالمىسۇن...

— ئېدۇئار ئەپەندى ئاستىنقى قەۋەتتە يوق، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بەردى مەھرەم.

— باغقا چىقىپ كەتكەن بولمىسۇن، يۈگۈرۈڭلار!

— ياق، تەقسىر. يېرىم سائەتنىڭ ئالدىدا ۋىلفور خانىم ئۇنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چاقىرىپ كىرىپ كەتكەنىدى. ئېدۇئار



ئەپەندى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىپ، تېخى قايتىپ چىقمىدى.

ۋىلفورنىڭ ماڭلىيىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى، پۇتلىرى پۈكۈلۈپ كەتتى، مېڭىسى خۇددى بۇزۇلغان سائەتنىڭ چاقلىرىدەك پىرقىراپ كەتتى.

— ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتكەن! — دەپ شىۋىرلىدى ئۇ، — ئۇنىڭ يېنىغا!

ئۇ، بىر قولى بىلەن ماڭلىيىنى سۈرتۈپ، يەنە بىر قولى بىلەن تامغا تايىنىپ، ئاستا ئارقىغا قايتىپ ماڭدى. ئۇ، ئاشۇ ھۇجرىغا كىرىشكە، بەختسىز ئايالنىڭ جەسىتىنى يەنە كۆرۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇ، ئېدۇئارنى چاقىرىشى، گۆرگە ئايلانغان بۇ ھۇجرىنىڭ جىملىقىنى بۇزۇشى كېرەك. ھالبۇكى، بۇ يەردە ئۈنلۈك سۆزلەش گوياكى قەبرىستان سۈكۈناتىنى ئىسلىك ئالمىغانلىق بولاتتى. ۋىلفور تىلىنىڭ كالۋالىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— ئېدۇئار! ئېدۇئار! — زارلاندى ئۇ.

جاۋاب يوق. خىزمەتكارلار ئۇ بالىنى ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىپ، تېخى قايتىپ چىقمىدى دېيىشكەن ئەمەسمىدى. ئۇ نەگە كەتكەندۇر؟

ۋىلفور يەنە بىر قەدەم ماڭدى. ئۇنىڭ ئوغلى دەم ئېلىش ئۆيىدە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ۋىلفور خانىمنىڭ جەستى دەم ئېلىش ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بوسۇغىنى توسۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان كۆزلىرىدە ۋە جانسىز لەۋلىرىدە سىرلىق كۈلۈمسىرەش قېتىپ قالغانىدى.

ئىشىك پەردىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن روياللىنىڭ بىر پۇتى ۋە ھاۋارەڭ تاۋار بىلەن قاپلانغان سافانىڭ بىر بۇرجىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ۋىلفور يەنە بىرنەچچە قەدەم ئىلگىرىلىدى ۋە سافادا ياتقان ئوغلىنى كۆردى. بالا ئۇخلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بەختسىز

ئاتا سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز دەرىجىدە خۇشال بولدى. ئۇنى مىسلىسىز ئازاب بىلەن قىيناۋاتقان دوزاخ ئىچىگە گوياكى قۇياش نۇرى چۈشكەندەك بولدى. ئۇ، جەسەتنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، دەم ئېلىش ئۆيىگە كىردى ۋە بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يىراق – يىراقلارغا قېچىپ كېتىدۇ.

بۇ ئەمدى نازاكەتلىك تەكەللۇپ بىلەن مەدەنىيەتلىك ئادەمنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىدىغان ئىلگىرىكى ۋىلفور ئەمەس ئىدى. بۇ ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىش ئىچىدە ئالدىغا ئۇچرىغان نەرسىنى چىشلەپ، چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋاتقان ياردار يولۋاس ئىدى.

ئۇ ئەمدى خۇدادىن ئەمەس، ئەرۋاھتىن قورقاتتى. ئۇ بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى – دە، خۇددى يالقۇنلۇق گۈلخان ئۈستىدىن ئۆتكەندەك، جەسەت ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتتى. ئۇ، ئوغلىنى كۆتۈرۈپ باغرىغا باستى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، سىلكىشتۈردى، بالا جاۋاب قايتۇرمىدى. ۋىلفور ئىنتىزارلىق لەۋلىرىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە ياقتى. بالىنىڭ مەڭزى سوغۇق ۋە ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ۋىلفور بالىنىڭ قېتىشىپ قالغان تېنىنى تۇتتى، يۈرىكىگە ئالقىنىنى قويدى. يۈرەك سوقۇشتىن توختىغان، بالا ئاللىقاچان قازا تاپقانىدى.

تۆت پۈكلەنگەن بىر پارچە قەغەز ئېدۇئارنىڭ كۆكرىكىدىن گىلەم ئۈستىگە چۈشۈپ كەتتى. ۋىلفور خۇددى بېشىغا چاقماق ئۇرۇلغاندەك، تىزلىنىپ قالدى. بالا ئۇنىڭ جېنى قالمىغان قوللىرىدىن چۈشۈپ كەتتى – دە، ئانىسىنىڭ يېنىغا دومىلاپ كەتتى. ۋىلفور قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، ئايالىنىڭ قەلىمىنى تونۇدى ۋە تەقەززالىق بىلەن ئوقۇپ چىقتى. بۇ خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«مېنىڭ ياخشى ئانا بولغانلىقىمنى سىز بىلىسىز. مەن ئوغلۇمنى دەپ جىنايەتچى بولۇپ قالدىم. ياخشى



ئانا ئۆز ئوغلىدىن ئايرىلمايدۇ».

ۋىلفور ئۆز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمىدى، ئۆز ئەقلىگىمۇ ئىشەنەلمەي قالدى. ئۇ ئۆمىلەپ، ئېدۇئارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە خۇددى ئۆلۈپ قالغان كۈچۈكنى كۆرگەن چىشى شىردەك ئوغلىنىڭ تېنىنى دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى. ئېچىنىشلىق ۋارقىراش گويا ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىقتى.

— خۇدا! — دەپ قاقشىدى ئۇ، — بۇ يەنە خۇدانىڭ قىلغان ئىشى!

قۇربان بولغان بۇ ئىككى جانغا قاراپ، ئۇنىڭمۇ جېنى چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇ، گويا مۇشۇ ئىككى جەسەتتىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت بولمىغان بوشلۇقتا تۇرغاندەك يۈرىكى قىسىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

تېخى بايىلا ئۇنىڭ ئىرادىلىك ئادەملەرگە خاس غەزىپى، شەۋەپ بىلەن قۇربان بولۇش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەرگە خاس جاسارىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ تىتانغا① ئوخشاش ئەرشنى ھۇجۇم بىلەن ئالغۇدەك، ئاياكسقا② ئوخشاش ئىلاھلارغا مۇشت كۆتۈرگىدەك شىجائىتى بار ئىدى. ئەمدى ۋىلفورنىڭ بېشى غايەت زور ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمىگەندەك پەسكە ساڭگىلاپ كەتتى. ئۇ، تىزلىنىپ تۇرغان يېرىدىن ئۆرە قوپتى ۋە تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن يېپىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى سىلىدى. ھېچقانداق ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمەيدىغان بۇ ئادەم ئەمدى دەردىنى تۆكۈۋېلىش، ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن ماغدۇرسىزلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ قېرى ئاتىسىنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ، بىزگە تونۇشلۇق بولغان پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، نۇئارتيېنىڭ يېنىغا كىردى.

ۋىلفور كىرگەندە نۇئارتيې ئۆزىنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىشى

① ② يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى باتۇرلار.

مۇمكىن بولغان دىققەت ـ ئېتىبارى ۋە خۇش پېئىللىقى بىلەن بۇ-
زونى ھەزرەتنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى. بۇزونى ھەزرەت
ھەر دائىمقىدەك خاتىرجەملىك بىلەن تەمكىن سۆزلەۋاتاتتى.

ۋىلفور ھەزرەتنى كۆرۈپ، پېشانىسىنى سىلىدى. ئۆتكەن
ئىشلار خۇددى شىددەتلىك دولقۇندەك ئۇنىڭ مېڭىسىگە قويۇل-
غاندەك بولدى. ئۇ، ئوتېيلدىكى زىياپەتتىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە
بۇ ھەزرەت بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ۋە ۋالېنتىنا ۋاپات بولغان
كۈنى ھەزرەتنىڭ بۇ ئۆيگە كەلگەنلىكىنى ئەسلىدى.

— سىز بۇ يەردە ئىكەنسىز، تەقسىر، — دېدى ئۇ، —
سىز ھەممىشە ئۆلۈم بولغان چاغدىلا كېلەمسىز؟

بۇزونى ھەزرەت قەددىنى رۇسلىدى. ئۇ، ۋىلفورنىڭ ئۆزگىرىپ
كەتكەن چىرايىنى، ئەلەك ـ سەلەك بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى
كۆرۈپ، سوت زالىدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندى، لېكىن
كېيىنكى ئىشلاردىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

— مەن قىزىڭىزغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، —
دېدى بۇزونى.

— بۈگۈن نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟

— دۇئا ھەققى ئۈچۈن ئەۋەتكەن پۇلىڭىزنى تاپشۇرۇۋالغان-
لىقىمنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم. بۈگۈندىن باشلاپ بۇ
ئىلتىپاتىڭىزدىن خۇدانىڭمۇ ماڭا ئوخشاش رازى بولۇشىنى تىلەپ
دۇئا قىلىمەن.

— ۋاي، خۇدايىم، — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور كەينىگە
داجىپ، — بۇ ئاۋاز... سىز بۇزونى ھەزرەت ئەمەسقۇ!

— ئەمەس.

بۇزونى ھەزرەت ياسالما چېچىنى يۇلۇپ ئېلىۋەتتى ـ دە،
بېشىنى سىلكىگەنىدى، ئۇزۇن قارا چاچلىرى ئۇنىڭ باتۇرانە
تۇس ئالغان يۈزىنى ئوراپ، يەلكىلىرىگە چېچىلىپ چۈشتى.



— گراف مونتې ـ كرىستو! — دەپ خىتاب قىلدى ۋىلفور
ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ.

— ئۇمۇ ئەمەس، خانىلىق مۇپەتتىش ئەپەندى. ئوبدانراق بې-
قىڭ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ بېقىڭ.

— بۇ ئاۋاز! بۇ ئاۋازنى نەدە ئاڭلىغانىدىم؟

— بۇ ئاۋازنى سىز مارسېلدا، بۇنىڭدىن 23 يىل ئىلگىرى،
رېنې سېن ـ مېران بىلەن توي قىلىڭىز بولغان كۈنى ئاڭلىغانىدىڭىز.
دېلو ماتېرىياللىرى سېلىنغان سومكىلىرىڭىزنى ئاختۇرۇپ بېقىڭ.

— سىز بۇزونى ھەزرەت ئەمەس؟ مونتې ـ كرىستومۇ
ئەمەس؟ خۇدايىم، ئەمىسە، سىرلىق، شەپقەتسىز، ھايات ـ ماماتلىق
دۈشمىنىم ئىكەنسىز ـ دە! مارسېلدا سىزگە قانداقتۇر بىر يا-
مانلىق قىلغىنىم ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ياﺋاللا!

— شۇنداق، تاپتىڭ، — دېدى گراف قوللىرىنى كۆكرى-
كىنىڭ ئۈستىدىن گىرەلەشتۈرۈپ، — ئەسلە، يەنە ئەسلە!

— ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان بولغىيدىم؟ — دېدى
ۋىلفور، — ساڭا نېمە قىلدىم؟ ئېيتىپ باققىنا!

ئۇنىڭ پىكىر ـ خىياللىرى گويا تۇمان ئىچىگە كىرىپ
قالغان بولۇپ، بۇ تۇماندا ئەقلىنىڭ ساغلاملىقى بىلەن ساراڭ-
لىقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايتتى. بۇ، ئۇيقۇ ئەمەس، شۇنداقلا
بىدارلىقمۇ ئەمەس ئىدى.

— سەن مېنى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئازابلىق ئۆلۈمگە تۇتۇپ
بەرگەنىدىڭ، سەن مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈردۈڭ، سەن مېنىڭ
ئەركىنلىكىمگە قوشۇپ مۇھەببىتىمنى، مۇھەببىتىمگە قوشۇپ بەخ-
تىمنى تارتىۋالغان!

— سەن زادى كىم؟ كىم؟

— مەن روھ، سەن ئىف قەلئەسىنىڭ زىندانىغا كۆمۈپ تاشلىغان
ئادەمنىڭ روھى. بۇ روھ گۆر ئىچىدىن چىققاندا خۇدا ئۇنى

گراف مونتې - كرىستونىڭ نىقابى ئاستىدا يوشۇرۇپ ساقلىدى. سىنى تونۇۋالمىسۇن دەپ، خۇدا ئۇنىڭ ئالتۇن، ئالماسلىرىنى زىيادە قىلدى.

— تونۇدۇم، تونۇدۇم! — دېدى خانلىق مۇپەتتىش، — سەن...

— مەن ئېدمون دانتېس!

— سەن... ئېدمون دانتېس! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى خانلىق مۇپەتتىش ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ گرافنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى، — ئۇنداق بولسا، يۈر!

ئۇ، گرافنى پەلەمپەي تەرەپكە تارتىپ ماڭدى. ھەيران بولغان مونتې - كرىستو خانلىق مۇپەتتىشنىڭ نەگە باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەستىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى ۋە يەنە بىر بەختسىزلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— قارا، ئېدمون دانتېس! — دېدى ۋىلفور، ئايالى بىلەن ئوغلىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرسىتىپ، — قارا! ئەمدى كۆڭلۈڭ تىندىمۇ؟

مونتې - كرىستو مۇردىدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ، قىساس ئېلىش يولىدا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئەمدى «خۇدا مېنى قوللايدۇ» دېيەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى.

گويا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ بالىنىڭ قاپىقىنى ئېچىپ قارىدى، تومۇرىنى تۇتتى - دە، ئاخىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، دەرھال ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسىغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى تاقىۋالدى.

— ئوغلۇم! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ۋىلفور، — ئۇ ئوغلۇمنى ئەپقېچىپ كەتتى! ۋاي جان، لەنەت ساڭا، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

ئۇ مونتې - كرىستونىڭ كەينىدىن قوغلىماقچى بولدىيۇ، ئەمما خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، پۇتلىرى قوزغالماي قالدى؛



كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ قالدى؛ بارماقلىرى مەيدىسىنى قاماللاپ، كىرىشىپ كەتتى ۋە ئاخىرى مەيدىسىدىن قان تامچىدى؛ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈشتى؛ گىرەلىشىپ كەتكەن قالايمىقان خىياللارنىڭ بېسىمى بىلەن باش سۆڭىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى؛ مېڭىسى گويا ئوت دېڭىزىغا غەرق بولغاندەك تۇيۇلدى. بۇ خىل بىھوشلۇق بىرنەچچە مىنۇت داۋاملاشتى ۋە ئاخىرى ساراڭلىقنىڭ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقى ۋىلفورنى يۇتۇپ كەتتى. ئۇ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، يۈگۈرگىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى.

ئارقىدىن چارەك سائەت ئۆتكەندە ۋالېنتىنانىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بوسۇغىدا گراف مونتې - كرىستو پەيدا بولدى. ئۇ تاتىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى خۇنۇككلەشكەن بولۇپ، ئېغىر تىنىق ئالغانلىقتىن كۆكرىكى كۆتۈرۈلۈپ ۋە پەسلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەمىشە خاتىرجەم چىرايى ئازابلىنىشتىن ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ، قولىدا ئەمدى ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولمىغان بالىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مونتې - كرىستو بىر پۇتىنى پۈكۈپ، تىزلاندى ۋە بالىنىڭ بېشىنى ئانىسىنىڭ كۆكسىگە قويۇپ، گىلەمگە ياتقۇزدى.

ئاندىن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ ئۆيدىن چىقتى ۋە پەلەمپەيدە بىر مالايىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ۋىلفور ئەپەندى قېنى؟

مالاي ئۈنچىقماستىن، قولى بىلەن باغ تەرەپنى كۆرسەتتى.

مونتې - كرىستو سىرتقا چىقىپ، مالاي كۆرسەتكەن تەرەپكە ماڭدى ۋە توپلىشىپ تۇرغان خىزمەتكارلارنىڭ ئارىسىدىن ۋىلفورنى كۆردى. ئۇ قولىدا گۈرجەك تۇتۇپ، جان - جەھلى بىلەن يەرنى كولاۋاتاتتى.

— ياق، بۇ يەردە ئەمەس، — دەيتتى ئۇ، — ياق، بۇ يەردە ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە باشقا يەرنى كولاشقا كىرىشتى.

مونتې ـ كرىستو ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋاز بىلەن دېدى:

— تەقسىر، سىز ھەقىقەتەن ئوغلىڭىزدىن ئايرىلىپسىز، لېكىن سىزنىڭ يەنە...

ۋىلفورنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. ئۇ، گرافنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— مەن ئۇنى تاپىمەن، — دېدى ئۇ، — ئۇنى بۇ يەردە يوق دېمەڭلار، مەن ئۇنى تاپىمەن، خۇدانىڭ دەرگاھىغىچە ئاختۇرۇپ بولسىمۇ تاپىمەن.

مونتې ـ كرىستو كەينىگە داجىدى.

— ساراڭ بولۇپ قاپتۇ! — دېدى ئۇ.

گراف خۇددى بۇ قارغىش تەككەن ئۆينىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ، ئۇنى بېسىۋالىدىغاندەك، كوچىغا يۈگۈرۈپ قېچىپ چىقتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ توغرا بولغانلىقىدىن تۇنجى قېتىم گۇمانلاندى.

— بولدى، بولدى، — دېدى ئۇ، — ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى ئادەمنى قۇتقۇلدۇراي!

مونتې ـ كرىستو ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، موررېلنى كۆردى. موررېل بەجايىكى گۆرگە كىرىپ كېتىش ئۈچۈن خۇدانىڭ بۇيرۇغان سائىتىنى كۈتۈۋاتقان زۇۋانسىز ئەرۋاھقا ئوخشاش خانىلارنى ئارىلاپ، ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— تەييار بولۇڭ، ماكسىمىلىئان، — دېدى مونتې ـ كرىستو ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — بىز ئەتە پارىژدىن كېتىمىز.

— بۇ يەردىكى ئىشلىرىڭىزنى پۈتتۈرۈپ بولدىڭىزمۇ؟ — سورىدى موررېل.

— پۈتتۈرۈپ بولدۇم، — دېدى مونتې ـ كرىستو، — ھەتتا قىلىدىغان ئىشلىرىمنى بەك ئاشۇرۇۋەتتىممىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن.



## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## قايتىش

ئاخىرقى ھەپتىلەردىن بۇيان يۈز بەرگەن ۋەقەلەر پۈتۈن پارىژنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئېممانۇئېل ۋە ئۇنىڭ ئايالى مېلې كوچىسىدىكى ئۆينىڭ كىچىك سارىيىدا ئولتۇرۇپ، بۇ ۋەقەلەر ئۈستىدە ئەجەبلەنگەن ھالدا مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكتە ئىدى. ئۇلار موررېل، دانگلار ۋە ۋىلفورغا كەينى ـ كەينىدىن ئۇلىشىپ كەلگەن ئۈچ قېتىملىق پالاكەتچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاندافتۇر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلىشاتتى.

ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەن ماكسىمىلىئان ئۆزىگە ئادەت بولۇپ قالغان پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى.

— ئېممانۇئېل، — دېدى ژيۇلى، — تېخى تۈنۈگۈنلا شۇنچە باي، شۇنچە بەختلىك بولغان بۇ كىشىلەر دۆ ـ پەرگە ئاتاپ نەزىر قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ. پېروننىڭ چۆچىكىدە شۇنداق ئىش بارغۇ. توينغا ياكى بالىنى چوقۇندۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنمىغان دۆ ـ پەرى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، بۇنداق ئۇنتۇغاقلىقنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. خۇددى شۇ چۆچەكتىكىدەك ئىش بولدى ـ دە.

— نېمىدېگەن ئېغىر زەربە! — دېدى ئېممانۇئېل، موررېل بىلەن دانگلارنى ئويلاپ.

— نەقەدەر ئېچىنىشلىق! — دېدى ژيۇلى ۋالېنتىنانى

ئويلاپ. ئۇ، ئايالىلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ۋالېنتىنانىڭ ئىسمىنى ئېغىزىدىن چىقارمىدى.

— ئەگەر ئۇلارنى خۇدا جازالىغان بولسا، — دېدى ئېممانۇئېل، — دېمەك، رەھىملىك تەڭرى ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىدىن جازانى يېنىكلەتكۈدەك بىرەر ساۋابلىق ئىشنى تاپالمىغان ئوخشايدۇ. دېمەك، ئۇلارنى خۇدا ئۇردى دېگەن گەپ.

— ئويلىماي سۆزلىمە، ئېممانۇئېل، — دېدى ژيۇلى، — ناۋادا مېنىڭ ئاتام قولىغا تاپانچىسىنى ئالغان چاغدا بىرەر ئادەم: «بۇ كىشى ئۆزىنىڭ قىسمىتىگە يارىشا ئىش قىلدى» دېگەن بولسا، خاتالاشقان بولماسمىدى؟

— شۇنداق، ئەمما خۇدا خۇددى ئاۋرائامنىڭ ئۆز ئوغلىنى قۇربان قىلىشىغا يول قويمىغاندەك، ئاتىمىزنىڭ ئۆلۈشىگىمۇ يول قويمىغان. خۇدا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ، ئاتامنىڭ ئەجىلىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويغان.

ئۇ، سۆزىنى ئەمدىلا تۈگىتىپ تۇرۇشىغا قوڭغۇراق جىرىڭلىدى. ئۇ، دەرۋازىۋەننىڭ مېھمان كەلگەنلىكىدىن ئۇچۇر بەرگەنلىكى ئىدى.

شۇ ھامان ئىشىك ئېچىلىپ، بوسۇغىدا گراف مونتې-كرىستو پەيدا بولدى. ژيۇلى بىلەن ئېممانۇئېل ئۇنى شادىمان خىتابلار بىلەن قارشى ئالدى. ماكسىمىلىئان بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويدى-دە، يەنە تۆۋەن قارىۋالدى.

— ماكسىمىلىئان، — دېدى گراف ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىنى سەزمىگەن بولۇپ، — مەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم.

— مېنى ئىزدەپ؟ — موررېل خۇددى ئۇيقۇسى ئېچىلغاندەك قايتىلاپ سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى مونتې-كرىستو، — بىز بىللە كېتىدىغان بولۇپ كېلىشكەن ئەمەسمۇ. سىزگە تۈنۈگۈن تەييارلىنىپ تۇرۇشنى ئېيتقانىدىمغۇ.



— مەن تەييار، — دېدى ماكسىمىلىئان، — مەن بۇلار بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەنىدىم.

— قەيەرگە بارماقچى بولدۇڭلار، گراف؟ — دەپ سورىدى ژيۇلى.

— ئالدى بىلەن مارسېلغا بارىمىز، خانىم.

— مارسېلغا؟ — ژيۇلى يېنىشلاپ سورىدى.

— ھەئە. ئاكىڭىزنى شۇ يەرگە ئېلىپ كەتمەكچىمەن.

— گراف، ئۇنداق بولسا، ئاكامنى ساقايتىپ كېلىڭ.

موررېل يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تەتۈر قارىۋالدى.

— ئۇنىڭ تاۋى يوقتەك كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى گراف.

— ھەئە، ئۇ بىز بىلەن تۇرسا زېرىكىپ قالامدىكىن دەپ قورقىمەن.

— ئەمىسە، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ قوياي، — دېدى گراف.

— خىزمىتىڭىزگە مەن تەييار، — دېدى ماكسىمىلىئان، — خەير-خوش. قەدىردانلىرىم. خوش، ئېممانۇئېل، خوش، ژيۇلى!

— خوشلىشىۋاتىسەنغۇ. — دەپ خىتاب قىلدى ژيۇلى، — سىلەر ھازىرلا يولغا چىقامسىلەر؟ نەرسە-كېرەكلىرىڭىزچۇ؟ پاسپورتچۇ؟

— بىراقلا خوشلاشسا ئايرىلىش ئوڭايراق بولىدۇ، — دېدى مونتې-كرىستو، — ئىشىنىمەنكى، ماكسىمىلىئان مېنىڭ ئېيتقىنىم بويىچە ھەممە نەرسىلىرىنى تەييارلاپ بولدى.

— پاسپورتىنى ئېلىپ بولدۇم، يۈك-تاقلىرىم تېڭىلىپ بولدى، — دېدى موررېل خاتىرجەم، جاراڭسىز ئاۋازدا.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى مونتې-كرىستو كۈلۈمسىرەپ، — ھەربىي ئادەم دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ-دە.

— سىزمۇ مۇشۇنداقلا كېتىپ قالامسىز؟ — دېدى ژيۇلى، — ھازىرلا كېتەمسىز؟ بىز بىلەن بىر كۈن، ھېچبولمىغاندا بىر سائەتمۇ بىللە بولالمامسىز؟

— ھارۋام دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرىدۇ، خانىم. مەن بەش كۈندىن كېيىن رىمدا بولۇشۇم كېرەك.

— ماكسىملىئانمۇ رىمغا بارامدۇ؟ — سورىدى ئېممانۇئېل.

— گراف نەگە باشلىسا شۇ يەرگە كېتىۋېرىمەن، — دېدى ماكسىملىئان غەمكىن تەبەسسۇم بىلەن، — مەن يەنە بىر ئايغىچە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىمەن.

— ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك ھەسرەتلىنىپ سۆزلەيدۇ، گراف؟

— ئاكىڭىز مەن بىلەن بىللە بولىدۇ، — دېدى گراف يۇمشاق ئاۋاز بىلەن، — شۇڭا ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار.

— خوش، سىڭلىم! — دېدى يەنە ماكسىملىئان، — خوش، ئېممانۇئېل!

— ئۇنىڭ ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسەم يۈرىكىم سىقىلىپ كېتىدۇ، — دېدى ژيۇلى. — ماكسىملىئان، سەن بىزدىن بىر ئىشنى يوشۇرۇپ يۈرۈۋاتىسەن!

— كۆرۈپ تۇرۇڭ، ئۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا خۇش خۇي، خۇشال كۈلۈپ تۇرغان ھالدا قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى مونتې-كرىستو.

ماكسىملىئان مونتې-كرىستوغا تىكىلىپ، ئاچچىقلانغاندەك قاراپ قويدى.

— يۈرۈڭ! — دېدى گراف.

— گراف، — دېدى ژيۇلى، — سىلەر كېتىشتىن بۇرۇن مەن سىزگە ئۆتكەن قېتىمدا ئېيتالمىغان كۆڭلۈمدىكى ھەممە گەپلىرىمنى...



— خانىم، — دېدى گراف ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، — كۆزلىرىڭىزدە ئىپادىلىنىۋاتقان مەنە ھەرقانداق سۆزدىن ئارتۇق. سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىكى سۆزلەرنى مېنىڭ يۈرىكىم ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن ئەسلىدە رومانلاردىكى ساخاۋەتچىلەردەك سىلەرگە ئۇقتۇرماي كېتىپ قالسام بولاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلىشقا قۇربىم يەتمىدى، چۈنكى مەن ئاجىز ۋە ھېسسىياتچان بەندە. مەن يېقىن ئادەملىرىمنىڭ مېھرىلىك ۋە تەسىرلەنگەن كۆزلىرىنى كۆرگىنىمدە شادلىنىمەن. ئەمدى كېتىدىغان بولدۇم. مېنى ئۇنۇتماڭلار، دوستلىرىم. بىز بۇندىن كېيىن مەڭگۈ كۆرۈشمەسلىكىمىز مۇمكىن.

— مەڭگۈ كۆرۈشمەيمىز دەمسىز؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئېممانۇئېل. بۇ چاغدا ژيۇلىنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى، — بىز سىزنى ئەمدى كۆرەلمەمدۇق؟ ئەمىسە سىز ئادەم ئەمەس، بەلكى ئەرشتىن چۈشكەن ئىلاھ ئوخشىمامسىز! قىلىدىغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى قىلىپ بولۇپ، يەنە ئەرشكە چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتامسىز؟

— ئۇنداق دېمەڭ! — مونتې-كرىستو ئالدىراپ، ئۇنىڭ سۆزىنى توستى، — ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭلار، دوستلىرىم. ئىلاھلار كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئىلاھلار قەيەردە توختايمەن دېسە شۇ يەردە توختايدۇ. ئۇلار تەقدىرگە بويسۇنمايدۇ، بەلكى تەقدىرنى باشقۇرىدۇ. ياق، ئېممانۇئېل، مەن بەندە. بۇنداق گەپلەرنى قىلىشىڭىز توغرا ئەمەس. شۇنداقلا، بۇنداق گەپلەرگىمۇ مۇناسىپ ئەمەس.

گراف بۇ بەخت ماكانىدەك تېچ ئۆيىدىن ئارمان بىلەن ئايرىلىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلغان ژيۇلىنىڭ قولىنى سۆيدى ۋە يەنە بىر قولىنى ئېممانۇئېلغا ئۇزاتتى. ئاندىن، يەنىلا سېزىمىنى يوقاتقاندەك جىم تۇرغان ماكسىملىئانغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئاكامنىڭ خۇشاللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگەيسىز! — ژيۇلى گرافنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

مونتې - كرىستو خۇددى 11 يىل ئىلگىرى خوجايىن موررېلنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىدىغان پەلەمپەيدە ژيۇلىنى ئۇچراتقان چاغدىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ قويدى.

— سىز يەنىلا سىندباد ساياھەتچىگە ئىشىنەمسىز؟ — گراف كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى.

— ھەئە.

— ئۇنداق بولسا، ھېچنېمىدىن غەم قىلماڭ، خۇدانى ياد ئېتىڭ.

سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، دەرۋازا ئالدىدا كىرا ھارۋىسى كۈتۈپ تۇرغانىدى. شوخ تۆت ئات باشلىرىنى سىلكىپ، ياللىرىنى ئۈرپەيتىپ، تاقەتسىزلىنىپ، تۇياقلىرى بىلەن يەرنى تېپىپ تۇرۇشاتتى.

ئىشىك ئالدىدا ئەلى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن بولۇپ، يىراق يەردىن يۈگۈرۈپ كەلگەندەك كۆرۈنەتتى.

— ھە، بوۋاينىڭ يېنىغا باردىڭمۇ؟ — گراف ئۇنىڭدىن ئەرەبچىلەپ سورىدى.

ئەلى بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن ئېيتقاندەك، ئۇنىڭغا خەتنى ئېچىپ كۆرسەتتىڭمۇ؟

قۇل يەنە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇ نېمە دېدى ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ قانداق قىلدى.

ئەلى خوجايىنىغا چىرايىنى ئوبدانراق كۆرسىتىش ئۈچۈن يۈزىنى يورۇق تەرەپكە بۇراپ، نۇئارتىيېنىڭ «ھەئە» دېگەننى ئىپادىلەيدىغان ئىشارىسىنى ئۇستىلىق بىلەن دورىدى.



ئاھايىتى ياخشى، — ئۇ رازى بوپتۇ، — دېدى مونتې - كرىستو، — كەتتۇق!

ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىشى بىلەن تەڭ ئاتلار يۇلقۇنۇپ قوزغالدى ۋە ئۇلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن ئۇچقۇنلار چاچراپ كەتتى.

ماكسىمىلىئان بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ ئولتۇرۇۋالدى.

يېرىم سائەت ئۆتتى. ئۇشتۇمتۇت پەيتۇن توختىدى. ئەسلىدە گراف ئەلىنىڭ بارمىقىغا باغلانغان تاۋار بوقۇچىنى تارتقانىدى. قۇل ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىشىكنى ئاچتى. گراف پەيتۇندىن چۈشتى.

يۇلتۇزلۇق تۈن ئىدى. مونتې - كرىستو ۋىلژۇيىف تۆپىلىكىدە تۇراتتى. بۇ يەردىن قارىغاندا پۈتۈن پارىژ خۇددى مىليونلىغان ئوت - چىراغلاردىن فوسفورلۇق بوژغۇن ھاسىل قىلغان قاراڭغۇ دېڭىزغا ئوخشاپ كۆرۈنەتتى. شۇنداق، دېڭىز بوژغۇنلىرى، دولقۇنلار،... لېكىن بۇ دولقۇنلار بورانلىق كۈندىكى ئوكيان دولقۇنلىرىغا نىسبەتەن تېخىمۇ شىددەتلىك، قۇترىغان ۋە تۇراقسىز، تېخىمۇ ئەشەددىي ۋە تېخىمۇ ئاچكۆز بولۇپ، مەڭگۈ تىنىم تاپمايدۇ. ئۈزلۈكسىز توقۇنۇشۇپ، مەۋج ئۇرۇپ، ھالاكەت تەھدىتىنى چېچىپ تۇرىدۇ!

گراف ئىشارەت قىلغانىدى، ھارۋا سەل نېرىغا ئۆتۈپ تۇردى. گراف ئۆزى يالغۇز قالدى ۋە قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدىن گىرەلەشتۈرۈپ، بەجايىكى ئوتخانىدەك كۆرۈنگەن بۇ شەھەرگە ئۇزاققىچە نەزەر سالدى. بۇ ئوتخانىدا تۈرلۈك پىكىرلەر ئارىلىشىپ، بىرىكىپ، تاۋلىنىپ ۋە گويا تاۋۇسىز بولاقتىن ئۇرغۇپ چىقىپ، پۈتۈن جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ، پەزىلەتلىك مۆتەپەككۇرلەرنىمۇ، مەغرۇر ماتېرىيالىستلارنىمۇ مەپتۇن قىلىدىغان بۇ ۋاۋىلونغا قانغۇچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى ئەگدى ۋە قوللىرىنى دۇئا قىلغاندەك جۈپلىدى.

— ئۇلۇغ شەھەر، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — سىنىڭ تۇپرىقىڭغا قەدەم باسقىنىمغا تېخى بىرىم يىلمۇ بولمىدى. ئىشىنىمەنكى، مېنى بۇ يەرگە خۇدانىڭ ئىرادىسى ئېلىپ كەلگەن. ئەمدى مەن تەنتەنە قۇچۇپ، سەندىن ئايرىلىۋاتىمەن. سىنىڭ دىۋارلىرىڭ ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىمدىكى سىرلىرىمنى خۇداغا تاپشۇرغانىدىم. شۇڭا، قەلبىمدە نېمىلەر بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى بىر خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردىن غەزەپلەنمەستىن ۋە مەغرۇرلانماستىن، لېكىن ئەپسۇس بىلەن كېتىۋاتقانلىقىمنىمۇ بىر خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن قۇدرىتىدىن ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە بىمەنە غەرەزلەر ئۈچۈن پايدىلانمىدىم. ئۇلۇغ شەھەر، مەن سىنىڭ جۇشقۇنلۇق باغرىڭدا ئىزدىگەن نەرسىلىرىمنى تاپتىم. مەن خۇددى ھارماس كانچىغا ئوخشاش باغرىڭنى قېزىپ، ئۇنىڭدىكى يارىماس نەرسىلەرنى شاللاپ چىقىرىۋەتتىم. ئەمدى قىلىدىغان ئىشىم پۈتتى، ۋەزىپەمنى ئورۇنداپ بولدۇم. ئەمدى سەن ماڭا شادلىقمۇ ھەسرەتمۇ بېرەلمەيسەن. ئەلۋىدا، پارىژ، ئەلۋىدا!

ئۇ، خۇددى تۈننى باشقۇرىدىغان ئىلاھتەك، كەڭرى تۈزلەڭگە يەنە بىر قېتىم نەزەر تاشلىدى. ئاندىن ئۇ، پېشانىسىنى سىلاپ قويدى-دە، پەيتۇنغا ئولتۇردى ۋە ئىشىكنى ياپتى. پەيتۇن قۇيۇندەك كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان ئىچىدە تاراقلىغىنىچە ئېدىرنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، غايىب بولدى.

ئىككى لىيې مۇساپە بېسىپ ئۆتۈلگىچە ئۇلار بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىشمىدى. موررېل ئۆزىنىڭ تۈگىمەس خىياللىرىغا بېرىلىپ كەتكەنىدى.

مونتې-كرىستو ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە سىنچىلاپ قارىدى.

— موررېل، — دەپ سورىدى ئۇ ئاخىرى، — مېنىڭ بىلەن بىللە سەپەرگە چىققانلىقىڭىزغا پۇشايمان قىلمىغانسىز؟

— ياق، گراف. بىراق، پارىژدىن ئايرىلىش...



— ئەگەر سىزنىڭ بەختىڭىز پارىژدا بولغان بولسا، سىزنى ئۇ يەردىن ئېلىپ كەتمىگەن بولاتتىم.

— ۋالېنتىنا پارىژدا دەپنە قىلىنغان. شۇڭا، پارىژدىن ئايرىلىش خۇددى ۋالېنتىنادىن ئىككىنچى قېتىم جۇدا بولغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— ماكسىمىلىئان، — دېدى گراف، — بىزدىن جۇدا بولغان دوستلىرىمىز بىزنىڭ قەلبىمىزدە ياشايدۇ. بۇ — خۇدانىڭ ئىرادىسى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ. ماڭا ھەمىشە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئىككى دوستۇم بار. مەن ئۇلارنىڭ بىرىگە ھاياتىم بىلەن قەرزدار، يەنە بىرىگە ئەقىل-ئىدرىكىم بىلەن قەرزدار. ئۇلارنىڭ روھى مېنىڭ قەلبىمدە ياشايدۇ. تەڭلىكتە قالغان چاغلىرىمدا مەن ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىمەن. قولۇمدىن كەلگەن ئاز-تولا ساۋابلىق ئىشلىرىمنى مەن شۇ دوستلىرىمنىڭ مەسلىھەتلىرى بويىچە قىلدىم. موررېل، سىزمۇ قەلبىڭىزنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىڭ. قەلبىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ، سىزنىڭ ماڭا مۇشۇنداق سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشىڭىز توغرىمۇ.

— دوستۇم، — دېدى ماكسىمىلىئان، — مېنىڭ قەلبىم ھەسرەتكە تولغان، قەلبىمنىڭ ساداسى ماڭا ئازابتىن باشقا نەرسىنى بەخش ئېتەلمەيدۇ.

— ئىرادىسى بوش ئادەملەر ھەر قانداق نەرسىگە ماتەم پەردىسىنىڭ كەينىدىن قارايدۇ. ئادەمنىڭ قەلبى ئۆزىنىڭ مۇھىتىنى ئۆزى ھازىرلايدۇ. سىزنىڭ روھىڭىز چۈشكۈن، شۇنىڭ ئۈچۈن قەلب ئاسمىنىڭىزنى بۇلۇت قاپلىغاندەك ھېس قىلىسىز.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپ قويدى ماكسىمىلىئان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە ئويغا پاتتى.

سەپەر گرافنىڭ خاھىشى بويىچە كىشىنى ھەيران قىلغۇدەك تېزلىك بىلەن داۋاملاشتى. يول ئۈستىدە ئۇچرىغان شەھەرلەر بەجايىكى كۆلەڭگىلەردەك غىل - پال قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. دەسلەپكى كۈز شامالىرى ئىغاڭلىتىپ تۇرغان دەرەخلەر بەئەينى چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن گىگانت مەخلۇقلاردەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك كېلەتتى - دە، ھەش - پەش دېگۇچە يەنە غايىب بولاتتى. ئەتىسى سەھەردە ئۇلار شالونغا يېتىپ كېلىشتى. شالوندا گرافنىڭ پاراخوتى كۈتۈپ تۇرغانىدى. بىر مىنۇت ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، پەيتۇننى پاراخوتقا چىقىرىشتى. ئاندىن، بۇ يولۇچىلارمۇ پاراخوت ئۈستىگە چىقىشتى.

بۇ، تېز سۈرئەتلىك پاراخوت بولۇپ، ئىندىئانلارنىڭ ئۇچقۇر قېيىقلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ ئىككى چاقى گويا قاناتلاردەك، سۇ يۈزىدە ئۈزۈشى گويا قۇشلارنىڭ ئۇچقىنىدەك تۇيۇلاتتى. ھەتتا موررېلمۇ بۇنداق تېز سۈرئەتتىن ھەۋەسلىنەتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئوينىتىپ تۇرغان شامال گويا ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۇلۇتلارنىمۇ ئۇچۇرتۇپ كېتىۋەتكەندەك ئاز قالغانىدى.

ئۇلار پاردىن يىراقلاشقانسېرى گرافنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، گوياكى ئىلاھلارنىڭ چېھرىسىدەك نۇرلىنىشقا باشلىدى. ئۇ، خۇددى يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋاتقان مۇساپىرغا ئوخشايتتى.

كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مارسېل مەنزىرىسى نامايان بولدى. ئاپئاق، ئىللىق، ھاياتقا تولغان مارسېل، تىر ۋە كارفاگېننىڭ ئىنىسى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ۋارىسى! يېشى چوڭايغانسېرى ياشىرىپ كېتىۋاتقان مارسېل! ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى كۆزىتىش مۇنارىسىنى، مۇقەددەس نىكولاي قەلئەسىنى ۋە تاش قىرغاقلىق پىرىستانىنى كۆرۈپ، ئۆتمۈشتىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەشتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بالىلىق



چاغلىرىدا مۇشۇ يەرلەردە ئوينايتتى. ئىككىيلەن تەقەززالىق بىلەن كانىبيېر كوچىسىغا چىقىشتى.

قانداقتۇر بىر كېمە ئالجىرىيىگە يۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى. كېمە ئۈستىگە يۈكلەر ۋە كىشىلەر تولغانىدى، پەستە ئۇزاتقۇچى ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە يارۇ - بۇرادەرلەر تىرىپلىشىپ تۇراتتى، بەزىلەر ئۈن سېلىپ، خىتاب قىلىشاتتى، بەزىلەر يىغا - زارە قىلىشاتتى. ھەتتا بۇنداق ئىشلارنى كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ ھاياجانلانماقتا ئىدى. ھالبۇكى، ماكسىمىلىئان تاش ياتقۇزۇلغان قىرغاققا چىقىشى بىلەنلا كۆڭلىگە چۈشكەن خىياللاردىن ئۆزىنى قاچۇرالماي، بۇ قىستاڭچىلىقلارغا ئېتىبار قىلمىدى.

— قارىڭا، — دېدى ئۇ مونتې — كرىستونىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، — «فىرئاۋن» پورتقا كىرىپ كېلىۋاتقاندا ئاتام مانا مۇشۇ يەردە تۇرغانىدى. سىز ئۆلۈمدىن ۋە نومۇستىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئاشۇ پاك دىل ئىنسان مانا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، مېنى قۇچاقلىغانىدى. ھازىرمۇ مەڭزىمگە ئۇنىڭ ياشلىرى تۆكۈلۈۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. شۇ كۈنى يىغلىغان يالغۇز ئۇلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بىزگە قاراپ يىغلاشقانىدى.

مونتې - كرىستو كۈلۈپ قويدى.

— شۇ چاغدا مەن ئەنە ئاۋۇ يەردە تۇرغانىدىم، — دېدى ئۇ، بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپ، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپتىن پىغانلىق ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ئۇلار ئىككىسى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان كېمىدىكى بىر كىشىگە قول سىلكىۋاتقان بىر ئايالنى كۆرۈشتى. ئۇ ئايالنىڭ يۈزىگە تور تارتىلغانىدى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ھاياجانلىنىپ قارىدىكى، ناۋادا موررېلنىڭ كۆزلىرى كېمە ئۈستىگە قادىلىپ قالمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى بايقىغان بولاتتى.

— قاراڭ! — دەپ خىتاب قىلدى موررېل، — ئاۋۇ ھەربىيچە كىيىم كىيگەن، قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتقان يىگىتكە قاراڭ. ئۇ ئالبېر مورسېرغۇ!

— ھەئە، كۆردۈم، — دېدى مونتې-كرىستو.

— قانداق قىلىپ كۆردىڭىز؟ سىز باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرغانىدىڭىزغۇ.

گراف كۈلۈمسىرىدى. ئۇ، جاۋاب بېرىشنى خالىمىغاندا ئاشۇنداق كۈلۈمسىرەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە بايىقى يۈزىگە تور تارتقان ئايالغا قارىتىلدى. ئۇ ئايال دوقمۇشتىن ئېگىلىپ غايىب بولدى. شۇندىن كېيىن گراف كەينىگە بۇرۇلدى.

— قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى ئۇ ماكسىمىلىئانغا، — بۇ يەردە باشقا ئىش-كۈشلىرىڭىز يوقمۇ؟

— ئاتامنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىدىغان ئىشىم بار، — دېدى موررېل بوغۇق ئاۋازدا.

— ماقۇل، مېنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭ. بىردەم تۇرۇپ مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن.

— ھازىر باشقا بىر يەرگە بارامسىز؟

— ھەئە... مەنمۇ ئۆزۈم ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان بىر يەرگە بېرىپ كېلىشىم كېرەك.

موررېل گرافنىڭ ئۇزىتىلغان قولىنى بوشلا قىسىپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ غەمكىنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى-دە، شەھەرنىڭ شەرقىي قىسمىغا يول ئالدى.

مونتې-كرىستو ماكسىمىلىئان كۆزدىن غايىب بولغۇچە كۈتۈپ تۇردى ۋە ئاندىن مېلىيان كوچىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ كوچىدا ھېلىقى ئاددىيغىنا ئۆي بولۇپ، كىتابخانلىرىمىز ئۇ ئۆي بىلەن مەزكۇر ھېكايىمىزنىڭ بېشىدا تونۇشقانىدى.



كوچىدىكى دەرەخ شاخلىرى بۇ ئۆيگە بۇرۇنقىدەكلا سايە تاشلاپ تۇراتتى (بۇ كوچا مارسېللىقلارنىڭ سەيلىگاھى ئىدى). بىر تۈپ ياۋا ئۈزۈمنىڭ قاپقارا يېرىك شاخلىرى بۇ ئۆينىڭ تاشتىن قوپۇرۇلغان تاملىرىغا چىرمىشىپ كەتكەن، ئۆينىڭ تاملىرى جەنۇب قۇياشىنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى ئاستىدا سارغىيىپ كەتكەنىدى. تاشقىرقى ئىشىك ئالدىدىكى ئىككى باسقۇچلۇق تاش پەلەمپەي ئۇپراپ، سىلىقلىشىپ كەتكەنىدى. ئىشىك ئۈچ پارچە تاختايدىن مىخلاپ ياسالغان بولۇپ، تاختايلار ھەر يىلى يازدا بىر-بىرىدىن ئاجراپ، يوچۇق ھاسىل قىلاتتى، لېكىن يا لاي بىلەن سۇۋاپ قويۇلمايتتى، يا سىرلانمايتتى. كۈزدىكى نەم ھاۋادا بۇ تاختايلار قايتىدىن جۈپلىشىپ، ھىم بولۇپ قالاتتى.

بۇ ئۆي كونا بولسىمۇ گۈزەل، كۆرۈمسىز بولسىمۇ يېقىملىق بولۇپ، بۇ يەردە بىر چاغلاردا دانتېس بوۋاي ياشىغانىدى. ھالبۇكى، بوۋاي بىر ئېغىز كۇلبىدا تۇراتتى، ئەمدى گراف پۈتۈن بىر بىنا ئۆينى مېرسېدېسكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى.

مونتې-كرىستو بايا پىرىستاندا كۆرگەن ھېلىقى يۈزىگە تور تارتقان ئايالمۇ شۇ ئۆيگە كىردى. گراف دوقمۇشتىن ئېگىلىپ چىققان مەزگىلدە ئۇ ئايال بىناغا كىرىپ، ئىشىكنى يېپىۋاتقانىدى. شۇنداق قىلىپ، گراف ئۇنىڭغا يېتىشەي دەپ قالغاندا ئۇ ئايال يەنە غايىب بولدى.

بۇ ئۇپرىغان پەلەمپەي گرافقا ئوبدان تونۇشلۇق ئىدى. گراف يوغان باشلىق مىخ بىلەن تاقىلىدىغان بۇ كونا ئىشىكنى ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ ئوڭايراق ئاچالايتتى. ئۇ، ئىشىكنى چەكمەستىن، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىن، خۇددى يېقىن دوست ياكى ئۆي خوجايىنىدەك، ھويلىغا كىردى.

بىنانىڭ ئارقا تەرىپىدە كۈن نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان كىچىككىنە باغچە بار ئىدى. بۇ باغدا مېرسېدېس گرافنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۇنىڭ 24 يىل ئىلگىرى قالدۇرۇپ كەتكەن پۇللىرىنى تاپقانىدى.

ئىشىكتىن كىرگەندە بۇ باغنىڭ چەتتىكى دەرەخلىرى كۆزگە تاشلىناتتى.

مونتې-كرىستو شۇ ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتۈپلا خۇددى بۇقۇلداپ يىغلىغانغا ئوخشاش بىر خىل چوڭقۇر تىنغان شەپىنى ئاڭلىدى. ئۇ، شۇ تىنىق ئاڭلانغان تەرەپكە قارىدى ۋە بۆككىدە ئۆسۈپ كەتكەن قىزىلگۈللۈك ژاسمىن دەرىخىنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن مېرسېدېسنى كۆردى. مېرسېدېس ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ بايا ئوغلىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمدى بۇ يەردە يۈزىدىكى تورىنى ئارقىغا قايرىپ قويۇپ ۋە ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، يىغىسىنى قويۇۋەتكەنىدى.

مونتې-كرىستو ئۇنىڭغا بىرنەچچە قەدەم يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىكى قۇم-شېغىل شىرىقلىدى. مېرسېدېس بېشىنى كۆتۈردى ۋە چۆچۈپ، ۋارقىراپ تاشلىدى.

— خانىم، — دېدى گراف، — مەن ئەمدى سىزگە بەخت ئاتا قىلالمايمەن، لېكىن سىزگە تەسەللى بېرىشنى خالايمەن. مېنى ئۆز دوستىڭىزدەك كۆرۈپ، گېپىمنى ئاڭلامسىز؟

— شۇنداق، مەن بەكلا بەختسىز، — دېدى مېرسېدېس، — بۇ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز قالدىم... يالغۇز بىر ئوغلۇم بار ئىدى، ئۇمۇ مېنى تاشلاپ كەتتى.

— ئۇ ياخشى قىلدى، خانىم، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى گراف، — ئۇنىڭ يۈرىكى ياخشى. ئۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى كېرەكلىكىنى چۈشەنىدى. بەزىلەر ۋەتەن



ئۈچۈن ئۆز قابىلىيىتىنى، يەنە بەزىلەر ئۆز ئەمگىكىنى تەقدىم قىلىدۇ؛ بەزىلەر ۋەتەن ئۈچۈن ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى ئۆتكۈزسە، بەزىلەر ۋەتەن ئۈچۈن قان تۆكىدۇ. ئۇ، سىزنىڭ يېنىڭىزدا قالغان بولسا، ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولاتتى، سىزنىڭ ھەسرەتلىرىڭىزگە كۆنەلمەيتتى؛ ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ، مىجەزى بۇزۇلغان بولاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى ئۇتۇققا ئايلاندۇرۇپ، كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ۋە سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىزنى يارىتىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىڭ، خانىم. ئىشىنىڭ، بۇ ئىستىقبالنى ئىشەنچلىك قوللار تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— سىز دەۋاتقان ئۇنداق بەختنى مەنمۇ ئوغلۇم ئۈچۈن جان-دىلىم بىلەن خۇدادىن تىلەۋاتىمەن، لېكىن مەن ئەمدى بەختنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايمەن، — دېدى بىچارە ئايال ۋە ھەسرەتلىنىپ بېشىنى چايقىدى، — قەلبىمدە ۋە ئەتراپىمدا شۇنچە كۆپ نەرسىلەر نابۇت بولدى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى گۆر ئاغزىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. گراف، بىز يەرگە كېلىشىمگە ياردەم قىلغىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. مەن بۇرۇن بۇ يەردە تۇرغان چېغىمدا بەك بەختلىك ئىدىم. ئەمدى مۇشۇ يەردە، بەختنىڭ تەمىنى تېتىغان يەردە ئۆلۈشنى خالايمەن.

— خانىم، — دېدى مونتې-كرىستو، — سىزنىڭ ئاچچىق سۆزلىرىڭىز مېنىڭ يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ. سىزنىڭ ھەقلىق تۈردە مەندىن نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلىسام يۈرىكىم تېخىمۇ ئۆرتىنىدۇ. مەن سىزنى مۇشۇ كۈنگە قويدۇم. مېنى ئەيىبلىمەستىن، ماڭا ئىچىڭىزنى ئاغرىتسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇنداق قىلسىڭىز يۈرىكىم تېخىمۇ قاتتىق ئاغرىيدۇ...

— سىزدىن نەپرەتلىنەمدىم، سىزنى ئەيىبلەمدىم، ئېدمون؟... ئوغلۇمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان ئادەمدىن

ئەپرەتلىنىشىم، ئۇنى ئەيىبلىشىم مۇمكىنمۇ؟ دەسلەپتە مورسېر ئەپەندىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوغلىنى ھالاك قىلىشتەك دەھشەتلىك مۇددىئايىڭىز بولغان ئەمەسمىدى؟ ماڭا قاراپ بېقىڭا، مېنىڭ يۈزۈمدىن ئۆچمەنلىكنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەيسىز.

گراف ئۇنىڭغا قارىدى. مېرسېدېس ھەر ئىككى قولىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

— ماڭا قارىڭا، — دېدى ئۇ چەكسىز ھەسرەت بىلەن، — مېنىڭ گۈزەللىكىم سولدى. كۆزلىرىمنىڭ نۇرى قالمىدى، ئاتىسىنىڭ ئەنە ئاۋۇ ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئېدمون دانتېسنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ كېلىدىغان چاغلىرىم ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن... شۇندىن بېرى ئېقىپ ئۆتكەن ھەسرەتلىك كۈنلەر ئۆتمۈش بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرۇمدا چوڭقۇر ھاڭ پەيدا قىلدى. سىزنى ئەيىبلەمدىم، ئېدمون، سىزدىن نەپرەتلىنەمدىم، دوستۇم؟ ياق! مەن ئۆزۈمنى ئەيىبلەيمەن، ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن! ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ئۆزىنىڭ قوللىرىنى چىڭ قىسىپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق جازالاندىم!.... بۇرۇن مېنىڭ ئىشەنچىم، پاكلىقىم، مۇھەببىتىم بار ئىدى. بۇ، تەڭرىنىڭ پەرىشتىلەرگە ئاتا قىلغان ئۈچ خىل پەزىلىتى. لېكىن مەن ئەخمەق، خۇدانىڭ بۇ ئىلتىپاتىنىڭ قەدرىنى بىلمەپتىمەن!

مونتې-كرىستو ئۈنچىقماستىن، ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتتى.

— ياق، دوستۇم، — دېدى مېرسېدېس قولىنى ئاستا تارتىۋېلىپ، — ماڭا قولىڭىزنى تەگكۈزمەڭ. سىز مېنى ئاياپ قويدىڭىز. ھالبۇكى، سىز جازالىغان كىشىلەر ئىچىدە يالغۇز مەنلا ئاياشقا تېگىشلىك ئەمەس ئىدىم. باشقىلار ئۆچمەنلىكىدىن، ھەسەتخورلۇقىدىن، شەخسىيەتچىلىكىدىن يامانلىق قىلغان بولسا، مەن ئىرادىسىزلىكىمدىن شۇنداق قىلدىم. باشقىلارنىڭ غەرىزى



بار ئىدى، مەنچۇ؟ مەن قورقۇنچاقلىق قىلدىم. ياق، مېنىڭ قولۇمنى تۇتماڭ، ئېدمون. بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساپ، ياخشى گەپ قىلماقچى بولۇۋاتىسىز. ئۇنداق قىلماڭ، ياخشى گەپلىرىڭىزنى باشقا ئايال ئۈچۈن ساقلاپ قويۇڭ. مەن ئۇنداق گەپلەرگە مۇناسىپ ئەمەس. قاراڭ... (ئۇ، تورنى يۈزىدىن پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلىدى)، دەرد تارتىپ، چاچلىرىم ئاقىرىپ كەتتى. كۆزلىرىمدىن شۇنچە كۆپ ياشلار ئاقتىكى، قاپاقلىرىم ئولتۇرۇشۇپ، كۆكىرىپ كەتتى؛ پېشانەمگە قورۇق چۈشتى. سىزچۇ، ئېدمون، سىز يەنىلا شۇنچە ياش، چىرايلىق، مەغرۇر تۇرىسىز. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سىزنىڭ ئىشەنچىڭىز، غەيرىتىڭىز بار ئىدى. سىز خۇدانى ئۇنتۇپ قالمىدىڭىز. شۇڭا، خۇدا سىزنى قوللىدى. مەن قورقۇنچاقلىق قىلدىم، خۇدانى ئۇنتۇپ قالدىم. شۇڭا، خۇدا مېنى تاشلىۋەتتى. ئاقىۋەتتە مۇشۇ كۈنگە قالدىم.

مېرسېدېس ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىگەنسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ، يېرىلىپ كەتكۈدەك بولماقتا ئىدى. مونتې-كرىستو ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، مېھرىبانلىق بىلەن سۆيۈپ قويدى. ھالبۇكى، مېرسېدېس بۇنىڭ خۇددى ئىلاھىي بۇتنىڭ مەرمەر قولىنى سۆيگەندەك ھارارەتسىز سۆيۈش ئىكەنلىكىنى سەزدى.

— بەزىلەرنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق قىسمەتكە مەھكۇم قىلىنغان، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مېرسېدېس، — بىر قەدەمنى خاتا بېسىش بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى كۆكۈمتالقان بولۇپ كېتىدۇ. مەن سىزنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلىغانىدىم. شۇنداق ئىكەن، مېنىڭمۇ ئۆلۈشۈم كېرەك ئىدى. سىزنى ئەسلەپ، يۈرىكىمنى داغلىغانلىقىمنىڭ پايدىسى نېمە؟ 39 يېشىمدا موماي بولۇپ قالدىم. سىزنى تونۇغاندىن كېيىن (ئۇ

چاغدا سىزنى يالغۇز مەنلا تونۇغانىدىم) ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى بولدى؟ ئېرىنىمۇ بار ئىدىغۇ. ئۇنىڭ گۇناھى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئۇنىمۇ قۇتقۇزۇشۇم كېرەك ئەمەسمىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە يول قويدۇم. شۇنداقلا بولسا مەيلىدىغۇ! مەن ئۆزۈمنىڭ جۈرئەتسىزلىكىم، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىم بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بەردىم. ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن گۇناھ قىلىپ، خائىن بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىمىدىم، ئويلاشنى خالىمىدىم! يەنە كېلىپ، ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ، ئۇنى يالغۇز كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۇنى ھالاكەت ئوچىقى بولغان ئافرىقىغا بېرىۋېتىپ، بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ شۇنداق، مەن ئىرادىسىز! مەن مۇھەببىتىمنى تاشلىۋەتتىم ۋە بارلىق مۇھەببەت ئاسىيلىرىغا ئوخشاش يېقىن ئادەملىرىمنى بەختسىز قىلدىم.

— ياق، مېرسېدىس، — دېدى مونتې - كرىستو، — ئۆزىڭىزنى بۇنداق قاتتىق ئەيىبلىمەڭ. سىز ئالىيجاناب، ئاق كۆڭۈل ئايال. سىز ھەسرىتىڭىزنىڭ كۈچى بىلەن مېنى قورالسىزلاندۇردىڭىز. ھالبۇكى، مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن كۆرۈنمەس، قەھرلىك تەڭرى ھامان كەينىمدە تۇراتتى. ئۇ، مەن ئاتقان چاقماقنى توختىتىۋېلىشنى خالىمىدى. ئەزىبرايى خۇدا، سىز ئۈچۈن ھاياتىمنى ۋە بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى قۇربان قىلغانلىقىمغا تەڭرىنى گۇۋاھ قىلىپ، ئون يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا ھەر كۈنى تېۋىنىپ كېلىۋاتىمەن. بىراق، مېرسېدىس، سىزگە مەغرۇرلۇق بىلەن ئېيتىمەنكى، مەن تەڭرىگە كېرەك بولدۇم، شۇڭا تەڭرى ماڭا قايتىدىن جان بەردى. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ بېقىڭ، ھازىرقى ئىشلارنى ئويلاپ بېقىڭ ۋە كەلگۈسىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ ئېيتىپ بېقىڭا: مەن تەڭرىنىڭ قورالى ئەمەسمۇ؟ مەن ئەڭ دەھشەتلىك بەختسىزلىكلەردە، ئەڭ ئېغىر ئازاب-ئۇقۇبەتلەردە مېنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان ۋە مېنى تونۇمايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن خارلانغان ھالدا ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنى ئۆتكۈزدۈم. تۇتقۇنلۇق، تەنھالىق، يوقسۇللۇقتىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت قايتىدىن ساپ ھاۋا، ئەركىنلىك ۋە بايلىققا ئېرىشتىم. بۇ، شۇنداق ھەيران قالارلىق، چۆچەكلەردىكىدەك ئاجايىپ بايلىق ئىدىكى، بۇ بايلىقنى خۇدا مېنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلىشىم ئۈچۈن بەرگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدىم. شۇندىن بۇيان مەن بۇ بايلىقنى قورال سۈپىتىدە ئىشقا سېلىۋاتىمەن. شۇندىن بۇيان، مېرسېدىس، مەن سىزگە ئوخشاش لەززەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولدۇم. مەن بىر سائەتمۇ تىنىم تاپمىدىم. قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچ مېنى ئالغا يېتەكلەيتتى. مەن خۇددى خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن شەھەرلەرنى كۆلگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆكنى كېزىپ كېتىۋاتقان ئاتەش بۇلۇتقا ئوخشايتتىم. مەن خۇددى ئۆز كېمىسىنى مۇشكۈل ۋە خەتەرلىك سەپەرگە تەييارلاۋاتقان جەسۇر كاپىتانغا ئوخشاش لازىمەتلىكلەرنى يىغدىم، قوراللارنى تەقلىدىم. مەن قوراللىرىمنى ئادەم ئۆلتۈرەلەيدىغان، كۆزلىرىمنى كىشىلەرنىڭ قايغۇسىغا ئېچىنماستىن قارىيالايدىغان، لەۋلىرىمنى ئەڭ دەھشەتلىك ئىشلارنى كۆرگەندىمۇ كۈلۈمسىرەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن تېنىمنى ئەڭ قاتتىق سىناقلارغا، دىلىمنى ئەڭ ئېغىر روھىي زەربىلەرگە كۆندۈرۈپ، چېنىقتۇردۇم. مەن يامانلىقنى بىلمەيدىغان ئاق كۆڭۈل، ساددا يىگىتتىن ئىچى پىششىق، باغرى تاش قىساسكار بولۇپ چىقتىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھېسسىياتسىز، ئاڭلىماس ۋە كۆرمەس ئەرۋاھقا ئايلاندىم. شۇندىن كېيىن مەن ئۈچۈن بەلگىلەنگەن يولغا چۈشۈپ، ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتۈم ۋە ئاخىرى كۆزلىگەن نىشانغا يەتتىم. بۇ يولۇمدا ئۇچرىغانلارنىڭ ئەدىبىنى بەردىم.

— بولدى، — دېدى مېرسىدېس، — بولدى قىلىڭ، ئېدمون! ماڭا ئىشىنىڭ، سىزنى يالغۇز مەنلا تونۇۋالدىم ۋە يالغۇز مەنلا سىزنىڭ قەلبىڭىزنى چۈشىنەلەيمەن. ناۋادا سىز مېنى ئۆز يولىڭىزدا ئۇچرىتىپ خۇددى ئەينەك قاچىنى چاققاندەك پارە-پارە قىلىۋەتكەن بولسىڭىزمۇ، مەن يەنىلا سىزدىن زوقلانغان بولاتتىم، ئېدمون! ئۆتمۈش بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا هاڭ پەيدا بولغاندەك، باشقا كىشىلەر بىلەنمۇ مېنىڭ ئوتتۇرامدا چوڭقۇر هاڭ بار. چۈنكى دۇنيادا هېچكىمنى سىزگە تەڭ قىلمايمەن، هېچقانداق ئادەمنى سىزگە ئوخشاتمايمەن. ئەمدى خوشلىشايلى، ئېدمون، هەر ئىككىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى.

— ئايرىلىشتىن ئىلگىرى چىن سۆزىڭىزنى ئېيتىڭا، مېرسىدېس، سىز ئۈچۈن نېمە قىلىپ بېرەي؟ — دەپ سورىدى مونتې-كرىستو.

— مېنىڭ پەقەت بىرلا ئارزۇيۇم بار، ئېدمون. ئۇ بولسىمۇ، ئوغلۇمنىڭ بەختلىك بولۇشى.

— خۇدادىن ئۇنىڭ ئۆمرىنى تىلەڭ. بىر خۇدالا بەندىلەرنىڭ هاياتىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرىدۇ. قالغان ئىشلاردا مەن ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولىمەن.

— رەهمەت سىزگە، ئېدمون!

— سىز ئۆزىڭىزچۇ، مېرسىدېس؟

— ماڭا هېچنەرسە كېرەك ئەمەس. مەن ئىككى قەبرىنىڭ ئارىلىقىدا ياشاۋاتىمەن. بۇلارنىڭ بىرى ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئېدمون دانتېسنىڭ قەبرىسى. مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم! مېنىڭ سولغان لەۋلىرىمدىن هازىر بۇ گەپنىڭ چىقىشى مۇۋاپىق ئەمەس، لېكىن مېنىڭ قەلبىمدە هېچ نەرسە ئۇنتۇلمىدى، قەلبىمدىكى شۇ ئەسلىمىلەرنى بۇ دۇنيانىڭ هەر-



قانداق هۇزۇر-هالاۋىتىگىمۇ تېگىشمەيمەن. يەنە بىر قەبرىدە ئېدمون دانتېس ئۆلتۈرگەن ئادەم ياتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى توغرا بولدى دەپ هېسابلايمەن، لېكىن مەرهۇمنىڭ روهىغا ئاتاپ دۇئا قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم.

— ئوغلىڭىز بەختلىك بولىدۇ، — دەپ تەكرارلىدى گراف.

— شۇنداق بولسا، مەنمۇ ئاز-تولا بەختلىك بولىمەن.

— شۇنداقتىمۇ... هەر هالدا... سىز قانداق تۇرمۇش كەچۈرىسىز؟

مېرسىدېس غەمكىنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— ئەگەر مەن بۇرۇنقى مېرسىدېستەك ئەمگەك قىلىپ جان باقىمەن دېسەم، سىز ئىشەنمەيسىز. هازىر مېنىڭ قولۇمدىن پەقەت دۇئا قىلىشلا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمدى مېنىڭ ئەمگەك قىلىشىمنىڭمۇ هاجىتى يوق. سىزنىڭ كۆمۈپ قويغان پۇللىرىڭىزنى ئۆزىڭىز ئېيتقان جايدىن تاپتىم. بەلكىم كىشىلەر مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمگە، نېمە قىلىدىغانلىقىمغا، تۇرمۇشۇمنى قانداق قامداۋاتقانلىقىمغا قىزىقىشى مۇمكىن. لېكىن مەن بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايمەن. بۇ پەقەت خۇدا بىلەن سىزنىڭ ۋە مېنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىش.

— مېرسىدېس، — دېدى گراف، — مەن بۇ گەپلەرنى سىزگە تاپا-تەنە قىلىپ ئېيتمىدىم، ئەمما سىز گراف مورسېر يىغقان مال-مۈلۈكنىڭ هەممىسىدىن قول ئۈزۈپ، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. قانۇن بويىچە ئۇ مۈلۈكنىڭ يېرىمى سىزگە تەئەللۇق بولاتتى.

— ماڭا نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندىم، لېكىن بۇ گېپىڭىزنى قوبۇل قىلمايمەن. ئېدمون، ئۇنداق قىلىشىمغا ئوغلۇم يول قويمايدۇ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئالبېرنىڭ پىكىرىنى ئالماي تۇرۇپ، سىزگە بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشكە پېتىنالمايمەن. مەن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ پىكرىگە بويسۇنىمەن. ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئېيتقىنىمغا قوشۇلسا، سىز قارشىلىق قىلماسسىز؟

— بىلىشىڭىز كېرەك، ئېدمون، مەن ئەمدى پىكىر قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولدۇم. مەن ھېچقانداق ئىشتا بىر قارارغا كېلەلمەيمەن. مېنىڭ بىردىنبىر قارارىم شۇكى، ھېچقانداق پىكىرنى قارارلاشتۇرماسلىق. تەڭرىم مېنى بوران - قۇيۇنلارغا تاشلاپ، ئىرادەمنى سۇندۇردى. مەن خۇددى بۈركۈتنىڭ تىرناقلىرىغا ئىلىنغان قۇشقاچتەك تەڭرىنىڭ ئىلكىدىكى ئاجىز بەندىمەن. مەن ھايات ئىكەنمەن، دېمەك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداق.

— خانىم، — دېدى مونتې - كرىستو، — تەڭرىگە سېغىنغان ئادەم بۇنداق گەپلەرنى قىلمايدۇ! تەڭرى بەندىلەردىن ئۆزىنى چۈشىنىشنى ۋە ئۇنىڭ قادىرلىقىغا ئاڭلىق بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرى ئەركىن ئىرادە ئاتا قىلغان.

— ياق! — دەپ خىتاب قىلدى مېرسېدېس، — ئۇنداق دېمەڭ! ئەگەر تەڭرى ماڭا ئەركىن ئىرادە بەرگەن بولسا، مەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جېنىمنى ساقلاشنى خالامتىم؟

مونتې - كرىستونىڭ چىرايى بىلىنەر - بىلىنمەس تاتاردى ۋە ئۇ بۇنداق تاشقىنلاپ تۇرغان ھەسرەتنىڭ كۈچىدىن تەسىرلىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ماڭا «خوش» دېيىشنى خالىمامسىز؟ دېدى ئۇ مېرسېدېسكە قولىنى ئۇزىتىپ.

— ياق، سىزگە «خوش» دەيمەن، — دېدى مېرسېدېس



ۋە ئىشەنچ بىلەن ئەرشنى ئىشارەت قىلدى، — كۆردىڭىزمۇ، يەنىلا ئۈمىدىم بولغاچقا شۇنداق دەۋاتىمەن.

مېرسېدېس تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن گرافنىڭ قولىنى قىستى - دە، يۇگۈرگەن پېتى پەلەمپەيدىن چىقىپ، غايىپ بولدى.

مونتې - كرىستو ھويلىدىن ئاستا چىقىپ، يەنە پىرىستان تەرەپكە ماڭدى.

ھالبۇكى، مېرسېدېس گەرچە بۇرۇن دانتېس بوۋا تۇرغان ئۆينىڭ دېرىزىسى يېنىدا تۇرغان بولسىمۇ، گرافنىڭ بۇ يەردىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوغلىنى ئۇچۇق دېڭىزغا ئېلىپ كېتىۋاتقان كېمىنى ئىزدەيتتى.

توغرا، ئۇنىڭ لەۋلىرى يەنىلا ئىختىيارسىز تۇردە:

— ئېدمون! ئېدمون! — دەپ پىچىرلايتتى.

## ئوتتۇزىنچى باب

## ئۆتمۈش

گراف بۇ ھويلىدىن يۈرىكى قىسىلغان ھالدا قايتىپ چىقتى. ئۇ يەردە مېرسېدېس ئۆزى يالغۇز قالدى. كىم بىلسۇن، بەلكىم بۇ ئۇنىڭ مېرسېدېسنى ئاخىرقى نۆۋەت كۆرۈشى بولۇپ قالۇر.

كىچىككىنە ئېدۇئار قازا تاپقاندىن كېيىن مونتې - كرىستونىڭ قەلبىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ قىسسىنىڭ ئۇزۇن ۋە ئەگرى - توقاي يولىنى بېسىپ ئۆتتى. ۋەھالەنكى،

بۇ يولنىڭ پەللىسىگە يەتكەندە ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئالدىدا دىلىغۇللۇقنىڭ چوڭقۇر ھاڭى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېرسىدېس بىلەن بولغان سۆھبەت ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئويغاتتى. ھالبۇكى، ئۇ بۇنداق ئەسلىمىلەرنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشاتتى.

مونتې - كرىستو روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇزاققىچە بېرىلىپ كېتىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. روھىي چۈشكۈنلۈك دېگەن نەرسە چۈشكۈنلۈك ئىچىدىن ساختا ئاقىلانە پىكىر ئىزدەيدىغان ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ مېڭىسىگە ئوزۇق بولالايدۇ، لېكىن ئىچى كۈچلۈك ئادەملەرگە ئەجەللىك تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. گراف ئۆزىگە شۇنداق دېدىكى، ئەگەر ئۇ دىلىغۇللۇققا بېرىلىپ، ئۆزىنى قارىلاش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، دېمەك ئۇنىڭ ئوي - پىكىرلىرىگە قانداقتۇر خاتالىق سىڭىپ كىرگەن بولىدۇ.

«ئۆتمۈشنى بۇنداق مۇلاھىزە قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئۆزىگە، — بۇنداق قوپال خاتالىققا يول قويماسلىقىم كېرەك. مەن ئەخمىقانە مەقسەتنى كۆزلىدىممۇ؟ ئون يىلدىن بېرى خاتا يولدا ماڭدىممۇ؟ بىر بىناكار پۈتۈن ئۆمىدىنى يۆلەپ قويغان بىناسىنىڭ يارامسىز بولغانلىقىنى بىر سائەتتىلا چۈشىنىپ يەتكەندەك ئىش بولۇپ قالدىمۇ - يە؟ ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بولسا ساراڭ بولۇپ قالىمەن. ناھايىتى ئۇزاقتىن قارىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆتمۈش ماڭا ئېنىق كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. ئالغا قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا ئۆتمۈش خۇددى ئارقامدا قېلىۋاتقان مەنزىرىگە ئوخشاش ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىب بولىدۇ. مەن گويا چۈشۈمدە يارىدار بولغان ئادەمگە ئوخشايمەن. قانىنى كۆرۈۋاتىمەن، ئاغرىقنى سېزىۋاتىمەن، لېكىن نېمە سەۋەبتىن بولغانلىقىنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن.



سەن، قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشكەن ھاماقەت باي، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ جۆيلۈۋاتقان قادىر ئەۋلىيا، قۇدرەتلىك مىليونېر، بىردەملىككە بولسىمۇ، گادايلارچە ئېچىنىشلىق تۇرمۇشنىڭ كۆڭۈلسىز مەنزىرىسىگە قايتقىن. سېنى بەختسىزلىككە، زۇلمەتكە ئېلىپ بارغان تەقدىرنىڭ ھېلىقى يولىنى قايتىدىن مېڭىپ ئۆتكىن. مونتې - كرىستوغا دانتېسنى كۆرسىتىۋاتقان ئاشۇ ئەينەكنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى كۆپ ئالماس، ئالتۇن ۋە ھۈزۈر - ھالاۋەتلەر دۆۋىلىنىپ، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئالماسلارنى ئېلىۋەتكىن، ئالتۇنلارنى تەمەۋەتكىن، كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇرلارنى سۈرتۈپ چىقىرىۋەتكىن. باي ئادەملىكىڭنى ئۇنتۇپ، كەمبەغەللىكنى ئەسلە؛ ھۆر ئادەملىكىڭنى ئۇنتۇپ تۇتقۇننى ئەسلە؛ تىرىك بەندىلىكىڭنى ئۇنتۇپ، ئۆلۈكنى ئەسلە».

مونتې - كرىستو ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن كېسىرى كوچىسىدا كېتىۋاتاتتى. بۇ، 24 يىل ئىلگىرى زۇۋانسىز قاراۋۇللار ئۇنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان ھېلىقى كوچا ئىدى. مانا مۇشۇ كۆركەم ۋە شادىمان ئۆيلەر شۇ كېچىسى قاراڭغۇ ۋە جىمجىت ئىدى.

— ئەنە شۇ ئۆيلەر، — دەپ پىچىرلىدى مونتې - كرىستو، — لېكىن ئۇ چاغدا قاراڭغۇ تۈن ئىدى، ھازىر يورۇق ناھار. قۇياش ھەممىنى يورۇتۇپ، ھەممىنى شادىيانە تۈسكە كىرگۈزگەن.

ئۇ سېن - لوران كوچىسى بىلەن دېڭىز بويىغا چىقىپ، پورت باشقارمىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاشۇ چاغدا ئۇنى مۇشۇ يەردە قولۋاققا ئولتۇرغۇزۇشقانىدى.

ئۇنىڭ ئالدىدىن بۆزدىن سايىۋەن تارتقان بىر قېيىق كېتىۋاتاتتى. مونتې - كرىستو قېيىقچىنى قىچقاردى. قېيىقچى ئوبدان تاپاۋەت قىلىش پۇرسىتى كەلدى دەپ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، راسا سەيلە قىلىش پەيتى ئىدى. ئوتقاشتەك قىپقىزىل قۇياش ئۇپۇققا پەسلەپ، دولقۇنلارنى يالقۇن تۈسىگە كىرگۈزگەنىدى. كۆرۈنمەس رەقىبىدىن قېچىپ كېتىۋاتقان بېلىق تەبىئەت قوچىقىدىن پاناھ ئىزدەپ، سۇدىن ئېتىلىپ چىققانىدا ئەينەكتەك سىلىق دېڭىز يۈزىدە يېنىككىنە داۋالغۇش پەيدا بولاتتى. مارتىنگ تەرەپكە كېتىۋاتقان خۇددى بېلىق ئالغۇچلاردەك ئاپئاق يېنىك قولۋاقلار ۋە كورسكا ياكى ئىسپانىيىگە يۈك توشۇۋاتقان سودا كېمىلىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھالبۇكى، گراف تىنىق ئاسمانىمۇ، قولۋاقلارنىمۇ، ئالتۇن قۇياشنىمۇ كۆرمەيتتى. ئۇ يېپىنچىغا يۆگىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ھايات يولىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنى ئەسلىمەكتە ئىدى. كاتالان كەنتىدە يورۇپ تۇرغان يېگانە چىراغ ئوتى، ئۇنىڭ نەگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرغان ئىف قەلئەسىنىڭ مۇدھىش قىياپىتى، ئۇ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلىماقچى بولغاندىكى ژاندارمىلار بىلەن بولغان كۈرەش، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگەن چاغدىكى ئۈمىدسىزلىك، ئۇنىڭ چېكىسىگە تەگلەنگەن مىلتىق... ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

گويا ياز پەسلىدە قۇرۇپ كېتىپ، كۆز بۇلۇتلىرىنىڭ كېلىشى بىلەن تەدرىجىي سۇ يىغىپ، تامار - تامار ئېقىن سۇغا ئايلانغان ئېرىقلاردەك، گراف مونتې - كرىستومۇ بىر چاغلاردا ئېدمون دانتېسنىڭ يۈرىكىگە تولغان زەرداب يەنە قايتىدىن تامار - تامار ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە تولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇ دەقىقىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئۈچۈن تىنىق ئاسمانمۇ، يېنىك قولۋاقلارمۇ، ئالتۇن قۇياشمۇ مەۋجۇت بولمىدى. ئاسماننى گوياكى ماتەملىك بۇلۇتلار قاپلىدى. ئالدى تەرەپتە قارا، يوغان ئىف قەلئەسى چوقچىيىپ چىققاندا ئۇ خۇددى ھايات - ماماتلىق دۈشمىنىنىڭ روھىنى كۆرگەندەك چۆچۈپ كەتتى.



ئۇلار مەنزىلگە يېقىنلاپ قالغانىدى.

گراف ئىختىيارسىز تۈردە قېيىقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى.

قېيىقچى بولسا، دوستانە رەۋىشتە ئۇنىڭغا قاراپ:

— كېلىپ قالدۇق، تەقسىر، — دەپ تەكرار خىتاب قىلاتتى.

مونتې - كرىستو مۇشۇ يەردە، مۇشۇ تاشلىق يولدا قاراۋۇللارنىڭ ئۇنى سۆرەپ، كەينىدىن مىلتىق نەيزىلىرى بىلەن ئىتتىرىپ مېڭىشقانلىقىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا بۇ يول دانتېسقا چەكسىز ئۇزۇندەك بىلىنگەنىدى. ئەمدى مونتې - كرىستو بۇ يولنىڭ بەك قىسقا ئىكەنلىكىنى كۆردى. پالاقىنىڭ ھەربىر ئۇرۇلۇشى چاچراپ چىققان سۇ تامچىلىرىغا قوشۇلۇپ، مىليونلىغان ئوي ۋە ئەسلىمىلەرنى قوزغىتاتتى.

ئىيۇل ئىنقىلابىدىن ئېتىبارەن ئىف قەلئەسى تۈرمە ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئەمدى ئەتكەس ماللارنى توسىدىغان كۆزەتچىلىك پونكىتىغا ئايلانغانىدى. دەرۋازىۋەن بۇ مۇدھىش يادىكارلىقنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈپ، دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى، چۈنكى بۇ قەلئە ھازىر مەشھۇر جايلاردىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.

مونتې - كرىستو بۇنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ سېپىل ئىچىگە كىرىپ، قاراڭغۇ پەلەمپەي ئارقىلىق تۆۋەنگە چۈشكەندە ئۇنى ئۆزى كۆرۈشنى ئىلتىماس قىلغان يەر ئاستى ئۆيىگە باشلاپ كىرىشكەندە، ئۇنىڭ چىرايى مۇردىدەك تاتىرىپ كەتتى، يۈرىكىنى گويا مۇز قاپلىۋالغاندەك بولدى.

گراف «بۇ يەردە خانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرىدىكى كونا گۇندىپايلاردىن بىرەرى يوقمۇ؟» دەپ سورىدى. ھالبۇكى، ئۇ گۇندىپايلارنىڭ ھەممىسى يا دىم ئېلىشقا چىقىپ كەتكەن،

يا باشقا خىزمەتلەرگە ئالمىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا يول باشلاپ ماڭغان دەرۋازىۋەن ئۇ يەرگە 1830 - يىلى كەلگەنىدى.

گرافنى بۇرۇن ئۇ ئۆزى ياتقان قاراڭغۇ كامېرغا باشلاپ كىرىشتى. ئۇ. تار تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان خىرە يورۇقلۇقنى ۋە بۇرۇن كارىۋات تۇرغان ئورۇننى يەنە كۆردى. ھازىر ئۇ يەردە كارىۋات يوق ئىدى. شۇ جايدىكى فارىيا ھەزرەت تەشكەن تۆشۈك ئېتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، تاشلىرىنىڭ بىر قەدەر يېڭىلىقى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

مونتې - كرىستو پۇتلىرىنىڭ پۈكۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋالدى.

— بۇ قەلئەگە قامالغان مەھبۇسلاردىن مىرابونى① ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلىرى توغرىسىدا قانداق گەپلەر بار؟ — دەپ سورىدى گراف، — بۇ سىرلىق زىندانغا تىرىك ئادەمنىڭ قامالغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بۇ زىندان توغرۇلۇقمۇ رىۋايەت بارمۇ؟

— شۇنداق، تەقسىر. — دېدى دەرۋازىۋەن، — ماڭا بۇ كامېرنىڭ گېپىنى گۇندىپاي ئانتۇئان سۆزلەپ بەرگەنىدى.

مونتې - كرىستو چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئانتۇئان دېگىنى بۇرۇن ئۇنىڭغا قارىغان گۇندىپاي ئىدى. گراف ئۇنىڭ ئىسمى ۋە چىرايىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا خۇددى كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك تەسەۋۋۇر قىلدى: ساقاللىق تەلەت، كالتە قارا چاپان ۋە بىر باغلام ئاچقۇچ. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى شۇ ئاچقۇچلارنىڭ شاراقلىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

گراف ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭغا خۇددى قاراڭغۇ

① مىرابو — (1749 — 1791). فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى سىياسەتچى. ئەي قەلئەسىدە سىياسىي رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.



كاردوردا ئانتۇئاننى كۆرگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ كاردور دەرۋازىۋەن تۇتۇپ تۇرغان مەشئەلنىڭ يورۇقىدا تېخىمۇ سىرلىق كۆرۈنەتتى.

— خالىسىڭىز مەن سۆزلەپ بېرەي، — دېدى دەرۋازىۋەن.

— ماقۇل، سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى مونتې - كرىستو.

ئۇ، يۈرىكىنىڭ قاتتىق گۈپۈلدەپ سوقۇشىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ، قولىنى كۆكسىگە قويدى ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاشقا تەييارلاندى.

— سۆزلەڭ، — دېدى ئۇ تەكرارلاپ.

— بۇ كامېردا، — دەپ سۆز باشلىدى دەرۋازىۋەن، — ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى بىر مەھبۇس قامالغان. ئۇنى بەك خەتەرلىك، بەك قارام ئادەم ئىدى دېيىشىدۇ. شۇ يىللاردا بۇ تۈرمىدە يەنە بىر مەھبۇس بولغان. ئۇ روھانىي بولۇپ، ياۋاش ئادەم ئىدى. بىراق ئۇ بىچارە سەۋدايى بولۇپ قالغان.

— سەۋدايى؟ — مونتې - كرىستو ياندۇرۇپ سورىدى. — سەۋدايىلىقى نېمىدە ئىپادىلىنىدىكەن؟

— ئۇ كىمنىلا كۆرسە، ئەگەر ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىشسە بىرنەچچە مىليون پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يۈرىدىكەن.

مونتې - كرىستو كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قاراتتى. لېكىن ئاسماننى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئەرشئەلانى تاش تورۇس ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ، شۇنداق دەپ ئويلىدىكى، فارىيا ھەزرەت بايلىقلارنى بەرمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى بىلەن شۇ بايلىقلارنى ئايرىپ تۇرغان توسۇقمۇ بۇ تورۇستىن كەم ئەمەس ئىدى.

— ئۇ مەھبۇسلار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشەلەمتى؟ — سورىدى مونتې - كرىستو.

— يوقسۇ، ئەفسىر، كۆرۈشۈش قاتتىق مەنئى قىلىنغان. ئەمما ئۇلار چەكلىمىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىككى كامېرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىۋالغان.

— بۇ تۆشۈكنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەشكەن؟

— ئەلۋەتتە ياش مەھبۇس تەشكەن، — دېدى دەرۋازىۋەن، — ئۇ كۈچلۈك ۋە ئەپچىل بولغانىمىش. بىچارە روھانىي ھەزرەت بولسا قېرىپ قالغان ۋە ئەقلىمۇ جايىدا ئەمەس ئىكەن.

— كۆزى ئوچۇق كورلار!... — دەپ پىچىرلىدى مونتې - كرىستو.

— قىسقىسى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دەرۋازىۋەن، — ياش مەھبۇس تۆشۈك ئاچقان. نېمە بىلەن تەشكەنلىكىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ، ئىش قىلىپ، تەشكەن. مانا قاراڭ، تۆشۈكنىڭ ئىزىنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇ، مەشئەلنى تامغا يېقىنلاشتۇردى.

— ھە، كۆردۈم، — دېدى گراف ھاياجاندىن بوغۇلغان ئاۋازدا.

— شۇندىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كامېرىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرۇشقان. قانچىلىك ۋاقىتقىچە شۇنداق بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. كېيىن قېرى مەھبۇس كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. ئاندىن ياش مەھبۇس قانداق قىلغان؟ ئويلاپ بېقىڭا.

— سۆزلەۋېرىڭ.

— ئۇ، جەسەتنى ئۆزىنىڭ كامېرىغا يۆتكەپ چىقىپ، كارىۋاتقا ياتقۇزىدۇ ۋە يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن بوش قالغان كامېرغا چىقىپ، تۆشۈكنى ئېتىۋېتىدۇ - دە، جەسەت سېلىنىدىغان تاغارغا كىرىۋالىدۇ. مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باققانمۇ سىز - ھە؟



مونتې - كرىستو كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە گويا سوغۇق تاغارنىڭ يۈزىگە تەككەنلىكىنى سەزگەندەك بولدى.

— ئۇ، ئىف قەلئەسىدە ئۆلۈكلەرنى ساندۇققا سالمايلا كۆمۈۋېتىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، — دەرۋازىۋەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — شۇڭا، كۆمۈۋەتكەندىن كېيىن يەر تېگىدىن يەنە چىقىۋالىمەن دەپ ئويلىغان چېغى. لېكىن بۇ قەلئەنىڭ قائىدىسى ئۆزگىچە ئىدى. ئۆلۈكلەر يەرگە كۆمۈلمەيتتى، بەلكى ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا توپ ئوقىنى باغلاپ، دېڭىزغا تاشلىۋېتەتتى. بۇ نۆۋەتمۇ شۇنداق بولغان. ياش مەھبۇس دېڭىزغا تاشلانغان. ئەتىسى ھەقىقىي ئۆلۈك ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ياتقانلىقى بايقالغان. شۇنىڭ بىلەن، ھەممە ئىش ئايدىڭلاشقان. جەسەتچىلەر ئۆز ۋاقتىدا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان گەپنى ئىقرار قىلىشتى، يەنى ئۇلار تاغارنى پەسكە تاشلىغاندا قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان. تاغار سۇغا چۆكۈش بىلەن ئاۋاز جىمىققان.

گراف ئېغىر نەپەس ئالاتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ ئاغرىماقتا ئىدى.

— ياق، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — ياق! مەن بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇشقا باشلىغانلىقىم ئۈچۈن دېلىغۇل بولدۇم. بۇ يەردە يۈرىكىمنىڭ جاراھىتى قايتىدىن ئېچىلدى، قىساس تەشنالىقى قايتىدىن قوزغالدى.

— ئۇ مەھبۇس توغرىسىدا باشقا گەپ يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھېچقانداق گەپ يوق. ئۇ بىر بولسا 50 فۇت ئېگىزلىكتىن موللاقلاپ چۈشۈپ ئۆلدى...

— سىز ئۇنىڭ پۇتلىرىغا توپ ئوقى باغلانغان دېگەنىدىڭىزغۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ تىك چۈشكەن بولۇشى كېرەك.

— يەنە بىر بولسا ئۇ تىنىك چۈشكەن، — دەرۋازىۋەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — توپ ئوقى ئۇنى سۇنىڭ تەكتىگە سۆرەپ چۈشۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىچارە سۇنىڭ ئاستىدا قالغان.

— ئۇنىڭغا ئىچىنامسىز؟

— راستىنى ئېيتقاندا ئىچىنىمەن، لېكىن ئۇ دېڭىزغا چۆكسە، خۇددى ئۆز ئۆيىگە كىرگەندەك بولىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئۇ بىچارە يىگىت بۇرۇن دېڭىزچى بولغانىكەن. ئۇ بوناپارتچى بولغانلىقتىن قامالغان دېيىشىدۇ.

— ھەقىقەتەن، — دەپ پىچىرلىدى گراف، — سەن خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئوت ۋە سۇنىڭ ئۈستىگە سۆزۈلۈپ چىقتىڭ! بىچارە دېڭىزچىنىڭ خاتىرىسى تېخى ئۆچمەپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرىنى ھېكايە قىلىشماقتا؛ ئۇنىڭ ھاۋانى يېرىپ چۈشۈپ، دېڭىز قەھرىگە چۆككەنلىكىنى ئاڭلىغاندا كىشىلەرنىڭ تەنلىرى شۈركۈنمەكتە.

— ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟ — گراف ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سورىدى.

— ئۇنىڭ ئىسمىنى نەدىن بىلەي؟ — دېدى دەرۋازىۋەن، — ئۇ 34 - نومۇر دەپ ئاتالغانىكەن.

— ۋىلفور، ۋىلفور! — دېدى مونتې - كرىستو بوش ئاۋازدا، — ئۇيقۇسىز تۈنلەردە مېنىڭ روھىم مۇشۇ ئىشلارنى سېنىڭ ئېسىڭگە سېلىپ تۇرغان بولغىيدى.

— يەنە باشقا يەرلەرنىمۇ كۆرەمسىز، تەقسىر؟ — دەرۋازىۋەن سورىدى.

— ھەئە، ھېلىقى سەۋدايى ھەزرەتنىڭ كامېرىنى كۆرسىتىڭ.

— 27 - نومۇرنى دەمسىز؟



— ھەئە، 27 - نومۇر، — دەپ تەكرارلىدى مونتې - كرىستو. شۇ تاپتا ئۇ فارىيا ھەزرەتنىڭ ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى سورالغاندا تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىن مۇشۇ نومۇرنى ئېيتقان چاغدىكى ئاۋازىنى قايتا ئاڭلىغاندەك بولدى.

— يۈرۈڭ.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى مونتې - كرىستو، — بۇ كامېرنى ياخشىراق كۆرۈۋالاي.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى يول باشلىغۇچى، — مەن ئاۋۇ كامېرنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— بېرىپ ئەكىلىڭ.

— مەشئەلنى سىزگە بېرەي.

— ياق، ئۆزىڭىز ئېلىپ كېتىۋېرىڭ.

— سىز قاراڭغۇدا قالامسىز.

— مەن قاراڭغۇدىمۇ كۆرەلەيمەن.

— يائاللا! سىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىكەنسىز - دە.

— كىمگە؟

— 34 - نومۇرغا. ئاڭلىشىمچە، ئۇ قاراڭغۇغا شۇنداق كۆنۈپ كېتىپتۇكى، بۇ كامېرنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدىنمۇ يىڭنىنى تاپالايدىكەن.

— ئۇنىڭ شۇ دەرىجىگە يېتىشىگە ئون يىل كەتكەن، — دەپ پىچىرلىدى گراف.

يول باشلىغۇچى مەشئەلنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

گراف توغرا ئېيتقانىدى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى كۈندۈزدىكى يورۇقلۇقتا كۆرگەندەكلا كۆرەلەيدىغان بولدى. ئۇ ئەتراپىغا نەزەر سالدى، شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ياتقان بۇ زىنداننى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — مانا بۇ تاشنىڭ ئۈستىدە مەن ئولتۇراتتىم. مانا بۇ تامدا يەلكىلىرىمنىڭ ئىزى تۇرىدۇ! مانا، قېنىمنىڭ داغلىرى. بۇ قان داغلىرى مەن بېشىمنى تامغا ئۇرۇپ، ئۆلۈۋالماقچى بولغان كۈنى قالغان! مانا رەقەملەر... ئېسىمدە... مەن بىر كۈنى ئاتامنى يەنە كۆرەلەمدىم دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى ھېسابلاپ ۋە مېرسېدېس تۇرمۇشقا چىقىپ كەتكەنمىدۇر دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى ھېسابلاپ، مۇشۇ رەقەملەرنى سىجىغانىدىم... ھېسابلاپ بولغاندا گويا ئۈمىد ئۇچقۇنىنى كۆرگەندەك بولغانىدىم... بۇ چاغدا ئاتامنىڭ ئاچ قالغانلىقىنىمۇ، مېرسېدېسنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم!

ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئاچچىق كۈلكە ئۇرغۇپ چىقتى. ئۇ، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، ئاتىسىنىڭ دەپنە قىلىنىشىنى... مېرسېدېسنىڭ نىكاھلىنىش ئۈچۈن چىركاۋغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدى.

ئۇ، يەنە بىر تامدىكى خەتلەرگە كۆز تاشلىدى. بۇ خەتلەر كۆكۈش تامدا تېخىچە ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى:

«پەرۋەردىگارىم، — ئوقۇدى مونتې - كرىستو، — ئەقلىمنى يوقىتىپ قويۇشتىن ساقلىغايسەن».

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — مەن بۇ زىنداندا ياتقان ئاخىرقى يىللاردا خۇدادىن پەقەت شۇنىلا تىلەيتتىم. ئەركىنلىكنى ئەمەس، پەقەت ئەقلىمدىن ئېزىپ قالماسلىقنىلا تىلەيتتىم. مەن ساراڭ بولۇپ قېلىپ، بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن قورقاتتىم. خۇدا، سەن مېنى ئەقلىمدىن ئازدۇرمىدىڭ، مەن ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇمىدىم. شۈكرى، پەرۋەردىگارىم!

شۇ ئەسنادا تاملاردا مەشئەل ئوتىنىڭ شولىسى پىل - پىل



قىلىپ كۆرۈندى. دەرۋازىۋەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— كەينىمدىن مېڭىڭ، — دېدى دەرۋازىۋەن.

ئۇلار يەر ئاستى كارىدورى ئارقىلىق يەنە بىر كامېرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىشتى.

فارىيا ھەزرەتنىڭ كامېرىغا كىرگەندە مونتې - كرىستو قايتىدىن ئەسلىمىلەرگە بېرىلىپ كەتتى. ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ كۆزلىرى تامغا سىزىلغان مېرىدىئانغا چۈشتى. فارىيا ھەزرەت بۇ مېرىدىئان ئارقىلىق ۋاقىتنى بەلگىلەيتتى. ئاندىن ئۇ، بەختسىز مەھبۇس ئۆلۈش ئالدىدا ياتقان كارىۋاتنىڭ سۇنۇقلىرىنى كۆردى. گراف ئۆز كامېرىدا قورقۇنچ ھېس قىلغان بولسا، بۇ يەردە چەكسىز مىننەتدارلىق تۇيغۇسى قوزغىلىپ، گويا قەلبىگە ئىللىق ھارارەت يۈگۈرگەندەك بولدى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى.

— ساراڭ ھەزرەت مۇشۇ كامېرغا قامالغان، — دېدى يول باشلىغۇچى، — ھېلىقى ياش مەھبۇس مانا بۇ يەردىن كىرەتتى (ئۇ، تامدىكى تۆشۈكنى كۆرسەتتى. تۆشۈكنىڭ بۇ كامېردىكى ئېغىزى ئېتىلمىگەنىدى)، — بىر ئالىم تاشلارنىڭ رەڭگىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئون يىل داۋامىدا بۇ تۆشۈكتىن كىرىپ - چىقىپ يۈرگەنلىكىنى ئېنىقلىغان. بىچارىلەر بۇ ئون يىلنى قانچىلىك جاپادا ئۆتكۈزگەندۇر!

دانتېس يانچۇقىدىن بىرنەچچە تىللانى چىقاردى ۋە ئۆزىنى تونۇماي تۇرۇپ، مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئىچىنى ئاغرىتقان بۇ كىشىگە ئۇزاتتى. دەرۋازىۋەن تىللالارنى ئالدى ۋە مەشئەلنىڭ يورۇقىدا بۇنىڭ بىرنەچچە ئۇششاق تەڭگە بولماستىن، نۇرغۇن پۇل ئىكەنلىكىنى كۆردى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ، — سىز خاتالىشىپ قاپسىز.

— نېمە بولدى؟

— ماڭا ئالتۇنلارنى بېرىپ قويۇپسىزە.

— بىلمەن.

— بىلمەن دەمسىز؟

— ھەئە.

— مۇشۇ ئالتۇنلارنى ماڭا بەردىڭىزما؟

— ھەئە.

دەرۋازىۋەن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىدى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ، بۇ ئامەتكە ئىشەنگۈسى كەلمەي، — بۇنداق سېخىيلىق قىلىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

— بۇنى چۈشىنىش بەك ئوڭاي، دوستۇم، — دېدى گراف، — مەنمۇ بۇرۇن دېڭىزچى بولغان. شۇڭا، سىزنىڭ ھېكايىڭىز مېنى بەك قىزىقتۇردى.

— تەقسىر، سىز بۇنداق سېخىيلىق قىلغان يەردە مەنمۇ سىزگە ئاز-تولا بىر نېمە بېرەي، — دېدى يول باشلىغۇچى.

— ماڭا نېمە بېرەلىشىڭىز مۇمكىن؟ قۇلۇلە قاپلىرىمۇ، توقۇلما سېۋەتلەرمۇ؟ ياق، رەھمەت سىزگە.

— ياق، ياق، تەقسىر، بۇ مېنىڭ ھېكايەمگە مۇناسىۋەتلىك نەرسە.

— شۇنداقمۇ؟ — گراف تېتىكلىشىپ سورىدى، — قانداق نەرسە ئۇ؟

— بۇ مۇنداق بولغان ئىش، — دېدى دەرۋازىۋەن، — مەن ئۆزۈمچە، بىر ئادەم 15 يىللىق ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن كامېردا ئاز-تولا بىر نېمە تاپقىلى بولىدۇ دەپ ئويلاپ، تاملارنى توكۇلدىتىپ تەكشۈردۈم.

— توغرا، — دېدى مونتې-كرىستو، فارىيا ھەزرەتنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى تىقىدىغان جايلىرىنى ئىسىگە ئېلىپ.



— ئۇزاق ئىزدىگەندىن كېيىن، — دەرۋازىۋەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تام ۋە ئوچاقنىڭ تېگىدىكى تاشنىڭ پوكۇلدايدىغانلىقىنى سەزدىم.

— شۇنداق، — دېدى مونتې-كرىستو.

— تاشلارنى قومۇرۇپ چىقاردىم ۋە...

— ئارغامچا شوتا بىلەن سايمانلارنى تاپتىڭىزمۇ؟ — دەپ تاشلىدى گراف.

— سىز قانداق بىلىسىز؟ — دەرۋازىۋەن ھەيران بولۇپ سورىدى.

— مەنغۇ بىلمەيمەن، شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىدىم، — دېدى، — ئادەتتە تۈرمە كامېرلىرىدىكى مەخپىي ئويۇقلاردىن ئاشۇنداق نەرسىلەر تېپىلىدۇ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دېدى دەرۋازىۋەن، — ئارغامچا شوتا بىلەن سايمانلارنى تاپتىم.

— ئۇ نەرسىلەر ھازىر سىزدىمۇ؟ — سورىدى مونتې-كرىستو.

— ياق، تەقسىر، مەن ئۇ نەرسىلەرنى ساياھەتچىلەرگە سېتىۋەتكەن. لېكىن مەندە يەنە بىر نەرسە بار.

— قانداق نەرسە؟ — گراف تاقەتسىزلىنىپ سورىدى.

— قانداقتۇر كىتاب بولسا كېرەك، پارچە لاتىلارغا يېزىلغان.

— ھە! — دەپ خىتاب قىلدى مونتې-كرىستو، — ئۇ كىتاب سىزدە بارمۇ؟

— بەلكىم ئۇ، كىتابمۇ ئەمەستۇر، — دېدى دەرۋازىۋەن، — ھەر ھالدا مەن ئۇنى ساقلاپ قويغان.

— ئۇنى ئېلىپ كېلىڭ، دوستۇم، — دېدى گراف. — ئەگەر ئۇ مەن ئويلىغان نەرسە بولسا، زىيان تارتمايسىز.

— ھازىر ئەكىلىمەن، تەقسىر.

دەرۋازىۋەن چىقىپ كەتتى.

مونتې - كرىستو گويا ئۆزى ئۈچۈن سەجدىگاھ بولغان بۇ كاردۋات سۇنۇقلىرىنىڭ يېنىغا تىزلاندى.

— ئەي، مېنىڭ ئىككىنچى ئاتام،— دېدى ئۇ،— سەن ماڭا ئەركىنلىك، بىلىم، بايلىق بەردىڭ. سەن گويا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ سىرىنى بىلىدىغان ئالىي ئىنسان. ئەگەر گۆر ئىچىدە زېمىندىكى جانلارنىڭ نىداسىغا ئىنكاس قايتۇرىدىغان بىر نەرسە بار بولسا، ئەگەر تەندىن جان ئايرىلغاندىن كېيىن سۆيگۈمىز ياكى ھەسرىتىمىز قالغان زېمىندە شۇ جاننىڭ بىرەر ئۇچۇرى قالىدىغان بولسا، ساڭا ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئەي ئالىيجاناب يۈرەك، بۈيۈك ئاقىل، ئاق كۆڭۈل پەدەر، ماڭا بەرگەن ئاتىلىق مېھرىڭ ۋە مېنىڭ ساڭا بولغان ئوغۇللۇق ساداقىتىم ھەققىدە بىر ئېغىز سۆز ياكى بىشارەت بىلەن گۇمانلىرىمنى تارقىتىۋەتكىن، چۈنكى گۇمانلىرىم ئىشەنچكە ئايلانمىسا، پۇشايمانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

گراف بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئالقانلىرىنى جۈپلىدى.

— ئەكەلدىم، تەقسىر،— ئارقا تەرەپتىن ئېيتىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

مونتې - كرىستو چۆچۈپ، ئارقىغا بۇرۇلدى. دەرۋازىۋەن فارىيا ھەزرەتنىڭ بارلىق بىلىم بايلىقىنى سەرپ قىلىپ يازغان رەخت پارچىلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. بۇ، فارىيا ھەزرەتنىڭ ئىتالىيە ھاكىمىيىتىنىڭ تۈزۈلمىسى ھەققىدىكى كاتتا ئەسىرىنىڭ قول يازمىسى ئىدى. گراف بۇنى دەرھال قولىغا ئالدى ۋە ئەڭ ئالدى بىلەن ئېپىگرافقا كۆزى چۈشتى. ئۇ تۆۋەندىكىنى ئوقۇدى:

«تەڭرى شۇنداق دەيدۇكى، سەن ئەجدىھانىڭ چىشلىرىنى يۇلۇپ تاشلايسەن، شىرلار سېنىڭ ئاياغ ئاستىڭدا بولىدۇ».



— مانا جاۋاب!— دەپ خىتاب قىلدى ئۇ،— رەھمەت ساڭا، ئاتا، رەھمەت!

شۇ گەپ بىلەن ئۇ يانچۇقىدىن 10 مىڭ فرانكلىق قەغەز پۇلدىن ئونى سېلىنغان ھەميانىنى چىقىرىپ، دېدى:

— مەڭ.

— بۇنى ماڭا بەردىڭىزمۇ؟

— ھەئە، لېكىن بىر شەرتىم بار. بۇنى مەن كەتمىگۈچە ئاچمايسىز.

گراف ئۆزى ئۈچۈن پۈتۈن جاھاننىڭ بايلىقىدىنمۇ قەدىرلىك بولغان بۇ تەۋەررۈكنى قوينىغا تىقىپ، يەر ئاستى يولىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، قېيىققا ئولتۇردى.

— مارسېلغا!— دېدى.

قېيىق قوزغالدى. مونتې - كرىستو مۇدھىش قەلئەگە كۆز تىكتى.

— مېنى بۇ قاراڭغۇ زىندانغا سولىغانلار ۋە مېنىڭ ئۇ يەردە ياتقىنىمنى ئۇنتۇغانلار ئۆلسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ!— دېدى ئۇ.

قېيىق كاتالان كەنتىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا گراف تەتۈر قارىۋالدى ۋە يۈزىنى يېپىنچىسىغا پۈركىۋېلىپ بىر ئايالچە ئىسىمنى پىچىرلىدى. بۇ، تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەنلىك ئىدى. گراف يەنە بىر قېتىملىق دېلىغۇللۇقنى يەڭدى. ئۇ، مۇلايىم ئاۋازى ۋە چوڭقۇر مېھرى بىلەن تىلغا ئالغان ئىسىم گايدەنىڭ ئىسمى ئىدى.

مونتې - كرىستو قىرغاققا چىققاندىن كېيىن موررېل كەتكەن قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدى.

ئۇ، ئون يىلنىڭ ئالدىدا بۇ قەبرىستانلىقتىن بىر قەبرىنى بىھۇدە ئىزدىگەنىدى. ئۇ، فرانسىيىگە مىليونېر بولۇپ

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاچ قېلىپ ئۆلگەن ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى تاپالمىغانىدى.

توغرا موررېل بوۋاي ئۇنىڭغا كرېست ياسىتىپ قويغۇزغانىدى. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كرېست ئۆرۈلۈپ چۈشتى ۋە گۆركار ئۇنى ئوتۇن قىلىپ ئالدۇەتتى. ئومۇمەن، گۆركارلار قەبرىستانلىقتا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى تېرىپ ئېلىپ كېتىدىغان خەق. بۇ ھۆرمەتلىك موررېل ئەپەندى تەلەيلىك چىقتى. ئۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قولىدا ۋاپات بولدى ۋە ئىككى يىل ئالدىدا باقى ئالەمگە كەتكەن ئايالىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئويۇلغان كەڭ مەرمەر تاختىلاردىن قوپۇرۇلغان ئىككى قەبرە تۆت تۈپ سەرۋە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى تۆمۈر رېشاتكا بىلەن قاشالانغانىدى.

ماكسىمىلىئان دەرەخقە يۆلىنىپ، بۇ ئىككى قەبرىگە پەرىشانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ، قايغۇرۇپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ماكسىمىلىئان، — دېدى گراف ئۇنىڭغا، — قەبرىلەرگە ئەمەس، بۇياققا قاراش كېرەك!

ئۇ، ئاسمانىنى كۆرسەتتى.

— ئۆلگەنلەر ھامان بىز بىلەن بىللە بولىدۇ، — دېدى موررېل، — مېنى پارىژدىن ئېلىپ كېتىش ئالدىدا ئۆزىڭىز شۇنداق دېگەنىدىڭىز.

— ماكسىمىلىئان، — دېدى گراف، — يولدا كېلىۋاتقاندا سىز مارسېلدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن دېگەنىدىڭىز. بۇ نىيىتىڭىزدىن يانمىغانسىز؟

— مېنىڭ ئەمدى ھېچقانداق نىيىتىم يوق، گراف. شۇنداقتىمۇ، باشقا يەرگە بارغاندىن مۇشۇ يەردە تۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ.



— شۇنداق بولغىنى ياخشى، ماكسىمىلىئان. چۈنكى مەن ئەمدى سىزدىن ئايرىلىمەن ۋە سىزنىڭ ۋەدىڭىزنى ئېلىپ كېتىمەن. شۇنداقمۇ؟

— ۋەدەمنى ئۇنتۇپ كېتىمەن، گراف، — دېدى موررېل.

— ياق، ئۇنتۇمايسىز، چۈنكى سىز لەۋزىڭىزدە تۇرىدىغان ئادەم، ماكسىمىلىئان، چۈنكى سىز مېنىڭ ئالدىمدا قەسەم قىلغان، سىز مېنىڭ ئالدىمدا يەنە بىر قېتىم قەسەمياد قىلىسىز.

— گراف، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! مەن شۇنچە بەختسىز بولۇپ قالدىمغۇ!

— سىزدىنمۇ بەختسىزرەك بولغان بىر ئادەم بار، موررېل.

— مۇمكىن ئەمەس.

— بەندىلەر ھامان مۇشۇنداق شەخسىيەتچى بولىدىكەن، — دېدى مونتې - كرىستو، — ھەرقانداق بەندە ئاھ ئۇرۇپ، كۆز يېشىنى تۆكۈۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن بەختسىزرەك دەپ ھېسابلايدىكەن.

— بۇ دۇنيادا بىردىنبىر ياخشى كۆرگەن ۋە ئارزۇ قىلغان نەرسىسىدىن ئايرىلغان ئادەمدىنمۇ بەختسىز بولغۇدەك كىم ئىكەن ئۇ؟

— ماڭا قاراڭ، موررېل، — دېدى مونتې - كرىستو، — سۆزلىرىمنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاڭ. مەن بىر كىشىنى تونۇيتتۇم. ئۇمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ بارلىق بەختىنى بىر ئايالنىڭ مۇھەببىتىگە باغلاپ قويغانىدى. ئۇ كىشى ياش ئىدى. ئۇ، ئاتىسىنى ياخشى كۆرەتتى، ۋەدىلەشكەن قىزىنى چىن قەلبىدىن سۆيەتتى. ئۇلار توي قىلماقچى بولۇشتى. لېكىن ئۇشتۇمتۇت تەقدىرنىڭ تەتۈرلۈكى تۇتتى. بۇنداق تەتۈرلۈككە دۇچ كەلگەن كىشىلەر تەڭرىنىڭ رەھىمدىللىكىدىن شەكلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما تەڭرى ئاخىرى بىر كۈنى پۈتۈن ئالەم ئۇنىڭ يېگانە

ئۇرادىسىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تەقدىرنىڭ شۇ تەتۈرلۈكى ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى، سۆيگەن قىزىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ بىچارە ئىستىقبالىمنى قولغا كەلتۈرۈپ بولدۇم دەپ ئويلاپ يۈرەتتى، چۈنكى ئۇ كۆزى ئاجىز ئادەمدەك پەقەت كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىلا كۆرەتتى. ھالبۇكى، تەقدىر ئۇنىڭ ئىستىقبالىنىمۇ ئېلىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى قاراڭغۇ زىندانغا تاشلىدى.

— زىنداندىن بىر ھەپتە، بىر ئاي ياكى بىر يىلدىن كېيىن قايتىپ چىقىشى مۇمكىن، — دېدى موررېل.

— ئۇ، زىنداندا 14 يىل ياتتى، موررېل، — دېدى گراف ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ.

ماكسىمىلىئان چۆچۈپ كەتتى.

— 14 يىل! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

— 14 يىل، — دەپ تەكرارلىدى گراف، — ئاشۇ ئۇزۇن يىللار جەريانىدا ئۇنىڭمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن چاغلىرى بولغان. ئۇمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش ئۆزىنى ئەڭ بەختسىز ئادەم دەپ ھېسابلىغان ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلىغان.

— ئاخىرى قانداق بولدى؟ — سورىدى موررېل.

— ھالقىلىق پەيتتە كەلگەندە تەڭرى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىنسان قىياپىتىدىكى بىر قۇتقۇزغۇچىنى ئەۋەتتى. چۈنكى ھازىرقى دەۋردە تەڭرى ئۆزى بىۋاستە مۆجىزە كۆرسەتمەيدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇ تەڭرىنىڭ چەكسىز شاپائىتىگە تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزالمىغان. تولا ياش تۆكۈپ تۇمانلاشقان كۆزلەرنىڭ قايتىدىن روشەنلىشىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ۋاقىت كېرەك بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ سەۋر قىلىپ، ئاخىرغىچە كۈتۈشنى قارار قىلىدى. ئاخىرى شۇنداق بىر كۈن يېتىپ كەلدىكى، ئۇ كارامەت كۆرسەتكەندەك باي، قۇدرەتلىك ئەۋلىيا قىياپىتىدە گۆردىن چىقتى.



ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئاتىسىنى كۆرۈشكە ئىنتىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلگەنىدى.

— مېنىڭ ئاتاممۇ ئۆلۈپ كەتكەن، — دېدى موررېل.

— شۇنداق، لېكىن سىزنىڭ ئاتىڭىز مېھىر-مۇھەببەت، بەخت-سائادەت، ئىززەت-ئېھتىرام ۋە بايلىق ئىچىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئۆلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى بولسا، يوقسۇللۇق ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تەڭرىدىن شەكلىنىپ ئۆلدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ ئون يىل ئۆتكەندە ئوغلى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، قەبرىسىنى تاپالمىدى. ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭغا «سېنى شۇنچە ياخشى كۆرگەن يۈرەك مانا مۇشۇ يەردە ياتىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ بېرەلمىدى.

— ئاھ خۇدا! — دېدى موررېل.

— شۇ كىشى سىزدىنمۇ بەختسىز ئىدى، موررېل. ئۇ ھەتتا ئۆز ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

— بىراق، ئۇ ياخشى ئايال ئۆلمىگەندۇر، — دېدى موررېل.

— خاتالاشتىڭىز، موررېل. ئۇ ئايال...

— ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟ — دېدى موررېل.

— ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق بولدى. ئۇ، مۇھەببەتكە ئاسىيلىق قىلدى. ئۇ، ئۆز يىگىتىگە زىيانكەشلىك قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرىگە تەگدى. كۆردىڭىزمۇ، موررېل، ئۇ كىشى مۇھەببەتتە سىزدىن بەكرەك بەختسىز بولغان.

— تەڭرى ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتالىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— تەڭرى ئۇنىڭغا ئارام بەخش ئەتتى.

— ئۇ كىشى يەنە ئۆزىنى بەختلىك دەپ ھېسابلامدۇ؟

— ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشقا ئۈمىدى بار، ماكسىمىلىئان.

موررېل گەپ قىلماستىن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— مەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلىمەن، — دېدى ئۇ مونتې - كرىستوغا قولىنى ئۇزىتىپ، — لېكىن يادىڭىزدا بولسۇن...

— يادىمدا، موررېل، 5 - ئۆكتەبىر كۈنى مەن سىزنى مونتې - كرىستو ئارىلىدا كۈتىمەن. ئۈتىنچى كۈنى «ئېۋرو» ناملىق يەلكەنلىك كېمە باستىيىدە سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. شۇ كېمىنىڭ كاپىتانىغا ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتسىڭىز ئۇ سىزنى مېنىڭ يېنىمغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. شۇنداق بولسۇنمۇ، ماكسىمىلىئان؟

— شۇنداق بولسۇن، گىراف. مەن سۆزۈمدە تۇرىمەن. لېكىن، ئۇنتۇپ قالماڭ، 5 - ئۆكتەبىر كۈنى...

— سىز تېخىچىلا گۆدەك ئىكەنسىز، موررېل. چوڭ ئادەمنىڭ ۋەدىسى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنسىز ... مەن سىزگە بۇنى 20 قېتىملارچە تەكرارلاپ ئېيتقاندۇرمەن. 5 - ئۆكتەبىر كۈنى ئەگەر سىز يەنىلا ئۆلۈشنى خالىسىڭىز ئۆلۈشىڭىزگە مەن ياردەم قىلىمەن. خوش، ماكسىمىلىئان!

— مېنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ كېتەمسىز؟

— شۇنداق، مېنىڭ ئىتالىيىدە بىرئاز ئىشىم بار. سىزنى قايغۇ - ھەسرەتلىرىڭىز بىلەن يالغۇز قويۇپ كېتىمەن. تەڭرى ئۆزىنىڭ نەزەرى چۈشكەن بەندىلىرىنى ئالدىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان ئاشۇ كەڭ قاناتلىق بۈركۈت سىزگە ھەمراھ بولغاي. ماكسىمىلىئان، گانىمېدنىڭ ۋەقەسى چۆچەك ئەمەس، بەلكى تەمسىل①.

— قاچان كېتىسىز؟

— ھازىر. مېنى كۈتۈپ تۇرغان پاراخوت بار. يەنە بىر سائەتتىن كېيىن مەن بۇ يەردىن يىراقتا بولىمەن. مېنى پرىستانغىچە ئۇزىتىپ قويامسىز؟

① بۇ يەردە يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى بىر ۋەقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



— مەن پۈتۈنلەي سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزدا، گىراف.

— مېنى قۇچاقلاڭ.

موررېل گىرافنى پرىستانغىچە ئۇزىتىپ باردى. پاراخوتنىڭ قارا تۇرخۇنىدىن چىقىۋاتقان تۈگۈر - تۈگۈر ئىسلار ئاسماننىڭ قەھرىگە ئۆرلىمەكتە ئىدى. پاراخوت ھايال بولماي قىرغاقتىن ئايرىلدى ۋە بىر سائەتتىن كېيىن خۇددى مونتې - كرىستونىڭ ئېيتقىنىدەك، پاراخوتنىڭ ئاقۇش ئىسى كۆكۈم چۈشۈپ، قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغان ئۇپۇقنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئاران كۆرۈنۈپ قالدى.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

## پېپىنو

گرافنىڭ پاراخوتى مورژىئون تۇمشۇقىدىن ئۆتۈۋاتقان مەزگىلدە، فلورېنسىيىدىن رىمغا بارىدىغان يول بىلەن كىرا ھارۋىسىدا كېتىۋاتقان بىر كىشى ئاكۋاپېندېنتې ناملىق بىر كىچىك شەھەردىن ئۆتتى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغىمىغۇدەك تېزلىكتە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى پەلتو يول ئۈستىدە پېتىدىن چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قادالغان «ھۆرمەت لېگىئونى» ئوردېنىنىڭ لېنتىسى تېخى يېپيېڭى ئىدى. كاستيۇمىنىڭ ئىزمىسىگىمۇ ئاشۇنداق لېنتىدىن بىرى قادالغانىدى. بۇ ئالامەتلا ئەمەس، ئۇنىڭ ھارۋىكەشكە سۆزلىگەندىكى تەلەپپۇزىدىن قارىغاندىمۇ بۇ كىشىنىڭ فرانسۇز ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇنى-

ۋېرسال تىللىق دۆلەتتە تۇغۇلغانلىقىنى يەنە شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ئىتالىيان تىلىدىن پەقەت مۇزىكىغا ئائىت سۆزلەرنىلا بىلەتتى. مەسىلەن، فىگارو كۆپ ئىشلىتىدىغان «گوددام»① دېگەندەك سۆزلەر ھەرقانداق تىلنىڭ نازۇك تەرەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

— ئاللېگرو!② — دەيتتى ئۇ ھارۋىكەشكە يول يۇقىرىغا ئۆرلىگەن چاغلاردا.

— مودېراتو! ③ — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ يول تۆۋەنگە يۈزلەنگەندە.

ۋەھالەنكى، فلورېنسىيەدىن رىمغا ئاكۋاپېندېنتې ئارقىلىق ئۆتىدىغان يول ئۈستىدە قانچىلىك ئويمان-دۆڭلەرنىڭ بارلىقىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ!

ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ بۇ ئىككى سۆزىنى كىم ئاڭلىسا شۇنىڭ كۈلگىسى كېلەتتى.

مەڭگۈلۈك شەھەرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغاندا، يەنى ستورتاغا يېتىپ كەلگەندە رىمنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ھەرقانداق چەت ئەللىك زوقىنى باسالماي، رىمغا يېقىن قالغاندا ھەممىدىن ئاۋۋال كۆزگە چېلىقىدىغان مۇقەددەس پېتىر گۈمبىزىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھارۋا ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇۋالىدۇ. لېكىن، مەزكۇر ساياھەتچى ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

ئۇ، يانچۇقىدىن ھەميانىنى چىقاردى، ھەميانىدىن تۆت قاتلانغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى ۋە ئۇنى ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ئاۋايلاپ ئاچتى، ئاندىن يەنە قاتلاپ قويۇپ:

① فرانسىيەدە كەڭ تارقالغان ئىنگلىزچە سۆزلەردىن بىرى بولۇپ، XV ئەسىردە فرانسۇزلار ئىنگلىزلارنى گوددام دەپ ئاتايتتى.

② نوتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئىتاليانچە سۆز، «شىددەتلىك، تېز» دېگەن مەنىلەردە.

③ نوتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئىتاليانچە سۆز، «ئاستا، سىلىق» دېگەن مەنىدە.



— ياخشى، بۇ نەرسە يوقالمىدى، — دېگەن گەپنىلا ئېيتتى.

ھارۋا پوپولو دەرۋازىسىدىن كىرىپ، سولغا بۇرۇلدى ۋە «لوندون» مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

خوجايىن پاستورنى ئەپەندى، بىزنىڭ كونا تونۇشىمىز ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، شلەپىسىنى قولىدا تۇتقان ھالدا بۇ ساياھەتچىنى قارشى ئالدى. ساياھەتچى ھارۋىدىن چۈشۈپ، سەپەرلىك غىزا تەييارلاشنى بۇيرۇدى ۋە «تومسون ۋە فرېنچ» بانكا شىركىتىنىڭ ئادرېسىنى سورىدى. بۇ ئادرېس ئۇنىڭغا دەرھال ئېيتىپ بېرىلدى، چۈنكى ئۇ رىمدىكى ئەڭ مەشھۇر بانكا شىركەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ شىركەت «بانكا» كوچىسىدىكى مۇقەددەس پېتىر ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىدا ئىدى.

رىمدا، خۇددى ھەرقانداق جايدىكىگە ئوخشاش، كىرا ھارۋىسىنىڭ كېلىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بىرنەچچە يالىڭاياق گۆدەكلەر بىر قولىنى بېلىگە تىرەپ، يەنە بىر قولىنى بېشىنىڭ كەينىگە ئېلىپ، ساياھەتچى، ھارۋا ۋە ئاتلارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. مەڭگۈلۈك شەھەرنىڭ بۇ كوچا باللىرىغا يەنە 50 چە بىكارچى كېلىپ قوشۇلدى. بۇنداق بىكارچىلار قىلىدىغان ئىش تاپالماي، ھەر كۈنى دېگۈدەك «پەرىشتە» كۆۋرۈكىدىن تىبىر دەرياسىغا تۈكۈرۈپ، سۇ يۈزىدە چەمبەرسىمان دائىرىلەرنىڭ تارقىلىشىغا ھەۋەسلىنىپ تۇرۇشىدۇ. ھالبۇكى، رىمنىڭ كوچا باللىرى ۋە بىكارچىلىرى پارىژلىقلارغا نىسبەتەن خېلى تەلەيلىك. ئۇلار ھەرخىل تىللارنى، بولۇپمۇ فرانسۇز تىلىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار مەزكۇر ساياھەتچىنىڭ ئۆزىگە ھۇجرا سورىغانلىقىنى ۋە غىزا بۇيرۇتقانلىقىنى، ئاندىن تومسون ۋە فرېنچ بانكا شىركىتىنىڭ ئادرېسىنى سۈرۈشتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ چۈشىنىشتى.

يېڭى كەلگەن ساياھەتچى يول باشلىغۇچىنىڭ ھەمراھلى-

قىدا مېھمانخانىدىن چىققاندا، تويلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئىچىدىن بىر ئادەم ئايرىلىپ چىقتى. ئۇ، ساياھەتچىمۇ، ئۇنىڭ يول باشلىغۇچىسىمۇ تۇيدۇرماستىن، مەلۇم ئارىلىق قويۇپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇ، شۇنداق چېۋەرلىك بىلەن پايلاپ ماڭدىكى، پارىژنىڭ مەخپىي ساقچىلىرى ئۇنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بېرەلمەس ئىدى.

فرانسۇز ساياھەتچى تومسۇن ۋە فرېنچ بانكا شىركىتىگە بېرىشقا شۇ قەدەر ئالدىرىدىكى، ئاتلار ئالماشتۇرۇلغۇچە ساقلاپ تۇرمىدى. ھارۋا ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشۋېلىشى ياكى بانكىنىڭ ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

يول بويى ھارۋا ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەلمىدى.

فرانسۇز بانكىغا كىردى. يول باشلىغۇچى ئىشىك ئالدىدا قالدى ھەمدە مۇقىم كەسپىي بولمىغان ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇدۇل كەلگەن ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرنەچچە شەخس بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. رىمدا بۇنداق كىشىلەر ھەمىشە بانكا، چېركاۋ، خارابىلەر، مۇزېي ۋە تىياترخانىلارنىڭ ئالدىدا لاغايلاپ يۈرۈشىدۇ.

توپ ئىچىدىن ئايرىلىپ چىققان ھېلىقى كىشىمۇ فرانسۇزنىڭ كەينىدىنلا كىرىپ كەتتى. فرانسۇز ئىشخانا ئىشىكىنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتتى ۋە بىرىنچى بۆلمىگە كىردى. گويا ئۇنىڭ سايىسىدەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى كىشىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كىردى.

— تومسۇن ۋە فرېنچ ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى فرانسۇز.

بىرىنچى بۆلمىدە كېرىلىپ ئولتۇرغان ئەمەلدار ئىشارەت قىلىپ، بىر خىزمەتچىنى چاقىردى.

— كىم كەلدى دەپ خەۋەر قىلىمەن؟ — سورىدى خىزمەتچى، بۇ چەت ئەللىككە يول باشلاشقا ھازىرلىنىپ.



— بارون دانگلار، — دەپ جاۋاب بەردى ساياھەتچى.

— مەرھەمەت.

ئىشىك ئېچىلدى. خىزمەتچى بىلەن بارون كىرىپ كېتىشتى. دانگلارنى ماراپ كەلگەن كىشى بىرىنچى بۆلمىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

ئەمەلدار بەش مىنۇتقىچە بېشىنى كۆتۈرمەي بىرنېمىلەرنى يازدى. شۇ بەش مىنۇت ئىچىدە ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كىشى ئۈن-تىن چىقارماي ۋە قىمىر قىلماي ئولتۇردى. ئاخىرى، ئەمەلدار يېزىشنى توختاتتى. ئۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆپچۆرىسىگە زەن سېلىپ قاراپ قويدى ۋە باشقا ئادەم يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن دېدى:

— ھە، بۇ سەنمۇ، پېپىنو؟

— ھەئە! — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى ھېلىقى كىشى.

— بۇ يوغان قورساقتىن بىرەر نەپ چىقىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

— بۇ قېتىمقى ئىشتا مېنىڭ تۆھپەم يوق. ئۇنىڭ كېلىشىنى بىزگە باشقا بىر ئادەم ئۇقتۇرۇپ قويدى.

— ئەمىسە ئۇنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلىدىكەنسەن-دە؟

— بىلمەيچۇ! پۇل ئالغىلى كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالىدىغان پۇلىنىڭ قانچىلىك سوممىا ئىكەنلىكىنى بىلسەكلا بولىدۇ.

— ھازىرلا بىلىسەن، دوستۇم.

— ياخشى. لېكىن ئۆتكەن قېتىمقىدەك يالغان ئېيتىپ قويما، جومۇ!

— قايسى گەپنى دەيسەن؟ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا 3000 سكۇدو ئالغان ھېلىقى ئىنگلىزنى دەمسەن؟

— ياق، ئۇنىڭ يېنىدا راستىنىلا 3000 سكۇدو بار ئىكەن. بىز ئۇنى تاپتۇق. مەن ھېلىقى رۇس كىنەزنى دەيمەن.

— نېمە بولدى؟

— نېمە بولاتتى! سەن ئۆينىڭ يېنىدا 30 مىڭ لىۋر بار دېگەنىدىڭ. بىز ئاران 22 مىڭنى تاپالىدۇق.

— تۆزۈكرەك ئاختۇرمىغان ئوخشايسىلەر.

— ئۇنى لۇيىدژى ۋامپا ئۆزى ئاختۇرغان.

— ئەمىسە، ئۇ قەرزى بولسا تۆلىۋەتكەن بولغىيدى...

— رۇسنى دەمسەن؟

— ... ياكى خەجلىۋەتكەن بولغىيدى.

— ھە، بەلكىم شۇنداقتۇر.

— بەلكىم ئەمەس، چوقۇم شۇنداق. ھە، بولدى، ئەمدى مەن بېرىپ كۆزىتىپ كېلەي. بۇ فرانسۇز يەنە ئىشنى تۈگىتىپ بولسا، ئېنىق سوممىنى ئۇقالماي قالماي.

پېپىنو بېشىنى لىڭشىتتى ۋە يانچۇقىدىن تەسۋىنى چىقىرىپ، بوش ئاۋازدا ئايەت ئوقۇغىلى تۇردى. ئەمەلدار بايا خىزمەتچى بىلەن بارون كىرىپ كەتكەن بۆلمىگە كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتەر-ئۆتمەيلا ئەمەلدار كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قايتىپ چىقتى.

— ھە، قانداق؟ — دەپ سورىدى پېپىنو.

— دىققەت، دىققەت! — دېدى ئەمەلدار، — سالماقلىق سومما ئىكەن ئەمەسمۇ!

— 5 - 6 مىليون چىقامدىكەن؟

— شۇنداق. سەن قانداق بىلدىڭ؟

— جانابىي گراف مونتې-كرىستونىڭ خېتىدىن ئۇققان.

— گرافنى سەنمۇ تونۇمسەن؟

— رىم، ۋېنېتسىيە ھەم ۋېنا بانكىلىرىنىڭ چەكلىرىگە يېزىلغانمۇ؟

— توغرا! — دەپ خىتاب قىلدى ئەمەلدار، — بۇلىنى نەدىن بىلدىڭ؟



— بىز ئالدىن خەۋەر تاپقان دېدىمغۇ.

— ئەمىسە، مەندىن سوراپ نېمە قىلىسەن؟

— بىز تۇتماقچى بولغان ئادەمنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن سورىدىم.

— شۇ ئىكەن... 5 مىليون. قالتىس ئىش بولدى، پېپىنو، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— سېنىڭ بىلەن بىز ھەرگىز ئۇنچىلىك دۇنياغا ئىگە بولالمايمىز.

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى پېپىنو پەيلاسوپلارچە مۇلاھىزە قىلىپ، — بىزنىڭ قولىمىزدىمۇ ئانچە-مۇنچە بار بولىدۇ.

— جىم! ئۇ چىقىۋاتىدۇ.

ئەمەلدار يەنە قەلەمنى قولىغا ئالدى. پېپىنو يەنە تەسۋى سىيرىگىلى تۇردى. ئىشىك ئېچىلغاندا ئۇلارنىڭ بىرى يېزىۋاتاتتى، يەنە بىرى ئايەت ئوقۇۋاتاتتى.

چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان دانگلار پەيدا بولدى. بانكىر ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. پېپىنومۇ دانگلارغا ئەگىشىپ پەلەمپەيدىن چۈشتى.

كېلىشىپ قويۇلغىنى بويىچە، تومسون ۋە فرېنچ بانكا شىركىتىنىڭ ئىشىك ئالدىدا پەيتون كۈتۈپ تۇرغانىدى. ھەر قانداق ئىشنى قاملاشتۇرىدىغان خۇش خۇي يول باشلىغۇچى پەيتوننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. دانگلار 20 ياشلىق يىگىتتەك ئەپچىللىك بىلەن پەيتونغا سەكرەپ چىقتى. يول باشلىغۇچى ئىشىكنى يېپىپ، ھارۋىكەشنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. پېپىنو ھارۋىنىڭ كەينىگە ئېسىلىپ تۇرۇۋالدى.

— جانابلىرى مۇقەددەس پېتر ئىبادەتخانىسىنى كۆرۈشنى خالامدىكىن؟ — دەپ سورىدى يول باشلىغۇچى.

— ئېمە ئۈچۈن؟

— كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن-دە.

— مەن رىمغا سەيلە قىلىش ئۈچۈن كەلمىدىم، — دېدى دانگلار ۋە ئاندىن خۇپسەنلىك بىلەن ھىجىيىپ قوشۇپ قويدى، — مەن پۇل ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، ئامانەت چېكى سېلىنغان ھەميانىنى سىلاپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا، جانابلىرى نەگە بارىدىكىن؟

— مېھمانخانىغا.

— پاسترىنىنىڭ مېھمانخانىسىغا، — دېدى يول باشلىغۇچى ھارۋىكەشكە.

پەيتون تېز سۈرئەتتە يۈرۈپ كەتتى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن بارون ئۆزىنىڭ مېھمانخانىدىكى ھۇجرىسىغا كىردى. پېپىنو كوچىدا توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەردىن بىرىگە بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى پىچىرلاپ ئېيتتى ۋە مېھمانخانىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى بولسا، كاپىتولىيگە بارىدىغان يول بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى.

دانگلار ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆڭلى ئارام تاپقانىدى. شۇڭا ئۇخلىغۇسى كەلدى. ئۇ، تۆشەككە ياتتى ۋە ھەميانىنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ، ئۇيقۇغا كەتتى.

پېپىنونىڭ ئالدىرىغۇدەك ئىشى يوق ئىدى. ئۇ، ھامماللار بىلەن قارتا ئوينىدى، ئاخىرى ئۈچ سكۇدو ئۇتتۇرۇپ قويدى ۋە ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن بىر شىشە ئورۋىيېت شارابىنى ئىچىۋەتتى.

دانگلار بالدۇر ياتقان بولسىمۇ، ئەتىسى كېچىكىپ ئورنىدىن تۇردى. ئالتە كۈندىن بېرى ئۇنى ئۇخلىدى دېگەندىمۇ،



ناھايىتى كەم ئۇخلىغانىدى. ئۇ، ئۆزى ئېيتقاندەك، مەڭگۈلۈك شەھەرنىڭ گۈزەللىكلىرىگە پەرۋاسىز بولغاچقا، چىڭ تويۇپ غىزالاندى-دە، پېشىنگە ئۈلگۈرتۈپ كىرا ھارۋىسىنى تەييار قىلىشنى بۇيرۇدى.

ھالبۇكى، دانگلار ساقچىلارنىڭ رەسمىيەتچىلىكىنى ۋە بېكەت نازارەتچىسىنىڭ ھۇرۇنلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغانىدى. ھارۋا چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە تەييار بولدى. يول باشلىغۇچى بولسا، رەسمىيەتلىرى بېجىرىلگەن پاسپورتنى سائەت ئۈچتە ئېلىپ كەلدى.

بۇ ئاۋارىگەرچىلىكلەر تاماملانغۇچە پاسترىنى ئەپەندىنىڭ ئىشىك ئالدىغا نۇرغۇنلىغان بىكار تەلەپلەر توپلاندى. ھېلىقىدەك كوچا بالىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

بارون ئۆزىنى «جانابلىرى» دەپ ئاتىشىپ، ئاز-تولا چاي پۇلىدىن تەمە قىلىشىپ تۇرغان بىكارچىلارنىڭ ئارىسىدىن غالىبانە قىياپەتتە مېڭىپ ئۆتتى. مەلۇمكى، دانگلار دېموكراتىك كۆز قاراشقا ئىگە كىشى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بارون ئۇنۋانى بىلەنلا قانائەتلىنىپ يۈرەتتى ۋە «جانابلىرى» دەپ ئاتىلىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھالدا بۇ توپلىشىپ تۇرغان ھەر خىل كىشىلەرگە ئون نەچچە كاۋۇش تەڭگىنى تارقىتىپ بېرىۋەتتى. ناۋادا شۇ تاپتا كىشىلەر ئۇنى «جانابىي ئالىيلىرى» دەپ ئاتىغان بولسا، يەنە 20 تەڭگە بېرىۋېتىشكىمۇ تەييار ئىدى.

— قايسى يول بىلەن ماڭىسىز؟ — دەپ سورىدى ھارۋىكەش ئىتاليانچىلاپ.

— ئانكونىغا، — دەپ جاۋاب بەردى بارون.

پاسترىنى سوئال ۋە جاۋابنى تەرجىمە قىلىپ بەردى ۋە ئاتلار ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. دانگلار ئاۋۋال ۋېنېتسىيىگە

بىرىپ، پۇللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىشنى، ئاندىن ۋېناغا بېرىپ، پۇللىرىنىڭ قالغان قىسمىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ «كۆكۆللۈك شەھەر» دەپ نامى چىققان ۋېنادا ماكانلىشىپ قېلىشنى ئويلايتتى.

ئۇ، رىم تۈزلەڭلىكىنى بويلاپ ئۈچ لىې ماڭماي تۇرۇپلا گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. دانگلار يولغا بۇنداق كېچىكىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى، بولمىسا ئەتىگەنچە كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى. ئۇ، ھارۋىكەشتىن نۆۋەتتىكى شەھەرگىچە يەنە قانچىلىك قالغانلىقىنى سورىدى.

— نون كاپىسكو①! — دېدى ھارۋىكەش.

دانگلار خۇددى «ياخشى» دېگەننى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. پەيتۇن يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

«دەسلەپكى بېكەتتىلا قونۇشقا توختايمەن»، — دېدى دانگلار ئۆز ئىچىدە.

دانگلار قانغۇچە ئۇخلىۋالغان بولغاچقا، تۈنۈگۈنكىدەكلا روھىي كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇ، سۇ پەتلىك ياسالغان ئەنگلىيە پەيتۇنىدا يۇمشاق ياستۇقلارغا بەخىرامان يانپاشلىدى. پەيتۇنغا قوشۇلغان بىر جۈپ ياخشى ئات توختىماي چاپماقتا. ئۇ، ئەڭ يېقىندىكى بېكەتكە يەنە يەتتە لىې قالغانلىقىنى بىلەتتى. تېخى ھازىرلا پۇلسىزلىقتىن شۇنچە ئەپچىللىك بىلەن قۇتۇلغان بانكىر نېمىلەرنى ئويلىشى مۇمكىن؟

دانگلار پارىژدا قالغان ئايالىنى ئون مىنۇتچە ئويلىدى. ئاندىن، ئارمىلىيى خانقىز بىلەن جاھانكەشتىلىك قىلىپ چىقىپ كەتكەن قىزىنىمۇ ئون مىنۇتچە ئويلىدى. شۇنىدىن كېيىن يەنە

① ئىتاليانچە: بىلمەيمەن، چۈشەنمەيمەن.



ئون مىنۇتلۇق ۋاقتىنى ئۆزىگە پۇل بەرگەن بانكىرلارنى ۋە ئۇ پۇللارنى قانداق ئىشلىتىشنى ئويلاشقا بېغىشلىدى. ئاخىرى يەنە ئويلىغۇدەك باشقا ئىشلىرى بولمىغاچقا، كۆزلىرىنى يۇمدى - دە، ئۇخلاپ قالدى. ئارىلاپ، ھارۋا بەكرەك سىلكىنىپ كەتكەندە دانگلار بىر دەملىككە كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ ھەر قېتىم كۆزلىرىنى ئاچقاندا پەيتۇننىڭ رىم تۈزلەڭلىكىنى بويلاپ بىر خىل تېزلىكتە كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە خۇددى يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت تاشقا ئايلىنىپ قالغان دېۋىلەردەك چوقچىيىپ تۇرغان ئاسما سۇ يوللىرىنىڭ خارابىلىرىنى كۆرەتتى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى تۈن سوغۇق، قاراڭغۇ ۋە يامغۇرلۇق بولغاچقا، بېشىنى سىرتقا چىقىرىپ، ھارۋىكەشتىن «مەنزىلگە يېتىشكە ئاز قالدۇقمۇ؟» دەپ سورىغاندىن كۆرە، پەيتۇننىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىۋېلىپ، مۈگدەپ ياتقان تۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ھارۋىكەشتىن نېمىنى سورىساڭمۇ «نون كاپىسكو!» دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، دانگلار ئۆز ئىچىدە «بېكەتكە يەتكەندە تويساممۇ بولىدىغۇ»، دەپ قايتىدىن ئۇخلايتتى.

پەيتۇن توختىدى. دانگلار، ئاخىرى كۆزلىگەن نىشانغا يەتتىم دەپ ئويلىدى. ئۇ، كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە بىر شەھەر ياكى بولمىغاندىمۇ بىرەر يېزىغا كەلگەن ئوخشايمىز دەپ ئويلاپ سىرتقا قارىدى. ھالبۇكى ئۇ پەقەت بىر يېگانە كەپىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن ئۈچ - تۆت ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى. دانگلار ئۆزىنى بۇ بېكەتكە يەتكۈزۈپ قويغان ھارۋىكەش ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى سوراپ كېلىدۇ دېگەن ئوي بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى. ئۇ باشقا ھارۋىكەش ئالماشقاندا ئۇنىڭدىن سوراپ باقاي دەپ ئويلىدى. لېكىن، پەيتۇنغا ئاتلار ئالماشتۇرۇلۇپ قوشۇلدىيۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچكىم پۇل تەلەپ قىلىپ

گەلمەدى. دانگلار تولىمۇ ئەجەبلىنىپ، پەيتوننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. لېكىن كىمدۇر بىرىنىڭ كۈچلۈك قولى دەرھال ئىشىكنى قاتتىق يېپىۋەتتى. پەيتون يەنە يولغا چۈشتى. ھاڭ - تاڭ بولغان بانكىرنىڭ ئۇيقۇسىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

— ھەي! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ھارۋىكەشكە، — ھەي! مىئو كارو![1]

دانگلار بۇ ئىككى سۆزنى ئۇنىڭ قىزى كىنەز كاۋالكانتى بىلەن ناخشا ئېيتىشىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆگىنىۋالغانىدى. بىراق، مىئو كارو ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى. دانگلار پەيتوننىڭ پەنجىرىسىنى ئاچتى.

— ھەي، دوستۇم! نەگە كېتىۋاتىمىز؟ — دېدى ئۇ بېشىنى چىقىرىپ.

— دېنترو لا تېستا! — ھارۋىكەش قوپال ئاۋاز ۋە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ۋارقىرىدى.

دانگلار «دېنترو لا تېستا» دېگەننىڭ «بېشىڭنى چىقارما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇنىڭ ئىتاليان تىلىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈنۈمى ناھايىتى تېز بولماقتا ئىدى. ئۇ بىرئاز خاتىرجەمسىزلەنگەن بولسىمۇ، بۇيرۇققا بويسۇندى. ئۇنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى مىنۇتسېرى ئۇلغايدى ۋە كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ مېڭىسىدە، يەنى مەزكۇر سەپەرنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئارتۇقچە خىيالدىن خالىي بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز يۇمۇشىغا ئىمكان بەرگەن غەمسىز مېڭىسىدە يولۇچىنىڭ، بولۇپمۇ دانگلاردەك يولۇچىنىڭ دىققىتىنى سەگەكلەشتۈرىدىغان سان - ساناقسىز ئوي - پىكىرلەر قوزغالدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ كۆزلىرى روشەنلەشتى، كېيىن جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى نەرسىلەرنى پەرق

[1] ئىتاليانچە: قەدىرلىكىم.



ئېتەلمەي قالدى، كىشىلەر قورقۇشتىن بۇرۇن ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرىدۇ، قورقۇپ كەتكەندە كۆزىگە بىر نەرسە ئىككى بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئاندىن كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىدۇ.

دانگلار پەيتوننىڭ ئوڭ تەرىپىدە يېپىنچىغا پۈركىنىۋالغان بىر ئادەمنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«ژاندارما بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — فرانسىيە ساقچى دائىرىلىرى تېلېگراف ئارقىلىق پاپا مەمۇرىيىتىگە مېنى تۇتۇش ھەققىدە خەۋەر بەرگەنمىدۇر؟» ئۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى.

— مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— دېنترو لا تېستا! — يەنە بايىقىدەك تەھدىت تەلەپپۇزىدا ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

دانگلار پەيتوننىڭ سول تەرىپىگە قارىدى. سول تەرەپتىمۇ بىر ئاتلىق كىشى چېپىپ كېلىۋاتاتتى.

— قولغا چۈشۈپتىمەن، — دېدى دانگلار، تەنلىرى تىكەنلىشىپ.

ئۇ، ئەمدى ئۇخلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھوشىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن پەيتوننىڭ بىر بۇلۇڭىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەستىن ئاي چىقتى.

دانگلار پەيتوننىڭ ئىچكىرىسىدىن تۈزلەڭگە قارىدى ۋە بايا كۆرگەن سۇ يوللىرىنىڭ يوغان - يوغان تاش قالدۇقلىرىنى يەنە كۆردى، بىراق، ئەمدى ئۇلار ئوڭ تەرەپتە ئەمەس، سول ياقتا ئىدى. ئۇ، پەيتوننىڭ ئارقىغا قايتقانلىقىنى ۋە ئۇنى رىمغا ياندۇرۇپ ئېلىپ كېتىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— تۈگەشتىم! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — ئۇلار مېنى تۇتۇپ بەرمەكچى.

پەيتۇن شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، ئازابلىق بىر سائەت ئۆتتى. يول بويى ئۇچرىغان نەرسىلەر قاچقۇننى كەلگەن يولى بىلەن قايتۇرۇپ مېڭىشىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى، ئاخىرى ئۇ قانداقتۇر قاپقارا ھەم يوغان توسۇقنى كۆردى ۋە خۇددى پەيتۇن شۇ توسۇققا بېرىپ ئۇرۇلىدىغاندەك تۇيۇلدى، لېكىن، ئاتلار بىر يانغا بۇرۇلدى - دە، بۇ قارا توسۇققا ياندىشىپ مېڭىشتى. بۇ، رىمنى قورشاپ تۇرغان قورغانلاردىن بىرىنىڭ سېپىلى ئىدى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى دانگلار، — شەھەرگە كىرمەيدىكەنمىزغۇ، دېمەك، مەن ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشمەپتىمەن، يا پەرۋەردىگارىم! بۇ كىشىلەر...

گويا ئۇنىڭ چاچلىرى دىك - دىك بولۇپ كەتتى، ئۇ، پارىژدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگەن رىم قاراقچىلىرى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ، يەنە ئالبېر مورسېرنىڭ ئېژېنى بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلمىگەن چاغدا مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسىنى ئەسلىدى.

— بۇلاڭچىلار ئوخشىمامدۇ؟! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

پەيتۇننىڭ چاقلىرى قۇم يولغا قارىغاندا ۋاتتىقراق بىر يەرگە چىقىپ تاراقلاشقا باشلىدى، دانگلار ھوشىنى يىغىپ سىرتقا قارىدى، ئۇ، ئالبېرنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ ئاپپىي يولىدا كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى، سول تەرەپتىكى پەسلىكتە بىر چەمبەر شەكىلدىكى ئويۇق جاي كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كاراكېللا سىرك مەيدانى ئىدى.

ئوڭ تەرەپتە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان كىشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەيتۇن توختىدى، شۇ ھامان پەيتۇننىڭ سول ياندىكى ئىشىكى ئېچىلدى.

— چۈشۈڭ! — كىمدۇر بىرى بۇيرۇق قىلدى.



دانگلار دەرھال پەيتۇندىن چۈشتى. ئۇ، ئىتالىيانچە سۆزلىيەلمىسىمۇ، چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن بارون ئۆپچۆرىسىگە قارىدى. ھارۋىكەشنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۆت ئادەم ئۇنى قورشاپ تۇراتتى.

— بۇياققا مېڭىڭ، — دېدى تۆتەيلەندىن بىرى ۋە رىم تۈزلەڭلىكىنىڭ ئېگىز - پەس ئېدىرلىرىدىن ئاپپىي يولى تەرەپكە تۆۋەنلەپ ماڭدى. دانگلار ئۈن - تىن چىقارماستىن، ئۇنىڭغا ئەگەشتى ۋە ئارقىسىغا قارىماي تۇرۇپمۇ قالغان ئۈچەيلەننىڭ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى، بۇ كىشىلەر خۇددى قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىغا تۇرغۇزۇلۇۋاتقان جېسەكچىلەردەك تەڭ ئارىلىق قالدۇرۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توختاشقا باشلىدى.

شۇ تەرىقىدە ئون مىنۇتچە يۈرگەندىن كېيىن دانگلار ئۆزى بىلەن بىر ئېغىزمۇ سۆز ئالماشتۇرماي يول باشلاپ ماڭغان كىشىگە ئەگىشىپ كېلىپ، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر دۆڭ بىلەن ئېگىز ئۆسكەن كۆكاتلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى. زۇۋان سۈرمىگەن ئۈچ ئادەم ئۈچ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ، ئۇنى ئارىغا ئالدى. ئۇ، گەپ قىلماقچى بولدىيۇ، لېكىن تىلى سۆزگە بارمىدى.

— ئاۋانتى![1] — دېدى يەنە بايىقى قوپال ۋە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى ئاۋاز.

دانگلار بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ناھايىتىمۇ ياخشى چۈشەندى، چۈنكى بۇ سۆز ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى: ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ئادەم ئۇنى شۇنداق ئىتتىردىكى، ئۇ، يول باشلاپ ماڭغان كىشىگە ئۇسسۇۋالدى.

---

① ئىتالىيانچە: ئالغا.

بۇ يول باشلاپ ماڭغان كىشى پىپىنو ئىدى. ئۇ ئېگىز چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ماڭدى. ئۇ باشلىغان چىغىر يول شۇ قەدەر ئەگرى - بۈگرى ئىدىكى، بۇنى پەقەت سۆسەر ۋە كەسلەنچۈكلەرلا ئېچىلغان يول دەپ ھېسابلىشى مۇمكىن ئىدى. پىپىنو قويۇق چاتقاللىق ئىچىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ توختىدى. ئاندىن ئۇ خۇددى ئەپسانىلەردىكى شەيتانلارغا ئوخشاش ئەپچىللىك بىلەن يارنىڭ يېرىقىغا كىرىپ كەتتى. دانگلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان كىشى ۋارقىراپ ۋە قولىنى شىلتىپ، بانكىرنىمۇ شۇ يېرىققا كىرىشكە زورلىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، پاردىزلىق بانكىر رىم قاراقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى.

دانگلار ئىلاجسىزلىقتىن ۋە قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇندى. ئۇنىڭ يوغان قورسىقى بۇنداق يوچۇقلاردا قىسىلىپ مېڭىشقا ماسلاشمىغان بولسىمۇ، ئۇ پىپىنونىڭ كەينىدىن كىرىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى - دە، ئوڭدىسىغا يېتىپ، تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشتى ۋە ئاندىن ئۆرە قوپتى. ئۇ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاچتى.

ئۇنىڭ ئالدىدىكى يول كەڭ بولسىمۇ، تۇم قاراڭغۇ ئىدى. پىپىنو ئەمدى ئۆز ئۆيىدە بولغاچقا، چىرايىنى يوشۇرماستىن مەشئەلگە ئوت ياقتى.

دانگلارنىڭ كەينىدىن يەنە ئىككى ئادەم چۈشتى. ئۇلار، دانگلار توختاپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى كەينىدىن ئىتتىرىپ، يانتۇ يول ئارقىلىق بىر قاراڭغۇ ئاچالغا ئېلىپ كېلىشتى.

ئۇدۇلدا ئاق تام بولۇپ، ئۇنىڭدىكى قاتار - قاتار ئويۇقلار خۇددى باش سۆڭىكىدىكى كۆز تۆشۈكلىرىدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. شۇ يەردە تۇرغان جىبەكچى مىلتىقنى تەڭلىدى.

— كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئۆز ئادەم! — دېدى پىپىنو. — ئاتامان قېنى؟



— ئاۋۇ ياقتا، — دېدى جىبەكچى ۋە بېشىنى سىلكىپ ئارقا تەرەپنى كۆرسەتتى. ئۇ يەردە ئۆيۈل تاشقا ئويۇلغان بىر زال بولۇپ، كەڭ كىمىرلىك تۆشۈكلەردىن يورۇقلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— قالتىس ئولجا، ئاتامان، — دېدى پىپىنو ئىتالىيانچىلاپ.

ئۇ، دانگلارنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ، ئىشىككە ئوخشاش بىر تۆشۈكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىشىك ئاتاماننىڭ تۇرار جايىغا ئېلىپ كىرەتتى.

— ھېلىقى كىشىمۇ؟ — سورىدى ئاتامان. ئۇ ئەسلىدە پلۇتارخ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئالېكساندىرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ ئولتۇرغانىدى.

— شۇنىڭ ئۆزى، ئاتامان.

— ياخشى. ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ باققىنا.

پىپىنو بۇ ئىلتىپاتسىز بۇيرۇقنى ئورۇنداپ، مەشئەلنى دانگلارنىڭ يۈزىگە شۇنداق شىددەت بىلەن يېقىنلاشتۇردىكى، دانگلار قاشلىرىنى كۆيدۈرۈۋالماسلىق ئۈچۈن ئارقىسىغا داجىدى. ئۇنىڭ ئۆلگۈدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزى قورقۇشتىن ئۆزگىرىپ، يىرگىنىشلىك تۈس ئالدى.

— ئۇ چارچاپ كېتىپتۇ، — دېدى ئاتامان، — ئۇنىڭ ياتىدىغان يېرىنى كۆرسىتىپ بېرىڭ.

— ياتىدىغان يېرىم گۆر بولۇشى مۇمكىن، — دەپ پىچىرلىدى دانگلار، — مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئۇيقۇ ئاشۇ قاراڭغۇدا يالتىراپ تۇرغان خەنجەرلەرنىڭ بىرىدىن كېلىدىغان ئەجەل بولۇشى مۇمكىن.

دەرۋەقە، ئالبېر مورسېر كىرگەندە «تېسىزار خاتىرىلىرى»نى ئوقۇپ ئولتۇرغان، دانگلار كىرگەندە ئالېكساندىرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇۋاتقان ئاشۇ كىشىنىڭ سەپداشلىرى يوغان زالى-

نىڭ ئىچكىرىسىدىكى قۇرۇق چۆپ ۋە بۆرە تېرىلىرى ئۈستىدىن تۇرۇپ، قوزغىلىشقا باشلاشتى.

بانكىر بوغۇق ئاۋازدا ئىڭراپ، پېپىنونىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇ، ۋارقىراشقىمۇ، يالۋۇرۇشقىمۇ ئۇرۇنمىدى. ئۇنىڭ كۈچ - مادارى، ئىرادىسى، ئارزۇسى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ، مېڭىشقا مەجبۇر قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، پۇتلىشىپ كەتتى ۋە پەلەمپەيگە كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ، ماشىنىنى ئۇرۇۋالماسلىق ئۈچۈن بېشىنى ئەگدى - دە، قىياغا ئويۇلغان بىر گەمىگە كىرىپ قالدى. بۇ گەمە پاكىز ۋە يەر ئاستىدا بولۇشقا قارىماي قۇرۇق ئىدى. بىر بۇلۇڭغا قۇرۇق چۆپ سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە پارچە ئۆچكە تېرىسى تاشلاپ قويۇلغانىدى.

دانگلار بۇ تۆشەككە قاراپ، گويا ئۆزىنىڭ نىجات يۇلتۇزىنى كۆرگەندەك بولدى.

— خۇداغا شۈكۈر! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — بۇ ھەقىقەتەن ئادەم ياتىدىغان جاي ئىكەن.

ئۇ مۈشۈكنىڭ بىلەن بىر سائەت ئىچىدە ئىككى قېتىم خۇدانى تىلغا ئالدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ خۇدانى ياد ئەتمىگىنىگە ئون يىل بولۇپ قالغانىدى.

— مانا، — دېدى يول باشلىغۇچى ۋە دانگلارنى گەمە ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ، ئىشىكنى ياپتى. قۇلۇپ شاراقلىدى. دانگلار ئەسىرگە چۈشكەنىدى. قۇلۇپ بولمىغاندىمۇ، سان - سىباستيانو ئەخمىسىدىكى بۇ قوراللىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن پەقەت ئەۋلىيا پېترلا پەرىشتىنى يول باشلىغۇچى قىلىپ، چىقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ قوراللىق كىشىلەرنىڭ سەردارى ئاتاقلىق لۇيىدژى ۋامپا ئىكەنلىكىنى كىتابخانلىرىمىز چوقۇم



بىلىپ بولدى. دانگلارمۇ بۇ قاراقچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى. ۋاھالەنكى، ئالبېر ئۇنى پارىژلىقلارغا تونۇشتۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەندە دانگلار ئۇنىڭ گەپلىرىگە قەتئىي ئىشەنمىگەنىدى. ئۇ ئەمدى مورسېر قامالغان بۇ گەمىنىمۇ تونۇدى. قارىغاندا، بۇ گەمە مەخسۇس چەتئەللىك «مېھمانلار» ئۈچۈن ئاجرىتىلغاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ ئەسلىمىلەر دانگلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. قاراقچىلار ئۇنى تۇتۇۋېلىش بىلەنلا ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن ئىكەن، دېمەك ئۇلارنىڭ ئۇمۇمەن ئۆلتۈرۈش نىيىتى يوق دېگەن سۆز. ئۇنى بۇلاش مەقسىتىدە تۇتۇۋېلىشقان بولۇشى مۇمكىن. بۇلايمەن دېيىشسە، ئۇنىڭ يېنىدا ئاران بىرنەچچە تىللادىن باشقا نەرسە يوق. شۇڭا، ئۇنىڭدىن تۆلەم تەلەپ قىلىشلىرى مۇمكىن. ئۇ، مورسېرغا 4000 ئېكيۇ تۆلەم قويۇشقانلىقىنى ئەسلىدى. ھالبۇكى، ئۇ، ئۆزىنى مورسېرغا نىسبەتەن خېلى ئىناۋەتلىك دەپ ھېسابلىغاچقا، ئۆز ئىچىدە 8000 ئېكيۇ تۆلەم بېرىپ قۇتۇلارمەن دەپ ئويلىدى. 8000 ئېكيۇ دېگەن 48 مىڭ لىۋرغا باراۋەر. ئۇنىڭ يېنىدا بولسا، 5 مىليون 50 مىڭ فرانك تۇرسا، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتكىلى بولمامدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا گۇمانى قالمىدى، چۈنكى بىر ئادەمدىن 5 مىليون 50 مىڭ فرانك تۆلەم ئېلىش كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش - تە. دانگلار تۆشەك ئۈستىگە سوزۇلۇپ ياتتى ۋە ئۇياق - بۇيېقىغا ئۆرۈلۈپ قويۇپ، خۇددى لۇيىدژى ۋامپا ئوقۇپ ئولتۇرغان كىتابتىكى قەھرىماندەك خاتىرجەملىك بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# لۇيىدژى ۋامپانىڭ مال باھا ئۆلچىمى

دانگلار قورققان ھېلىقىدەك ئۇيقۇنى مۇستەسنا قىلغاندا، ھەرقانداق ئۇيقۇدىن كېيىن ئادەم ئويغىنىدۇ.

دانگلار ئويغاندى. تاۋار پەردىلەر، يۇمران زەدىۋاللار، مەشتە كۆيۈۋاتقان ئوتتۇندىن كېلىۋاتقان دېۋىرقاي پۇرىقى، خۇش پۇراق ئەتلەس چىمىلدىقلارغا ئۆگىنىپ قالغان پارىژلىق بۇنداق ئەسكى تېرىلەر سېلىنغان ئۆڭكۈردە ياتقانلىقىنى گويا قارا باسقاندەك ھېس قىلىشى تۇرغان گەپ. دانگلار ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى ئۆچكە تېرىلىرىنى تۇتۇپ بېقىپ، ياۋايى ئادەمخور-لارنىڭ ياكى لاپلاندلارنىڭ① قولىغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلىغاندۇر. ھالبۇكى، بۇنداق شارائىتتا گۇماننى ئىشەنچكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر سېكۇنت ۋاقىتلا كۇپايە قىلىدۇ.

«شۇنداق، شۇنداق، دەپ ئەسلىدى ئۇ، — مەن ھازىر ئالبېر مورسېر سۆزلەپ بەرگەن قاراقچىلارنىڭ قولىدا». ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ يارىدار ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش ئۈچۈن چوڭقۇر نەپەس ئالدى. بۇنداق قىلىشنى ئۇ «دونكىخوت»تىن ئوقۇپ بىلىۋالغانىدى. بۇ، ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئوقۇغان بىردىنبىر كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى جايلىرى يادىدا قالغانىدى.

«ياق، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — ئۇلار مېنى ئۆلتۈر-

① شۋېتسىيە، نورۋېگىيە ۋە فىنلاندىيىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ياشىغۇچى سائام خەلقىنىڭ بۇرۇنقى نامى.



مەپتۇ، ھەتتا يارىدارمۇ قىلماپتۇ. يا ئۇلار مېنى بۇلىۋالدىمۇ؟» ئۇ، ھاپىلا - شاپىلا يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى. يانچۇقلاردىكى ھەممە نەرسە جايىدا ئىدى. ئۇ، رىمدىن ۋېنىتسىيىگە بارغىچە ئىشلىتىشكە ئايرىپ قويغان 100 لۇيىدور ئاۋۋالقىدەكلا شىمىنىڭ يانچۇقىدا، 5 مىليون 50 مىڭ فرانكنىڭ چېكى سېلىنغان ھەميان يەنىلا چاپىنىنىڭ يانچۇقىدا ئىدى.

«غەلىتە قاراقچىلار ئىكەنغۇ بۇلار! — دېدى ئۇ، ئۆز ئىچىدە، — پۇلنىمۇ، چەكنىمۇ ئېلىشماپتۇ! تۈنۈگۈن ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا ئويلىغانلىرىم توغرا ئىكەن - دە. ئۇلار مەندىن تۆلەم ئالماقچى. تېخى سائىتىمگىمۇ تېگىشمەپتۇ! قېنى، سائەت قانچە بولدىكىن». دانگلارنىڭ سائىتى برېگېتنىڭ داڭلىق سائەتلىرىدىن بولۇپ، تۈنۈگۈن يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا ئوبدان بۇراپ قويۇلغانىدى. ھازىر بۇ سائەت سەھەر بەش يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ سائەت بولمىسا، دانگلار ۋاقىتنى بىلەلمىگەن بولاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ گەمىسىگە كۈن نۇرى چۈشمەيتتى.

قاراقچىلاردىن گەپ سوراش كېرەكمۇ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ئېغىز ئاچقۇچە تاقەت قىلىپ تۇرۇش تۈزۈكمۇ؟ ئاخىرقىسى مۇۋاپىقتەك ئىدى. دانگلار كۈتۈشنى قارار قىلدى. ئۇ پېشىن-گىچە كۈتتى.

ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا بىر جېسەكچى تۇراتتى. ئەتىگەن سائەت سەككىزدە باشقا جېسەكچى ئالماشتى.

دانگلارنىڭ جېسەكچىلىك قىلىۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. ئىشىكنىڭ ياخشى ھەملەنمىگەن تاختايلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن يورۇقلۇق (كۈن نۇرى ئەمەس، چىراغنىڭ يورۇقى) چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ، ئاشۇ يوچۇقلارنىڭ بىرىدىن سىرتقا قارىدى بۇ چاغدا جېسەكچى تورسۇقتىن مەي ئىچىۋاتاتتى. تورسۇقتىن كېلىۋاتقان پۇراق دانگلارغا يىرگىنىشلىك تۇيۇلدى.

— تۇف! — دەپ غودۇڭشىدى ئۇ ۋە گەمىنىڭ ئىرىقى بولۇڭغا بىرىۋالدى.

چۈش بولغاندا مەيپەرەسىنىڭ ئورنىغا باشقا جىسەكچى ئالماشتى. دانگلار بۇ يىڭى قاراۋۇلنىمۇ كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقتى. ئۇ يەنە ئىشىكنىڭ يىنىغا كىلىپ، يوچۇقتىن قاردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆرگىنى بىر قابىل يىگىت بولۇپ، پال كۆز، دورداي كالپۇك، پاناق بۇرۇن ئىدى؛ تۇتام - تۇتام سىرىق چاچلىرى يىلاندەك تولغىنىپ، يەلكىلىرىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

«بۇ، بەئەينى بىر ئادەمخور مەخلۇقا ئوخشايدىكەن، — دەپ ئويلىدى دانگلار، — بىراق، مەن بەك قېرى، گۆشۈم قاتتىق، تەمسىز».

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، دانگلار تېخى چاقچاق قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتمىغانىدى.

شۇ ئەسنادا، جىسەكچى گويا ئۆزىنىڭ ئادەمخور ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرۇپ، خالتىسىدىن بىر پارچە قارا بولكا، بىرنەچچە باش پىياز ۋە بىر كىسىم سىرىق مايىنى چىقاردى - دە، ئىشتىها بىلەن غىزالىنىشقا كىرىشتى.

— يا ئاللا، — دىدى دانگلار يوچۇقتىن قاراپ تۇرۇپ، — مۇشۇنداق قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلەرنى قانداقمۇ يەيدىغاندۇر.

ئۇ، خۇددى ئالدىنقى جىسەكچى ئىچكەن مەيگە ئوخشاش سىسىق پۇرايدىغان ئۆچكە تىرىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى.

دانگلار خىلىغىچە غەيرەت قىلىپ باقتى، لىكىن تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ يەتكىلى بولمايدۇ: ئاچ قورساققا ئەڭ بولمىغۇر يىمەكلىكلەرمۇ بەك تاتلىق تىتىيدۇ. دانگلار ئۇشتۇمتۇت ئاش قازىنىنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭغا جىسەكچى



ئانچە سەت ئەمەستەك. بولكا ئانچە قارا ئەمەستەك ۋە سىرىق مايمۇ خىلى يىگىدەك تۇيۇلدى. ھەتتا ياۋايىلار يەيدىغان ئاشۇ خام پىيازلارمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئاشپىزىگە «دىنىزو، ماڭا ئاچچىق - چۈچۈك بىر نەرسە تەييارلاپ بەرگىن» — دىگەن ۋاقىتلىرىدىكى كەلتۈرۈلىدىغان خام سەيلەرنى ئەسلەتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى چەكتى. جىسەكچى بېشىنى كۆتۈردى. دانگلار ئىشىكنى يەنە چەكتى.

— نىمە بولدى؟ — دەپ سورىدى قاراقچى.

— بۇياققا كىلىڭا، دوستۇم، — دىدى دانگلار، ئىشىكنى بارماقلىرى بىلەن تاقىلدىتىپ، — مىنىمۇ ئويلاپ قويساڭلار بولاتتىڭغۇ!

قاراقچى ئۇنىڭ گىپىنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭغا بۇ ھەققتە كۆرسەتمە بېرىلمىگەنمۇ، ئىشقىلىپ، غىزاسىغا قايتىدىن تۇتۇش قىلدى. دانگلار ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھىس قىلدى ۋە بۇنداق ئەدەبسىز بىلەن سۆزلىشىشنى خالىماي، يەنە ئۆچكە تىرىلىرى ئۈستىگە ياتتى - دە، ئارتۇق سۆز قىلمىدى.

يەنە تۆت سائەت ئۆتتى. بايىقى جىسەكچىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قاراقچى ئالماشتى. دانگلار خىلىدىن بىرى قورسىقى ئېچىپ، قىينالماقتا ئىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاردى ۋە ئۆزىنى بۇ يەرگە ئىلىپ كەلگەن كىشىنىڭ چىرايىنى تونۇدى. بۇ، پىپپىنو بولۇپ، قارىغاندا ئۆزىنىڭ نۆۋەتچىلىك ۋاقتىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى ۋە ياغدا پۇشۇرۇلغان خۇش پۇراقلىق تۈركىيە پۇرچىقى سىلىنغان ساپال كورىنى ئالدىغا قويدى. ئاندىن، كورىنىڭ يىنىغا بىر سىۋەت ۋىلتىرى ئۈزۈمى بىلەن بىر شىشە ئورۋىيىت شارابىنى ئەكىلىپ قويدى. قارىغاندا. پىپپىنو قورسىقىغا ئامراق ئادەمدەك

كۆرۈنـەتتى. بۇ، ئىشتىھانى قوزغىـغۇچى يېمـەك .. ئىـچمەكنى كۆرگەندە دانگلارنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتـتى.

«قاراپ باقايـلى، ـــ دېدى تـۇتـقۇن ئـۆز ئىچىـدە، ـــ بـۇ، قـۇلىقى يۇمشاقراق بـولـۇپ چىقسا ئەجەب ئەمـەس». ئۇ، ئىشىكـنى ئاستـا چەكتى.

ـــ ھـە، مانا، مانا، ـــ دېدى قاراقچى فرانسۇز تىلىدا. چـۈنكى ئۇ پاسترىنىنىڭ مېھمانخـانىسىغـا بېـرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ، بۇ تىلنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

ئۇ ئورنىدىن تـۇرۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. دانـگلار ئۇنىـڭ ھـېلىقى «بېشىڭنى چىقـارما!» دەپ زەردە بىـلەن ۋارقىـرىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇدى. لېكىن دانگلارنىڭ ھازىر رەنجىگۈدەك ھالى قالـمىغانىدى. ئەكسىچە، ئۇ خـۇشامەتگۇيلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، دېدى:

ـــ ئەپۇ قىلىـڭ، تەقسىر، ماڭا تاماق بېرىلمەمدۇ؟

ـــ يـوقسۇ، يـوقسۇ! ـــ دېدى پېپىنو، ـــ جانابلىرىنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

ـــ بـۇنـداق سـوئال قـويـۇشـىڭىز ئورۇنـسىـز! ـــ دەپ غـودۇڭـشىدى دانـگلار، ـــ ئاغزىمغا بىر نېمە ئالمىغىنىمغا بىر سوتكا بولدى. ھە، شۇنداق، تەقسىر، ـــ دەپ قـوشـۇپ قويدى ئۇ، ئاۋازىنى چىڭراق چىقىرىپ، ـــ قورسىقىم ئاچتى، بەك ئاچتى.

ـــ جانابـلىرى تاماق يېسەم دېمەكچىمۇ؟

ـــ مۇمكىن بولسا، ھازىرلا تاماق بەرسەڭلەر ئىكەن.

ـــ بـۇ بـەك ئوڭاي ئىشقـۇ، ـــ دېدى پېپىنو، ـــ بـۇ يەردە خالىغىنىڭىزنىڭ ھەممىسى بار. ئەلۋەتتە، پۇلغا سېتىلىدۇ. بارلىق مۆمىن خرىستىئانلارنىـڭ ئادىتى شـۇنداققۇ.

ـــ ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە! ـــ دەپ خىتاب قىلدى دانگلار، ـــ



شۇنداقتىمۇ، ھەق گەپنى قىلغاندا، سىلەر ئادەملەرنى سـولىۋالـغانـدىن كېيىن ئۇلارنىـڭ قـورسـىقىغـا بىر نېمە بېـرىشىڭلار كېـرەك ئىدى.

ـــ يـوقـسۇ، جانابـلـىرى، ـــ دەپ ئېتىـراز بىلدۈردى پېپىنو، ـــ بىزدە ئۇنداق ئادەت يوق.

ـــ بـۇنـداق سەۋەب كـۆرستىش تـوغرا ئەمەس، لېكىن بىز مۇنازىرە قىلىشمايلى، ـــ دېدى دانگلار، ئۆزىنىـڭ گۈندىـپېيىنى خۇش مۇئامىلە بىلەن يـۇمشاتماقچى بـولۇپ، ـــ قېنى، ئەمىسە ماڭا تاماق ئەكەلدۈرۈپ بەرمەمسىز.

ـــ مانا ھازىرلا، جانابـلـىرى. نېمە يېيىشنى خالايسىز؟ پېپىنو قولـىدىكى كـورىنى يـەرگـە قـويـدى. ئۇنـىڭدىن چىققۇاتقان ھور ئۇدۇل دانگلارنىـڭ بۇرنىغا يەتتى.

ـــ بۇيرۇڭ، ـــ دېدى پېپىنو.

ـــ بۇ يەردە ئاشخـانا بارمۇ؟ ـــ سورىدى بانكىر.

ـــ بـولمايچۇ! ئەلۋەتتە بار. ناھايىتى ياخشى ئاشخانا بار.

ـــ ئاشپەزلەرمۇ بارمـۇ؟

ـــ ئاجايىپ ئۇستا ئاشپەزلەر بار.

ـــ ئۇنداق بـولسا، بىر چۈجە، ياكى بېلىق، ياكى بولمىسا، نېمىنىـڭ گـۆشى بـولـسىمۇ بـولۇۋېرىدۇ. ئىشقىلىپ يـەيدىغان نەرسە بـەرسەڭلەرلا بولدى.

ـــ جانابىلىرى نېمىنى خالىسا شـۇنى بېـرىمىز. چـۈجـە كېـرەكمۇ؟

ـــ ھەئە، چـۈجە.

پېپىنو قەددىنى رۇسلاپ، ئاۋازىنىـڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

ـــ جانابـلىرىغا بىر چۈجە!

پېپىنونىڭ ئاۋازى بېـسىقمـاي تـۇرۇپـلا بىـر چىرايلىق، قامەتلىـك ۋە خـۇددى قـەدىمكى بېلىق تۇشۇغۇچىدەك بېلىنىڭ

ئۇستى ئەرپىنى يالىڭاچ قويغان بىر يىگىت پەيدا بولدى، ئۇ چوجە سېلىنغان كومۇش تاۋاقنى بېشىغا قويۇپ، قولى بىلەن تۇتماي كېلىۋاتاتتى.

— پارى قەھۋەخانىسىدىكىگە ئوخشاشلا، — دەپ شىۋىرلىدى دانگلار.

— مەرھەمەت، جانابلىرى، — دېدى پېپىنو ۋە تاۋاقنى ياش قاراقچىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، قۇرت يەپ كەتكەن شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. مۇشۇ بىر شىرە، بىر ئورۇندۇق ۋە ئۆچكە تېرىلىرى بۇ گەمىنىڭ بارلىق بىساتىنى تەشكىل قىلاتتى. دانگلار ئارىچاق بىلەن پىچاق سورىدى.

— مەرھەمەت، جانابلىرى، — دېدى پېپىنو ۋە ئۇنىڭغا ئۇچى يوق بىر كىچىك پىچاق بىلەن ياغاچ ئارىچاقنى بەردى. دانگلار بىر قولىغا پىچاقنى، بىر قولىغا ئارىچاقنى ئېلىپ، چوجىنى كېسىشكە تەمشەلدى.

— خاپا بولمىسىلا، جانابلىرى، — دېدى پېپىنو، بانكىرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — بۇ يەردە پۇلنى ئالدىن تۆلەيدىغان ئادەت بار. بولمىسا، مېھمان تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن نارازى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

«بۇ ئىشى پارى قەھۋەخانىسىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن، — دەپ ئويلىدى دانگلار، — ئۇلار مېنى شىلىۋالماقچى بولسا كېرەك. مەيلى، بېخىللىق قىلماي، ئىتالىيىدە ئەرزەنچىلىك دەپ ئاڭلىغانىدىم. رىمدا بىر چوجىنىڭ باھاسى 12 سۇدىن① ئاشماس».

— مانا، ئېلىڭ، — دېدى ئۇ ۋە پېپىنونىڭ ئالدىغا بىر تىللانى تاشلاپ بەردى.

---

① سۇ — فرانسىيە تەڭگىسى؛ $\frac{1}{20}$ لىۋرغا باراۋەر.



پېپىنو تىللانى ئالدى. دانگلار پىچاقنى چوجىگە تەڭكۈزدى.

— تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، جانابلىرى، — دېدى پېپىنو قەددىنى تىك تۇتۇپ، — بەرگەن پۇللىرى تولۇق بولمىدى.

— مېنى شىلىۋالماقچى بولغىنىنى بىلگەنىدىم! — دەپ غودۇڭشىدى دانگلار.

شۇنداقتىمۇ، ئۇ بۇنداق ئۆكتەملىككە قارشى تۇرماسلىقنى قارار قىلدى.

— بۇ ئاۋاق چوجىگە يەنە قانچە پۇل بېرىشىم كېرەك؟ — سورىدى ئۇ.

— جانابلىرىنىڭ ماڭا بەرگەن بۇ بىر لۇيىدورى زاكالەت ھېسابىدا بولدى.

— بىر چوجىگە بىر لۇيىدور بەرسەم يەنە زاكالەت ھېسابلىنامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، زاكالەت.

— ماقۇل ... يەنە قانداق گېپىڭىز بار؟

— جانابلىرى ئەمدى يەنە 4999 لۇيىدور بەرسە ھېساب تولۇق بولىدۇ.

بۇنداق مىسلىسىز چاقچاقنى ئاڭلاپ، دانگلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— قالتىس، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — قالتىس!

ئۇ يەنە چوجىگە تۇتۇش قىلماقچى بولۇۋىدى، لېكىن، پېپىنو سول قولى بىلەن ئۇنى توختىتىۋالدى ۋە ئوڭ قولىنى ئالقىنىنى يۇقىرىغا قىلىپ سوزدى.

— بەرسىلە، — دېدى ئۇ.

— بۇ قانداق گەپ؟ چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى دانگلار.

— بىز ھېچقانداق ۋاقىتتا چاقچاق قىلمايمىز، جاناب-

لىرى.— دېدى پىپىنو خۇددى كىۋاكېردەك① جىددىي قىياپەتتە.

— نېمە، مۇشۇ چۈجە ئۈچۈن 100 مىڭ فرانك بېرەمدىم!

— بۇ قارغىش تەگكەن ئۆكۈزلەرنىڭ ئىچىدە توخۇ بېقىش بەكمۇ تەس، جانابلىرى.

— بۇ بەك قىزىق گەپ بولدى، — دېدى دانگلار، — ناھايىتى كۈلكىلىك چاقچاق بولدى. بىراق، مەن ئاچ قالدىم، قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالاي، مېنى توسۇماڭ. مانا، سىزگە يەنە بىر لۇيدور، دوستۇم.

— ئۇنداق بولسا، سىزنىڭ بويىنىڭىزدا يەنە 4998 لۇيدور قالغان بولىدۇ، — دېدى پىپىنو بايىقىدەكلا سوغۇققانلىق بىلەن، — يەنە بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرساق، ھېسابىتىمۇ كېلىشىپ قالىمىز.

— ھەرگىز كېلىشمەيمىز، — دېدى دانگلار بۇنداق بوزەك قىلىشتىن غەزەپلىنىپ، — يوقىلىڭ كۆزۈمدىن، كىم بىلەن گەپلىشىۋاتقىنىڭىزنى بىلەمسىز!

پىپىنو ئىشارەت قىلغانىدى، ھېلىقى يىگىت ھەش - پەش دېگۈچە چۈجىنى ئېلىپ كەتتى. دانگلار ئۆچكە تېرىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. پىپىنو ئىشىكنى ياپتى ۋە قايتىدىن ياغلىق پۇرچاققا تۇتۇش قىلدى. دانگلار پىپىنونىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى كۆرەلمەيتتى، لېكىن بۇ قاراقچى ئاغزىدىن شۇنداق ئۈنلۈك ئاۋازلارنى چىقىرىۋاتاتتىكى، ئۇنىڭ قانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ، تاماق يەۋاتاتتى، يېگەندىمۇ، تەربىيە كۆرمىگەن ئادەملەرگە خاس ھالدا شالاپشىتىپ يەۋاتاتتى.

① كىۋاكېرلار — XVII ئەسىردە ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئۆزگىچە دىنىي تەشكىلات ئەزالىرى.



— مۇتتەھەم! — دەپ تىللىدى دانگلار.

پىپىنو بۇنى ئاڭلىمىغانغا سېلىۋالدى ۋە يەنە ئاۋۋالقىدەكلا شالاپشىتىشنى داۋاملاشتۇردى.

دانگلار ئاشقازىنىنىڭ بەئەينى دانايىدىنىڭ تۈۋى يوق تۇڭىغا① ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئاشقازاننى تولدۇرۇش مۇمكىنلىكىگە ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنە يېرىم سائەتكىچە بەرداشلىق بەردى، لېكىن بۇ يېرىم سائەت ئۇنىڭغا بىر ئەسىردەك تۇيۇلدى. ئاخىرى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھەي، تەقسىر، — دېدى ئۇ، — مېنى بۇنداق قىيناۋەرمەڭ، مېنى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقىنىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، جانابلىرى، ئۆزلىرىدىگە نېمە كېرەك؟ ئېيتسىلا، دېگەنلىرىنى قىلىپ بېرىمىز.

— ئۇنداق بولسا، ئاۋۋال ئىشىكنى ئېچىڭ.

پىپىنو ئىشىكنى ئاچتى.

— ماڭا يەيدىغان نەرسە بېرىڭ، — دېدى دانگلار.

— قورساقلىرى ئېچىپ قالدىمۇ؟

— مەن دېمىسەممۇ ئۆزىڭىز بىلىسىز.

— جانابلىرى نېمە يېيىشنى خالايدىكىن؟

— بۇ لەنىتى ئورنىڭ ئىچىدە چۈجىلەر شۇنچە قىممەت بولسا، بىر پارچە قاتتىق بولكا بېرىڭ.

① يۇنان ئەپسانىلىرىدە پادىشاھ دانايىدىنىڭ 50 قىزى بولۇپ، ئۇلار ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نىكاھ كېچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن. قىزلار- نىڭ بىرى بۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغىنى ئۈچۈن دانايىد ئۆز قىزلىرىغا يەر ئاستى پادىشاھلىقىدا بىر تۈۋى يوق تۇڭغا مەڭگۈ سۇ قۇيۇش جازاسىنى بەرگەن.

— بولغىمۇ؟ مەرھەمەت! — دېدى پېپىنو، — ھەي، بولكا ئەكېلىڭلار! — ۋارقىرىدى ئۇ.

ھېلىقى يىگىت بىر بولكا ئېلىپ كەلدى.

— مەرھەمەت! — دېدى پېپىنو.

— نەچچە؟ — سورىدى دانگلار.

— سىلى ئالدىن ئىككى لۇيىدور بېرىپ بولدىلا، ئەمدى يەنە 4998 لۇيىدور بەرسىلە بولىدۇ.

— نېمە! بىر بولكا 100 مىڭ فرانكقا توختامدۇ؟

— 100 مىڭ فرانك، — دېدى پېپىنو.

— 100 مىڭ فرانك دېگەن چۆجىنىڭ باھاسى ئەمەسمىدى!

— بىزدە باھا تىزىملىكى يوق. بۇ يەردە ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئوخشاش. ئاز يېسىڭىزمۇ، كۆپ يېسىڭىزمۇ، بىر قاچا يېسىڭىزمۇ، ئون قاچا يېسىڭىزمۇ باھاسى ئۆزگەرمەيدۇ.

— يەنە چاقچاق قىلىۋاتامسىز! بۇ بەك قاملاشمىغان گەپ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇنداق دېگۈچە، مېنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىمىز دېسىڭىزلا ئىش پۈتمەمدۇ.

— ياقسۇ، جانابىلىرى، سىلى ئۆزلىرى ئاچلىقتىن ئۆلمەكچى بولۇۋاتىدىلا. پۇلنى تۆلەپ، يەيدىغاننى يەۋەرسىلە بولىدى ئەمەسمۇ.

— نېمەم بىلەن تۆلەيمەن، ھايۋان؟ — دەپ ۋارقىرىدى دانگلار ئۆزىنى باسالماستىن، — مېنى يانچۇقىمغا 100 مىڭ فرانكنى سېلىپ يۈرىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

— يانچۇقلىرىدا 5 مىليون 50 مىڭ فرانك بار، جانابىلىرى، — دېدى پېپىنو، — بىر چۆجىنى 100 مىڭ فرانكتىن ھېسابلىغاندا 5 مىليون فرانكقا 50 چۆجە، قالغان 50 مىڭ فرانكقا يەنە يېرىم چۆجە كېلىدۇ.



دانگلار تىترەپ كەتتى. بۇلار ئۇنى ئوينىتىۋاتقانلىقىنى ئۇ ئەمدى چۈشەندى. بۇ چاقچاقنىڭ ئادەتتىكىدەك تۈز چاقچاق ئەمەس ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇ ئەمدى بىلدى.

— ماقۇل قاراڭ، — دېدى ئۇ، — سىزگە ئاشۇ 100 مىڭ فرانكنى بەرسەم ئىش پۈتەمدۇ؟ مېنىڭ خاتىرجەم غىزالىنىشىمغا يول قويامسىلەر؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى پېپىنو.

— بىراق، ئۇ پۇللارنى قانداق قىلىپ ئەكىلىپ بېرىمەن؟ — سورىدى دانگلار، يېنىكلەشكەن ھالدا تىنىۋېلىپ.

— بۇ بەك ئوڭاي ئىش. سىلى رىمدىكى «بانكا» كوچىسىغا جايلاشقان تومسون ۋە فرېنچ بانكا شىركىتى بىلەن ھېساب ئاچقانغۇ. شۇ بانكىغا قارىتىپ 4998 لۇيىدورغا چەك يېزىپ بەرسىلە، بىزنىڭ بانكىرىمىز ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ.

دانگلار ئۆزىنى گويا كى رازى بولغان قىياپەتكە سالدى. ئۇ، پېپىنو سۇنۇپ بەرگەن قەلەم بىلەن قەغەزنى ئېلىپ، چەكنى يازدى ۋە ئىمزا قويدى.

— مانا چەك، ئېلىڭ، — دېدى ئۇ.

— مانا سىلىگە چۆجە.

دانگلار ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، چۆجىنى پارچىلىدى. شۇنچە نۇرغۇن پۇلغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ چۆجە ئۇنىڭغا بەكمۇ كىچىكتەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

پېپىنو يېزىلغان چەكنى زەن قويۇپ ئوقۇپ چىقتى - دە، يانچۇقىغا سالدى ۋە نۇركىيە پۇرچاقلىرىغا قايتىدىن تۇتۇش قىلدى.

## ئوتتۇز ئۇچىنچى باب

## كەچۇرۇم

دانگلار ئەتىسى قورسىقىنىڭ يەنە ئېچىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇ ئۆڭكۈرنىڭ هاۋاسى ئىشتىهانى بەك ئاچاتتى. بۇ تۇتقۇن ئۆز ئىچىدە «بۈگۈن پۇل خەجلىمەيمەنغۇ» دەپ ئويلىدى. چۈنكى ئۇ ئىقتىسادچىل ئادەم بولغاچقا، چۆجىنىڭ يېرىمىنى ۋە بىر پارچە ناننى ئۆزى ياتقان كەمىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىپ قويغانىدى. لېكىن ئۇ، بۇ نەرسىلەرنى يەپ بولماي تۇرۇپلا ئۇسساپ قالدى. ئۇ، ئۇسسۇلۇقنىڭ غېمىنى قىلىپ قويمىغانىدى. ئۇ، خېلىغىچە تاقەت قىلدى، لېكىن ئاخىرى تىلى قۇرۇپ، تاڭلىيىغا يېپىشىپ قالغىلى تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تەشنالىققا چىدىيالماستىن، توۋلىدى. جېسەكچى ئىشىكنى ئاچتى. بۇ قاراقچى تۇتقۇنغا ناتونۇش ئىدى. دانگلار يەنە تونۇگۇنكى كىشى بىلەن سۆزلىشىشنى مۇۋاپىق تاپتى. ئۇ، پېپپىنونى توۋلاپ چاقىردى.

— مانا مەن، جانابلىرى، — دېدى پېپپىنو. ئۇ شۇنچە تېز يېتىپ كەلدىكى، دانگلار بۇنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشەندى، — ئۆزلىرىگە نېمە لازىم؟

— ئىچىملىك، — دېدى تۇتقۇن.

— جانابلىرىغا مەلۇم بولسا كېرەك، — دېدى پېپپىنو، — رىمنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا مەينىڭ باهاسى ناهايىتى قىممەت.



— ئۇنداق بولسا، ماڭا سۇ بېرىڭ، — دېدى دانگلار، زەربىنى قايتۇرماقچى بولۇپ.

— ۋاي جانابلىرى، سۇ مەيدىنمۇ قىممەتلىك. بۇ يىل بەك قۇرغاقچىلىق بولدى ئەمەسمۇ.

— يەنە باشلاندى! — دېدى دانگلار.

ئۇ كۈلۈمسىرىدى ۋە گەرچە ماڭلىيىدىن تەر چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى چاقچاق قىلىۋاتقاندەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى.

— ماڭا قاراڭا، دوستۇم، — دېدى ئۇ، پېپپىنونىڭ پەسەنت قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ، — مەن سىزدىن بىر ئىستاكان مەي ئۆتۈنۈپ قالاي. شۇنى بېرىشكىمۇ ئۇنىمامسىز؟

— مەن ئېيتتىمغۇ، جانابلىرى، — دېدى پېپپىنو جىددىي قىياپەتتە، — بىز مال باهاسىنى ئۆزگەرتمەيمىز.

— ئەمىسە بىر شىشە مەي بېرىڭ.

— قانداقىنى؟

— قانداقى ئەرزان بولسا شۇنى.

— بارلىق مەيلەرنىڭ باهاسى ئوخشاش.

— قانچە؟

— بىر شىشىسى 25 مىڭ فرانك.

— ئۇنداق دېگۈچە مېنى بۇلىۋالىمەن دېسىڭىز بولمامدۇ! — دېدى دانگلار هەسرەتلىك ئاهاڭدا، — بۇنداق قىلىپ، تېرەمنى پارچىلاپ شىلغاندىن، بىراقلا بۇلىۋالسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ.

— باشلىق مۇشۇنداق قىلىشنى مۇۋاپىق تاپقاندۇر، — دېدى پېپپىنو.

— باشلىق؟ ئۇ كىم؟

— ئالدىنقى كۈنى ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەنىدۇققۇ.

— ئۇ قەيەردە؟
— مۇشۇ يەردە.
— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم بولامدۇ؟
— ئەلۋەتتە بولىدۇ.
بىر مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا دانگلارنىڭ ئالدىغا لۇيىدژى ۋامپا كەلدى.
— مېنى چاقىردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تۇتۇقۇندىن.
— تەقسىر، مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ باشلىقى سىز بولامسىز؟
— شۇنداق، تەقسىر. نېمە بولدى؟
— مەن ئۈچۈن قانچىلىك تۆلەم تەلەپ قىلىسىز؟
— يېنىڭىزدىكى 5 مىليوننى بەرسىڭىزلا بولدى.
دانگلارنىڭ يۈرىكىنى گويا بىر مۇزدەك قول سىقىۋالغاندەك بولدى.
— مېنىڭ بارى - يوقۇم شۇ، تەقسىر. بۇرۇنقى زور بايلىقىمدىن ھازىر قالغىنى شۇ. بۇنى ئالىمەن دېسىڭىز، جېنىمنىمۇ قوشۇپ ئېلىڭ.
— سىزنىڭ قېنىڭىزنى تۆكۈشىمىز چەكلەپ قويۇلغان.
— كىم چەكلەپ قويغان؟
— بىز بويسۇنىدىغان ئادەم.
— دېمەك، سىز باشقا بىر ئادەمگە بويسۇنىدىكەنسىز - دە؟
— شۇنداق، باشلىقىمىزغا بويسۇنىمەن.
— مەن تېخى سىزنى باشلىق دەپ ئويلاپتىمەن.
— مەن بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ باشلىقى، لېكىن مېنىڭمۇ باشلىقىم بار.
— ئۇ باشلىق يەنە باشقا بىرىگە بويسۇنامدۇ؟
— شۇنداق.



— كىمگە بويسۇنىدۇ؟
— خۇداغا.
دانگلار ئويلىنىپ قالدى.
— چۈشەنمىدىم، — دېدى ئۇ.
— ئېھتىمال.
— ئاشۇ باشلىق مېنى مۇشۇنداق قىلىشنى بۇيرۇغانمۇ؟
— شۇنداق.
— نېمە ئۈچۈن؟
— بۇنى بىلمەيمەن.
— بۇنداق بولۇۋەرسە ئاخىرى بىر كۈنى ھەميېنىم قۇرۇقدىلىپ قالامدۇ؟
— ئېھتىمال.
— ماڭا قاراڭ، — دېدى دانگلار، — سىزگە 1 مىليوننى بېرەيمۇ؟
— ياق.
— 2 مىليونچۇ؟
— ياق.
— 3 مىليون... 4 مىليون... 4 مىليوننى بېرەيمۇ؟ مېنى قويۇۋەتسىڭىزلا 4 مىليوننى بېرىمەن.
— توختالغان يېرى 5 مىليون تۇرسا، نېمە ئۈچۈن 4 مىليون بېرىمەن دەيسىز؟ — دېدى ۋامپا، — بۇ جازانە خورلۇق، بانكىر ئەپەندى، بۇنى مەن شۇنداق چۈشىنىمەن.
— ھەممىنى ئېلىڭ! ھەممىنى، ئاڭلىدىڭىزمۇ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى دانگلار، — ھەممىنى ئېلىپ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ!
— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئەپەندىم. قېنىڭىزنى قىزىتماڭ، بولمىسا، ئىشتىھايىڭىز شۇنداق ئېچىلىپ كېتىدۇكى، كۈنىگە 1 مىليوندىن سەرپ قىلغىلى تۇرىسىز. ئىقتىسادچىل بولۇڭ، ئەپەندىم.

— سلەرگە تۆلىگۈدەك پۇلۇم قالمىغاندا قانداق قىلىمەن؟ — دانگلار خۇدىنى يوقاتقان هالدا ۋارقىرىدى.

— ئۇ چاغدا ئاچ قورساق يېتىۋېرىسىز.

— ئاچ قورساق؟ — دېدى دانگلار تاتىرىپ كېتىپ.

— ئېھتىمال، — دېدى ۋامپا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

— ئەمىسە، بايا مېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىڭلارنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقاندىڭىزغۇ؟

— شۇنداق.

— بىراق، مېنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈشۈمگە يول قويىدىكەنسىلەرغۇ؟

— بۇ باشقا گەپ.

— ھە، مۇنداقمۇ، ئىپلاسلار، — دەپ ۋارقىرىدى دانگلار، — ياق، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك بولمايدۇ! ئۆلىدىغان ئىش بولسا، تېزرەك ئۆلگىنىم ياخشى. مېنى ئۇرۇڭلار، قىيناڭلار، ئۆلتۈرۈڭلار، لېكىن ئەمدى مېنىڭ چېكىمنى ئالالمايسىلەر!

— خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ، ئەپەندىم، — دېدى ۋامپا ۋە گەمىدىن چىقىپ كەتتى.

دانگلار خۇدىنى يوقاتقان هالدا ھۆركىرەپ، ئۆزىنى ئۆچكە تېرىلىرىگە تاشلىدى.

بۇ كىشىلەر كىملەر؟ ئۇلارنىڭ ئاشكارا باشلىقى كىم؟ تېخى ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن باشلىقى كىم؟ ئۇلارنىڭ مەقسىتى نېمە؟ باشقىلار ئۇلارغا تۆلەم بېرىپ، قۇتۇلۇپ چىقالايدىكەنۇ، نېمە ئۈچۈن يالغۇز ئۇلا بۇنداق قىلالمايدۇ؟

توغرا، بۇ ئەشەددىي دۈشمەنلەر ئۇنى قانداقتۇر چۈشىنىكسىز قىساسنىڭ قۇربانى قىلىشنى قەستلىگەنىكەن، ئەمدى تېز، ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈش — ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى يوققا چىقىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولىدۇ.



بىراق، ئۆلۈم!

دانگلار ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئۆلۈمنى ئويلىدى بولغاي، ئۇ، ئۆلۈمنى ھەم خالايتتى، ھەم ئۇنىڭدىن قورقاتتى. ھەرقانداق تىرىك جاندا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان رەھىمسىز روھقا يۈز تۇرانە قاراش پەيتى يېتىپ كەلدى. يۈرەكنىڭ ھەر بىر سوقۇشىدا بۇ روھ «سەن ئۆلىسەن!» دېگەن خىتابنى تەكرارلاپ تۇرىدۇ.

دانگلار خۇددى ئوۋچىلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ قالغان ياۋايى ھايۋانغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇنداق ھايۋان دەسلەپتە غەزەپلىنىدۇ، ئاندىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قۇتراپ، بەزىدە قېچىپ كېتەلەيدۇ. دانگلارمۇ قېچىشنى ئويلىدى. لېكىن، ئەتراپتىكى تاملار ئۇيۇل تاش ئىدى. گەمىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىدا ھېلىقى ئادەم كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدا مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان كىشىلەر ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ.

دانگلارنىڭ غەيرىتى ئاران ئىككى كۈنگە يەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ غىزا تەلەپ قىلدى ۋە شۇ غىزا ئۈچۈن 1 مىليون فرانك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭغا ياخشى تائام بېرىشتى ۋە ئاشۇ 1 مىليوننى ئېلىپ كېتىشتى.

شۇندىن باشلاپ، بەختسىز تۇتقۇننىڭ ھاياتى گويا كى ئۈزلۈكسىز چېكىنىشكە ئوخشىدى. ئۇ، شۇنداق ئازاب تارتتىكى، ئاخىرىغا كېلىپ، ئازابىنىمۇ سەزمەس بولۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا نېمە دېيىشسە، شۇنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ تەرىقىدە 12 كۈن ئۆتكەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىن چاغلىرىدىكىدەك ئوبدان غىزالىنىپ بولۇپ، قانچىلىك چىقىم قىلغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرگەنىدى، ئۆز ئىلكىدە ئاران 50 مىڭ فرانك قالغانلىقى مەلۇم بولدي.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا غەلىتە بىر خىل ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ، 5 مىليوننى بىردۆەتكەن تۇرۇقلۇق، ئەمدى ئاخىرقى 50 مىڭ فىرانكنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمەي قالدى. مۇشۇ 50 مىڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئالماسلىقنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە ساراڭلىققا مايىل ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چىمىرلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خۇدانى ئۇنتۇپ كەتكىنىگە شۇنچە ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. ئەمدى ئۇ قايتىدىن خۇدانى يادىغا ئالدى. «خۇدا كارامەت كۆرسىتىشى مۇمكىنغۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ ھاڭ، ئۆڭكۈرلەر ئۆرۈلۈپ، گۇمران بولۇشى مۇمكىن؛ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بۇ لەنىتى ماكاننى تېپىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ يەنە 50 مىڭ فرانكى ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇ 50 مىڭ فرانك ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە جان بېقىشقا يېتىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يىغلاپ - قاقشاپ، خۇداغا نالە قىلىپ، شۇ 50 مىڭ فرانكنى ساقلاپ قېلىشنى تىلىدى.

يەنە ئۈچ كۈن ئۆتتى. شۇ ئۈچ كۈن جەريانىدا خۇدا ئۇنىڭ قەلبىدە بولمىسىمۇ، ئېغىزىدىن چۈشمىدى. بەزى چاغلاردا ئۇنى قارا باساتتى. ئۇ، خۇددى روجەكتىن ماراپ، غېرىبانە كولبا ئىچىدىكى كونا تۆشەكتە جان تالىشىپ ياتقان بىر بوۋاينى كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇ بوۋايمۇ ئاچلىقتىن ئۆلگەنىدى.

تۆتىنچى كۈنگە كەلگەندە دانگلار ئادەم ئەمەس، بەلكى تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ، ئىلگىرى ئىستېمال قىلغان يېمەكلىكلىرىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ، ئاغزىغا سالدى ۋە ئاخىرى تاشيول ئۈستىگە سېلىنغان بورىنى غاجىغىلى تۇردى.

ئەنە شۇ چاغدا ئۇ پېپپىنونى گوياكى قۇتقۇزغۇچى پەرىشتىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن تاماق سوراپ، يالۋۇردى؛ بىر پارچە نانغا مىڭ فرانك بەرمەكچى بولدى.



پېپپىنو جاۋاب قايتۇرمىدى.

بەشىنچى كۈنى دانگلار ئىشىك تۈۋىگە ئۆمىلەپ كەلدى.

— سىلەر خىرىستىئان ئەمەس! — دېدى ئۇ، تىزلىنىپ تۇرۇپ، — سىلەر بىر بەندىنى، خۇدانىڭ ئالدىدىكى قېرىنداشلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر!... ئاھ، قېنى مېنىڭ دوستلىرىم! — ئۇ شۇنداق دەپ پىچىرلاپ، يىقىلىپ، دۈم چۈشتى. بىردەمدىن كېيىن يەنە قوپتى ۋە جېنى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ۋارقىرىدى:

— باشلىق! باشلىق!

— مانا مەن، — دېدى ۋامپا، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، — يەنە نېمە دەيسىز؟

— ھەممە پۇلۇمنى ئېلىڭ، — دېدى دانگلار، تىلى كالۋالىشىپ ۋە ھەمىيانىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى، — مېنى بۇ ئۆڭكۈردىن چىقارمىسىڭىزمۇ مەيلى، ئۆلتۈرۈۋەتمىسىڭىزلا بولدى. مەن ئەمدى ئەركىنلىكىمنى تىلىمەيمەن، جېنىمنى ئامان قويسىڭىزلا بولدى.

— بەك ئازابلاندىڭىزمۇ؟ — سورىدى ۋامپا.

— ھەئە، بەك ئازابلاندىم!

— لېكىن بەزى كىشىلەر سىزدىن بەكرەك ئازابلانغان.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

— شۇنداق بولغان! ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرچۇ.

دانگلار قارا بېسىپ جۆيلۈگەن چاغلىرىدا غېرىبانە كولبىدىكى كونا تۆشەكتە ياتقانلىقىنى كۆرگەن ھېلىقى بوۋاينى ئەسلىدى ۋە ئىڭرىغان پېتى پېشانىسىنى تاش پولغا ياقتى.

— راست، مەندىن بەكرەك ئازابلانغان كىشىلەر بولغان، لېكىن ئۇلار شېھىت بولۇپ، ئىمانى بىلەن كەتتى.

— تۈۋا قىلدىڭىزمۇ؟ — كىمدۇر بىرىنىڭ سۈرلۈك ۋە تەنتەنىلىك ئاۋازدا سورىغىنى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، دانگ-

لارنىڭ قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، خۇنۇكلەشكەن كۆزلىرى بىلەن ئۇياق - بۇياققا قارىدى ۋە لۇيىدژىنىڭ كەينىدىكى تاش تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا يېپىنچىغا پۈركىنىۋېلىپ تۇرغان بىر كىشىنى كۆردى.

— نېمىگە تىۋۋا قىلىمەن؟ — دەپ ئاران ئاڭلانغۇدەك دۇدۇقلىدى دانگلار.

— قىلغان گۇناھىڭىزغا، — دېدى بايىقى ئادەم.

— ھەئە، تىۋۋا قىلدىم، تىۋۋا قىلدىم! — دەپ تىۋۋلىدى دانگلار ۋە ئورۇقلاپ كەتكەن قولى بىلەن مەيدىسىگە ئۇرغىلى تۇردى.

— ئۇنداق بولسا، سىزنى كەچۈرىمەن، — دېدى يوچۇن كىشى ۋە يېپىنچىسىنى سېلىۋېتىپ، بىر قەدەم ئالغا چامدىدى - دە، يورۇق جايغا چىقتى.

— گراف مونتې - كرىستو! — دانگلار قورقۇنچ ئىچىدە خىتاب قىلدى. ئۇنىڭ ئاچلىق ۋە ئازابتىن تاتارغان چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى.

— خاتالاشتىڭىز، مەن گراف مونتې - كرىستو ئەمەس.

— ئەمىسە كىم؟

— مەن ھېلىقى سىز سېتىۋەتكەن ۋە خورلۇققا قويغان ئادەم. سىز شۇ ئادەمنىڭ سۆيگەن قىزىنى يولدىن ئازدۇرۇپ، كاردىن چىقاردىڭىز؛ بايلىق ۋە يۇقىرى ئورۇنغا چىقىش ئۈچۈن شۇ ئادەمنى دەپسەندە قىلدىڭىز. شۇ ئادەمنىڭ ئاتىسى سىزنىڭ گۇناھىڭىز بىلەن ئاچلىقتىن ئۆلدى. ئەمدى مەنمۇ سىزنى ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە مەھكۇم قىلغانىدىم، لېكىن يەنىلا سىزگە كەچۈرۈم قىلدىم، چۈنكى مەن ئۆزۈممۇ كەچۈرۈم قىلىنىشقا موھتاج. مەن ئېدمون دانتېس!



دانگلار ۋارقىراپ تاشلىدى - دە، ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا يىقىلدى.

— تۇرۇڭ، — دېدى گراف، — مەن سىزنى ئۆلتۈرمەيمەن. سىزنىڭ شېرىكلىرىڭىز بۇنچىلىك تەلەيلىك بولالمىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ساراڭ بولدى، بىرى ئۆلدى! 50 مىڭ فرانكىڭىز ئۆزىڭىزگە قالسۇن، ئۇنى مەن سىزگە تەقدىم قىلدىم. سىز دارىلئېيتامدىكى يېتىملەرنىڭ رىزقىدىن قاقتى - سوقتى قىلىۋالغان 5 مىليون فرانك ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئەمدى قورسىقىڭىزنى تويدۇرۇڭ. بۈگۈن سىزنى مېھمان قىلىمەن. ۋامپا، بۇ كىشى يەيدىغىنىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قويۇۋېتىڭ.

گراف قايتىپ كەتكۈچە دانگلار ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇ، بېشىنى كۆتۈرگەندە، يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان گرافنىڭ تۇتۇق گەۋدىسىنى كۆردى. قاراقچىلار ئۇنىڭغا باش ئېگىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇشاتتى.

ۋامپا گرافنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈردى، دانگلارغا يېڭى مېۋىلەر ۋە ئىتالىيىنىڭ ئېسىل شارابى كەلتۈرۈلدى. ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ كىرا ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇشتى ۋە بىر ھازا يول يۈرۈشكەندىن كېيىن قانداقتۇر بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ئۇنى شۇ يەردە ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ قويۇشتى.

دانگلار نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي، تاڭ ئاتقۇچە شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردى. تاڭ يورۇغاندا يېقىن جايدىكى بىر ئېرىققا كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ سۇ ئىچكۈسى كېلىپ، ئېرىق بويىغا ئۆمىلەپ كەلدى. ئۇ، سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئېگىلگەندە، چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

## ئوتتۇز توٚتىنچى باب

## بەشىنچى ئوٚكتەبىر

كەچ سائەت ئالتە بولۇپ قالغانىدى، كۆز قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى تىنىق ئاسماندىن كوٚك دېڭىزغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئاستا ـ ئاستا سالقىن چۈشۈپ، گويا كۈندۈزدىكى ئىسسىقتىن كېيىن ئويغانغان تەبىئەتنىڭ يېقىملىق تىنىقىدەك ئىزغىرىن شامال چىقىشقا باشلىدى: بۇنداق راھەتبەخش شامال ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىنى سوٚيۈپ ئوٚتۈپ، دېڭىزنىڭ قىرىق ھىدى بىلەن دەرەخلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى جاي ـ جايلارغا تارقىتىدۇ.

جەبىلتەرىقتىن داردانېلغىچە ۋە تۇنىستىن ۋېنېتسىيىگىچە سوزۇلغان بۇ زور دېڭىزنى بويلاپ، كېچىنىڭ دەسلەپكى تۇمانلىرى ئىچىدە بىر چىرايلىق يەلكەنلىك كېمە ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، خۇددى قاناتلىرىنى كېرىپ ئۈزۈۋاتقان ئاققۇغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ كېمە ئارقىسىدا فوسفوردەك يارقىن ئىز قالدۇرۇپ، تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى.

ئۇپۇقتا قۇياشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئوٚچتى. شۇنداقتىمۇ، بەجايىكى قەدىمكى ئەپسانىلەرنىڭ ئاجايىپ ھېكايەتلىرى نامايان بولماقتا ئىدى، يەنى قۇياشنىڭ ئوتقاش كەبى شولىسى تېخىچە بۇژغۇنلارنى نۇرلاندۇرۇپ، گويا دېڭىز ئىلاھى ئامفىترىتانىڭ سىرىنى ئاشكارىلىماقتا ئىدى: ئوت ئىلاھى ئوٚزىنى ئامفىترىتانىڭ قۇچىقىغا ئاتتى؛ ئامفىترىتا بولسا، بۇ ئاشىقنى كوٚك لىباسىنىڭ ئېتەكلىرى بىلەن يېپىپ، ئۇنى يوشۇرۇشقا بىھۇدە ئۇرۇنماقتا ئىدى.



شامال گەرچە قىز كوكۇلىسىنى ئوچۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچسىز بولسىمۇ، ھېلىقى يەلكەنلىك كېمە تېز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. كېمىنىڭ باش تەرىپىدە ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئوٚڭلۈك، بىر كىشى تۇراتتى. ئۇ، بارا ـ بارا يېقىنلاۋاتقان قاپقارا قىرغاقتىن كوٚزىنى ئوٚزمەي كوٚزەتمەكتە ئىدى. دولقۇنلار كەينىدىن ئوٚرلەپ چىقىۋاتقان كونۇسسىمان قورۇقلۇق بەئەينى غايەت زور كاتالان شلەپىسىگە ئوخشاپ كوٚرۈنمەكتە ئىدى.

— مونتې ـ كرىستو شۇمۇ؟ — كېمە ئۈستىدىكى ساياھەتچى خىيالچان ۋە غەمكىن ئاھاڭدا سورىدى. قارىغاندا، بۇ كىچىك كېمە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى.

— شۇنداق، جانابلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى كاپىتان، نىشانغا يېقىنلاپ قالدۇق.

— نىشانغا يېقىنلاپ قالدۇق! — دەپ پىچىرلىدى ساياھەتچى ئېيتقۇسىز ھەسرەت بىلەن.

ئاندىن ئۇ يەنە بوش ئاۋازدا قوشۇپ قويدى:

— شۇنداق، مېنىڭ پىردىستانىم مۇشۇ يەردە.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قايتىدىن خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە يىغلىغاندىنمۇ ھەسرەتلىك تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئوٚتكەندىن كېيىن قىرغاقتا ئاران كوٚرۈنۈپلا، دەرھال ئوٚچۈپ قالغان يورۇقلۇق ئىلغا قىلىندى ـ دە، كېمىگە ئوق ئاۋازى يېتىپ كەلدى.

— جانابلىرى، — دېدى كاپىتان، — قىرغاقتىن سىگنال بېرىشىۋاتىدۇ. ئوٚزلىرى جاۋاب قايتۇرامىلا؟

— قانداق سىگنال؟ — دەپ سورىدى ساياھەتچى.

كاپىتان قولى بىلەن ئارالنى كوٚرسەتتى. يېگانە ئاقۇش ئىس ئارالنىڭ چوققىسىغا كوٚتۈرۈلۈپ ھاۋادا تارقالماقتا ئىدى.

— هەئە، شۇنداق! — دېدى ساياهەتچى، خۇددى ئۇيقۇلۇقتا ئۆندەرىگەندەك، — ياخشى!

كاپىتان ئۇنىڭغا بەتلەنگەن مىلتىقنى سۇنۇپ بەردى. ساياهەتچى مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ، ئاستا يۇقىرىغا قاراتتى — دە، ئوق ئۈزدى.

ئون مىنۇت ئۆتەر — ئۆتمەيلا يەلكەنلەر چۈشۈرۈلۈپ بولدى ۋە كېمە ئانچە چوڭ بولمىغان بىر پىرىستانغا بەش قەدەمچە قالغان جايدا لەڭگەر تاشلىدى. تۆت پالاقچى ۋە بىر رولچى ئولتۇرغان قېيىق سۇغا چۈشۈرۈلۈپ، دولقۇندا چايقىلىپ تۇراتتى. ساياهەتچىمۇ شۇ قېيىققا چۈشتى، لېكىن ئۆزى ئۈچۈن راسلاپ قويۇلغان هاۋا رەڭ گىلەمگە ئولتۇرماستىن، قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدىن گىرەلەشتۈرۈپ، ئۆرە تۇردى.

پالاقچىلار خۇددى قاناتلىرىنى قۇرۇتۇۋاتقان قۇشلارغا ئوخشاش پالاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، بۇيرۇقنى كۈتۈپ، ئولتۇرۇشاتتى.

— ئالغا! — دېدى ساياهەتچى.

تۆت جۈپ پالاق بىراقلا سۇغا ئۇرۇلدى ۋە قېيىق ئىتتىرىلىپ، ئالغا قاراپ تېز ئىلگىرىلىدى. بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۇلار قىيا تاشلار ئارىسىدىكى بىر كىچىك قولتۇققا يېتىپ كېلىشتى ۋە قېيىق تۇمشۇقى بىلەن قىرغاقتىكى قۇمغا ئۇسۇپ كىرىپ توختىدى.

— تەقسىر، — دېدى رولچى، — ئىككى پالاقچى سىزنى كۆتۈرۈپ، قىرغاققا چىقىرىپ قويىدۇ.

ساياهەتچى بۇ تەكلىپكە پەرۋا قىلمىغان هالدا قولىنى سىلكىپ قويدى — دە، پۇتلىرىنى قېيىقتىن ئارتىلدۇرۇپ، سۇغا سىيرىلىپ چۈشتى. سۇ ئۇنىڭ بېلىگىچە يەتتى.

— ئۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى، تەقسىر، — دېدى رولچى، — خوجايىن بىزنى تىللايدۇ.



ساياهەتچى جاۋاب قايتۇرماستىن، سۇ ئاستىدىن ئەپچىلرەك يول تاللاپ مېڭىۋاتقان ئىككى دېڭىزچىغا ئەگىشىپ كېتىۋەردى. 30 چامدامچە ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار قۇرۇقلۇققا يەتتى. ساياهەتچى ئۈستىبېشىنى قېقىشتۇرۇپ، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي، ئۆپچۆرىسىگە نەزەر سالدى، چۈنكى بۇ چاغدا پۈتۈنلەي قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى بىر چەتكە بورۇلاي دەپ تۇرۇشىغا، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى. بۇ كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ساياهەتچى چۆچۈپ كەتتى.

— سالام، ماكسىمىلىئان، — دېدى بۇ ئاۋاز، — دېگەن ۋاقتىڭىزدا يېتىپ كەلدىڭىز، رەهمەت سىزگە.

— هە، بۇ سىزمىدىڭىز، گراف! — دېدى موررېل ۋە ئالدىراپ، هەتتا خۇشال بولۇپ دېگۈدەك ئىككى قولى بىلەن مونتې-كرىستونىڭ قولىنى قىسىپ تۇتتى.

— شۇنداق. كۆردىڭىزمۇ، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش دەل ۋاقتىدا كەلدىم. بىراق، سىزنىڭ ئۈستىبېشىڭىز هۆل بولۇپ كېتىپتۇ، قەدىرلىكىم. كىيىملىرىڭىزنى يەڭگۈشلىۋېلىڭ. يۈرۈڭ، بۇ يەردە سىزگە تۇرالغۇ جاي تەييارلاپ قويۇلغان. ئۇ جايغا كىرسىڭىز هارغىنلىقنىمۇ، ئاچلىقنىمۇ ئۇنتۇپ قالىسىز.

مونتې-كرىستو موررېلنىڭ ئۇياق-بۇياققا كۆز تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر دەم كۈتۈپ تۇردى.

دەرۋەقە، موررېل ئەجەبلەنگەنىدى. ئۇنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ قويغان كىشىلەر ئىش هەققىنى ئالماي، گەپ قىلماستىن كېتىپ قېلىشقانىدى. موررېل پالاقلارنىڭ سۇغا ئۇرۇلغان شەپىسىنى ئاڭلىدى. قېيىق كېمە تەرەپكە قايتىپ كېتىۋاتقانىدى.

— دېڭىزچىلارنى ئىزدەۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى گراف،

— شۇنداق. ئۇلار كېتىپ قالدىغۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئىش هەققىنى بەرمىگەنىدىم.

— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، ماكسىمىلىئان، — دېدى مونتې-كرىستو كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بۇ دېڭىزچىلار بىلەن مەن توختام تۈزۈشۈپ قويغان. شۇ توختامغا ئاساسەن ئۇلار مېنىڭ ئارىلىمغا مال ۋە ساياھەتچىلەرنى ھەقسىز توشۇيدۇ. مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، ئارىمىزدا كېلىشىم بار.

موررېل گرافقا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— سىز پارىژدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بولۇپ قاپسىز، — دېدى ئۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بۇ يەرگە كېلىپ كۈلىدىغان بولۇپ قاپسىز.

مونتې-كرىستونىڭ چىرايىدىن دەرھال كۈلكە قاچتى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، ماكسىمىلىئان، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ، — سىز بىلەن بىللە بولۇش مەن ئۈچۈن بەخت، لېكىن ھەرقانداق بەختنىڭ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— ياق، ياق، گراف! — دەپ خىتاب قىلدى موررېل ۋە دوستىنىڭ قولىنى يەنە قىستى، — ئۇنداق دېمەڭ، كۈلۈڭ، بەختلىك بولۇڭ، مېنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. ھايات پەقەت دەردمەنلەر ئۈچۈنلا كۈلپەتلىك بولىدۇ. سىز ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل، ئالىيجاناب، سىز ماڭا مەدەت بېرىش ئۈچۈنلا ئۆزىڭىزنى خۇش كەيپ قىلىپ كۆرسىتىۋاتىسىز.

— ئۇنداق ئەمەس، موررېل، — دېدى مونتې-كرىستو، — مەن د … ەتەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلدىم.

— ئەمىسە، مېنى ئۇنتۇپسىز-دە، شۇنداق بولغىنى ياخشى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، دوستۇم، مەن خۇددى ئېلىشىش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئىمپېراتورغا سالام بېرىۋاتقان گلادىئا-



تۇردەك شۇنداق دەيمەنكى: «ئۆلۈمنىڭ قۇچىقىغا كېتىۋېتىپ، ساڭا سالام يوللايمەن».

— تېخىچە نىيىتىڭىزدىن يانمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى مونتې-كرىستو، ئۇنىڭغا سىرلىق نەزەر تاشلاپ.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — دېدى ماكسىمىلىئان ھەسرەتلىنىپ.

— مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، ماكسىمىلىئان، — دېدى گراف، — سىز مېنى گېپىدە تۇرمايدىغان نامەرد دەپ ھېسابلىمايدىغانسىز؟ مەن سىزدىن «نىيىتىڭىزدىن ياندىڭىزمۇ» دەپ سوراشقا ھەقلىق، چۈنكى ئىنسان قەلبى مەن ئۈچۈن سىر ئەمەس-قىنى، سىزنىڭ قەلبىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا نېمە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. قەلبىڭىز تېخىچىلا ئاغرىۋاتامدۇ؟ تېنىڭىز يەنىلا جاراھەتلەنگەن ئارسلاندەك ئازابلىنىۋاتامدۇ؟ پەقەت گۆرگە كىرگەندىلا قانىدىغان تەشنالىق، بەندىنى ھاياتتىن بىزار قىلىپ، ئەجەلنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ بارىدىغان ھەسرەت يەنىلا سىزنى قىيناۋاتامدۇ؟ بەلكىم قەلبىڭىزدىكى غەيرىتىڭىز خوراپ تۈگىگەندۇر؟ قەلبىڭىزگە ھەسرەت تولۇپ، ئۈمىدنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرگەندۇر؟ شۇنىڭ بىلەن ئەمدى قەلبىڭىزنىڭ يىغلىغۇدەكمۇ مادارى قالمىغاندۇر؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ياشلىرىڭىز قۇرۇپ، قەلبىڭىز ئۆلگەندەك تۇيۇلۇۋاتقان بولسا، تەڭرىدىن باشقا تايانچىڭىز قالمىغان ۋە كۆزلىرىڭىز ئەرشكە قارىتىلغان بولسا، ئەمدى ئارام تېپىپسىز، دوستۇم، ئەمدى زارلانمايدىغان بوپسىز.

— گراف، — موررېل مۇلايىم ئاۋازدا قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى، — مېنىڭمۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىڭ. مەن زېمىندە تۇرساممۇ، كۆزلىرىم ئەرشكە قارىتىلغان، مەن دوستۇمنىڭ قۇچىقىدا جان بېرىش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كەلدىم. توغرا، مەن ياخشى

كۆرىدىغان باشقا ئادەملەرمۇ بار. مەن سىڭلىمنى ۋە ئۇنىڭ ئېرىنى
ياخشى كۆرىمەن. لېكىن ئاداققى ئۆمرۈمدە ماڭا قۇچاق ئېچىپ،
كۈلۈپ تۇرغان ئادەمنى كۆرگۈم كېلىدۇ. زېۋۇلى زار قاقشاپ،
ھوشىدىن كەتكەن بولاتتى؛ مەن ئۇنىڭ ئازابلىرىنى كۆرگەن
بولاتتىم. ئېممانۇئېل قولۇمدىن تاپانچىنى تارتىپ، پۈتۈن ئۆينى
بېشىغا كىيىپ ۋارقىرىغان بولاتتى. ھالبۇكى، سىز ماڭا ۋەدە
بەردىڭىز، گراف. مەن سىزنى ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئۈستۈن
چاغلايمەن. ناۋادا، سىز بەندىدىن تۆرەلمىگەن بولسىڭىز، مەن سىزنى
ئىلاھ دەپ ھېسابلىغان بولاتتىم. سىز مېنى مېھرىبانلىق بىلەن
باقىي ئالەمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئۈزىتىپ قويىسىز.

— دوستۇم، — دېدى گراف، — مېنىڭ يەنە بىر گۇمانىم
بار. سىز ھەسرەتكە مۇشۇنچىلىك تەسلىم بولۇپ كەتكۈدەك
غەيرەتسىزمۇ؟

— ياق، گراف، ماڭا قاراپ بېقىڭ، مەن غەيرەتسىز ئەمەس —،
دېدى موررېل گرافقا قولىنى سۇنۇپ، — تومۇرۇمنىڭ
سوقۇشى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن تېزمۇ ئەمەس،
ئاستىمۇ ئەمەس. مەن ھايات يولۇمنىڭ چېكىگە يەتتىم. ئەمدى
ئۇنىڭ نېرىسىغا ماڭالمايمەن. سىز ئۆزىڭىزنى دانىشمەن دەپ ئاتاي-
سىز، سىز ماڭا كۈتۈش ۋە ئۈمىدۋار بولۇش كېرەك دېگەنىدىڭىز.
بۇ سۆزىڭىزنىڭ قانداق نەتىجە بەرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مەن
تولۇق بىر ئاي كۈتتۈم. بۇ دېگەنلىك، تولۇق بىر ئاي ئازابلان-
دىم دېگەن سۆز! بەندە دېگەن ئاجىز، بەختسىز مەخلۇق ئىكەن.
مەن نېمىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدىغانلىقىنى بىلمەسەممۇ، قان-
داقتۇر نامەلۇم، غايىبانە، ئەمەلدە يوق نەرسىگە ئۈمىد باغلىغانىدىم!
مۆجىزىدىن ئۈمىد كۈتكەنىدىم... بىراق، ئۇ قانداق مۆجىزە؟
بۇنى بىر تەڭرى ئۆزى بىلىدۇ. تەڭرى مېنى ئەخمىقانە ئۈمىدلەر
بىلەن ئالداپ، ئەقلىمنى خۇنۈكلەشتۈردى. شۇنداق، مەن كۈتتۈم،



ئۈمىدىمنى يوقاتمىدىم. سىز بىلەن سۆزلىشىۋاتقان مۇشۇ چارەك
سائەت ئىچىدە سىز ئۆزىڭىز بىلمىگەن ھالدا يۈرىكىمنى زەرداب
قىلدىڭىز، چۈنكى سىزنىڭ ھەر بىر سۆزىڭىز ئەمدى مەن ئۈچۈن
ئۈمىد قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمدى ئەجەل مېنى
قوينىغا ئالسا، نەقەدەر شېرىن، نەقەدەر لەززەتلىك ئۇيقۇغا
كېتىمەن - ھە!

موررېل ئاخىرقى سۆزلىرىنى شۇنچىلىك زوق بىلەن ئېيتتىكى،
گراف چۆچۈپ كەتتى.

— گراف، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى موررېل، مونتې-
كرىستونىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ، — سىز بەشىنچى
سېنتەبىر كۈنى مەندىن بىر ئايغىچە كۈتۈپ تۇرۇشنى تەلەپ
قىلغانىدىڭىز. مەن ماقۇل بولغان... دوستۇم، بۈگۈن بەشىنچى
ئۆكتەبىر، — موررېل سائىتىگە قاراپ قويدى، — ھازىر سائەت
توققۇز بولدى. مېنىڭ تىرىك تۇرۇشۇمغا يەنە ئۈچ سائەت قالدى.

— ماقۇل، — دېدى مونتې - كرىستو، — يۈرۈڭ.

موررېل دەرھال گرافنىڭ كەينىدىن ماڭدى ۋە بىر غارغا
كىرگەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۇنىڭ ئاياغلىرى گىلەم ئۈستىگە
دەسسىدى؛ بىر ئىشىك ئېچىلدى. ھاۋاغا خۇش پۇراق تارقالدى،
يارقىن يورۇقلۇق كۆزلەرنى چاقناتتى. موررېل دېلىغۇل بولۇپ
توختاپ قالدى. ئۇ، ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرىدىغان
بۇنداق گۈزەللىكتىن قورقاتتى.

مونتې - كرىستو ئۇنى دوستانە رەۋىشتە شىرەنىڭ يېنى-
غا ئولتۇرغۇزدى.

— قالغان ئۈچ سائەتنى بىز قەدىمكى رىملىقلاردەك ئۆت-
كۈزەيلى، — دېدى ئۇ، — ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى نېرون تەرى-
پىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان رىملىقلار گۈل تىزىلغان شىرە-

نىڭ چۆرىسىدە يانپاشلاپ يېتىشىپ، سۆسۈن ۋە قىزىلگۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن ئۆلۈمنى ئىچىگە سۈمۈرۈشەتتى.

موررېل كۈلۈپ قويدى.

— مەيلى، — دېدى ئۇ، — ئۆلۈم دېگەن ھامان ئۆلۈم. ئادەم ئۆلسە، ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، ئارام تاپىدۇ، جاندىن جۇدا بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئازابلىرىمۇ يوق بولىدۇ.

ئۇ، شىرەنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. مونتې - كرىستو ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

بۇ، بىز بۇرۇن بىر قېتىم تەسۋىرلىگەن ھېلىقى ئاجايىپ مېھمانخانا ئىدى. مەرمەر ھەيكەللەر يەنە بۇرۇنقىدەكلا گۈل ۋە مېۋىلەر سېلىنغان سېۋەتلەرنى باشلىرىغا ئېلىپ تۇتۇپ تۇرۇشاتتى.

موررېل بۇ يەرگە كىرگەندە پىكرى چېچىلغان ھالدا ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويدى ۋە ئېھتىمال ھېچنېمىنى كۆرمىدى بولغاي.

— سىزگە بىر سوئالىم بار، مەردلەرچە سۆزلىشەيلى، — دېدى ئۇ، گرافقا تىكىلىپ قاراپ.

— سوئالىڭىز بولسا سوراڭ.

— گراف، — دېدى موررېل، — سىز ئىنسانلار بىلىمىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغان ئادەم. سىز ماڭا باشقا بىر دۇنيادىن، بۇ دۇنياغا نىسبەتەن يۈكسەك ۋە ئاقىلانە دۇنيادىن كەلگەندەك تۇيۇلىسىز.

— موررېل، بۇ گېپىڭىزنىڭ مەلۇم ئاساسى بار، — دېدى گراف ئۆزىگە شۇنچە يارىشىدىغان غەمكىن تەبەسسۇم بىلەن، — مەن باشقا بىر سەييارىدىن چۈشتۈم، ئۇ سەييارىنىڭ نامى «ئازاب».

— سىزنىڭ ھەرقانداق گېپىڭىزگە ئىشىنىمەن، گراف، ھەتتا سۆزلىرىڭىزنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى بىلىشكىمۇ ئۇرۇنمايمەن. سىز ماڭا «ياشا» دېگەنىدىڭىز، مەن ياشىدىم؛ سىز ماڭا «ئۈمىدۋار بول» دېگەنىدىڭىز، مەن ئۈمىدۋار بولۇشقا تىرىشتىم.



ئەمدى سىزدىن سوراپ باقاي، گراف، ئەگەر سىز ئۆلۈمنى چۈشەنگەن بولسىڭىز، ئېيتىڭا، ئۆلۈش تەسمۇ؟

مونتې - كرىستو موررېلغا ئاتىلارچە مېھرى بىلەن قارىدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — ئەگەر سىز ئۆلۈشنى خالىمىغان ھاياتلىقنىڭ پوستىنى زورلۇق بىلەن چاقسىڭىز، ئەلۋەتتە ئۆلۈش تەس بولىدۇ. ئەگەر تېنىڭىزنى كۆزگە كۆرۈنمەس خەنجەر تىغلىرى بىلەن پارچىلىسىڭىز، ئەگەر سىز كىچىككىنە زەربىگە شۇنچە تېز ئىنكاس قايتۇرىدىغان مېڭىڭىزنى ئېھتىياتسىزلىقتىن چىقىپ كەتكەن بەڭباش ئوق بىلەن تېشىپ قويسىڭىز، ئۇ ھالدا جەزمەن بەك ئازابلىنىسىز ۋە ئېچىنىشلىق تۈردە ھاياتىڭىزدىن ئايرىلىسىز. شۇنداق بولغاندا، جان تالىشىۋاتقان چېغىڭىزدا بۇنداق ئۆلۈمدىن ھاياتنى ئەۋزەل كۆرىسىز.

— چۈشەندىم، — دېدى موررېل، — ئۆلۈم خۇددى ھاياتقا ئوخشاشلا ئازابىنىمۇ، لەززىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭ سىرىنى بىلىش كېرەك.

— ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭىز، ماكسىمىلىئان. ئۆلۈمنى بىزنىڭ خۇشاللىق ياكى ئۆچمەنلىك بىلەن قارشى ئالغىنىمىزغا قاراپ، ئۆلۈم بىزگە يا دوست بولۇپ، بىزنى ئاستا ئۇخلىتىپ قويىدۇ؛ يا بولمىسا، بىزگە دۈشمەن بولۇپ، تېنىمىزدىن جېنىمىزنى قوپاللىق بىلەن تارتىپ ئېلىۋالىدۇ. نەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈپ، ئاخىرى شۇنداق بىر كۈن يېتىپ كېلىدۇكى، ئىنسان تەبىئەتنىڭ بارلىق ۋەيران قىلغۇچى كۈچلىرىنى بويسۇندۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ؛ كىشىلەر، خۇددى سىز ئېيتقاندەك، ئۆلۈمنىڭ سىرىنى بىلىۋالىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا ئۆلۈم خۇددى سۆيۈملۈك يارىڭىز قۇچىقىدىكى ئۇيقۇدەك شېرىن ۋە لەززەتلىك بولىدۇ.

— گراف، ئەگەر سىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ قالغۇدەك بولسىڭىز شۇ تەقلىدتە ئۆلەمسىز؟

— ھەئە.

موررېل ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى.

— چۈشەندىم، — دېدى ئۇ، — نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن بۇ يەردە، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىلۋەت ئارالدا كۆرۈشمەكچى بولغىنىڭىزنى، نېمە ئۈچۈن مېنى بۇ يەر ئاستى سارايغا، ھەتتا فرائونىمۇ تاڭ قالدۇرغۇدەك بۇ ئاجايىپ قەسىرگە باشلاپ كىرگەنلىكىڭىزنى ئەمدى چۈشەندىم. سىز مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭىز، توغرىمۇ؟ مېنى ھەقىقەتەن بەك ياخشى كۆرىدىكەنسىز. شۇڭا، مېنىڭ ھېلى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ئۆلۈم بىلەن قىينالماستىن، ۋالېنتىنانىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىپ ۋە سىزنىڭ قولىڭىزنى قىسىپ تۇرۇپ ئۆلۈشۈمنى خالاپسىز.

— شۇنداق، موررېل، — دەپ قويدى گراف، — مېنىڭ ئويلىغىنىم شۇ.

— رەھمەت سىزگە. ئەتە ئازاب چەكمەيدىغان بولۇشۇمنى ئويلىسام، جاراھەتلەنگەن قەلبىم ئىسسىپ قالغاندەك بولۇۋاتىدۇ.

— سىز باشقا ھېچنېمىگە تارتىنمامسىز؟ — دەپ سورىدى مونتې - كرىستو.

— ياق! — دېدى موررېل.

— ھەتتا ماڭىمۇ تارتىنمامسىز؟ — گراف قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ سورىدى.

موررېل گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى گوياكى ئۇشتۇمتۇت تۇمانلاشتى، ئاندىن باشقىچە بىر خىل ئوت تۇتاشقاندەك چاقناپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى.

— بۇ قانداق گەپ! — دېدى گراف، — بۇ دۇنيادا تارتىنىدىغان نەرسىڭىز بار تۇرۇپ، يەنە ئۆلۈشنى خالامسىز؟



— بولدى، گەپ قىلماڭ، گراف. ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى موررېل روھسىزلانغان ھالدا، — مېنى قىيناۋەرمەڭ.

گراف موررېلنى بوشىشىپ قالدى دەپ ئويلىدى. ئۇ، بىر چاغلاردا ئىف قەلئەسىدە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەھىمىلىك ئىككىلىنىش ھازىر ئۇنىڭ قەلبىدە قايتىدىن ئويغاندى.

«مەن بۇ كىشىگە بەخت ئاتا قىلماقچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — بۇ بەختنى تارازىنىڭ بىر تەخسىسىگە قويسام، گۇناھلىرىم دۆۋىلەپ قويۇلغان يەنە بىر تەخسىنى بېسىپ چۈشىدۇ دەيمەن. بىراق، ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولۇپ چىقمىسىچۇ؟ بۇ كىشى بەختنىڭ قەدرىگە يەتكۈدەك دەرىجىدە بەختسىز ئەمەس بولسىچۇ؟ شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ مەن پەقەت ساۋابلىق ئىشلىرىمنى ئەسلىگەندىلا گۇناھلىرىمنى ئۇنتۇيالايمەن ئەمەسمۇ».

— ماڭا قاراڭ، موررېل، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ ھەسرىتىڭىز چەكسىز، بۇنى بىلىمەن. لېكىن سىز خۇداغا ئىشىنىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈۋالسىڭىز توغرا بولماس.

موررېل غەمكىنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— گراف، — دېدى ئۇ، — مەن چىرايلىق سۆزلەرگە ھەۋەس قىلمايمەن. لېكىن ئالدىڭىزدا قەسەم قىلىمەنكى، جېنىم ئەمدى ئۆزۈمگە تەئەللۇق ئەمەس.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، موررېل، مەن بۇ دۇنيادا تەنھا ئادەم، — دېدى مونتې - كرىستو، — مەن سىزنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرىمەن. ئوغلۇمنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن جېنىمدىن كېچىشكە رازى بولغان يەردە، بايلىقتىن كېچىشىم تۇرغان گەپ.

— نېمە دېمەكچىسىز؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، موررېل، سىز ئىنتايىن باي ئادەملەرنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ھاياتىڭىزدىن ئايرىلىش قارارىغا كەلدىڭىز. مېنىڭ 100 مىليون

فرانگقا يېقىن دەسمايەم بار، شۇنىڭ ھەممىسىنى سىزگە بېرىـ
مەن، شۇ پۇل ـ دۇنيا بىلەن نېمىنى خالىسىڭىزشۇنى قىلالايسىز.
نام ـ ئەمەلگە ھەۋەس قىلسىڭىز، ئالدىڭىزدا ھەممە ساھەلەرنىڭ
ئىشىكلىرى ئوچۇق بولىدۇ. جاھاننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىـﯕ،
ئۇنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىڭ. خىيالىڭىزغا كەلگەنچە تاماشا
قىلىڭ، لېكىن ھاياتىڭىزنى نابۇت قىلماڭ!

— گراف، سىز ماڭا ۋەدە بەرگەن، — دېدى موررېل، چىراـ
يىنى ئاچماستىن ۋە سائىتىگە قارىدى، — مانا، سائەت 11
يېرىم بوپتۇ.

— موررېل! ھوشىڭىز جايىدىمۇ! مېنىڭ كۆز ئالدىمدا،
مېنىڭ ئۆيۈمدە شۇنداق قىلامسىز؟!

— ئەمىسە مېنى قويۇۋېتىڭ، — دېدى ماكسىمىلىئان قاـ
پاقلىرىنى تۈرۈپ، — بولمىسا، مېنىڭ غېمىمنى ئەمەس، ئۆزـ
ڭىزنىڭ غېمىڭىزنى قىلىۋېتىپسىز دەپ ئويلاپ قالىمەن.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

— ماقۇل، — دېدى مونتې ـ كرىستو ۋە ئۇنىڭ چېھرىـ
سىگە كۈلكە يۈگۈردى، — نىيىتىڭىزدىن يانمايدىغاندەك قىلىسىز.
شۇنداق، سىز ناھايىتى بەختسىز. ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، سىزگە
پەقەت مۆجىزىلا شىپا كەلتۈرەلەيدۇ. ئولتۇرۇڭ، موررېل يەنە
بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ.

موررېل ئىتائەت قىلدى. مونتې ـ كرىستو ئورنىدىن تۇرۇپ،
قۇلۇپلانغان ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە يېنىدىن ئالتۇن زەنـ
جىرگە بېكىتىلگەن ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئاچتى ـ دە، چىرايلىق
نەقىشلەپ ياسالغان كۈمۈش ساندۇقچىنى ئالدى. بۇ ساندۇقچىـ
نىڭ تۆت بۇلۇڭىغا گوياكى ئەرشنى سېغىنغان پەرىشتىلەردەك
ئويچان قىياپەتتە ئېگىلىپ تۇرغان تۆت ئايالنىڭ سۇمباتلىق
گەۋدىسى ھەيكەل قىلىپ ئورنىتىلغانىدى.



گراف ساندۇقچىنى شىرەگە قويدى ۋە ئۇنى ئېچىپ، ئىـ
چىدىن بىر ئالتۇن قۇتىنى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ مەخپىي پۇرـ
ژىنىسىنى باسقانىدى، قاپقىقى ئېچىلدى. بۇ قۇتىغا مايلىشىپ
تۇرغان بىر خىل خېمىرسىمان يېمەكلىك تولدۇرۇلغانىدى. ئالـ
تۇننىڭ ۋە بۇ قۇتىغا ئورنىتىلغان قىممەتلىك مارجانلارنىڭ
شولىسى چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، بۇ يېمەكلىكنىڭ رەڭگىنى پەرق
ئېتىشكە بولمايتتى. قۇتا ئىچىدىكى نەرسە كۆكۈش، قىزغۇچ ۋە
ئالتۇن رەڭلەردە نۇرلىنىپ تۇراتتى.

گراف ئالتۇن ياللىغان قوشۇق بىلەن بۇ يېمەكلىكتىن
بىرئاز ئېلىپ، موررېلغا ئۇزاتتى ۋە ئۇنىڭغا سىناق نەزەرى
بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ئەمدى بۇ يېمەكلىكنىڭ سۈس يېشىل
رەڭدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

— مەندىن تەلەپ قىلغان نەرسىڭىز مانا مۇشۇ، — دېـ
دى ئۇ، — مېنىڭ سىزگە ۋەدە قىلغان نەرسەممۇ مانا مۇشۇ.

— ئۆلۈش ئالدىدا سىزگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيىـ
تىمەن، — دېدى ماكسىمىلىئان، مونتې ـ كرىستونىڭ قولىدىن
قوشۇقنى ئېلىپ.

گراف يەنە بىر قوشۇقنى ئېلىپ، ئالتۇن قۇتا ئىچىدىكى
يېمەكلىككە سالدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز، دوستۇم؟ — دەپ سورىدى موررېل
ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— تەڭرى گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغاي، موررېل، —
دېدى گراف كۈلۈمسىرەپ، — مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ھاياتتىن
بىزار بولدۇم. شۇڭا، بۇنداق بىر ياخشى پۇرسەت چىققاندا...

— توختاڭ! — دەپ خىتاب قىلدى ماكسىمىلىئان، —
سىز باشقىلارنى ياخشى كۆرىسىز، باشقىلارمۇ سىزنى ياخشى
كۆرىدۇ. بۇنداق قىلماڭ! بۇنداق قىلسىڭىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن

بولسىز! ئەلۋىدا، كۆيۈمچان، ئالىيجاناب دوستۇم. ماڭا قىلغان
ياخشىلىقلىرىڭىزنى ۋالىنتىناغا سۆزلەپ بېرىمەن.
ئۇ، گرافنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، بۇ سىرلىق
يىمەكلىكنى ئاستا لېكىن ئىككىلەنمەستىن ۋە ھوزۇرلىنىپ
يۇتۇۋەتتى.
ھەر ئىككىسى جىم بولۇشتى. جىمغۇر ئەلى تاماكا، چىلىم
ۋە قەھۋەلەر ئېلىپ كىرىپ، شىرەگە قويدى ـ دە، يەنە
چىقىپ كەتتى.
ھەيكەللەرنىڭ قوللىرىغا ئورنىتىلغان چىراغلار ئاستا ـ ئاس-
تا خىرەلەشتى. مورېلغا تاماكا ئىسىنىڭ خۇش پۇراقلىرى تار-
قىلىپ، يوقاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مونتې ـ كرىستو غۇۋا
يورۇقلۇق ئىچىدىن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. مورېل پەقەت
ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنىلا پەرق ئېتەلىدى.
ماكسىمىلىئاننىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى بوشىشىپ كەتتى.
ئۇنىڭ قولىدىن چىلىم چۈشۈپ كەتتى. ئەتراپتىكى نەرسىلەر
شەكلى ۋە رەڭگىنى يوقىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ تۇمان-
لاشقان كۆزلىرىگە ئۇدۇلدىكى تامدىن قانداقتۇر ئىشىك ئېچىلىپ،
پەردە قايرىلغاندەك كۆرۈندى.
— دوستۇم، — دېدى ئۇ، — ئۆلۈۋاتقىنىمنى سېزىپ تۇ-
رۇۋاتىمەن، رەھمەت سىزگە.
ئۇ، گرافقا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قولىنى بېرىشكە ئۇرۇندىيۇ،
لېكىن ئۇنىڭ قولى جانسىز ھالدا پەسكە ساڭگىلاپ قالدى.
ئەنە شۇ چاغدا ئۇ مونتې ـ كرىستونىڭ تەبەسسۇم قىلىپ
تۇرغانلىقىنى كۆردى؛ لېكىن بۇ، ئىلگىرىكى بەزى چاغلاردىكىدەك
ئۇنىڭ تۇۋسىز قەلبىنىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلىدىغان ئۇنداق
غەلىتە ۋە سۈرلۈك تەبەسسۇم بولماستىن، بەلكى ئاتىلارنىڭ ئۆز
پەرزەندلىرى نادانلىق قىلىپ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلەرنى كۆر-



گەندىكى مۆلايىم ۋە مېھرلىك تەبەسسۇمى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، مورېلنىڭ نەزەرىدە گراف گويا زورىيىپ كەتكەندەك بول-
دى. ئۇ، تاملارغا تارتىلغان قىزىل زەدىۋالنى ئارقا كۆرۈنۈش
قىلىپ، خۇددى چۆچەكلەردىكى ھەيۋەتلىك پالۋاندەك سۈرەت-
لىنىپ كۆرۈندى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى ئارقىغا تاشلانغان
بولۇپ، بەجايىكى زامان ئاخىرىدا گۇناھكارلارنى تەڭرىنىڭ
دەرگاھىغا باشلاپ بارىدىغان پەرىشتىدەك مەغرۇر ۋە سۈرلۈك
قىياپەتتە تىك تۇراتتى.
مورېل ماغدۇرسىزلانغان ھالدا كرېسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ
ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قان تومۇرلىرىغا بىر خىل راھەتبەخش
ئېقىم سىڭىپ كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. خۇددى ئۈچ قىرلىق
ئەينەك ئىچىگە سېلىنغان رەڭدار ئويۇنچۇقلارنىڭ رەڭ ئالماش-
تۇرغىنىدەك، ئۇنىڭ ئېڭىدا بارلىق نەرسىلەر ئۆزگەردى. كرې-
سلودا قىيسىيىپ ئولتۇرۇپ، ھالسىرىغان، نەپسى بوغۇلغان مورېل
ۋۇجۇدىدا ھاياتلىقتىن بىشارەت بەرگۈدەك ھېچقانداق نەرسە
قالمىغانلىقىنى سېزەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىنى پەقەت بىرلا شېرىن
خىيال چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ، گويا بارلىق يەلكەنلىرىنى كەڭ
يايغان كېمىدە «ئۆلۈم» دەپ ئاتىلىدىغان غايىب دۇنياغا كې-
تىۋاتقانلىقىنى چۈشەكەيتتى.
ئۇ يەنە گرافقا قولىنى ئۇزىتىشقا ئۇرۇندى، لېكىن بۇ
قېتىم ئۇنىڭ قولى ھەتتا مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۇ، «رازى بولۇڭ»
دېگەن ئاداققى خىتابنى ئېيتماقچى بولدىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ قې-
تىشقان تىلى خۇددى گۆر ئېغىزىنى ئېتىپ قويغان تاشتەك
ھەرىكەتلەنمىدى. ئۇنىڭ تالغان كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلدى.
ھالبۇكى، كۆزلىرى تولۇق يۇمۇلۇپ بولۇش ئارىلىقىدا ئۇ غۇۋا
سۈرەتلىنىپ تۇرغان بىر گەۋدىنى ئىلغا قىلدى ۋە قاراڭغۇ بول-
ىيمۇ، ئۇنى تونۇدى.

بۇ، گراف ئىدى. ئۇ، ئىشكلەردىن بىردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
ئۇنى ئاچتى. شۇ هامان قوشنا بۆلمىدىن، ياق، توغرىسى، ئەپـ
سانىۋى قەسىردىن يارقىن يورۇق چۈشۈپ، موررېل شېرىن چۈـ
شەكەپ ئولتۇرغان بۆلمىنى يورۇتتى.

بۇ ئىككى بۆلمىنى ئايرىپ تۇرغان بوسۇغىدا مىسلىسىز
گۈزەل بىر قىز پەيدا بولدى. بۇ قىز تاتىرىپ كەتكەن ۋە مۇـ
لايىم كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بولۇپ، بەجايىكى قىساس پەرىشتىـ
سىگە يالۋۇرۇۋاتقان شەپقەت پەرىشتىسىگە ئوخشايتتى.

«ئەرشنى كۆرۈۋاتىمەنمۇ نېمە؟ — دەپ ئويلىدى ماكسىـ
مىلىئان كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىپ، — بۇ پەرىشتە مەندىن
جۇدا بولغان پەرىشتىگە ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەن».

مونتې - كرىستو قىزغا ئىشارەت قىلىپ، كرېسلودا قىيسىـ
يىپ ئولتۇرغان موررېلنى كۆرسەتتى.

قىز قوللىرىنى جۈپلەپ تۇتقان ۋە لەۋلىرىدە يېقىملىق تەـ
بەسسۇمنى جىلۋىلەتكەن هالدا موررېلغا يېقىن كەلدى.

— ۋالېنتىنا! — موررېل يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن
ۋارقىرىدى، لېكىن ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن هېچقانداق سادا چىقمىـ
دى. ئۇ، گويا بۇ ئۈنسىز ۋارقىراشقا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىـ
لىۋەتكەندەك چوڭقۇر تىنىق ئالدى - دە، كۆزلىرىنى يۇمدى.

ۋالېنتىنا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. موررېلنىڭ لەۋلىرى يەنە
بىر قېتىم مىدىرلىدى.

— ئۇ سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى گراف، — سىزنى
چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك هېس قىلىپ، چاقىرىۋاتىدۇ. سىز تەقـ
دىرىڭىزنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرغاندا ئۆلۈم
سىلەرنى ئايرىۋېتىشكە تاس قالدى. بىراق، مەن سىلەرنى قوغـ
داپ، ئۆلۈمنى يەڭدىم! ۋالېنتىنا، بۇندىن كېيىن سىلەر هېچـ
قانداق ئەهۋال ئاستىدىمۇ ئايرىلماسلىقىڭلار كېرەك، چۈنكى



ئۇ سىز بىلەن قوشۇلۇش ئۈچۈن گۆر ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتى،
مەن بولمىسام، ئىككىلىڭلار ئۆلگەن بولاتتىڭلار. مەن ئىككىڭلارنى
جەم قىلدىم. ئۇلۇغ تەڭرىم بۇ ئىككى جاننى قۇتقۇزۇپ قالغىـ
نىمنى نەزەرگە ئالغاي!

ۋالېنتىنا مونتې - كرىستونىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ، ئۆـ
زىگە تارتتى ۋە چەكسىز خۇشاللىق هېسسىياتى بىلەن بۇ قولغا
لەۋلىرىنى باستى.

— شۇنداق، ماڭا رەهمەت ئېيتىڭ، — دېدى گراف، —
سىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ! سىلەرنىڭ
مىننەتدارلىقىڭلارنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك زور ئەهمىيەتكە
ئىگە ئىكەنلىكىنى سىز بىلمەيسىز.

— مەن سىزگە چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىـ
مەن، — دېدىۋالېنتىنا، — ئەگەر سۆزۈمنىڭ چىنلىقىغا ئىشەنـ
مىسىڭىز گايدەدىن سوراپ بېقىڭ. مېنىڭ سۆيۈملۈك ئاچام گايدە
سىزگە هەممىنى دەپ بېرىدۇ. بىز فرانسىيەدىن ئايرىلغاندىن
تارتىپ ئۇ هەمىشە ماڭا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بەردى.
بۈگۈنكى بەختلىك كۈنگە يەتكۈچە پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ گەپلىرىلا
ماڭا مەدەت بولدى.

— بۇ گەپچە، سىز گايدەنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز - دە؟ —
مونتې - كرىستو هاياجانلىنىشىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ سورىدى.

— چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن!

— ماڭا قاراڭ، ۋالېنتىنا، — دېدى گراف، — ماڭا بىر
ياخشىلىق قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

— سىزگە؟ ئاه، خۇدا، سىزگە ياخشىلىق قىلغۇدەك بەختـ
لىك بولارمەنمۇ؟...

— شۇنداق. سىز گايدەنى «ئاچام» دەپ ئاتىدىڭىز. ئۇ،
راستىنلا سىزنىڭ ئاچىڭىز بولۇپ قالسۇن. مېنى رازى قىلىمەن

دېسىڭىز، مانا بولغان مىننەتدارلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا ياندۇرۇڭ. سىزمۇ، موررېلمۇ، ھەر ئىككىڭلار ئۇنى ئاسراڭلار، چۈنكى (گرافنىڭ ئاۋازى ئاران ئاڭلانغۇدەك چىقتى) بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ بۇ دۇنيادا يالغۇز قالدۇ...

— يالغۇز قالدۇ! — گرافنىڭ كەينىدىن تەكرارلاپ ئېيتقان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، — نېمە ئۈچۈن؟

مونتې - كرىستو كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. قورقۇپ، تاتىرىپ كەتكەن گايدە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

— چۈنكى ئەتىدىن ئېتىبارەن سەن ئازاد بولۇپ، ئۆزۈڭگە مۇناسىپ ئورۇننى ئىگىلەيسەن، قىزىم، — دېدى گراف، — چۈنكى مېنىڭ تەقدىرىم سېنىڭ تەقدىرىڭگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇشىنى خالىمايمەن. ئۇلۇغ پاشانىڭ قىزى، ئاتاڭنىڭ بايلىقى ۋە نامىنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن.

گايدەنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. ئۇ، خۇددى ئۆزىنى تەڭرىگە تاپشۇرغان پەرىدەك ئاق - سۈزۈك قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە يىغلىغۇسى كېلىپ، بوغۇلغان ئاۋازى بىلەن سورىدى:

— مېنى تاشلاپ كېتەمسەن، خوجايىنىم؟

— گايدە، سەن ياش، گۈزەل. مېنىڭ ئىسمىمنى يادىڭدىن چىقىرىۋەتكىن ۋە بەختلىك بولغىن.

— ماقۇل، — دېدى گايدە، — دېگىنىڭدەك قىلاي، خوجايىنىم. سېنىڭ ئىسمىڭنى يادىمدىن چىقىرىۋېتىپ، بەختلىك بولاي.

ئۇ ئىشىك تەرەپكە داجىدى.

— ۋاي خۇدايىم! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ۋالېنتىنا. موررېلنىڭ ئېغىرلاشقان بېشىنى يۆلەپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ قانداق تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ ئۇنىڭ قانداق ئازابلىنىۋاتقىنىنى بىلمەيۋاتامسىز؟



— مېنىڭ كۆڭلۈم بىلەن ئۇنىڭ نېمە كارى؟ — دېدى گايدە ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ئاۋازدا، — ئۇ خوجايىن، مەن قۇل. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ھېسابقا ئالماسلىققا ھەقلىق.

گراف بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ مەخپىي تارىلىرىنى چەككەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گايدەنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتىيۇ، قىزنىڭ ئوتلۇق بېقىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، تۆۋەنگە قارىۋالدى.

— ئاھ خۇدا! — دېدى ئۇ، — مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئۆزۈك سالغان گۇمانلار راست بولۇپ چىقتىمۇ؟ گايدە، سەن مەندىن ئايرىلىشنى خالىمامسەن؟

— مەن ياش، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى قىز، — مەن ھاياتنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى ھاياتىمدا سەن لەززەت بېغىشلىدىڭ. شۇڭا، ئۆلسەم ئارماندا كېتىمەن.

— ئەگەر سېنى قالدۇرۇپ كەتسەم، گايدە...

— سەن كەتسەڭ، مەن ئۆلىمەن، خوجايىنىم!

— ئەمىسە، مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— «ياخشى كۆرەمسەن» دەپ سوراۋاتقىنىنى قارا! ۋالېنتىنا، ئۇنىڭغا سەن جاۋاب بەرگىنە، سەن ماكسىمىلىئاننى ياخشى كۆرەمسەن؟

گرافنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، گويا كۆكرىكى ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ، ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزدى، گايدە ۋارقىراپ تاشلىدى - دە، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ھەئە، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن! كىشىلەر ئۆز ئاتىسىنى، ئاكىسىنى، ئېرىنى قانداق ياخشى كۆرسە، مەنمۇ سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەن! سېنى جېنىمدەك ياخشى كۆرىمەن! سېنى خۇدادەك ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى سەن بۇ دۇنيادا مەن ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم!

— ئەمىسە، سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭدەك بولسۇن، پەرىشتەم، — دېدى گراف، — ماڭا قايتىدىن ھايات بەرگەن ۋەتەننى دۈشمەنلىرىم ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن تەڭرى بۇ غەلىبىنىڭ پۇشايمان بىلەن تۈگىشىنى راۋا كۆرمەپتۇ. مەن ئۆزۈمنى جازالاشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن تەڭرى مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتۈپتۇ. ماقۇل، گايدە، مېنى ياخشى كۆرگىن! كىم بىلسۇن؟ بەلكىم سېنىڭ مۇھەببىتىڭ مېنىڭ ئۇنتۇشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمنى ئۇنتۇشۇمغا ئىمكان بېرەر.

— نېمە دەيسەن، خوجايىنىم؟ — دەپ سورىدى قىز.

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، گايدە، مېنىڭ 20 يىلدىن بېرى توپلىغان ئەقىل-پاراسىتىمنى سېنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭ بېسىپ چۈشتى. بۇ دۇنيادا سەندىن باشقا ھېچكىمىم قالمىدى، يالغۇز سەنلا مېنى ھاياتقا باغلاپ تۇرۇۋاتىسەن، ماڭا ئازابىمۇ، بەختىمۇ يالغۇز سەنلا بېرەلەيسەن!

— ئاڭلىدىڭمۇ، ۋالېنتىنا؟ — دەپ خىتاب قىلدى گايدە، — مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىمنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرسام، ئۇ «ماڭا ئازاب بېرىسەن» دەۋاتىدۇ!

گراف چوڭقۇر خىيالغا كەتتى.

— ئاخىرى ھەقىقەتنى تاپقان ئوخشىمامدىم؟ — دېدى ئۇ، — ئاھ خۇدا، بۇ ماڭا بەرگەن مۇكاپاتىڭ بولسىمۇ، جازايىڭ بولسىمۇ، تەقدىرىمنى قوبۇل قىلىمەن. يۈر، گايدە يۈر...

ئۇ، قىزنىڭ ئەۋرىشىم بېلىنى قۇچاقلاپ ۋالېنتىنا بىلەن قول ئېلىشتى-دە، چىقىپ كەتتى.

بىرسائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. ۋالېنتىنا تېخىچە مورېلنىڭ يېنىدا، گەپ قىلماستىن، ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئاخىرى ئۇ، مورېلنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ چالا ئېچىلىپ قالغان لەۋلىرى ئارىسىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس تىنىق چىققانلىقىنى ۋە ھاياتىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقىنىدىن دېرەك بېرىپ،



ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى يېنىككىنە تىترەك باسقانلىقىنى سەزدى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلدى. لېكىن بۇ كۆزلەر ھەرىكەتسىز ۋە كۆرمەس ئىدى. كۆپ ئۆتمەستىن، ئۇنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلدى. كۆرۈش ئىقتىدارى بىلەن بىرلىكتە ئېڭى ۋە ئېڭى بىلەن بىللە ئازابلىرى قايتىدىن ئويغاندى.

— تېخىچە ئۆلمەپتىمەنغۇ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ئەلەم بىلەن، — گراف مېنى ئالداپ قويۇپتۇ!

ئۇ، يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ، شىرە ئۈستىدىكى پىچاقنى ئالدى.

— دوستۇم، — دېدى ۋالېنتىنا ئۆزىنىڭ مەپتۇن قىلغۇچى تەبەسسۇمى بىلەن، — ئويغاندىڭمۇ؟ ماڭا قارىغىنا.

مورېل قاتتىق ۋارقىراپ تاشلىدى ۋە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەستىن، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ، گوياكى جەننەتنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالغاندەك، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، تىزلاندى...

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن مورېل ۋە ۋالېنتىنا غارنىڭ ئوچۇق قويۇلغان ئىشىكىدىن تاشقىرىغا چىقتى. ئۇلار قولتۇقلىشىپ، دېڭىز بويىدا سەيلە قىلىشتى. ۋالېنتىنا مورېلغا مونتې-كرىستونىڭ ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا قانداق پەيدا بولغانلىقىنى، ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرگەنلىكىنى، جىنايەتنى قانداق ئېچىپ كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە ئاخىرى، باشقا كىشىلەر ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ يۈرگەندە خۇددى مۆجىزە كۆرسەتكەندەك قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

سۈبھىدەم ئاسمىنىدا تېخى ئەڭ ئاخىرقى يۇلتۇزلار چىمىرلاپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت مورېل بىر قورام تاشنىڭ سايىسىدا تۇرغان كىشىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كىشى خۇددى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چاقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. مورېل ۋالېنتىناغا ئۇنى كۆرسەتتى.

— بۇ جاكوپو، — دېدى ۋالېنتىنا، — يەلكەنلىك كېمىنىڭ كاپىتانى.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ، جاكوپونى ئىشارەت قىلىپ چاقىردى.

— بىزگە دەيدىغان گېپىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— سىلەرگە گرافنىڭ خېتىنى تاپشۇرماقچىدىم.

— گرافنىڭ خېتى! — ھەر ئىككىسى بىر ئېغىزدىن خىتاب قىلىشتى.

— شۇنداق، مانا، ئوقۇپ بېقىڭلار.

موررېل خەتنى ئېچىپ، ئوقۇدى:

«قەدىرلىك ماكسىمىلىئان!

دېڭىز بويىدا سىزنى بىر يەلكەنلىك كېمە كۈتۈپ تۇرىدۇ. جاكوپو سىزنى لىۋورنوغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئۇ يەردە نۇئارتىيې ئەپەندى ئۆزىنىڭ نەۋرە قىزىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇ، ۋالېنتىنا بىلەن ئىككىڭلار نىكاھلىنىشتىن ئاۋۋال سىلەرگە دۇئا قىلىپ رازىلىقىنى بەرمەكچى. مۇشۇ غاردىكى ھەممە نەرسە، يېلىسەي كوچىسىدىكى ئۆيۈم ۋە ترېپوردىكى داچام — ئېدمون دانتېسنىڭ ئۆز خوجايىنى موررېلنىڭ ئوغلىغا ئاتاپ قويغان تويلۇق سوۋغىتىدۇر. بۇ سوۋغاتنىڭ يېرىمىنى ۋىلفور خانىقىز قوبۇل قىلىشتىن باش تارماس دەپ ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ يىل سېنتەبىردە ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان ئاتىسىدىن ۋە ئۆگەي ئانىسى بىلەن بىللە قازا تاپقان ئىنىسىدىن قالغان مۈلۈكنى پارىژ كەمبەغەللىرىگە ھەدىيە قىلىۋېتىشىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

موررېل، بۇندىن كېيىنكى ھاياتىڭىزنى قوغدايدىغان پەرىشتىگە ئىلتىماس قىلىپ، بىر ئادەم ئۈچۈن ۋاقتى-ۋاقتىدا دۇئا قىلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنىسىڭىز. ئۇ ئادەم خۇددى شەيتانغا ئوخشاش ئۆزىنى تەڭرىگە تەڭ چاغلىغانىدى،



ئەمما ئۇ كېيىن ئالىي قۇدرەت ۋە ئالىي پاراسەت پەقەت قادىر تەڭرىنىڭ قولىدىلا ئىكەنلىكىنى خرىستىيانچە مۆمىنلىك بىلەن تونۇپ يەتتى. شۇ دۇئالار قەلبىمدىكى پۇشايمانلىرىمنى يەڭگىللىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

موررېل، مەن سىزگە ئۆز تەجرىبە-ساۋاقلىرىمنىڭ جەۋھىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەي. بۇ دۇنيادا بەختمۇ، بەختسىزلىكمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پەقەت نىسپىي ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. چەكسىز بەختسىز بولغان كىشىلا چەكسىز بەختنى ھېس قىلالايدۇ. ماكسىمىلىئان، كىم ئۆلۈمنى ئىختىيار قىلغان بولسا، شۇ ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدۇ.

ياشاڭلار ۋە بەختلىك بولۇڭلار، مېنىڭ سۆيۈملۈك، قەدىردان پەرزەنتلىرىم، شۇنى ئېسىڭلەردىن چىقارماڭلاركى، تاكى تەڭرى بەندىنىڭ ھايات يولىغا چەك قويمىغۇچە، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئەقىل-پاراسىتى مۇنداق ئىككى سۆزگە يىغىنچاقلانغان بولىدۇ:

«كۈتۈش» ۋە «ئۈمىدۋار بولۇش.»

دوستىڭىز ئېدمون دانتېس،
گراف مونتې-كرىستو»

ۋالېنتىنا ئاتىسىنىڭ ئەقلىدىن ئېزىپ قالغانلىقىنى ۋە ئىنىسىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى تېخى ئەمدىلا مۇشۇ خەتتىن ئۇققانىدى. خەت ئوقۇلۇۋاتقاندا ئۇ تاتىرىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئېغىر، ھەسرەتلىك سادا ئۇرغۇپ چىقتى. ئۇ، سۆز قىلمىدىيۇ، ئاچچىق كۆز ياشلىرى مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى. بەخت ئۇنىڭغا تولىمۇ قىممەتكە توختىغانىدى.

موررېل خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتتى.

— ياق، گراف سېخىيلىقنى بەك ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى ئۇ، — ۋالېنتىنا مېنىڭ ئازغىنا مۈلۈكۈمگە تامامەن قانائەت قىلىدۇ. گراف قېنى؟ مېنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىڭلا، دوستۇم.

جاكوپو قولى بىلەن ئۇپۇقنى كۆرسەتتى.

— نېمە دەيسىز؟ — سورىدى ۋالېنتىنا، — گراف قېنى؟ گايدە قېنى؟

— قاراڭ، — دېدى جاكوپو.

— ئۇلار دېڭىزچى كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى ۋە يىراقتا، ئاسمان بىلەن دېڭىزنى ئايرىپ تۇرغان قارا - كۆك ئۇپۇق سىزىقىدا بېلىق ئالغۇچنىڭ قانىتىچىلىك كۆرۈنگەن ئاق يەلكەننى كۆرۈشتى.

— كېتىپتۇ! — دەپ خىتاب قىلدى موررېل، — خەير - خوش، دوستۇم، — خوش گايدە! خوش، ئاچا!

— كېتىپتۇ! — دەپ پىچىرلىدى ۋالېنتىنا، — خوش.

— ئەمدى ئۇلار بىلەن يەنە كۆرۈشەلەرمىزمۇ؟ — دېدى موررېل، ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— دوستۇم، — دېدى ۋالېنتىنا، — گرافنىڭ بىزگە قالدۇرغان سۆزى بارغۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئەقىل - پاراستى مۇنداق ئىككى سۆزگە يىغىنچاقلانغان:

«كۈتۈش» ۋە «ئۈمىدۋار بولۇش.»



بۇ كىتاب موسكۋا بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ 1955 - يىل رۇسچە نەشرى ۋە بېيجىڭ خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1978 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据莫斯科文艺出版社1955年俄文版和北京人民文学出版社1978年12月第1版翻译出版。

**گراف مونتې - كرىستو (4)**

ئالېكساندىر ديۇما

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جىلان

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەترەھىم كېرىمى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 17·125 قىستۇرما ۋارىقى:1
1986 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·1150
تىراژى: 1—3·000
باھاسى: 1·50 يۈەن

基度山伯爵（4）（维吾尔文）
大仲马 著　帕尔哈提 译
责任编辑：买买提热衣木

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　17.125印张　1插页
1986年10月第1版　1987年8月第1次印刷
印数：1——3,000

统一书号：M10098·1150　定价：1.50元